ئالىمجان رەجەپ


# تەكلىماكاندىن ھالقىغان ئوغلان

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ




ئالىمجان رەجەپ

# تەكلىماكاندىن ھالقىغان ئوغلان




مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ






يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە




يولداش ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ دادىسى
ئەھمەد ئاخۇننىڭ سىزىلغان رەسىمى



يولداش ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ
ياشلىق دەۋرى



يولداش ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ ئانىسى بىلەن مۇڭدىشىۋاتقان ۋاقتى



جوئېنلەي زۇڭلى، مارشال خې لوڭنىڭ ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتى.



يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ بىلەن بىللە.







يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ يېزا - زاۋۇت ۋە تاغ رايونلىرىدىكى
خىزمەت كۆرۈنۈشلىرىدىن.



يولداش ئىسمايىل ئەھمەد دىنىي زاتلار بىلەن.



يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئايالى سەلىمە خانىم بىلەن ئانا يۇرتى چىرىدا.




ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنىڭ
40 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدە



قىسمەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتتە







يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئاساسىي قاتلامدا

# كىرىشمە

بۇگۇنكى چىرىيە[1] ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە ئۈچ-تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، چىرىيە بوستانلىقىدىن ئۆتۈپ، لوپ-خوتەن ۋە تېخىمۇ يىراقلارغا سوزۇلۇپ كېتىدىغان «ئۇلۇغ يول» بويىدا «توپا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەمۇريي كەنت يېيىلىپ ياتىدۇ. كەنتنىڭ جەنۇبى «پاختىلىق قۇملۇقى» ئارقىلىق قاراقۇرۇمغا تۇتىشىدىغان ساي-شېغىللىق، غەربى ۋە شىمالى پايانسىز كەتكەن تەكلىماكان قۇملۇقى. «توپا» ئاشۇ بىپايان تەكلىماكاندىن چىرىيە بوستانلىقىغا بېسىپ كىرمەكچى بولغان كۆچمە قۇملارنى توسۇپ تۇرغان يېشىل كىيىملىك ئالدىنقى قاراۋۇلغا ئوخشايدۇ.

«توپا» تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى بارلىق چاچما بوستانلىقلارغا ئوخشايدىغان بىر بوستانلىق، بارلىق ئۇيغۇر يېزىلىرىغا ئوخشايدىغان بىر يېزا، بارلىق ئۇيغۇر كەنتلىرىگە ئوخشايدىغان بىر كەنت. بۈك-باراقسان دەرەخزارلىق، تۇتاش باغۇ بوستانلىق، كەڭ ئېتىز-چىمەنزارلىق — ئۇنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسى.

ھەربىر يۇرت ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرىنىڭ ئەمگەك تەرى بىلەن ياشنايدۇ، ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرىنىڭ ئېسىل ئىشلىرى بىلەن شۆھرەت تاپىدۇ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئېسىل

---

[1] چىرىيەنىڭ تارىخىي نامى مەسىلىسىدە تالاش-تارتىش بار. بەزىلەر «چىدىر»، «چىرە»، «چارا» دېسە، بەزىلەر «چىرا»، «جىرا» دەپ ئىزاھلايدۇ. بىز قەدىمىي نامى «چىرىيە» ئاتالغۇسىنى قوللاندۇق.

ئەنئەنىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرىنى تەربىيىلەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ .

«توپا» ئەنە شۇنداق بولدى ۋە ئەنە شۇنداق قىلدى . كېيىنكى چاغلاردا چىرىيىدە ، خوتەندە ، شىنجاڭدا ، پايتەختتە كاتتا ، مۇھىم ، ئەھمىيەتلىك ۋەزىپىلەردە بولغان ، ئاق كۆڭۈللۈكلۈكى ، خۇش چاقچاقلىقى ، خەلقپەرۋەرلىكى بىلەن ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىسمايىل ئەھمەد ئەنە شۇ «توپا» كەنتىدە تۇغۇلدى ، «توپا» كەنتىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى ، «توپا» كەنتىدە قاتارغا قېتىلدى ، «توپا» كەنتىدىن چىقىپ ، خوتەنگە ، شىنجاڭغا ، پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلدى ، دۇنياغىمۇ تونۇلدى . بىر دېھقان بالىسىنىڭ ، بىر يېزا ئوغلىنىڭ ھايات يولى ئېتىز-ئېرىق قىرلىرىدىن باشلىنىپ ، ئېتىز-ئېرىق قىرلىرىدا ئاياغلاشسا ، بۇغداي-قوناق تۆۋىدىن ، قوي-قوتاننىڭ ئالدىدىن ، كەتمەن-پالتا سېپىدىن يىراق كېتەلمىسە ، بۇ ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس . ۋەھالەنكى ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ، بوۋا-مومىسىنىڭ ھايات چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقالىسا ، بىر كەنتكە ، بىر يېزىغا تەئەللۇق ، كىچىك دائىرىگە خىزمەت قىلىدىغان ئادەمدىن تەرەققىي قىلىپ ، بىر قوۋمگە ، بىر مىللەتكە ، بىر دۆلەتكە تەئەللۇق ، كەڭ دائىرىگە خىزمەت قىلالايدىغان ئادەمگە ئايلىنالىسا ، مانا بۇنى مۆجىزە ، ھالقىش ، ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ كېتىش دېيىشكە بولىدۇ . ئۇنىڭ ھايات يولى ھېكايە قىلىشقا ئەرزىيدۇ . دېھقان ئوغلى ، يېزا بالىسى ئىسمايىل ئەھمەد ئۇزاق ، شانلىق ، ئەھمىيەتلىك ھايات سەپىرىنى بېسىپ ئۆتتى . ئۇنىڭ قەدەم-ئىزنالىرىغا باھا بېرىش ئەلۋەتتە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەس ، بۇنى كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە ۋاقىت ئورۇندايدۇ . پەقەت ئۇنىڭ ھايات سەپىرىدە بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى سىزىپ كۆرسىتىش ،

مۇساپە-مەنزىللەرگە بەلگە قويۇش ، ھايات كەچمىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش — بىزنىڭ مەقسىتىمىز . توقۇلما ئارىلاشتۇرماسلىق ، رەڭۋازلىق-پەردازۋازلىق قىلماسلىق — بىزنىڭ پرىنسىپىمىز . قالغىنىغا كەڭ ئوقۇرمەنلەر باھا بەرگەي !

# مۇندەرىجە


**كىرىشمە** ........................................ (1)

بىرىنچى باب

**تەكلىماكاننىڭ گىرۋىكىدىكى يېزا**

1 . «توپا» ........................................ (1)

2 . «توپا»نىڭ تارىخى ........................................ (6)

3 . «توپا»نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ........................ (11)

ئىككىنچى باب

**يوغان تېرەكلىك ھويلا**

1 . يوغان تېرەك ھەققىدە رىۋايەت ........................ (19)

2 . يوغان تېرەكلىك ھويلىدىكى ئۆي ........................ (27)

3 . ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ نەسەبى ........................ (29)

4 . ئەھمەد خەلپە بىلەن مەرەمخان ........................ (31)

ئۈچىنچى باب

**كېچىكىپ كەلگەن مېھمان**

1 . يېڭى كېلىننىڭ ئەنسىزلىكى ........................ (35)

2 . زۇلمەتلىك كېچىدە ........................................ (39)

3 . بالىلىق ئۆيى— بازار ........................................ (56)

4 . كۆز تېگىش ........................................ (63)

تۆتىنچى باب

**ئۆسمۈرلۈك يىللار**

1 . ئىسمايىلنىڭ مەكتەپلىرى ........................ (72)

2 . «چادىنەباغ» ۋە مەتكېرەم ئەپەندى ........................ (84)

3 . پەننىي مەكتەپكە كىرىش ......................... (99)
4 . ئىككى قېتىم تاياق يېيىش .................... (105)

بەشىنچى باب

## قايتا-قايتا سەپتىن چىقىرىۋېتىلگەن بالا

1 . «زومىگەرلەرنى يوقىتايلى» .................... (133)
2 . بىرىنچى قېتىم سەپتىن چىقىرىۋېتىلىش ...... (142)
3 . كادىرلار سىپىگە قېتىلىش .................... (149)
4 . ئۈچىنچى قېتىم سەپتىن چىقىرىۋېتىلىش ...... (165)

ئالتىنچى باب

## بالا كادىر

1 . بىر كۆنلا چىدىغان لاتا خەي..................... (175)
2 . مەھەممەت ھاللاڭ .............................. (189)
3 . سەپتىن چىقىرىۋەتكۈچى بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ قېلىش.............. (201)
4 . ئاتىنىڭ ۋاپاتى ................................ (225)

يەتتىنچى باب

## ئىستىقبال ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىش

1 . قوناق — سايلام بېلىتى ..................... (245)
2 . خىزمەتكە تەيىنلىنىش ........................ (253)
3 . ئىتتىپاق كادىرى .............................. (259)
4 . ھاۋا ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا......................... (278)

سەككىزىنچى باب

## قاينام-تاشقىنلىق يىللار

1 . 1958-يىلدا .................................. (307)
2 . تىغمۇتىغ ئېلىشىش .............................. (318)
3 . ھاكىم ............................................ (338)
4 . پايتەختتە ........................................ (359)

5 . تەشۋىقات بۆلۈمىدە ............................ (370)
6 . خوتەندىنمۇ ھالقىپ چىقىش .................... (391)
توققۇزىنچى باب
**يۇرت سۆيگۈسى ۋە باشقىلار**
1 . ئىسمايىل ئەھمەد ۋە مەرىپەت ................. (396)
2 . ئىسمايىل ئەھمەد ۋە مىللىي خىزمەت ......... (429)
3 . ئانا يۇرتقا مۇھەببەت ........................ (447)
**تۈگەللىمە** ........................................ (471)
**قوشۇمچە**
يەرلىك لەھجىلەرگە ئىزاھات ..................... (474)

# بىرىنچى باب

# تەكلىماكاننىڭ گىرۋىكىدىكى يېزا

## 1. توپا

«توپا» پايانسىز تەكلىماكان بىلەن، پايانسىز تەكلىماكان «توپا» بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. بۇ يەردىكى «توپا»نى تۇپراقنى كۆرسىتىدىغان «توپا» دەپ ئوقۇشقا بولمايدۇ. ئالدىنقىسىدا ئۇرغۇ «تو»غا، كېيىنكىسىدە ئۇرغۇ «پا»غا چۈشىدۇ. قەدىم زامانلاردىن بۇيان شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ نامنىڭ دەسلەپكى ئېتىمولوگىيىسى توپلىنىش، توپلاشماق مەنىسىدىكى «توپ»دىن ئۆزگەرگەن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. ئېھتىمال دەسلەپتە «پالاننىڭ توپى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن ئالدىنقى ئىگە چۈشۈپ قېلىپ «توپى» قالغان بولسا كېرەك. يەنىمۇ كېيىنرەك «توپى»، «توپا»غا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك. «توپ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلەر، يەنى ئۇيۇشقاقلىق، توپلىشىپ ياشاش قاتارلىقلار «توپا»لىقلارنىڭ پسىخىكىسىدا ھېلىمۇ مەۋجۇت. ئەمدى پەقەت نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئاشۇنداق «توپا»، «توپائېرىق» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنلىكىلا قالدى. «توپا» ئىلگىرىكى چاغلاردا «سەككىز ئەللىك» دەپ ئاتىلاتتى. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ئايرىم مەمۇري يېزا بولغان ۋە كېيىن چىرىيە يېزىسىغا قوشۇۋېتىلگەن. ھازىر بەش مەمۇري كەنت بار. بۇ كەنتلەر چىرىيە بازىرىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ھېسابلىنىدۇ.

شىمالىي تەرىپى پايانسىز تەكلىماكان، غەربىي تەرىپى «چوڭ يايلىغان قۇملۇقى»، جەنۇبىي تەرىپى «پاختىلىق قۇملۇقى» ۋە كوئېنلۇن تاغلىرىدىن باشلانغان بىپايان تۇزلۇق ساي. بۇ يەردىكى بەش يۇز تۇتۇنلۇك ئاھالە ئالتە يۇز يىرىق كەتمەنلىك (بىر كەتمەن بەزى يەرلەردە ئەللىك مو، بەزى يەرلەردە ئوتتۇز مو ھېسابلىنىدۇ) بىنەم يەرگە بۇغداي، قوناق، تېرىق، زىغىر-زاغۇن، قوغۇن-تاۋۇز تېرىپ ھەمدە باغ-ئورمان بىنا قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. سۇنىڭ كەملىكى، يەرنىڭ قۇمسازلىقىغا ئاساسەن، ھەممە ئائىلە ئانار، ئۆرۈك، چىلان ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. ئاھالىلەر يىل بويى ئورمان-چاتقال ئۆستۈرۈپ قۇمنى توسۇشتىن باشقا تۇرلۇك ھاشار-ئالۋانلارنى زىممىسىگە ئالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەر پەسىلدە چىقىپ تۇرىدىغان بوران، سەل سۇيىدەك ئېقىپ كېلىدىغان كۆچمە قۇم ھەر دائىم بوستانلىققا ئاپەت سېلىپ تۇرىدۇ.

قەدىمىي دەۋردىكى يىپەك يولى (ئۇلۇغ يول) — چىرىيە بوستانلىقىنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتەتتى. چىرىيە بازىرىدىن غەربكە قاراپ ماڭسا، ئاۋۋال «ئورداباغ»، «كۆكمەت ئۆستىڭى»، ئۆستەڭدىن ئىككى چاقىرىم ماڭسا، «ساي مەسچىت» دېگەن يەرگە بارغىلى بولاتتى. سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «روزى ھاجىنىڭ گۇمبىزى» دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى چوڭ، ھەيۋەتلىك بىر گۇمبەز بار ئىدى. گۇمبەزنىڭ ئەتراپى كەڭ كەتكەن ساي-تاشلىق ئىدى. تاشلىق سايدىن ئۆتكەندىن كېيىن، «ساي چۇشۇرگە»، «ساي چۇشۇرگە» دىن ئۆتكەندىن كېيىن «كاڭكال ئۆستىڭى» يولنى كېسىپ ئۆتەتتى. «كاڭكال ئۆستەڭ» كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ يەنە ئىككى چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن «باش ئۇجمە ئارش»قا كېلەتتى. بۇ يەردە يولنىڭ شىمالىدا، توپىدىكى چوڭ مىراب روزى بەگنىڭ قورۇ-جايى بار ئىدى. غول يول مانا شۇ قورۇ-جاي

ئالدىدا ئىككىگە ئايرىلاتتى . ئۇنىڭ بىرى غەربكە كەتكەن چوڭ يول — خوتەن يولى دەپ ، ئايرىلىپ چىققان يەنە بىر تارمىقى «جىېرىق كوچىسى » دەپ ئاتىلاتتى .

«جىېرىق كوچىسى » روزى بەگنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئايرىلىپ ، ئالتە - يەتتە چاقىرىمغىچە چوڭ يولغا ياندىشىپ ماڭاتتى ، ئاندىن غەربىي جەنۇبقا قايرىلىپ ، «نوئىېرىق »نى ئاتلاپ ، «كۆلئىېرىق »قا تۇتىشاتتى ، دەل مۇشۇ «كۆلئىېرىق »قا كەلگەندە بۇ يول جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان «كۆلئىېرىق » ۋە ئىېرىق بويلاپ ھاسىل بولغان يول بىلەن كېسىشىپ ، «تۆت كوچا » ھاسىل قىلاتتى . «جىېرىق كوچىسى » «تۆت كوچا »غا كەلگەندە ، يەنە ئۈچ بۆلەككە ئايرىلاتتى . «كۆلئىېرىق »نى بويلاپ كەلگەن بىر ئاچىماق جەنۇبقا قاراپ سوزۇلۇپ ، «قاغىلىق[1] ئۆستىڭى »گە ، غەربكە قاراپ سوزۇلغان بۆلىكى تاكى روزى بەگنىڭ ئۆيىدىن باشلانغانچە «نوئىېرىق » ، «كۆلئىېرىق » ، «ئاستىنقى ئىېرىق » ، «كاۋا كۆلبېشى » نى بويلاپ ، جەنۇبقا سوزۇلۇپ ، يەنە «قاغىلىقئۆستىڭى »گە تۇتىشاتتى . بۇ يەردىن ئۆستەڭنى بويلاپ غەربىي شىمالغا قايرىلىپ ، «ئىككى تۇپ تېرەك » ، «خەلپەتلەڭگەر »گە باراتتى . ئاخىرى «چىلەكدۆڭ » ، «سۆكەدۆڭ » ، «داۋزاقۇم » ، «تېرىمپوتەي » دېگەن يەرلەرگە بېرىپ ، خوتەن يولىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى ، شىمالىي يۆنىلىشتىكى يول «كۆلئىېرىق » ۋە خوتەن يولىدىن ئاتلاپ بۇگۇنكى «توپا مەكتەپ » ئالدىدىن ئۆتۈپ ، «كاڭكال ئۆستىڭى »نى بويلاپ ، «مەدىكاس » تەرەپكە تۇتىشاتتى .

«جىېرىق كوچىسى » 1896 -يىلى چىرىيىگە قاراقۇرۇم

---

[1] قاغىلىق — جاڭگال دېگەن مەنىدە .

تاغلىرىدىن مىسلى كۆرۈلمىگەن زور سەل-كەلكۈن چۈشكەندە ھاسىل بولغان. كەلكۈن ئاۋۋال «ئوق ئۆستەڭ»[1] نىڭ بويىدىكى «ئون ئەللىك» ۋە «سەككىز ئەللىك»نىڭ تاقاقلىرىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىپ، نۇرغۇن كەنتلەرنى، ئېتىز-ئېرىقلارنى، ئۆيۋاقلارنى، خامانلارنى ئېقىتىپ كەتكەن. «توپا»نىڭ زېمىنى قۇملۇق ھەم پەس بولغاچقا، كەلكۈن سۈيى غەربىي شىمالغا — «توپا»غا قاراپ يۇپۇرۇلۇپ ئېرىق-ئۆستەڭ، كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇپ، «باش ئۇجمە»دىن «چېلەكدۆڭ»، «سۆكەدۆڭ» دېگەن يەرلەرگە بېسىپ كىرگەن. كەلكۈن پېچىپ كەتكەن يار-گازۇنلاردىن «جەيھۇن يار» پەيدا بولغان. شۇ قېتىمقى كەلكۈن ھاسىل قىلغان «جەيھۇن يار» كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن «جەيھۇن ئېرىق كوچىسى»، «جېرىق كوچىسى» دەپ ئاتالغان. بۇ كوچا چىرىيە بوستانلىقىنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتكەن يىپەك يولىنىڭ چىرىيە بازىرىدىن كېسىپ ئۆتكەن بۆلىكىگە تۇتىشاتتى. كېيىنكى چاغلاردا يارنىڭ ئىككى قىرغىقىدىن قاتارىسىغا تېرەك بولجالىرى ئۆسۈپ، بارا-بارا خىرامانلىققا ئايلانغان، يار ئىچىدە ئاۋۋال ئادەملەر، ئۇلاغلار ماڭىدىغان چىغىر يول ھاسىل بولغان، كېيىن بارغانسېرى چوڭىيىپ كوچا شەكىللەنگەن.

«تۆت كوچا» — دەل ئاشۇ «جېرىق كوچىسى»نىڭ مەركىزى نۇقتىسى بولۇپ، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپى مۇشۇ «تۆت كوچا» ياقىسىدا ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدا، ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقىدا ئانارلىق، ئۆرۈكلۈك، تەكە-شاپتۇللۇق، ياڭاقلىق، چىلانلىق باغلار بار ئىدى. ئەگۈن - دەرۋازىلار

---

① ئوق ئۆستەڭ — چىرىيە ناھىيە بازىرىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتكەن غول ئۆستەڭ

ئالدىدىكى «كۆلئېرىق»تا لىققىدە لاي سۇ ئېقىپ تۇراتتى. سۇدا غاز - ئۆردەكلەر غاقىلدىشىپ ئۈزەتتى، يالىڭاچ بالىلار سۇ چېچىشاتتى، قوغلىشاتتى، چۇرقىرىشاتتى. ئېرىق بويىدا قاتار-قاتار كەتكەن ئۈجمىلەر شاۋقۇن سالاتتى، تاڭدىن گۇگۇمغىچە ھايات قايناپ تۇراتتى، ئۈجمە چوققىلىرىدىغان ئاق قۇشقاچلار ۋىچىرلىشاتتى. ئۆرۈك ياپراقلىرى ئارىسىدىن كاككۇك ئۈنى كېلەتتى. كۈمۈش رەڭ جىگدە ياپراقلىرى ئارىسىدا «مۇنۇسكا» چېچەكلىرىدەك ساپسېرىق سوپسوپياڭلار چاڭىلدايتتى. ئاخشاملىرى چېكەتكىلەرنىڭ، پاقا-قۇمچاقلارنىڭ پۈشتەك چېلىشلىرى ئاڭلىناتتى. يەنە شۇ ئاخشاملىرى بالىلار، ياشلار، كۆڭلى قېرىمىغانلار «تۆت كوچا» ئېغىزىدىكى «پەيزۇللاكامنىڭ مەسچىتى» ئالدىدىكى پەشتاقتا يىغىلاتتى. ئېغىر ياتقۇلارغىچە ساماۋىي چۆچەكلەر سۆزلىنەتتى. «چىم-چىم»، «دۇم-دۇم»، «بۇكۇنمەك» ئويۇنلىرى داۋام قىلاتتى. شوخ كۈلكىلەرگە مەسچىت ئالدىدىكى كۆلدە جىمىرلىغان ئاي يۇلتۇزلار گۇۋاھ بولاتتى.

«توپا»دا باھار ئەتىگەنلىكى ھەممە نەرسە يېپيېڭى بولاتتى. چېچەكلەر ھىدى گۇپۇلدەپ تارقىلاتتى، ئانار گۈلى چوغدەك تاۋلىناتتى، شاپتۇل چېچەكلىرى تۆكۈلگەن يەرلەردە قىزغۇچ پاياندار ھاسىل بولاتتى، جىگدە چېچەكلىرىنىڭ دىماغنى يارغۇچى تاتلىق ھىدىدىن قوڭغۇزلار يىراق قېچىشاتتى. سەھەر ئاسمىنى بېلىق قاسىرىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىغاندا، مەزىنىنىڭ سوزۇق ئاۋازى يىراق-يىراقلارغا تارقالغاندا «توپا»دا يېڭى بىر كۈن باشلىنىپ كېتەتتى. تاڭ سەھەردە، تىنىق ئاسماندا كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرى مەسچىت قۇببىسىدىكى يېرىم ئاي شەكىللىك تاقىغا چۈشكەندە، ئۇنىڭ ئۇچى چوغدەك ياناتتى. شۇئان ھەستەڭ ناۋاي بېشىغا لىققىدە گىردە قاچىلانغان تەۋەڭنى كۆتۈرۈپ مەسچىت ئالدىدىن ئۆتەتتى،

«مەدىكاس يايلىقى» تەرەپكە مال ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئىبراھىم چېلىشچى ناۋايدىن گىردە نان ئېلىپ پوتىسىغا تۈگەتتى-دە، ئۇزاپ كەتكەن ماللارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەيتتى، سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ[1] كۆلىدىن سۇ ئەكەلگەن ئوغالخان جۇۋان ئورۇق يېلىنى جىمىپ كەتكەن تاغىل كالىسىنى ھەيدەپ كوچىلاردىن ئۆتەتتى. ئۇستىدىكى سوغىنىنىڭ ئېغىرلىقىدىن كالىنىڭ سونچاقلىرى بىر-بىرىگە تېگىشىپ، قاراس-قۇرۇس ئاۋاز چىقىراتتى. كىشىلەر كەتمەنلىرىنى، ئورغاقلىرىنى، تاغار-ئوتىغۇچلىرىنى كۆتۈرۈپ ئېتىزلارغا مېڭىشاتتى. ھاشارغا، بازارغا، يەنە ئاللىقاياقلارغا ماڭغانلارمۇ بولاتتى.

## 2. «توپا»نىڭ تارىخى

گۈزەل، باراقسان «توپا» ھەققىدە ھېكايە-رىۋايەتلەر بەك كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە دانىيال خوجىنىڭ چىرىيىگە كەلگەنلىكى، «توپا»دا ئىستىقامەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتنى ھەممە كىشىلەر دېگۈدەك بىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭدىن تۆت يۈز نەچچە يىللار مۇقەددەم دانىيال خوجا، ئىشان خوجا، ئۇشتۇر خەلپە دېگەن تەرىقەت پېشۋالىرى خوتەن نائىب خانى قورەيشخان ھوزۇرىدا كاتتا كۈتۈۋېلىنىپتۇ. خاندىن تارتىپ پۈتۈن ئاۋام خەلقىچە ئۇلارنى «كارامەتچى»، «پىر-ئەۋلىيا» دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇپتۇ. ئۇلار خان ھوزۇرىدا بولغان شۇ كۈنلەردە، خاننىڭ ئامراق مەلىكىسى قازا قىپتۇ. خان «ئەۋلىيا»

---

① سۇپۇرگە ئاخۇن — 1912 -يىلى چار روسىيە پۇقرالىرىنىڭ زومىگەرلىكىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ باشچىسى. قەشقەردىكى سوراقتا چار روسىيە كونسۇلى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئەل-يۇرتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. خەلق بۇ ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانىنى ھازىرمۇ ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدۇ.

دىن ئۆلۈپ كەتكەن مەلىكىسىنى تىرىلدۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ . دانىيال خوجا «مېنى مەسخىرە قىلدى» دەپ قاتتىق خاپا بولۇپ ، خان ئوردىسىدىن يامانلاپ چىقىپ چىرىيىنىڭ «توپا» دېگەن مۇشۇ خىلۋەت يېزىسىغا كېلىپ ئۈچ يىل تۇرۇپتۇ . بۇ يەردە «تەڭرى يولىدىن ئازغان»لارنى تەرىقەت يولى— «نىجاتلىق» يولىغا باشلاپتۇ . مۇرىت توپلاپ «قارا تاغلىق» سۇلۇكنى جارى قىلدۇرۇپتۇ . ئۇلارنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ، چەرچەن-چاقىلىق ، گۇما-قاغىلىقلاردىن تالاي مۇخلىسلار كېلىپ مۇرىت بوپتۇ ، ئايىغىنىڭ چاڭلىرىنى سۆيۈپتۇ ، يەر-زېمىن ۋەخپە قىپتۇ . مال-دۇنيا ، ھەتتا ئېغىزىدىن ئوغۇز سۈتى كەتمىگەن نارەسىدە قىزلىرىنى تۆھپە قىلىشىپتۇ . شۇ چاغلاردا «توپا»دا يەتتە ئوغۇللۇق بىر ئائىلە ياشايدىكەن . يەتتە ئوغۇل چوڭ بولۇپ قاتارغا قېتىلىپ «توپا» ، «كۆكمەت»نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ماكانلاشقانىكەن . «ئۈچ ئاكا-ئۇكا جىندىنمۇ قورقمايدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ . يەتتە ئاكا-ئۇكا نېمىدىن قورقسۇن ؟ نېمىدىن ھېيىقسۇن ؟ ئۇلار ھېلىقى دانىيال خوجىلارغا مۇرىت بولماپتۇ ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ مۇرىت توپلاشلىرىدىن بىزار ئىكەن . ئۇلار خوجىلارنى مازاق قىلماقچى بوپتۇ . «يەتتە قېرىنداش» يېرىم كېچىدە كېلىپ دەرۋازا قېقىپ ، «ئەۋلىيا»نى ئويغىتىپتۇ . «ئەۋلىيا» ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقسا ، «يەتتە قېرىنداش» لام-جىم دېمەستىن «ئەۋلىيا»نى زاڭلىق قىلىپ كولۇشۇپتۇ . پەيكىرى ئۈچقان «ئەۋلىيا» قولىنى كۆتۈرۈپ : «توپا-كۆكمەتتىن يەتتە ھارامزادە كەم بولمىغاي !» دەپ دۇئايىبەت قىلىۋېتىپتۇ .

رىۋايەت دېگەن رىۋايەت . دانىيال خوجىنىڭ «توپا»غا كەلگىنى راست . شاھ ماخمۇت جوراس «سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دا ئېنىق يازغان . ئەمما «توپا»لىقنى

«دۇئايىبەت» قىلغۇچى ئاشۇ نەس دۇئانىڭ راستقا ئايلىنىشى ناتايىن. «توپا-كۆكمەت» تە راستىنلا «يەتتە ھارامزادە» ئۈزۈلمەي كەلدىمۇ؟ بۇنى ھېچكىم ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. ئەمما «توپا-كۆكمەت» تىن قورقۇمسىز، قارام، يۈرەكلىك ئادەملەرنىڭ دائىم چىقىپ تۇرغانلىقى راست. چىرىيىگە بەگ، باش بەگ بولغانلار دائىم «توپا»دىن چىقىپ تۇرغان. ئەڭ ئاخىرقى بەگ— تۆمۈر بەگمۇ، روزى بەگمۇ مۇشۇ يەردىن چىققان. «توپا»لىقلار جېدەل-ماجىرادىن، ئۇرۇش-تالاشتىن، توپىلاڭ-ئىسياندىن ئانچە قورقۇپ قالمايتتى. چىرىيىنىڭ① بازار كۈنى ئۈچ قېتىم جېدەل چىققان بولسا، جېدەل چىقارغۇچىلارنىڭ بىرى چوقۇم «توپا»لىق بولاتتى. بىر «توپا»لىق جېدەلگە ئارىلىشىپ قالغان بولسا، بازاردىكى ھەممە «توپا»لىق تونۇسۇن-تونۇمىسۇن، ئاشۇنىڭغا يان باساتتى. بۇ، «توپا»لىقلاردىكى بىر خىل ئۆملۈكنى، ھەمكارلىق روھىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇلار چوڭ-چوڭ ئىشلاردىمۇ شۇنداق قىلاتتى.

كۈچلۈكخان، چىڭگىزخاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە، تەپرىقىچى خوجىلار، قالماقلار، چىڭ سۇلالىسى ئىستىبداتلىرى دەۋرىدە يەنە شۇ «ھارامزادە»لەر ئەزگۈچىلەر بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ، ئىسسىق قانلىرىنى تەقدىم ئېتىشكەن. ياقۇب بەگ خوتەندە قەتلىئام يۈرگۈزگەندە، «چىرىيىلىكلەر ئۇزۇقلۇقلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ، كالتەك-چوماقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، قىل قۇيرۇق بولۇپ كېلىشكەن ۋە كۆرۈپ-بىلىپ تۇرۇپ، كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئۆزىنى ئېتىپ ھالاك بولۇشقان»②.

«توپا» كىچىك جاي، لېكىن ئۇنى دۇنيانىڭ ئەڭ ئۇنتۇلغان

---

① چىرىيە— جانلىق تىلدا «كېيا، نىيا» [ئەسلىي ئاتالمىسى «كېرىيە، نىيە»] دەپ ئاتالغىنىدەك «چىرا» دېيىلگەن— ئا.
② «تارىخىي ئەمىنىيە» دىن ئېلىندى.

بىر خىلۋەت پۇچقىقى دەپ ئويلاپ قالماڭ . دۇنيانىڭ كاتتا مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئۇنى خېلى بۇرۇنلا بىلىپ كەتكەن . 1912 ـ يىلىدىكى «چىرىيە[1] ۋەقەسى» ئاشۇ يىللاردىلا «توپا»نىڭ نامىنى ، «توپا»دىن چىققان «ھارامزادە قەھرىمان» سۇپۇرگە ئاخۇنىنىڭ نامىنى ئالەمگە پۇر قىلغان ، موسكۋا ، سانت پېتىربورگ ، بېرلىن ، پارىژ ، لوندون ۋە ئامېرىكا گېزىتلىرى «توپا» نىڭ نامىنى ، سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ئىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ باش بەتلىرىگە قايتا-قايتا بېسىشقان . بۇ ئىستىبدات چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ ، خۇاڭخې ، چاڭجياڭ ۋادىلىرىدا جۇڭخۇا قۇرۇلۇۋاتقان يىللاردىكى كىچىك بىر تارىخىي ۋەقە . ئەينى چاغدا چاررۇسىيە پۇقراسى سېيىت ھاجى چىرىيىگە كېلىپ ماكانلىشىدۇ ۋە چىرىيىدە چاررۇسىيە پاسپورتى تارقىتىپ ، نۇرغۇن كىشىنى چاررۇسىيە پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلىدۇ . چەت ئەل پۇقراسى بولغانلار تىجارەت ۋە دېھقانچىلىق قىلسا باج تۆلىمەيدۇ ، سۇ قاندىنمۇ ئەزىز چىرىيە دىيارىدا سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى كونترول قىلىۋالىدۇ . باشقا زومىگەرلىكلەرنىمۇ قىلىدۇ . بۇ ياڭ زېڭشىننىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى بەك ئاجىز يىللار بولۇپ ، يەرلىك ئەمەلدارلار چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ زومىگەرلىكىگە سۇكۇت قىلىدۇ . مۇشۇنداق ئەھۋالدا «توپا»لىق سۇپۇرگە ئاخۇن چىرىيە خەلقىگە باشلامچىلىق قىلىپ ، سېيىت ھاجى قاتارلىق چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ زومىگەرلىكىگە قارشى تۇرىدۇ . سۇ تالىشىشتىن كېلىپ چىققان جېدەل ئۇلغىيىپ ئاخىرى قان تۆكۈلۈشكە بېرىپ يېتىدۇ . ئوتتۇز بىر ئادەم ئۆلىدۇ . بۇ ۋەقەدىن كېيىن چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى «جۇڭگونىڭ چىرىيە دېگەن يېرىدە چاررۇسىيە

---

① چىرىيە — 1929 ـ يىلىدىن ئىلگىرى كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق بولغان ۋە «چىرا كەنتى» دەپ ئاتالغان .

پۈقرالىرى قىرغىن قىلىندى» دەپ داۋراڭ كۆتۈرۈپ، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنى ۋەقە پەيدا قىلغۇچىلارنى جازالاشقا قىستايدۇ. ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى ئاجىز بولغاچقا، يول قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە، 1912-يىل 9-ئايلاردا چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بىر تالاي كازاك ئەسكەرلەرنى باشلاپ چىرىيىگە كېلىپ، ساختا ماتېرىياللارنى ئويدۇرۇپ، سېيىت ھاجىنىڭ تىزىملاپ بەرگىنى بويىچە سۇپۇرگە ئاخۇن باشلىق بىر يۈز يەتمىش سەككىز ئادەمنى تۇتقۇن قىلىدۇ ۋە سوراق ئۈچۈن قەشقەرگە ھەيدەپ بارىدۇ. ئائىلە تاۋابىئاتلار ۋە گۇۋاھچىلار بولۇپ قەشقەرگە ماڭغان ئادەم بەش يۈزدىن ئاشىدۇ. يەرلىك خەلق سۇپۇرگە ئاخۇن قاتارلىقلارنى ئۆتەڭ-ئۆتەڭدە يوللۇق تۇتۇپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. سوراق نەتىجىسىدە، شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىگە ئاتمىش توققۇز مىڭ سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلەيدۇ ۋە سۇپۇرگە ئاخۇن باشلىق ئوتتۇز نەپەر كىشىگە تۆت يىللىقتىن ئون تۆت يىللىققىچە قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ...

مەشھۇر «چىرىيە ۋەقەسى» مانا شۇ. بۇ ۋەقە ئەينى چاغلاردىلا ئالەمگە پۇر كېتىدۇ. قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرغان ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن بۇ ۋەقەنى ھەدەپ خەۋەر قىلىدۇ. چاررۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئارىسىدىكى زىددىيەت بۇ ۋەقەنى پۈتۈن دۇنيادىكى كاتتا گېزىتلەردە خەۋەر قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە، چىرىيە، «توپا» ۋە سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ئىسمى ئالەمگە پۇر بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئىزاھات شۇكى، «توپا» دىن دائىم مەشھۇر، داڭلىق ئادەملەر چىقىپ تۇرغان، قورقۇمسىز باتۇر ئەزىمەتلەر چىقىپ تۇرغان. «چىرىيە ۋەقەسى»دىكى سۇپۇرگە ئاخۇن ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

## 3 . «توپا»نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

«تــوپــا»دا ئــۇيــغــۇر مــىــلــلــىــتىگە ئورتاق بولغان ئېسىل ئــەخــلاق-پــەزىــلــەتــلــەر ، ئــېــســىــل ئۆرپ-ئادەتلەر ، جۈملىدىن ئىشچانلىق ، تىرىشچانلىق ، ۋەدىگە ۋاپادارلىق ، بىر-بىرىگە ھۆرمەت ۋە ساداقەتمەنلىك ، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماسلىق ، ئۈمىدۋارلىق ۋە خۇش چاقچاقلىق گەۋدىلىك ئىپادە تاپىدۇ . «توپا»دا ئۇيغۇر يېزىلىرىغا ئورتاق بولغان گۈزەل مەنزىرىلەر يېيىلىپ ياتىدۇ . ۋەھالەنكى ، «توپا»نىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى مەۋجۇت . «توپا»دا ئېگىز ئادەملەر كۆپ . ھازىرمۇ كىشىلەر «توپا» دا يــاشــاپ ئــۆتــكەن بويى ئىككى مېتىرغا يېقىنلىشىدىغان خادا پــاچــاقلاردىن ئون بەش-يىگىرمىنى ساناپ بېرەلەيدۇ . دۆلەتلىك ۋاســكــېــتــبــول كــومــانــدىــســىــنىڭ ھازىرقى تىرېنېرى ، داڭلىق ۋاسكېتبولچى ئادىلجاننىڭ دادىسىمۇ مۇشۇ «توپا»دىكى «يار بويى» كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن . سۇلايمان تۇردى ئۆزىنىڭ بىر مېتىر تــوقــسان بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان ئېگىز بويى بىلەن 50- ، 60 -يىللاردا شىنجاڭنىڭ ۋاسكېتبول-ۋالىبول مەيدانلىرىدا خېلى بىر مەزگىل جەۋلان قىلغان . كوپېراتسىيە ۋە كوممۇنا ۋاقىتلىرىدا «توپا»غا ئۇزۇن يىل شۇجى بولغان تۇرسۇن رەجەپمۇ ئېھتىمال جۇڭگودىكى ئەڭ ئېگىز شۇجى بولۇشى مۇمكىن .

«تــوپــا»نىڭ ئانىرىغا ئوخشاشلا تۇخۇملىرىمۇ بەك داڭلىق . نــېــمــىــشــقىدۇر بۇ يەرنىڭ تۇخۇملىرىنىڭ سېرىقى تولىمۇ توق سېرىق ، زەپەردەك ، زاراڭزا چېچەكلىدەك توق سېرىق بولىدۇ . تــۇخــۇمــلارمــۇ ســاختىلىشىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە ، «توپا» تۇخۇملىرىنىڭ ئالاھىدە بازار تېپىپ كېتىشىدىكى سەۋەب شۇ .

«توپا»نىڭ تۆخۆمى دېسە ھەرقانداق كىشى ئەنسىرىمەيلا سېتىۋېلىۋېرىدۇ.
«توپا»نىڭ ئانىرى بەك داڭلىق، تولىمۇ تاتلىق ۋە شېرىن. «توپا»دىكى ھەربىر ئائىلىنىڭ بېغىدا چوقۇم ئانار دەرىخى بولىدۇ. ئانىرى يوقلار «توپا»لىق ھېسابلانمايدۇ. ھەتتا قىز بېرىپ، يىگىت تاللاپ، قۇدا چۈشۈشكەنلىرىدىمۇ «قانچە تۈپ ئانىرى بار ئىكەن؟»، «ئانارنى كېيىنكى يىلى 5-ئايغىچە (پاقا كوركىرىغانغا قەدەر) ساقلىيالامدىكەن؟» دەپ سۈرۈشتۈرۈشىدۇ. ئانىرىنىڭ كۆپ-ئازلىقى — باي-نامراتلىقنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.
«توپا»لىقلار چايخۇمار كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە قەشقەر، غۇلجا ۋە چايخور كېرىيىلىكلەردىن قېلىشمايدۇ. ۋەھالەنكى «توپا»لىقلارنىڭ ئىچىدىغىنى كېرىيىلىكلەرنىڭكىدەك «قاراچاي»، «خىش چاي» ئەمەس، بەلكى «دورا چاي». ئۆزلىرى «دورا چاي»نى «چاي دورا» دەپ ئاتىشىدۇ. «چاي دورا»نىڭ سۈپىتىگە، داڭلىق تېۋىپنىڭكىدىن سېتىۋېلىشقا، خۇش پۇراق، ئاچچىق-چۈچۈك بولۇشىغا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ.
چىرىيىدە «توپا»لىقلارنىڭ «شاخچى» دېگەن نامى بار. ئۇلار ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا، تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى يۇلغۇنلۇقلاردىن يۇلغۇن شېخى ئاچىقىپ ساتىدۇ. چىرىيىنىڭ بازىرىدىكى بارلىق ئاشخانا-ناۋايخانىلارنى يۇلغۇن شېخى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلار تەكلىماكاندىن يۇلغۇن شېخى ئېلىشتا ھەرگىزمۇ «توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، تۇخۇمنى ئېلىش ئۇسۇلى»نى، «كۆلنى قۇرۇتۇپ، بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى»نى قوللانمايدۇ. «توپا»لىقلارنىڭ كەكە-تىۋەزۇنلىرى دائىم پارقىراق ۋە ئىتتىك بولىدۇ. يۇلغۇنلارنىڭ ئۆتكەن يىلى، ئالدىنقى يىلى ياشىرىپ قۇرۇپ قالغان شاخلىرىنى، پاخپاق شاخلىرىنى شارتىلدىتىپ

كېسەلەيدۇ . ھەرگىزمۇ كۆكلەۋاتقان ، ياشناۋاتقان شاخلىرىغا تەگمەيدۇ . ئۇلارنىڭ كەكە-تىۋەزۇنلىرى تەگكەن يەردىن كېلەر يىلى يېڭى-يېڭى شاخلار بىخلىنىپ ئۆسۈپ چىقىدۇ .

«تۇپا»دا يوغان تېرەك جىق . ئەينى يىللاردا «تۇپا»دىكى ھەرقايسى مەھەللىلەردە غولىغا تۆت-بەش ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان ، ئاسمانغا سانجىلىپ تۇرغاندەك ، يىراق-يىراقلاردىن كۆرۈنىدىغان چوڭ تېرەكلەر بەك جىق ئىدى . ھەتتا «ئېگىز تېرەك» ، «يوغان تېرەك» ، «پانۇس تېرەك» ، «قاتار تېرەك» دېگەنلەر مەھەللە ئىسىملىرىغا ئايلانغانىدى . ئۇنداقتا تېرەك بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار ؟ يوغان تېرەك جىق يەردىن داڭلىق ئادەملەر كۆپ چىقامدۇ ؟ ياكى ئىشچان ئادەملەر يوغان تېرەكنى كۆپ ئۆستۈرەمدۇ ؟ تېرەكلەرنىڭ ئاشۇنداق بەھەيۋەت يوغىنىشىنىڭ يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن قانداق ئالاقىسى بار ؟ بۇ مەسىلىلەر تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ . بۈگۈنكى كۈندە ساياھەتچىلەر ئارىسىدا خوتەننىڭ «ئۈچ تۈپ دەرىخى» ، قەشقەرنىڭ «ئۈچ مازىرى» ، ئاقسۇنىڭ «ئۈچ ئۆڭكۈرى» دېگەن گەپلەر ئېقىپ يۈرىدۇ . خوتەندىكى يوغان دەرەخ ئۈچ تۈپلا ئەمەس . بۇرۇنغۇ يوغان دەرەخلەر بەك جىق ئىدى ، ھازىرمۇ تېپىلىدۇ . چىرىيىنىڭ «نۇرى» يېزىسىدىكى يەتتە تۈپ يوغان تېرەك ، «ئىمامى مەھدى مازىرى»دىكى غايەت يوغان تېرەكلەر ، لوپنىڭ سامپۇل بازىرىدىكى كاتتا يالغۇز تېرەك ، «ئۈجمە مازار غوجام» دېگەن يەردىكى يوغان تېرەكلەر شۇ جۈملىدىن . ئەينى يىللاردا «تۇپا»دىكى يوغان تېرەكلەر غولىنىڭ توملۇقى ، بويىنىڭ ئېگىزلىكى ، كۆرگەن ئۆمرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا يۇقىرىدا ئىسمى قەيت قىلىنغان تېرەكلەردىن ھەرگىز قېلىشمايتتى . بۇ يەردە تىلغا ئالىدىغىنىمىز پەقەت ئەينى يىللاردا

«توپا»دا يوغان تېرەكلەرنىڭ بەك كۆپلۈكى، خالاس. ۋەھالەنكى «تـوپا»دىكى يوغان دەرەخلەر پەقەت تېرەكلا ئەمەس. ئۇ يەردە «بـودەك ئـۈجـمـىسى» گە ئوخشاش يەنە غايەت زور ئۈجمىلەر، جىگدىلەر، سۆگەتلەرمۇ بار.

«توپا»دىكى ئەڭ كۆپ نەرسە — قۇم. قۇم «توپا»نىڭ ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ ئاسان كۆزگە چېلىقارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى.

بەش يۈز تۈتۈنلۈك ئاھالىسى بار بۇ يەرنىڭ ئۈچ تەرىپى قۇم، ئاسمىنىمۇ قۇم، زېمىنىمۇ قۇم، سۈيى، تۇپرىقى، ھاۋاسىمۇ قۇم. تـۈنـۈگـۈن، بۈگـۈن ۋە ئـەتـىسىمۇ قۇم. چىشىنى كولىسىمۇ زىغزىقلىرىدىن قۇم چىقىدۇ، ئۇخلاپ ئويغانسا قۇلاقلىرىدىن قۇم تۆكۈلىدۇ.

بۇ يەردە كۈن قۇملۇقتىن چىقىپ، يەنە قۇملۇققا ئولتۇرىدۇ. قۇملۇقتىن بوران ھۆركىرەيدۇ، سەرەپ ئاقىدۇ، جۈت-شىۋىرغان ھۇۋۇلدايدۇ، قارا توپان كۆتۈرۈلىدۇ. چاقماق چېقىلىسىمۇ، ھاۋا گـۈلدۈرلىسىمۇ قۇملۇقتىن ئاڭلىنىدۇ. ئات كىشنىگەن، ئىت ھاۋشىغان، توخۇ چىللىغان، ھايۋانلار يۈگۈرگەن، ئادەملەر ئاياغ باسقان ھەربىر تىۋىشمۇ يەنە شۇ قۇملۇقتىن چىقىدۇ. قۇملۇق شـىـرمـەت پالۋاندەك نەرە تارتىدۇ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك غـەزەپلـىنىدۇ، ئادەملەر كۈلسە قۇملۇق كۈلگەندەك، يىغلىسا قۇملۇق يىغلىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

بۇ يەرنى قۇملۇقتىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ سىرلىق ۋە يوغان مەخلۇق سوغۇق قۇچاقلىرىغا ئېلىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

«تـوپـا»نـىڭ تارىخى — قۇم بىلەن ئېلىشىش تارىخى. قۇم «توپا»نى بېسىپ كېتىمەن، يۇتۇپ كېتىمەن دەيدۇ. «توپا»لىقلار قۇمنى ھەيدەپ چىقىرىمەن، قۇمنى توسىمەن دەيدۇ. «توپا»نىڭ

يۇرت بولۇش تارىخىدا ئۇنى قانچە قېتىم كىچىك دائىرىدە ، قانچە قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك قۇم باستى؟ «توپا»لىقلار بىر ئاچقان يەرنى يەنە قانچە قېتىم ئاچتى؟ بۇ «توپا»لىقلارنىڭ ئېسىدە يوق . بەلكى قۇم بىلەن «توپا»لىقلار ئارىسىدىكى «ھەرە تارتىشىش شەكلىدىكى جەڭ» ئون قېتىم ، ئەللىك قېتىم ، يۈز قېتىم تەكرارلانغاندۇ ، «توپا» لىقلار قۇمنى توسىمەن ، قۇمنى چېكىندۈرىمەن ، قۇمنى تىزگىنلەيمەن دەپ ھەددى-ھېسابسىز قان-تەر تۆككەندۇ ، كىم بەڭدى؟ ھەر قېتىمقى كىچىك جەڭدە «توپا»لىقلار يەڭدى . بىر ئاماللارنى قىلىپ ئىستىھكامنى— «توپا»نى ساقلاپ قالدى . ئەمما جەڭ تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق ، قۇم-بوران تېخى پەيلىدىن يانغىنى يوق ، يېڭىلگەنگە تەن بەرگىنى يوق . «توپا» لىقلارنىڭ تۈنۈگۈنى ، ئۆلۈشكۈنى ، ئۆتمۈشى قۇم بىلەن كۆرەش قىلىپ ئۆتكەن . بۈگۈنىمۇ شۇنداق ئۆتمەكتە ، ئەتىسىمۇ ، كەلگۈسىمۇ شۇنداق ئۆتىدۇ . بىرەر كارامەتلىك مۆجىزە يۈز بەرمىسە ، شۇنداق ئۆتىۋېرىدۇ .

ئاشۇ يا ئىپتىداسى ، يا ئىنتىھاسى يوق كۆرەش «توپا» لىقلارغا نېمە ئەكەلدى؟ نامراتلىق ، جاپا-مۇشەققەت ، ھەسرەت-كۆلپەت ئەكەلدىمۇ؟ شۇنداق . ئەمما ئەڭ مۇھىمى ئۇلارغا قەيسەرلىك ، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماسلىق ، مەڭگۈ ئېگىلمەسلىك قاتارلىق ئېسىل روھ ئەكەلدى . «توپا»لىقلارنى تاۋلىدى ، پىشۇردى …

«توپا»— بىر تەبىئىي يېزا . باشقا جايلارغا بېقىنمايدىغان ، چېلىش بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان تەبىئىي يېزا . ئۇنىڭ زېمىنى كەڭ ، تېرىلغۇ يېرى يېتەرلىك ، ئادەملىرى ئىشچان ۋە چىدامىلىق ، قەيسەر ۋە ئەقىللىق . ئاشلىق ۋە باشقا يېمەك-ئىچمىكى ئۆزىگە يېتىدۇ . تېرىغان پاختا ۋە ئىشلەپچىقارغان تېرىلىرى

كىيىم-كېچەكنى قامدايدۇ . خام ماتا توقۇيدىغان بۆزچى ، كىيىم تىكىدىغان تىككۇچى ، تېرە ئاشلاپ جۇۋا تىكىدىغان جۇۋىچى ، تەلپەك-تۇماق تىكىدىغان تەلپەكساز ، تېرە ئىشلاپ كۆن-خۇرۇم ياسايدىغان كۆنچى ، ئۆتۈك-چورۇق تىكىدىغان موزدوز ، ئۆي-ئىمارەت سالىدىغان خارەت ، تام سۇۋايدىغان سۇۋاقچى ، كەتمەن-پالتا ، كەكە-پىچاق سوقىدىغان تۆمۈرچى ، خام-بۆز يىپ بويايدىغان بوياقچى ، گىلەم توقۇيدىغان خالۋاپ ، كىگىز-تېكىمەت پىشۇرىدىغان كىگىزچى ، ئۇن تارتىدىغان تۈگمەنچى ، ئەلگەك ، غەلۋىر ، ئۆتكەمە ياسايدىغان ئەلگەكچى ، نان ياقىدىغان ناۋاي ، قوي سويىدىغان قاسساپ ، ئات-ئېشەك تاقىلايدىغان تاقىچى ، چاچ-ساقال ياسايدىغان ساتىراش ، كىچىك بالىلارنىڭ سۈننىتىنى بەجا كەلتۈرۈپ خەتنە قىلىدىغان ئابدال ، داپ-دۇتار چالىدىغان مۇغەننى ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان رەققاس ··· ئىشقىلىپ ، جاھاندا بارلىكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىن تېپىلىدۇ . بۇنداق باشقىچە بىقىنمايدىغان ئىگىلىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىدە «پاترىئارخال ئىگىلىك» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇ پاترىئارخال بولغىنىغا ، تەبىئىي بولغىنىغا لايىق قالاق بولىدۇ . ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ، تۇرمۇش-پاراغىتى ئەلمىساقتا قانداق بولسا ، ئاخىرىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ . بىزنىڭ «توپا»نى تەبىئىي يېزا ، باشقا يۇرتقا بېقىنماي تۇرالايدىغان مۇستەقىل يېزا دېگەنلىرىمىز خېلىلا ئاشۇرۇپ ئېيتىلغان سۆز . ئەمەلىيەتتە «توپا» چېرىيىدىكى باش مىراب قاتتىق بېقىنىدىغان يۇرت . ئەگەر ئاشۇ باش مىراب چېرىيە دەرياسىنىڭ «سۇيى»دىن «توپا»غا تېگىشلىكىنى بۆلۈپ بەرمەيدىغان بولسا «توپا» شۇ يىلىلا قۇرۇپ قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ . سۇ— «توپا»نىڭ جېنى ، قېنى ، ھاياتلىق ئاساسى . سۇ بولمىسا «توپا»دا زىرائەت ئۈنمەيدۇ ، ئۈنگەنلىرىمۇ قۇرۇپ كېتىدۇ .

ھېكايىمىز داۋام قىلىنۋاتقان 1930-يىللاردىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى، كېيىنمۇ شۇنداق بولدى. چۈنكى بۇ رايونلاردا كەمدىن-كەم يامغۇر ياغىدۇ. ئىگىلىك تاغدىن كەلگەن دەريا سۈيىنى ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئارقىلىق باشلاش بىلەن گۈللەيدۇ. شۇڭا بۇ يەرلەردە بارلىق كۈرەش، ئەمگەك، ھاشار سۇ ئۈچۈن بولىدۇ، ئۇرۇش-جېدەلمۇ سۇ ئۈچۈن بولىدۇ. كىشىلەر باشقا ئىشلاردا مۇرەسسە-مادارا قىلسا قىلىدۇكى، سۇغا كەلگەندە ھەر تامچە سۇ ئۈچۈن تىك تۇرىدۇ. سۇ ئېلىش نۆۋىتى كەلگەندە پۈتۈن يۇرت خۇددى «ھەربىي ھالەت» ئېلان قىلىنغاندەك جىددىيلىككە ئۆتىدۇ، بېسىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارشى ئاتلانغاندەك جەڭگىۋارلىشىدۇ. بۇ يەرلەردىكى ئەڭ ئېغىر ئەمگەك —ھاشارمۇ سۇ ئۈچۈن بولىدۇ. چىرىيە دەرياسىغا ھەر يىلى تۇغ سېلىپ سۇنى توسۇش، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ھەر يىلى چېپىپ رېمونت قىلىش، تۇغ ساقلاش، سۇ ئۈچۈن تالاي-تالاي ئىشلارنى قىلىش لازىم بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەرلەردە يۇرت بېگىدىن كۆرە مىرابنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى كىشىلەرنى ھاشارغا ھەيدەيدۇ، ھاشارچىلارنى ئۇرۇپ سوقىدۇ، سۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى، يۇرتلارنى قاقتى-سوقتى قىلىدۇ. مىراب بولغۇچى تېزلا بېيىپ تىقلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادىل كىشى بولمىسا، تېخىمۇ نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ. 1949-يىلىدىن بۇرۇنقى مىراب روزى بەگ نېمە ئەسكىلىكلەرنى قىلمىغان؟ «توپا»لىقلار زىرائەتلىرىنى بىر قېتىم سۇغارغۇدەك سۇغا ئېرىشىش ئۈچۈن، روزى بەگنىڭ ئالدىدا نەچچە قېتىم ئېگىلىپ، نەچچە قېتىم تىزلانمىغان؟ قانچىلىك پارا بەرمىگەن؟ بۇلارنى ئەسلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەممە گەپ سۇدا. ھەممە سۇ ئۈچۈن. سۇ «توپا»نىڭ جېنى! «توپا» چىرىيە دەرياسىنىڭ سۈيىسىز

مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئۇ باشقا نەرسىلەردە ئۆزىنى تەمىنلىيەلىشى، يەككە، مۇستەقىل تۇرالىشى مۇمكىن. ئەمما سۇدا ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيدۇ. سۇغا كەلگەندە ئۇ يەككە، مۇستەقىل مەۋجۇت بولالايدىغان يېزا ئەمەس.

«توپا» توغرىسىدىكى گەپلەرنى مۇشۇ يەردىن ەك بولدى قىلايلى. بەلكىم ئاشۇ سەھىپىلەر ئارقىلىقلا بۇك-باراقسان، گۇزەل، ئۆزگىچە، جاپا-مۇشەققەتلىك، تىنچ، قۇرغاق، غەم-ئەندىشىلىك ئەمما بەختىيار بىر يۇرت كۆز ئالدىڭىزدا گەۋدىلەنگەندۇر. ئاددىي، داڭدار بىر ئۇيغۇر يېزىسى كۆز ئالدىڭىزدا ئايان بولغاندۇر. باياتىن ىمىزنىڭ باش قەھرىمانى ئىسمايىل ئەھمەد مانا شۇ يېزىدا دۇنياغا كۆز ئاچقان، مانا شۇ يېزىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، مانا شۇ يېزىدا قاتارغا قوشۇلغان، توپا، چىرىيە، خوتەنلەردىن ھالقىغان ئوغلان ئىدى.

# ئىككىنچى باب

# يوغان تېرەكلىك هويلا

## 1 . يوغان تېرەك هەققىدە رىۋايەت

«تــوپــا» يېزىسىنىڭ «ئانارلىق» مەھەللىسىدە، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان «جېرىق كوچىسى» بىلەن جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان «كۆلئېرىق يولى» كېسىشىدىغان «تۆت كوچا ئېغىزى»دا «پەيزۇللاكامنىڭ مەسچىتى»گە تۇتاش ئاددىي بىر قورۇ-جاي بـار . ئۇنىڭ ئوڭ-سولىغا ، ئالدى-ئارقىسىغا باشقا قوشنىلارنىڭ قورۇ-جايلىرى جايلاشقان . بىزنىڭ بايانىمىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئاددىي قورۇ-جاي هەققىدە بولىدۇ .

قورۇ-جاينىڭ ئالدى كۈنچىقىشقا قارايتتى . ئەگۈن ئالدىدا «كۆلئېرىق» ئاقاتتى . ئېرىق ئۈستىدە ئىككى تەرىپى سالاسۇنلۇق ، يـۆلـەنـچـۈكـلـۈك ئورۇندۇقى بار كۆۋرۈك مۇئەللەق تۇراتتى . كـۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ «كۆلئېرىق يولى»غا چىققىلى ياكى ئەگۈن ئارقىلىق هويلىغا كىرگىلى بولاتتى . ئەگۈننىڭ ئىككى تەرىپىدە قــاتار-قاتار كەتكەن ئاق ئۈجمە ، شاتۇت دەرەخلىرى بار ئىدى . نەچچە ئون يىللىق ئۈجمىلەر شۇنداق باراقسانلاپ كەتكەنىدىكى ، ئــېرىققا ، يولغا كۈن نۇرى ئۆتكۈزمەيتتى . ياپراقلار ئارىسىدىن بــىرە-بــىرە ئۆتۈپ قالغان ئىنچىكە نۇر دەستىسى كۆلەڭگىلەر ئـۈسـتـىـدە ئاپئاق تەڭگىلەرنى پەيدا قىلاتتى . ئەگۈن ئارقىلىق هويلىغا كىرگەندىن كېيىن ، هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا غولىغا تۆت

ئادەمنىڭ غۇلچى يەتمىگۈدەك چوڭ بىر توپ قاپاق تېرەك بار ئىدى. يوغان تېرەكنى تولىمۇ يىراقلاردىن—شەرقتىكى «كۆكمەت»تىن، جەنۇبتىكى «مۇساكامىنىڭ ئازمىسى» دىن، غەربتىكى يېڭى ئاچما يەرلەردىن، شىمالدىكى «غىياستانلىق» (غىياسىدىنكامىنىڭ توغراقلىقى) تىن قاراپ كۆرگىلى بولاتتى. كىشىلەر ئاشۇنداق يىراقلاردىن يوغان تېرەكنى كۆرۈپلا «ئانارلىق»نىڭ نەدىلىكىنى، «تۆت كوچا ئېغىزى»نىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالايتتى، قانچە ۋاقىتتا مەنزىلگە يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايتتى. چوڭ تېرەك «ئانارلىق» مەھەللىسىنىڭ، «تۆت كوچا ئېغىزى»نىڭ بەلگىسى، سىمۋولى ئىدى.

يوغان تېرەك ھەققىدە تولىمۇ سىرلىق رىۋايەت بار ئىدى. يۈز ياشتىن ئاشقان بىللاجى بوۋاي «پەيزۇللاكامىنىڭ مەسچىتى» ئالدىدىكى پەشتاقتا ئولتۇرۇپ، ئاشۇ رىۋايەتنى پات-پات سۆزلەپ قوياتتى. ئاڭلاپ باقمىغانلارمۇ، نەچچە قېتىم ئاڭلىغانلارمۇ قايتا قىزىقىپ ئاڭلايتتى.

— ئۈچىنچى قېتىملىق كۆچۈش[1] يەنىمۇ دەھشەتلىك بوپتۇ، — دەپ باشلايتتى بىللاجى بوۋاي ھېكايىسىنى، — بۇ شۇنداق مۇدھىش بىر كۈن ئىكەنكى، كۆك گۈمبىزى ئاۋۋال سارغۇچ رەڭگە كىرىپتۇ. ھايال ئۆتمەي قىپقىزىل تۇمان يەر يۈزىنى قاپلاپتۇ. بارا-بارا قارا تۇتەككە ئۆزگىرىپ قوم كۆچكىنى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاسماندا قۇياش غايىب بوپتۇ. زېمىننى قاراڭغۇ زۇلمەت بېسىپتۇ. راۋاقلارنى، شاپتۇللۇق باغلارنى، دەرەۋزۇنلۇق ئايۋان-سارايلارنى، ئېكىنزار-دالىلارنى قوم بېسىپتۇ.

① تارىخنامەلەردە، بۇ توپان بالاسى تەخمىنەن مىڭ يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن دەپ قەيت قىلىنىدۇ. دامىكۇ يېزىسىدىكى يۈز ياشتىن ئاشقان پېشقەدەملەر بىر يۈز يەتمىش يىل ئىلگىرىكى ئىش دەپ دەلىل كەلتۈرىدۇ. كېيىنكى قاراش كونا دامىكۇ بوستانلىقىنىڭ ئىچكى تەكلىماكاندىن ئاخىرقى قېتىم كۆچكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. — ئا

«ئى تەڭرىم ، بىزگە رەھمە قىل !» — بىللاجى بوۋاي خۇددى تېـيـۋىـنغاندەك ئاسمانغا قاراپ قويـاتتى . ئاڭلاۋاتقان جامائەت ۋە قوناخۇن خەلپەمنىڭ ئوغۇللىرى ئېغىر تىنىشاتتى ، — ئادەملەر تـۆت تامغا باش ئۇرۇپتۇ . يورۇقلۇق ئىزدەپ ناله قىلىشىپتۇ . بىر-بىرىنى قىچقىرىپ ، ئاللا-چۇقان سېلىشىپتۇ . پەلەككە يەتكەن داد-پەريادلار ، دەھشەتلىك قۇم-بوراننىڭ قاراڭغۇ باغرىغا سىڭىپ كېتىپتۇ . «ئاھ خۇدا ، بىزگە مېھىر-شەپقەت قىل !»

تـاۋاقـتـــكى ئاش ھور چىققان پېتى ، بۆشۈكتىكى بوۋاق قـــرقـــراپ يـــغـلـــغـان پېتى قۇمغا كۆمۈلۈپتۇ . بەگلەر ، بـاي-زەردارلار ئـالـتـۇن-كۈمۈش ئۈستىدە ، ھۈنەرۋەن-كاسىپلار رەسـتـــدە ، بـاقـقـال-ئـىشلەمچىلەر كوچىدا ، دېھقانلار ئېتىزدا داد-پەرياد سېلىشقىنىچە نەچچە ئون گەز قۇمنىڭ تېگىدە قاپتۇ .

— ئاھ بۇ قانداق بوران؟ قانداق ئاپەت؟ قانداق دەھشەت ! بىللاجى بوۋاي سۆزلىرىنى دانىمۇدانە قىلىپ ئېيتاتتى ، — ھەممە يـەرنى قاراڭغۇلۇق-زۇلمەت بېسىپتۇ ... ئەمدى ، يەر-جاھان ۋە ھاياتلىق ئالىمى مەڭگۇ مەۋجۇت بولمايدىغاندەك ، قۇدرەتلىك ۋە توسقۇنسىز بىر ھالاكەت يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ .

ئـەقـلـلـلـق ، كـۆپـنى كۆرگەن بىر مويسىپىت بوۋاي : «باللىرىم ، بۇ قىيامەت . ئۈچ كۈندە ، يەتتە كۈندە ۋە ياكى قىرىق بىر كۈندە توختايدۇ ، شۇڭا بىر ئامال قىلىپ جېنىڭلارنى ئېلىپ قېچىڭلار» دەپ خىتاب قىپتۇ .

شـــددەتـلـــك قۇم-بوران ۋە قاراڭغۇلۇق توپتوغرا قىرىق كېچە-كۈندۈز داۋام قىپتۇ . ئادەملەر ، تۇلۇملىرىدىكى ئوزۇقلۇق تـالقان ۋە سۇيىنى دۇمبىسىگە تېڭىپ ، موما ياغاچنى ئايلىنىپ توخـتـــماي چۆرگىلەپتۇ . موما ياغاچ كۆمۈلسە ، يەنە تارتىپ چىقىرىلىپ يەتتە قېتىم قايتا تىكلىنىپتۇ . ئاچلىق ، ئۇسسۇزلۇق ،

ھارغىنلىقتىن يىقىلغانلار قوم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قاپتۇ . تۇختىماي ، يىقىلماي ماڭالىغانلارلا قىرىق بىر كۈندىن كېيىن ئاسماندا قۇياش چىققانلىقىنى كۆرۈپتۇ . بىراق ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تېخىمۇ دەھشەتلىك ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق قۇم دېڭىزى يېيىلىپ ياتقۇدەك .

ئۇلار قان-قان يىغلىشىپتۇ . بالا-چاقىسىنى ، ئۆي-ماكانلىرىنى ، باغۋارانلىرىنى ، رەستە-گۈزەرلىرىنى ئىزدەپ داد-پەرياد سېلىشىپتۇ … بىراق چەكسىز كەتكەن قۇم سەھراسىدا ئۇزلىرىنىڭ مىسكىن ، پىغانلىق ساداسىدىن بۆلەك تىۋىش ئاڭلانماپتۇ .

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى غىياسىدىن ئىسىملىك قاۋۇل بىر يىگىت جەنۇبقا ، ئۇپۇقنىڭ ئەڭ چېتىدىكى «تىكىلىق تېغى»[1] غا قاراپ ھاياتلىق سۈيىنى كۆرگەندەك بوپتۇ .

دەرۋەقە ، ئۇ تاغلار ئاپئاق قارغا چۈمكىلىپ تۇرىدىكەن ، قار بار يەردە ھاياتلىق سۈيى بار . پەقەت سۇ تېپىلسىلا ، ياشىغىلى ، بىنەم ئېچىپ ، تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدۇ .

ئۇلار تاغنى مۆلچەرلەپ جەنۇبقا قاراپ مېڭىپتۇ ، توختىماي يەتتە كۈن مېڭىپتۇ . ئاخىرى بىپايان قۇم بارخانلىرىدىن ھالقىپتۇ . بوككىدە يۇلغۇن ۋە توغراقلىقلار ئۆسكەن قاپچىغايغا يېتىپ كەپتۇ .

غىياسىدىن سەپەرداشلىرىنى بۇ جايدا قالدۇرۇپ ئۆزى يالغۇز سۇ ئىزدەپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ . ئۈچىنچى كۈنى ، ناھايىتى يېقىنلا يەردە «تىكىلىق تېغى»نىڭ كۆكۈچ ، قوڭۇر چاندىغان ئېگىز چوققىلىرى خۇددى بىر يەرگە پېتىشماي قىستىلىشىپ

---

[1] تىكىلىق تېغى — قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ چىرىيە ناھىيىسىگە ئۇدۇل كېلىدىغان تاغ چوققىسى .

تـۇرغـان غۇنجىندەك چوقچىيىپ كۆرۈنۈپتۇ . ئۇنىڭمۇ كەينىدە «قـاراقـۇرۇم تـاغـلىرى»نىڭ قارلىق چوققىسى بۇلۇتلارغا باش قويۇپتۇ .

غىياسىدىن ئۇ يەردە تۆت تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان سۈيى ئەلۋەك بىر كۆلنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ . كۆل ئەتراپى كەڭرى كەتكەن يايلاق ئىكەن . كۆل سۈيى ئاجايىپ سۈزۈك ، زۇمرەتتەك چاقناپ تۇرىدىكەن .

غىياسىدىن ئاشۇ كۆل سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئىچىپتۇ ، ئاخىرقى تـالـقاننى كاپ ئېتىپ تېنىگە دەرمان يىغىپتۇ . ئورنىدىن دەس تـۇرۇپ كـۆكـۈچ تاغلارغا قاراپ كېتىپتۇ . كەچ كىرگەندە بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە تۈنەپتۇ . يېرىم كېچىدە ، قانداقتۇر بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ . كۆز ئالدىدا گويا سىرلىق چۈشكىمۇ ، غــايىب تىلسىماتقىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر مەنزىرە ئايان بوپتۇ . ھۇۋۇلىغان بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن چىققاندەك غايەت كۈچلۈك بـــىر كۆكۈچ نۇر ئۇ ياتقان ئۆڭكۈرنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپتۇ . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قەددى تاغلاردەك بەھەيۋەت ، چېھرى شەپەقتەك يارقىن ، كۆزلىرى باھار قۇياشىدەك نۇرلۇق بىر بوۋاي زاھىر بوپتۇ ··· بوۋاينىڭ ئاپئاق سەللىسى كرىستال بۇلۇتلاردەك كۆككە يېيىلىپ تۇرىدىكەن . ئۇچتەك ئاقارغان ئۇزۇن ساقىلى ئاپئاق قار بــىلەن چۈمكەلگەن تاغ چوققىلىرىغا تۇتىشىدىكەن ، سۈزۈك تاغ سۈيى گويا تېپىنىپ تۇرغان ھاسىدەك ، ئۇنىڭ سىخىي ئالقىنىدىن زور شارقىراتما بولۇپ ئېقىپ چۈشىدىكەن ، سۇنىڭ شاۋقۇنى تاغۇ تـاشـلارنـى لـەرزىـگـە كەلتۈرىدىكەن ، بوۋاي يەتتە قات ئاسمان بىر-بىرىگە سوقۇلغاندەك كۈچلۈك ئاۋازدا خىتاب قىپتۇ :

— ئى ئوغلۇم ، غەپلەتتىن كۆزۈڭنى ئاچ !

— مـۇرۇۋۋەتـلـىـك ئاتا ، بۇ قەيەر ۋە ئۆزلىرى كىم ؟ —

غىياسىدىن ناله قىلغاندەك ئاۋازدا سوراپتۇ .

— كىملىكىمنى سورىما . بۇ يەر «لەيلى كۆل !»

— ئى ئاتا ، ماڭا رەھىم-شەپقەت قىلسىلا . يۇرت- ماكانىم قىيامەت دەشتىگە ئايلاندى ، پەقەت ئازلا ئادەم ھايات قالدى .

— بىلىمەن . سەن سۇ تەلەپ قىلىپ كەلدىڭ . مۇشۇ كۆل سىنىڭكى . قۇربىڭ يەتسە ، ئۇنى ئاشۇ قۇم-جەزىرە يۇتۇپ كەتكەن خىلۋەت ماكانىڭغا باشلاپ كەت . ئەكىتەلمىسەڭ ، ئۆزۈڭ مۇشۇ يەردە قال ، قوۋمىڭنى باشلاپ كەل . بۇ كۆجۈم يايلاق ، پادا-پادا چارۋا ساڭا ئەۋلادتىن-ئەۋلاد يېتىپ ئاشىدۇ .

— بىراق ، ھۆرمەتلىك خىزىر ئاتا ، مېنىڭ سۇسىز ، ھىماتسىز قېرىنداشلىرىم بۇ يەرگىچە كېلەلمەيدۇ .

— ئۇلار شۇنىڭغا لايىق كىشىلەر ، — خىزىر ئاچچىق كۈلۈپتۇ ، — ئۇلارنىڭ گۇناھىكەبىرى چەكتىن ئاشتى ، يۇرتتىن ئەدلى-ئادالەت قاچتى . شۇڭا ھەقتائالا سىلەرنى جازالىدى .

غىياسىدىن خىزىرغا باش ئۇرۇپتۇ ، بوراندەك ياش تۆكۈپ ، ئاچچىق ندا قىپتۇ :

— ئى خىزىر ئاتا ، بىزنى بۇ شۇم ئەجەلنىڭ قاراڭغۇ لەھەتلىرىدىن تارتىۋالسىلا ، بىزگە ھاياتلىق سۈيى بەرسىلە ، بىزنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرسىلە !

شۇ چاغدا ئاسماندا چاقماق چېقىلىپ ، بىر پەس دەھشەتلىك يامغۇر ياغقاندىن كېيىن ، ھاۋا زۇمرەتتەك سۈزۈلۈپ «ھەسەن-ھۈسەن» كۆرۈنۈپتۇ . «ھەسەن-ھۈسەن» ئارىسىدىن خىزىرنىڭ نۇرلۇق سىيماسى يەنە ئايان بوپتۇ . ئۇ غىياسىدىنغا بىر خىسلەتلىك ھاسىنى بېرىپ :

— مۇشۇ ھاسىنى قېرىنداشلىرىڭ بار يەرگىچە سۆرەپ بار ۋە زىنھار كەينىڭگە قارىما ! — دەپ جېكىلەپتۇ .

غىياسىدىن ھاسىنى يەرگە سۆرىتىپ ، ئۆچقاندەك تېز يۈگۈرۈپتۇ ، شامالدەك ، بوراندەك چېپىپتۇ . ئارقىسىدىن گۈلدۈرلىگەن ، تاراقلىغان ، شاراقلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن . غىياسىدىننىڭ ئارقىسىدا نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كېلىدىكەن ، لېكىن بوۋاينىڭ «زىنھار كەينىڭگە قارىما !» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن . ئۇ يەنە خېلى ئۇزاق يۈگۈرۈپتۇ ··· تاغ چوققىلىرىدىن چۈشۈپ ، سايلىقتىن ئېشىپ ، قۇملۇققا يېتىپ كەپتۇ . ئەمدى پەقەتلا چىديالماي قاپتۇ . ئۇنىڭ كەينىدە يۈز بېرىۋاتقان ، گۈلدۈرلىگەن ، تاراقلىغان ، شاراقلىغان ئاۋازلارنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كېلىدىكەن . ئۇ تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپتۇ . ئايھاي ! بوۋاي بەرگەن خىسلەتلىك ھاسىنىڭ ئۇچىنى سۆيۈپ ، بىر ئەزىم دەريا ئېقىپ كېلىۋاتقۇدەك . ئايھاي ! غىياسىدىن بۇرۇلۇپ قارىشىغا ئاشۇ گۈلدۈرلەپ ، تاشلارنى تاراقشىتىپ ، شېغىللارنى شاراقلىتىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان دەريا چېپىپىدە توختاپ قاپتۇ . ئۆركەشلىگەن سۇ ئاشۇ يەردە جىمجىت قۇمغا سىڭىپ كېتىۋاتقۇدەك ···

غىياسىدىن بۇرۇلغان يېرىدە توختاپ قاپتۇ . غايىبتىن سادا ياڭراپتۇ :

— ئەي ئازغۇن بەندەم ، شەيتانغا قۇل بەندەم ، نەسىھەتىمنى قۇلاقتا تۇتمىدىڭ . ھالىڭ چاغلىق ··· ھاي ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ ، ئەۋلادلىرىڭغىمۇ قىلدىڭ ··· ھالىڭ چاغلىق ··· ھاي ![1]

بوۋاينىڭ ئاۋازى ئاستا-ئاستا ئۆچۈپتۇ ، مەڭگۈلۈككە ئۆچۈپتۇ .

غىياسىدىن پۇشايمان قىپتۇ ، دادلاپتۇ ، زارلاپتۇ ، خىزىر

---

① رىۋايەتتە : «سېنىڭ ھالىڭ چاغلىق ··· ھاي» دېيىلگەن . بۇ يەردە «ھاي ···» مەنىسىدە قوللىنىلدى . — ئا

بۇۋاينى قايتا-قايتا چاقىرىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن سادا قايتماپتۇ.

دەريا ئاشۇ يەردە توختاپ قالغانىكەن، سۇ قۇمغا سىڭىپ بارار ئىكەن. غىياسىدىننىڭ قولىدىكى ھاسىنىڭ ئۇچى تېگىپ تۇرغان يەردە چوڭ بىر قاينۇق — خۇددى پوكىنىغا دان تۇرۇپ قالغان غازنىڭ بوينىدەك بىر قاينۇق ھاسىل بوپتۇ. كېيىنكىلەر بۇ يەرنى «چاغلىق-ھاي» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىنچە «چاغلىقاي» دەپ ئاتىلىپتۇ.

غىياسىدىن پۇشايمان-نادامەت خىياللىرىدىن ئويغىنىپ قارىسا، قولىدىكى ھاسا بىخلاپ-ياشىرىپ تۇرغۇدەك. ئۇنى دەريا توختىغان يەرگە يېقىن بىر قىرغاقتا تىكىپ قويۇپتۇ. كېيىنكى باھاردا ھاسا كۆكلەپ ياپراق چىقىرىپتۇ، ئاستا-ئاستا ئۆسۈپ يوغان تېرەككە ئايلىنىپتۇ…

بىللاجى بوۋاي ھېكايىسىنى داۋام قىلاتتى:

— غىياسىدىن ھايات قالغان قوۋمىنى باشلاپ كېلىپ، ئاشۇ تېرەك تۈۋىدە يەرلىشىپتۇ، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى چېپىپ قاقاسلىققا سۇ باشلاپتۇ. ئاستا-ئاستا كۆپىيىپ، ئەل-يۇرتقا ئايلىنىپتۇ، تېخىمۇ كېيىن «يايلىغاننىڭ قۇملۇقى» ئىچىدە قىل ئارقاندەك سوزۇلغان توغراقلىق پەيدا بوپتۇ ۋە «غىياسىدىن بەگنىڭ توغراقلىقى»، «غىياستانلىق» دەپ ئاتىلىپتۇ.

— پەيزۇللائاخۇننىڭ ھويلىسىدىكى ھادىس چوڭ تېرەك، — دەپ ئاياغلاشتۇراتتى بىللاجى بوۋاي ھېكايىسىنى، — خىزىر ئەلەيھىسسالام غىياسىدىنغا بەرگەن خىسلەتلىك ھاسىدىن كۆكلەپ بۇگۇنكىدەك باراقسان ھالەتكە يەتكەن. ئۇنىڭ باش-ئۇچى ئاشۇ خىسلەتلىك ھاسىغا تۇتىشىدۇ. بالىلىرىم، ئۇ تېرەككە قولۇڭلارنى چىنەپ سالماڭلار، ئۇ تېرەككە قاراپ تەرەت قىلماڭلار، ئۇ تېرەكنىڭ قوۋزىقىنى سويۇپ، شېخىنى يىرماڭلار. تەخسىرات كېتىسلەر، بالىلىرىم، ئۇلۇغ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئالدىدا تەخسىرات

كىتىسىلەر ...

بىللاجى بوۋاينىڭ ھېكايىسى تۈگىگەندە ، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولۇشاتتى . ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى يۈز بەرگەن «توپان بالاسى»نىڭ دەھشىتىدىن ، غىياسىدىننىڭ ھاسىسىدىن ، يوغان تېرەكنىڭ ھەيۋىتىدىن ھەيرەتكە چۈشەتتى ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كۆككە تاقىشىپ تۇرغان يوغان تېرەككە ھۆرمەت بىلەن قارىشاتتى . يوغان تېرەكنىڭ ياپراقلىرى بولسا شامال زەربىسىدىن بىر خىل گۈرۈلدەپ مەڭگۈ ئۆزۈلمەس ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى ...

پەيزۇللاكامنىڭ ھويلىسىدىكى يوغان تېرەك مانا شۇ ئىدى .

## 2 . يوغان تېرەكلىك ھويلىدىكى ئۆي

يوغان تېرەكلىك ھويلىدا ، يوغان تېرەكنىڭ شىمالىدا يەنە بىر تۈپ چوڭ ئۈجمە بار ئىدى . غولى جۇۋا كىيىۋالغان ئادەمنىڭ بېلىدەك توم ئىدى .

يوغان تېرەك ۋە يوغان ئۈجمىنىڭ بېرىسىدا ، ھويلا بىلەن ھويلىدىكى كۆكتاتلىقنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىلدا بىر گىلەم ئورنىچىلىك كېلىدىغان كۆتۈرمە بار ئىدى . كۆتۈرمە — تۆت ئەتراپىغا قوزۇق قېقىپ ، توسۇق بەرپا قىلىپ ، ئوتتۇرىسىغا ئەت تۆپا تولدۇرۇلۇپ ، بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە ياسىلاتتى ۋە مەخسۇس گۈل تېرىشقا تەييارلىناتتى . يوغان تېرەكلىك ھويلىدىكى كۆتۈرمىدە باھار ، ياز ۋە كۈز كۈنلىرى ھەر خىل گۈللەر — قىزىلگۈل ، سېرىق سەمبە ، ئاق لەيلى ، قىزىل لەيلى ، ھەشقىپىچەك ۋە باشقا گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى . گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى پۈتۈن ھويلىنى قاپلايتتى . گۈللەرنىڭ ئاينىشىغا قاراپ ،

ئۆي ئىگىسىنىڭ گۈللەرنى تۇجۇپلەپ پەرۋىش قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ، ئوغۇتلاپ ، تۇۋىنى يۇمشىتىپ ، دائىم سۇ قۇيۇپ تۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى… ھويلىنىڭ قىبلە تېمىدا كۈنچىقىشقا قاراپ تۇرغان چوڭ بىر ئايۋان ، ئايۋاننىڭ بىر تەرىپىدە ساراي ئۆي ، بىر تەرىپىدە قازناق ، ھەرەمخانا بار ئىدى . ئايۋاننىڭ ئالدى تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان شىمالغا قارايدىغان ئايرىم بىر مېھمانخانا بار ئىدى . ئايۋان ۋە ساراي ئۆينىڭ خار-ياغاچلىرى كەندىر ياپرىقى شەكلىدە نەقىشلەنگەن . ۋاسىلىرى ئاق ۋە تەكشى ، تۈۋرۈكلىرى تۇم ۋە مەزمۇت ئىدى . ئۇ يەر-بۇ يەردىن كىچىك يېرىقچىلار پەيدا بولغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئايۋان كىشىگە بىر خىل يېڭى ، ئىللىق تۇيغۇ بېرەتتى . خېلى زامانلار ئىلگىرى سېلىنغان بۇ ئاددىي ، چىرايلىق ئۆي پاكىز تۇتۇلغاچقا ، سېلىنغىلى بىرنەچچە يىل بولغاندەكلا كۆرۈنەتتى . پەقەت ئايۋاننىڭ شىپاڭىدىكى ياقىلىق ۋە يېسىيان ئۈستىدىكى قارلىغاچ ماياقلىرى ۋە قاتمۇ قات سوقما قىلىپ سېلىنغان قارلىغاچ ئۇۋىسىلا ئايۋاننىڭ خېلى يىللار ئىلگىرى بىنا بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . قارلىغاچ ئۇۋىسىدىكى ھەربىر قات سوقما «قەلئە» قارلىغاچلارنىڭ نەچچە ئون قېتىملىق باھارنى مۇشۇ شىپاڭدا ئۆتكۈزۈپ ، نەچچە ئون ئەۋلاد ئۇچۇرمىلىرىنى قاتارغا قوشقانلىقىنى بىلدۈرەتتى . ئايۋان سۆكىلىرى ، ساراي ئۆينىڭ سۆكىلىرى نەقىشلەنگەن ياغاچ تاختاي بىلەن ياقىلىتىلغانىدى . ساراي ئۆينىڭ تۆرىدىكى ئۇزۇن ئاسقۇدا تون-پەرىجىلەر ، جۇۋا-كەمزۇللار رەتلىك ئېسىقلىق تۇراتتى . بۇ ئۆيلەر تۆمۈر بەگ ، روزى بەگلەرنىڭ خانىدانىدەك ھەشەمەتلىك ، ئاسماق دەھلىزلىك ، دەرەۋزۇنلۇق ، پەلەمپەيلىك بولمىسىمۇ ، ئاستى ياغاچ تاختىلىق پول ، تاملىرى تۇخۇم ، گەج ، ياريېلىمى ، ئۆرۈك شېرىنىسى ، توزغاق بىلەن سۇۋالغان

بولسمۇ ، ئۆزىگە يارىشا ئىللىق ، يارىشىملىق ئىدى . ھويلا ئىچى-سىرتى ، ئايۋان-ساراي ، ھەتتا ئەگۈن ئالدىدىكى يوللارمۇ دائىم پاكىز تۇراتتى . ئۆي ئىگىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ھەممە يەرگە سۇپۈرگە سالاتتى ، سۇ سېپەتتى . سەھەرنىڭ غۇر-غۇر شاماللىرى يېڭىلا يېقىلغان خۇش پۇراق سەندەل ھىدىنى ھەممە ياققا تارقىتاتتى ، باھار كۈنلىرىدە باغنىڭ ساپ ھاۋاسىنى ، چېچەكلەرنىڭ خۇش ھىدىنى دىماغلارغا ئۇرۇپ تۇراتتى .

ھەرەمخانا ئىچىدىكى ئۆي بىساتلىرى ئاددىي ئىدى . چوڭ كارىۋات ئۈستىگە زىلچا-گىلەم ، جاۋا گىلەم ۋە كونىراق رەڭلىك كىگىزلەر سېلىنغان بولاتتى . ياندا يوتقان-كۆرپە يىغىدىغان ئۇزۇن جاۋەن ، چاچاپ ئۈستىگە قويۇلغان ساندۇقلار ، تىككۈچىلىك يىپلىرى ، پارچە رەختلەر قاچىلانغان پۇلۇق سېۋەتلەر بولاتتى .

مانا شۇ يوغان تېرەكلىك ھويلىدا ، ئەنە شۇ ئاددىي ، پاكىز ئۇيغۇر ئۆيىدە ھېكايىمىزنىڭ باش پېرسوناژى ئىسمايىل ئەھمەد تۇغۇلدى .

## 3 . ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ نەسەبى

ئۇنىڭ نەسەبى قانداق ئىدى ؟ كىچىك ئىسمايىلنىڭ ئاتىسى ئەھمەد خەلپە ، ئەھمەد خەلپىنىڭ ئاتىسى قۇناخۇن خەلپەم ، قۇناخۇن خەلپىنىڭ ئاتىسى باقى ھاجىم ئىدى . ئۇنىڭ نېرىسى بوغۇن-بوغۇن ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد سوزۇلۇپ مۇشۇ يۇرتنى بەرپا قىلغۇچى غىياسىدىن بەگكە تۇتىشاتتى . كىشىلەر باقى ھاجىمنىڭ ئانچە-مۇنچە تېۋىپلىق قىلىدىغانلىقى ، يىگىرمە مودەك تېرىلغۇ يېرى بارلىقى ، ھاللىق ياشاپ ئۆتكەن يېرىم دېھقان ، يېرىم تېۋىپ ئىكەنلىكىنى ئەسلىشەتتى . ئەسلەشكەنلىرىمۇ رىۋايەت تۈسىدە

ئىدى . يۈز ياشتىن ئاشقان ، يۈز ياشقا يېقىنلاشقان پېشقەدەملەر بولسا ، قۇناخۇن خەلپەمنى ياخشى ئەسلەيتتى . باقى ھاجىم ئوغلىنى ئوبدان تەربىيىگە ئىگە قىلغان بولسا كېرەك ، قۇناخۇن خەلپەم خوتەندىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان ، دىنىي كالامدا ۋايىغا يەتكەن . «توپا»دىكى «ئازنە مەسچىت»تە ئىمام ۋە خاتىپ بولغان . ئاپئاق سەللە ۋە ئۇزۇن ساقال تولىمۇ ياراشقان ئادەم ئىدى . مەلۇمكى ، ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاشۇ «خەلپە» سۆزىنىڭ «پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى» ، «ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسى» ، «داۋاملاشتۇرغۇچىسى» دېگەن مەنىلىرى بار . دىنىي ئىسلامدا باشلامچى كىشىلەرنى خەلقىمىز «خەلپە» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن . ئەگەر ئۇنىڭغا «م» نى قوشۇپ «خەلپەم» دەپ ئاتىسا بۇ تېخىمۇ يېقىنلىق مەنىسىنى ، ئۆز ئادىمى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . «توپا» دىكى مەيلى باي ، مەيلى بەگ بولسۇن ، مەيلى تۇغقان ياكى يات ئۇرۇقتىكى كىشىلەر بولسۇن ، قۇناخۇننى «خەلپەم» دەپ ئاتىشى بۇ كىشىنىڭ «توپا»دا خېلىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەملىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى . قۇناخۇن خەلپەم ئىككى ئوغۇللۇق بولغان ، چوڭى ئەھمەد خەلپە ، كىچىكى يۈسۈپ خەلپە . قۇناخۇن خەلپەمنىڭ چوڭ ئوغلىنى ئوقۇتماي دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا سالغىنىغا قارىغاندا ، خەلپەمنىڭ ئۆزىمۇ ئاتىسى باقى ھاجىمدىن قالغان يىگىرمە مو باغۋارانغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدىسا كېرەك ...

ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئانا تەرەپ نەسەبى ، مەرەمخانىنىڭ ئاتىسى پەيزۇللاكام ، پەيزۇللاكامنىڭ ئاتىسى جارۇللاكام ئىدى . پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە ، جارۇللاكام دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى چاغلىرىدا تىجارەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان . ئاقسۇ ، كۇچا ، ئەنجان ، بۇخارا تەرەپلەرگە ئۆتۈپ باققان ئادەم ئىكەن . ئۇنىڭ «توپا»دا ئۆستەڭ چاپتۇرغانلىقى ، بوز يەر ئاچقانلىقىنى

ئېيتىشىدۇ . ئۆستەڭ چاپتۇرۇش ، بوز يەر ئاچتۇرۇش — ئاز مەبلەغ بىلەن بولىدىغان ئىش ئەمەس . جارۇللاكامىنىڭ زامانىدىن پەيزۇللاكامىنىڭ زامانىغا كەلگەندە ، نېمە ئىشلار قىلىندى ، نېمە ئىشلار يۈز بەردى ؟ — بۇنىڭ كۆپلىرى ئەستىن كۆتۈرۈلگەن . پەقەت پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىيەلەيدىغىنى ، پەيزۇللاكامىنىڭ ئاشۇ «ئانارلىق»تا ، «تۆت كوچا»نىڭ دوقمۇشىدا مەسچىت سالدۇرغانلىقى . مەسچىت سالدۇرالىغانىكەن ، پەيزۇللاكام خېلى ھاللىق ئادەم بولغان بولىدۇ . ئۈچ ئوغلى بار پەيزۇللاكامدىن يېرىم كىشىلىك مىراس تېگىدىغان قىزى مەرەمخانغا بەش مو كۆلەملىك باغۋاران ، ئايۋان-سارايلىق بىر يۇرۇش ئۆي ، ئون نەچچە ئۈششاق چارۋا ، بىر ئېشەك ، ئىككى تورپاق ، ئاشۇ يوغان تېرەكلىك ھويلىنىڭ مىراس قالغىنىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ .

## 4 . ئەھمەد خەلپە بىلەن مەرەمخان

ئەھمەد خەلپە بىلەن مەرەمخان ، ئۇلارنىڭ بىرى ئون ئالتە ياشقا ، يەنە بىرى ئون بەش ياشقا كىرگەندە ، شۇ زاماننىڭ ئادىتى بويىچە ، ئاتا-ئانىلار ئىگە بولۇپ ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويىدى . بۇ يەردە قانداقتۇر «ئالدىن مۇھەببەتلىشىپ ، كېيىن نىكاھلىنىش» دېگەن مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس . ئىككى ياش ئارىسىدا مۇھەببەت يوق ئىدى ، دېگىلى بولماس . ئەمما ئۇلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت كۆپرەك تويدىن كېيىن پەيدا بولغان بولاتتى . بۇنى «ئاۋۋال توي قىلىپ ، كېيىن مۇھەببەتلىشىش» دېگىلى بولار . ئۇ چاغلاردا ئاتا-ئانىلار ئىگە بولۇپ ، قىز-يىگىتنىڭ بېشىنى قېتىپ قويۇش — ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى شەكىللەنگەن ، ھېچكىم بۇزۇۋېتەلمەيدىغان

تەركىبىي قىسمى ھېسابلىناتتى. ئادەت كۆچى دېگەن تولىمۇ جاھىل بولاتتى. گەرچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەركىن مۇھەببەت ھەققىدە تالاي شائىرلار قەلەم تەۋرەتكەن، نەۋائىدىن تارتىپ نىم شېھىتقىچە تالاي داستانلار يېزىلغان، «پەرھادى-شېرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «تاھىر-زۆھرا»، «غېرىپ-سەنەم»، «يۈسۈپ-زۆلەيخا»، «ۋامۇق-ئۇزرا»، «رابىيە-سەئىدىن» قاتارلىق مەشھۇر ئاشىق-مەشۇق ھېكايىلىرى ئەل ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن قىز-يىگىتلەرنىڭ توي ئالدىدا مۇھەببەتلىشىشى كەمدىن-كەم كۆرۈلەتتى. بىرەر يۇرتتا، بىرەر ئائىلىدە شۇنداق ئىش يۈز بەرسە، شۇ ئائىلە ئۆزىنى نومۇسقا قالغاندەك ھېس قىلاتتى. قىزلىرى قېچىپ كەتكەن ياكى ئېلىپ قېچىلغان ئائىلىلەر بولسا، بىر ئۆمۈر ھېكايە-چۆچەكلەرگە تېما بولاتتى. ئاتا-ئانىلار قېچىپ كەتكەن قىزلىرىدىن ئۆلگۈدەك نومۇس قىلاتتى ۋە ئۇلاردىن مەڭگۈلۈككە تېنىپ كېتەتتى. قىز-ئوغۇللارنى كىچىك ۋاقتىدىلا بېشىنى چېتىپ قويۇش، كىچىك ۋاقتىدىلا توينى قىلىپ قويۇش شۇ ۋەجىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ «چوڭ» ۋە «كىچىك» توغرىسىدىمۇ پەتىۋالىرى بار ئىدى. قىزلار «ئادەت كۆرىدىغان ياش»قا يەتسىلا «چوڭ» بولغان ھېسابلىناتتى. تېخى «سەللە تەلپىكى بىلەن ئۇرسا يىقىلىپ كەتمىسىلا، چوڭ بولغان ھېسابلىنىدۇ» دەپ قارايدىغانلارمۇ بار ئىدى. ھاۋاسى ئىسسىق، كىلىماتى قۇرغاق جەنۇب تەرەپتە، قىزلار ئون تۆت-ئون بەش ياشتا «ئادەت» كۆرىدىغان تۇرسا، ئون تۆت-ئون بەش ياشلىق قىزنى «چوڭ» بولدى دېگىلى بولامدۇ؟ تەلپەك دېگەن يېنىك نەرسە تۇرسا، ئون تۆت-ئون بەش ياشلىق قىز قانداقسىگە ئۇنىڭ زەربىسىدىن يىقىلىپ كەتسۇن؟ ئەمما كىچىك ۋاقتىدىلا توينى قىلىپ قويۇش—يەنىلا ئۆرپ-ئادەت

ئىدى . ئۇنىڭدىن ھېچبىر قىز-ئوغۇل قېچىپ قۇتۇلالمايتتى . شۇنداق قىلىپ قۇناخۇن خەلپەم بىلەن پەيزۇللاكام ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشىپ ، كېلىشتى-دە ، ئون ئالتە ياشلىق ئەھمەد بالا بىلەن ئون بەش ياشلىق مەرەم قىزنى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇشتى . پەيزۇللاكام قۇناخۇن خەلپەمدەك دىنىي ئۆلىما بىلەن قۇدىلاشقانلىقىدىن ، قۇناخۇن خەلپەم بولسا پەيزۇللاكامدەك بىر قەدەر ھاللىق ئائىلىگە تۇغقان چۇشكەنلىكىدىن مەمنۇن بولغان بولۇشى مۇمكىن . توي خېلى قىزىدى . ئايۋان-ساراي مېھمانلار بىلەن لىق تولدى . توي يۆتكەيدىغان چاغدا يىگىتلەر مەرەم قىزنى زىلچىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، ئۆيدىن ئېلىپ چىقتى . ئىشىكتىن چىقىدىغان چاغدا بوسۇغىغا چېقىپ-چېقىپ ئۆتكۈزۈشتى ۋە ئاق ئاتقا مىندۈرۈلگەن يىگىت ئەھمەد بالىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ قويۇشتى . مەرەم قىز بوش ئۈن سېلىپ يىغلايتتى . يىگىت قولداشلار ئۆز ئاتلىرىغا مىنىشىپ يولغا چىقىش ئالدىدا ، پەيزۇللاكام قىزنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلدى . قىزنىڭ ئانىسى جىنەستىخان كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى . قۇدىلارنىڭ ئۆيلىرى يىراق ئەمەس ئىدى . چىشى قۇدىنىڭ ئۆيى «تۆت كوچا دوقمۇشى» دا ، ئەركەك قۇدىنىڭ ئۆيى دوقمۇشنىڭ غەربىدە— «كاۋا كۆلبېشى»دا ئىدى . ئارىلىقى بىر ئۈن يېتىم كېلەتتى . شۇنداقتىمۇ يىگىت قولداشلار قىيقاس-چۇقان بىلەن ئاتلارنى بەيگىگە سېلىشتى ، بەسلىشىشتى . ئارغامچا تارتىپ توي توسۇغان دوقمۇشلاردا چاچقۇلار چاچتى ۋە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشتى . قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ھويلىسىدا بەقەم ۋە توغراق كەسمىلىرى بىلەن يېقىلغان گۇلخان گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتاتتى . يىگىت بىلەن قىز مىندۇرۇلگەن ئاق ئات گۇلخاننى ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن قۇناخۇن خەلپەم كېلىننى ئات ئۈستىدىن ئۆز

قولى بىلەن ئېلىپ يەنە زىلچا-گىلەم ئۈستىگە قويدى . قېينانا زەينەپبۇۋى ئۇزۇن تور چۈمبەلىنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ ، يېڭى كېلىنىنىڭ مەڭزىگە «چوككىدە» سۆيۈپ قويدى . شۇنىڭدىن كېيىن گىلەمنىڭ تۆت بۇرجىكىدىن تۇتقان يىگىتلەر كېلىننى يەنە چېقىپ-چېقىپ كۆتۈرۈپ ساراي ئۆينىڭ تۆرىگە ئەكىردى . ئاشۇ يەردە قاتمۇ قات ئەتلەس كۆرپىلەر ئۈستىگە يەنە يۇڭلىرى ئاپئاق يېڭى جۇۋا سېلىنغاندى . يېڭى كېلىن جۇۋا ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلدى . تويى بولغان يىگىت— ئون ئالتە ياشلىق بالا — ئەھمەدمۇ جۇۋا ئۈستىدە كېلىنگە يانمۇيان ئولتۇردى . جۇۋا ئاستىدا قاتتىق ۋە ئېغىر تاش بار ئىدى . يېڭى كېلىننى يېڭى جۇۋا ئۈستىگە ئولتۇرغۇزغانلىرى— مېھىر-مۇھەببەتلىرى جۇۋىدەك ئىسسىق بولسۇن دېگەنلىرى ، جۇۋا ئاستىغا ئېغىر تاش قويۇپ قويغانلىرى بولسا ، يېڭى كېلىن تاشتەك مەھكەم ئولتۇرۇپ قالسۇن دېگەنلىرى ئىدى . ئەڭ گۈزەل تىلەكلەر تىلەندى ، قۇتلۇق قەدەملەر مۇبارەكلەندى . سىرتتا— ئايۋاندا نەغمە-ناۋالار باشلىنىپ كەتكەندى . ئىككى كۆزى ئەما مەسۇم قارى «تاۋار كەسكەن قايچىمۇسەن ؟» دېگەن ئەڭ يېڭى ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى . نەۋقىران يىگىتلەر ، كۆڭلى قېرىمىغان ئاتىلار ، جۇۋانلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى . ئۇسسۇل پەدىلىرىدىن كېيىن «تېي پاشا بىلەن زۆھرە بېگىم» ھەققىدىكى ناخشىلار ئېيتىلدى . مەسۇم قارى ھېكايىسىنى قوشۇپ ئېيتاتتى . ياش ، شوخ يۈرەكلەرگە ئوت تۇتاشقاندەك بولاتتى . قېرىلار ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلىشىپ ئۇھسىنىشاتتى . توي مەشرىپى سۈزۈك ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاشقۇچە ، قولداش ۋە يەڭگىلەر يېڭى كۈيۈ بىلەن يېڭى كېلىننى ھۇجرىغا ئۈزىتىپ بارغۇچە ، يەنە زەينەپبۇۋى شۇ كۈنى يوقالغان لېگەن-خونچىلارنىڭ سانىنى ئالغۇچە داۋاملاشتى .

## ئۈچىنچى باب

# كېچىكىپ كەلگەن مېھمان

### 1. يېڭى كېلىننىڭ ئەنسىزلىكى

قۇناخۇن خەلپەم بىلەن زەينەپبۇۋى كېلىننىڭ قېچىپ كەتمەي ، يامانلاپ كەتمەي ئولتۇرۇپ قېلىشىنى ، قىزى يوق مۇشۇ ئائىلىگە ئۆز قىزىدەك ئۆزلىشىپ كېتىشىنى ، بۇدرۇققىنە نەۋرە تۇغۇپ بېرىشىنى ، شۇ ئارقىلىق ئائىلە نەسەبىنىڭ داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . پەيزۇللاكام بىلەن جىنەستەخانمۇ نەۋرىلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى . يېڭى كېلىن مەرەمخان قېيناتا-قېينانا ئارزۇ قىلغاندەكلا ئولتۇرۇپ قالدى ، خەلپەملەر ئائىلىسىنىڭ ئۆز قىزىدەكلا ئۆزلىشىپ كەتتى ، كېلىن قېينانىغا ، قېينانا كېلىنگە بەك كۆيەتتى . كېلىن قازان بېشىدا ، ھويلا-ئارامدا ، ئېتىز-خاماندا ئۇلارغا ھەمدەم ئىدى . كېلىن قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئالدىدىن زادىلا تۇغرا ئۆتمەيتتى ، خەلپەم بار يەردە ياغلىقىنى بېشىدىن ئالمايتتى ، «خوش !» ، «لەبەي !» دىن ئۆزگە سۆزمۇ قىلمايتتى ، خەلپەمنىڭ تەرىتىگە كېرەكلىك سۇنى ھەر دائىم تەييارلاپ قوياتتى ، ئەھمەد ئاخۇننىڭ خىزمىتىنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلاتتى . ئەمما ئىككى بالىنىڭ تويى بولۇپ ، ئىككى يىل ئۆتتى ، ئۈچ يىل ئۆتتى ، تۆت يىلمۇ ئۆتتى . مۇشۇ تۆت يىلدا نۇرغۇن كېلىنلەر يەڭگىپ بالىلىرى پاقلان بولدى . پەقەت مەرەمخانلا تۇغمىدى . قۇناخۇن خەلپەم ، زەينەپبۇۋىلەر ئارزۇ قىلغان بۇدرۇققىنا نەۋرىدىن ئەسەر يوق

ئىدى . زەينەپبۈۋى ئەنسىزلىنىشكە باشلىدى ، قوناخۇن خەلپەمگە پىچىرلىدى . قوشنىلار ئىچىدىكى تەجرىبىلىك بۈۋىملەرگە پىچىرلىدى ، كېلىن بالىغا پىچىرلىدى ، نېمە ئىشلارنىدۇر سورۇشتۇردى . كېلىن بالىنىڭ گېپىگە قارىغاندا ئىشلار جايىدىدەك قىلاتتى . ئەمما كېلىن بالىنىڭ قورسىقى تومپايمايۋاتاتتى . بۇدرۇققىنە نەۋرىدىن يەنىلا خەۋەر يوق ئىدى . بۇ قانداق بولغىنى ؟ ئىشلار جايىدا بولسۇنۇ ، لېكىن بالا يۈزى كۆرمىسە قانداق بولغىنى ؟

چوڭلارنىڭ پىچىر-پىچىر ، قۇلاقنى قۇلاققا يېقىشلىرى ئىچىدە ئەھمەد بالا بىلەن مەرەم كېلىنمۇ ئەنسىزلىككە چۈشتى . بالىسىز ئۆتسۇنمۇ ؟ يىراق بوۋىلاردىن ، باقى ھاجىمدىن ، قوناخۇن خەلپەمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن نەسەب ئەھمەد خەلپىدە ئۈزۈلۈپ قالارمۇ ؟ ئەھمەد خەلپە خىجىللىق تارتىشقا باشلىدى ، نېمىشقىدۇر چوڭقۇر خىياللارغا پاتاتتى ، نېمىنىدۇر ئويلايتتى ، ئاتا-ئانىسى ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ، ئەل-ئاغىنىلىرى ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرەلمەيتتى . ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك خىجالەت تارتقىنى ، ئۆلگۈدەك تەڭلىك تارتقىنى يەنىلا مەرەمخان كېلىن ئىدى . تۆت يىلنى ئۆتكۈزۈپ ، ئون سەككىز ياشقا كىرگەن ياش چوكان ئائىلىقاچان بالىلىقتىن ئادا-جۇدا بولۇپ ، كۆپ ئىشلارنى بىلىپ كەتكەن ، تۇرمۇشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ بىلگەنلىرى شۇ ئىدىكى ، قېيناتا-قېينانا بولغۇچىلارمۇ ، ئەرمۇ ، قولۇم-قوشنىلارمۇ تۇغماسلىقنى ئايالدىن كۆرەتتى . ئەسىرلەردىن بېرى شۇنداق بولۇپ كەلگەنىدى . قىز تۇغسا ئايالدىن ، ئوغۇل تۇغسا ئەردىن كۆرۈشمۇ شۇ جۈملىدىن ئىدى . تۇغمىغان ئايالنى يارانقۇچىنىڭ «قارغىشىغا كەتكەن» ، «نەس باسقان» دەپ بىلىشەتتى . ھەتتا تېخى تۇغماس ئايال بىلەن

ئۆي تۇتۇش ، ئۇنىڭ قولىدىن تاماق يېيىشمۇ هارام دەپ قارىلاتتى . تۇغماس ئايالنى «ئۈچ تالاق» قىلىپ سۆزىنى بېرىپ قوغلاپ چىقىرىشاتتى . مەرەمخاننىڭ بېشىغا ئەنە شۇ كۈنلەر كېلىدىغاندەك ئىدى .

بالا دېگەن ئۆينىڭ چىرىغى — ئەجدادلارنىڭ چىرىغىنى ياندۇرغۇچى . بالىسىز ئادەم بەئەينى يىلتىزى قۇرۇغان دەرەخ ، تۇرمۇشىنى ئالتۇن-كۈمۈش ئۈستىدە ئېغىناپ ئۆتكۈزسىمۇ دۇنيادىن بەربىر ئەرۋاھتەك ئىزسىز يوقىلىدۇ . بەخت-سائادەتنىڭگە ، غەم-ئەندىشەڭگە ئورتاقلىشىدىغان ، كۆلكەڭگە كۆلكە قوشىدىغان ، كۆزۈڭ يۇمۇلغاندا تاۋۇتۇڭ ئەتراپىدا هازا ئېچىپ ، قەبرەڭنى يوقلايدىغان ، سەندىن قالغان روزغاردا چىراغ ياقىدىغان بالاڭ بولمىسا ، دۇنيادا بۇنىڭدىن ئۆتەر بەختى قارىلىق بارمۇ ؟ يىگىرمە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئەهمەد ئاخۇن شۇ يېشىدا مۇشۇلارنى ئويلاپ يېتەلەيتتىمۇ ؟ بۇنىسى نامەلۇم . ئەمما قۇناخۇن خەلپەم بۇنى ئېنىق بىلەتتى . ئۇ ئەنسىرەيتتى ، نەسەبىنىڭ ئەھمەدكە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ، ئاشۇ ئوغلىنىڭ قېرىغاندا هەسرەت-نادامەتكە قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . ئۇ ئۆز نەسەبىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، كىچىك ئوغلى ، كېسەلچان ، ئاجىز يۇسۇپنىمۇ ئۆيلەپ قويىدى . چوڭى نەسەبنى داۋاملاشتۇرالمىسا ، كىچىكى داۋاملاشتۇرسۇن . ياراتقۇچى چوڭ ئوغۇلغا پەرزەنت ئاتا قىلمىسا ، كىچىكىگە بېرىپ قالار ، هەممىگە قادىر ئاللا ئۆزى …

قۇناخۇن خەلپەم زەينەپبۇۋىنىڭ ئەنسىز پىچىرلاشلىرىغا «زىمات ، زىمات قىلماق كېرەك ، سەۋەبىنىڭ ئالىمى بۇ …» دەپ پىچىرلاپ جاۋاب بېرەتتى . قانداق زىمات قىلىش كېرەك ؟ زەينەپبۇۋى كېلىنىگە قۇلىقى ئاڭلىغاننىڭ ، كۆزى كۆرگەننىڭ

ھەممىسىنى ئۆگەتتى ، ئوقۇتتى . بىر كۈن ھەرەج تارتىپ «ئۈچ يۈز مىڭ خەتمە» ئوقۇغان بۆۋىلەر ئاخىرىدا سۈپۈرگىنى زاكىداپ كېلىن بالىغا قۇچاقلىتىپ ، شەرتنى ئادا قىلغان بولدى . كۈنلەر ئۆتتى . ئۇنۇم كۆرۈلمىدى . كېلىن بالىنىڭ قورسىقى تومپايمىدى . زەينەپبۈۋى توختىماي ئىزدىنەتتى ، يېقىن-يىراق ، داڭلىق-داڭسىز خېنىم-ئاغىچىلاردىن مەسلىھەت سورايتتى . بەزىلەر : «قارا قاغىنى تۇتۇپ ، قارنىنى يېرىپ ، كېلىن بالىنىڭ تېنىگە چاپلاپ ، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش» نى تەكلىپ قىلدى . يەنە بەزىلەر : «بالا بېقىۋالسۇن ، بالا بېقىۋالسا ، قىتى ئىزا تارتىپ قورساق كۆتۈرىدۇ» دېيىشتى . يەنە بەزىلەر «مازار-ماشايىخلارغا تېۋىنسۇن ، ئۇلۇغلاردىن تىلىسۇن ، مازار-ماشايىخلاردىكى ئۇلۇغ يۇلغۇن-يوغان تېرەكلەرگە مىخ-يىڭنە قاقسۇن ، ياراتقۇچى تىلەكلىرىنى ئىجابەت قىلىپ ، بالا-پەرزەنتتىن نىسبەت بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېيىشتى .

بىز پەرزەنت مېھرى ئىزدەپ مازار-ماشايىخلاردىن مەدەت تىلەپ يۈرگەن 1935-يىلىغا كەلگۈچە ، دىيارىمىزدا ، چىرىيە «تۇپا»دا تۇگۇل ، خوتەن شەھىرىدىمۇ بىرەر پەننىي مەكتەپ ، يېڭىچە مەكتەپ يوق ئىدى . قەشقەر-ئاتۇشتا ، ئاقسۇ-كۇچادا ، ئۈرۈمچى-تۇرپاندا ، غۇلجا-چۆچەكتە يېڭىچە مەكتەپلەر بىخ چىقىرىۋاتقان بولسىمۇ ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، مەمتىلى ئەپەندى ، گۇلەندەم ئابىستايلار «يېڭىلىق ، يېڭىلىق» دەپ ھۆررا سېلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن دىيارىمىز يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا خورەك تارتىۋاتاتتى . ئەھۋال شۇنداق ئىكەن ، بىزنىڭ تەربىيە كۆرمىگەن ، تەربىيە كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشمىگەن ، خەلقتىن «خۇراپاتلىق قىلدىڭ» دەپ ئاغرىنىشقا ، ئۇلارنى ئەيىبلەشكە ئاساسىمىز يوق . ئاغرىنىشقا ، ئەيىبلەشكە توغرا

كەلسە ، ئاشۇ خەلقنى نەچچە ئەسىر نادانلىقتا تۇتقان ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەردىن ، بەگ-ھاكىملاردىن ئاغرىنىش كېرەك . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇزۇن چاچلىق ئەمەلدارلىرىدىن ، ياڭ زېڭشىڭ ، جىن شۇرېندىن ، شۇ يەرلىك بەگلەردىن ئاغرىنىش كېرەك . ئۇلارنىڭ خوجا-ئىشانلار بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ ، خەلقنى نادانلىقتا قويغان قىلمىشلىرىدىن ئاغرىنىش كېرەك . ئۇلارنى ئەيىبلەش كېرەك .

شۇنداق قىلىپ كونىلار كۆرگەن بەزى تەدبىرلەرنىڭ رولى بولدىمۇ ئەيتاۋۇر ، توي بولۇپ تۆت يىل ئۆتكەندە ، كېلىن بالا مەرەمخاننىڭ قورسىقى تومپىيىپ چىقتى . تومپىيىپ چىقىشتىن خېلى كۈنلەر ئىلگىرىلا ، كېلىن بالا بىلەن زەينەپبۇۋى تاتلىق-تاتلىق پىچىرلاشقان ۋە زەينەپبۇۋىنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم ئۆرلەپ چىققانىدى . قورسىقى تومپىيىپ چىققان كۈنلەردە كېلىن بالا نېمىشقىدۇر ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ، ئۇستىدىن بېسىپ تۇرغان غەم تېشى ئېلىپ تاشلانغاندەك ھېس قىلدى . قەلبىدە ئانىلىق خۇشاللىقى ، ئانا بولغانلىق خۇشاللىقى ھۆكۈم سۇرەتتى . چېھرىگىمۇ ئانىلىق پەخرى ئۆرلەپ چىقتى . ئاھ ! بۇ دۇنيادا ئانا بولۇشتىنمۇ ئۇلۇغ ئىش بارمۇ ؟ ئالەمنىڭ كەلگۈسى ، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئانىلارنىڭ ئىلكىدە . ئۇ ، ئالەمنىڭ كەلگۈسىنى ، ۋەتەننىڭ كەلگۈسىنى تەۋەللۇت قىلىدۇ ، ۋەتەننىڭ كەلگۈسىنى ، مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى يېتىشتۈرىدۇ . ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ئالەمنى ئىللىتىدۇ . ئاھ ...

## 2 . زۇلمەتلىك كېچىدە

ھويلىنىڭ ئەگۈنى ھەر دائىمقىدەك ھىم يېپىقلىق تۇراتتى .

ئەگۆن ئالدىدىكى كۆل ئېرىقىدا سۈزۈك تاغ سۈيى شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى . ئېگىز ئاسماندىكى يورۇق ئاي شالاڭلاپ قالغان بىر پارچە ئاق بۇلۇتنى كەينىگە تاشلاپ ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى . ئاينىڭ خىرە-شىرە يورۇقىدا ، ئەتراپتىكى كۆجۈم مەھەللىلەر ، كۈمىلاچ لاي تاملىق ئۆيلەر ، قۇمساڭغۇ يەرلەر ، ئانارلىق باغلار ، ئۆستەڭلەر ، كۆللەر ، يوللار مەنزىلگە يەتكەن ھارغىن كارۋان چوڭقۇر ئۇيقۇغا پاتقاندەك جىمجىت ئىدى .

كۈز شامىلى تۇڭلۇكتىن كىرىپ ، جىنچىراغنىڭ ئاجىز شولىسى بىلەن ئوينىشاتتى . قارا چىراغ نۇرى شامالنىڭ دەممۇ دەم پەپىلەشلىرىدىن سۇسلاپ ئۆي ئىچىنى ئۆتكۈنچى قاراڭغۇلۇق باساتتى . شامال ئۆتۈپ كەتكەندە ، يالقۇن كۆچىيىپ ، چىراغ پىلىكى «پاس-پۇس» قىلىپ چېچەكلەپ ، يورۇقلۇق ھەممە يەرگە يېتىپ باراتتى .

ئۈچ ئايال—جىنەستىخان جايناماز ئۈستىدە ، زەينەپبۈۋى يىڭنە ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى . ئۈچىنچىسى—ياش ، ئىككىقات ئايال مەرەمخان ئۇخلىغاندەك جىممىدە ياتاتتى .

زەينەپبۈۋى يىڭنە بىلەن چىراغ پىلىكىنى تارتىپ چىقاردى . جىنەستىخان مارجان تەسۋىنىڭ ئاخىرقى ئۇرۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ ، جايناماردىن تۇردى . جايناماز ۋە تەسۋىنى قوزۇقتا ئىلىپ قويۇپ ، ئۈستۈيشىنى تۈزەشتۈرگەچ پالتۇكقا چۈشتى ، تۈڭلۈكتىن جىمجىت كېچە ئاسمىنىغا قارىدى . تاڭغا خېلى مەھەل بار ئىدى . يۇلتۇزلار ئاللىقاندىاق ئىشتىن شەپە بەرگەندەك سۈس جىمىرلىشاتتى .

ئانا ئاچچىق تولغاق يەپ ھېلىلا پەسكارىغا چۈشكەن قىزىغا تەشۋىشلىك قاراپ قويۇپ ، ئىككىنچى ئايالغا پىچىرلىدى :

—قۇدام ، سەلىمە خېنىمدىن ھېچ دېرەك يوق ، يەنە بىر

قېتىم خەۋەر قىلساقمىكىن .

— يەنىلا مەن باراي ،— دېدى ئايىغى چاققانراق زەينەپبۇۋى مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپ ،— مەن بېرىپ خېنىمغا خەۋەر قىلاي ، خېنىم بولمىسا بىز ھېچنېمە قىلالمايمىز .

— جاھان ئەنسىز ، كېچە قاراڭغۇ . بەك ئېھتىيات قىلسىلا …

زەيــنــەپبۇۋى ئايۋانغا چىقتى . ياندىكى مېھمانخانىدىن بوش قىرائەت ئاۋازى ئاڭلاندى .

قۇناخۇن خەلپەم يېرىم كېچىدىن بېرى كىرپىك قاقماي مۇشۇ يەردە قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى .

ئــايــال ئــاســتا مېڭىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى . ئاياغ شەپىسىنى سەزگەن قۇناخۇن خەلپەم ئوڭ يېنىغا بۇرۇلۇپ قارىدى :

— ئۇخلىدىما ؟

— كىرپىكى ئازراق ئىلىندى بولغاي . ئوللۇھۇ ئالەم ئەھمەد بالىمۇ كېلەلمىدى . «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتتى» دەپ تازا يامان چاغدا كېلىنگە تولغاق كەلگىنىنى دېمەمدىغان …

— ھېلى ئاڭلىدىم ، ئۇلاشمىنىڭ ئادەملىرى تۇتقۇن بالىلارنى قــۇتــۇلدۇرۇپ ، غىياستانلىققا ئەكىرىپ كەتكەنمىش . ئەھمەدمۇ بەلكىم شۇلار بىلەن بىللە قۇتۇلۇپ قالغاندۇ .

— شۇنداق بولغاي ئىلاھىم … مەن سەلىمە خېنىمنى تېپىپ كېلەي ، ئۇ بولمىسا بالىنى تۇغدۇرالماي قالىمىز .

زەيــنــەپــبــۇۋى مــېــھــمــانخانىدىن چىقىپ كەتتى . قۇناخۇن خــەلــپــەمىنىڭ ئەس-يادى دۇنياغا يېڭى كەلگۈچىنىڭ ئاتىسىدا— ئــوغــلــىــدا ئىدى . ئوغۇل نەدە؟ تىرىكمۇ-ئۆلۈكمۇ ؟ ھېچنېمىنى بــىــلــمــەيــتــتى ، نېمە قىلىشنىمۇ ، ئوغلىنى نەدىن ئىزدەشنىمۇ بىلمەيتتى . بۇ ھەممە قولۇم-قوشنىلارنىڭ بېشىغا ، پۈتۈن «توپا» لىقنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئە ئىدى . قولۇم-قوشنىلارمۇ ئوخشاشلا

تۇتقۇن قىلىنغان ئوغۇللىرىدىن خەۋەرسىز قالغانىدى .
1934 -يىل يازدا ، گومىنداڭنىڭ ما جۇڭيىڭ ، ما خۇسەن باشچىلىقىدىكى ئوتتۇز ئالتىنچى تۇڭگان ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى شىڭ شىسەينىڭ ئاق رۇس ئەسكەرلىرىدىن يېڭىلىپ خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىگە قېچىپ كەلدى ۋە شىڭ شىسەي بىلەن تۈزگەن ۋاقىتلىق كېلىشىمگە ئاساسەن خوتەن ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلىپ ، ئۈچ يىلدىن ئارتۇقراق تۇردى . ما خۇسەن ئارمىيىسى ئېغىزدا بىر دىۋىزىيە دېيىلسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئوفىتسېرلارنىڭ خوتۇن ، بالا-چاقىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئون ئىككى مىڭدىن ئارتۇقراق ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان زور ئارمىيە ئىدى . يەنە ئون ئىككى مىڭ ئات ، نەچچە مىڭ تۆگە ، ئېشەكلىرى بار ئىدى . مۇشۇ ئۈچ يىل جەريانىدا بۇ قاچقۇن باندىت ئارمىيە خوتەن خەلقىنى شۇنداق دەھشەتلىك بۇلاپ-تالىدىكى ، خوتەن تېخى تارىختا بۇنداق ئېغىر زۇلۇمنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . شۇ چاغدا ، ھېكايىمىز داۋام قىلىۋاتقان چىرىيە ناھىيىسىگە دەسلەپ ما خۇسەننىڭ جەدە ئاتلىق ئىككىنچى بىرىگادىسى كېلىپ ئورۇنلاشتى . كېيىنرەك ئىككىنچى بىرىگادىنىڭ ئورنىغا قارا ئاتلىق بەشىنچى بىرىگادىسى ئالماشتى . ھەربىر بىرىگادىدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئات ، ئارقا سەپ قىسمىدا يەنە نۇرغۇن خىزمەتچى ، نەچچە مىڭ تۆگە-ئېشەك بار ئىدى . مانا شۇنداق چوڭ ئارمىيىنى بېقىش — ئەينى چاغدا تېخى نوپۇسى ئەللىك مىڭغىمۇ يەتمەيدىغان چىرىيە خەلقىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى . زۇلۇم قازىنى چىرىيە خەلقىنىڭ بېشىدا ئۈچ يىل ۋاراقشىپ قاينىدى . زۇلۇم قامچىسى چىرىيە خەلقىنىڭ بېشىدا ئۈچ يىل زەھەرلىك يىلاندەك ۋىشىلدىدى . زۇلۇم قىلىچى چىرىيە خەلقىنىڭ بويىنىدا ئۈچ يىل قان چاچتى . ئالۋان-سەيسىنى ، غەللە-پاراقنى ساناپ تۈگىتىش

مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇلار چىرىيە خەلقىنى قان يىغلىتىپ ، خالىغانچە بۇلاپ تالىدى ، خوتۇن-قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلدى ، ياش باللارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ قىيىندى . قول ئىلكىدە بار باي كىشىلەرنى بۇلاپ خانىۋەيران قىلىۋەتتى ، ئۇرۇپ-قىيناش ، ئۆلتۈرۈش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلاندى . شۇ كۈنلەردە ، «چىرىيە بىلەن گۇلاخما ئارىسىدا ( سامان-پىچان ، ئاشلىق-سېلىق توشۇيدىغان) بىرەر مىڭ ئېشەك ئۇياقتىن كەلسە ، بىرەر مىڭ ئېشەك بۇياقتىن بارغان ، يۈك ئارتىلغان ۋە يۈك چۈشۈرۈپ قايتىپ كېلىۋاتقان بۇ كارۋان كۈندە نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ تۇرغان » .① بۇ ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ خەلققە قويغان ئالۋان-سېلىقنىڭ نەقەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان كىچىك بىر سۈرەت . هازىرمۇ پېشقەدەملەر ئاشۇ چاغدا ئالۋان-سېلىق تۈرىنىڭ نەچچە يۈز خىلدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ، ئالۋان-سەيسىگە تۇتۇلمىغان ئادەم قالمىغانلىقىنى ئەسلىشىدۇ . ئاشۇ چاغلاردا چىققان مۇنۇ قوشاق ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ زۇلمىنى كىچىككىنە بولسىمۇ تەسۋىرلەپ بېرەلىشى مۇمكىن .

«زۇلۇم قىلدى رەھىم قىلماي يول باشلا دەپ لەڭگەرگىچە ،
ئات سېلىپ قوغلاپ ئۇرۇپ ، سۇبھى-كېچە تاڭ ئاتقىچە .
سېلىق دەپ ئالدى يىغىپ بۇغداي ، قوناق ، پۇرچاققىچە ،
ئالدى يەنە قويماي چالا قازان ، چۆمۈچ ، قاپاققىچە .
تېرە-كۆرپە ، كۆن-قىرىم ، نوختا ئەتكىلى موزدۇزغىچە ،
شال-ياغاچ ، بورا يىغىپ ، ئۆي ئەتكىلى خارەتكىچە . »

---

① «چىرىيە تارىخي ماتېرىياللىرى» ، 1-توپلام ، 153-بەت .

يەنە نېمىلەرنى دەيمىز ؟ ئىشقىلىپ ئاشۇ ئۈچ يىل جەريانىدا چىرىيە خەلقى تارتمىغان زۇلۇم قالمىدى . «ما خۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا دائىر ئەسلىمە» دېگەن بىر ماقالە «چىرىيە تارىخىي ماتېرىياللىرى»نىڭ بىرىنچى توپلامىغا بېسىلغان . ئۇنىڭدا ئاشۇ يىللاردىكى مىسلىسىز زۇلۇم-كۈلپەتلەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن . ئۇنى بۇ يەردە تولۇق كۆچۈرۈشنىڭ هاجىتى بارمۇ ؟ زۆرۈر دەپ قارىغانلار ئاشۇ كىتابتىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ . خۇلاسە شۇكى ، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى ئەمەس بىر توپ بۇلاڭچىلار ، قاراقچىلار ئىدى . شۇ كۈنلەردە چىرىيە خەلقى تارتمىغان جاپا-مۇشەققەت ، چەكمىگەن زۇلۇم-كۈلپەت قالمىغانىدى .

قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ، پۈتۈن «توپا»لىقلارنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئە ، ما خۇسەن خوتەننى ئىشغال قىلىپ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن تۇنۇگۈنكى كۈندە يۈز بەردى . ما خۇسەن نېمىشقىدۇر توققۇز ناھىيىدىكى يەتتە بىرىگادا ئەسكىرىنى پات-پات ئالماشتۇرۇپ - يۆتكەپ تۇراتتى . يېقىندا چىرىيىدە تۇرۇشلۇق جەدە ئاتلىق ئىككىنچى بىرىگادىنىڭ ئورنىغا قارا ئاتلىق بەشىنچى بىرىگادىسىنى ئالماشتۇرغانىدى . تۇنۇگۈن ئەنە شۇ بەشىنچى بىرىگادىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ، ئارقا سەپ مۇلازىمەت قىسمى ھېسابلانغان بىر مىڭ ئىككى يۈزگە يېقىن خوتۇن ، بالا-چاقا ، ئاخۇن-مەھرەم ، مەتە-رەۋەندە ئالتە يۈز تۆگە ، بەش يۈز ئېشەكتىن تەركىب تاپقان چوڭ كارۋان بولۇپ ، قۇملۇق ئارقىلىق «توپا»دىن ئۆتتى . «بەش توغراق»تىن «توپا»غىچە سوزۇلغان بىپايان قۇملۇق سەپىرىدە ئېچىرقىغان ، ئۇسسىغان ، ھارغان تۆگە ، ئېشەكلەر «توپا»غا كىرىپلا خۇددى كۆكتىن يەرگىچە ھەممىنى يالماپ يۇتىدىغان دەججالنىڭ كۆك ئېشىكىدەك يول ياقىسىدىكى

ئېتىزلىقلارغا بېسىپ كىردى . ئەمدىلا سىرىق چاپان بولغان قوناقلىقلارنى چەيلەپ ، بىدىلىكلەرنى ۋەيران قىلدى . ئانارلىق باغلارنىڭ چىتەنلىرىنى بۇزۇپ ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىمۇ ئامان قويمىدى . دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغىنى كۆپرەك تۆمۈربەگنىڭ ئېتىز-باغلىرى ئىدى . «سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ كۆلى» بويىغا توپلاشقان «توپا» ياشلىرى كارۋاننىڭ ئۆتۈشىگە بىغەرەزلەرچە قارىشىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۆمۈر بەگنىڭ كىچىك ئوغلى رەجەپ بەگزادىمۇ بار ئىدى . تۆگە ۋە ئېشەكلەرنىڭ ئېتىزلارغا خالىغانچە كىرىپ ، زىرائەتلەرنى خاراب قىلغانلىقىنى كۆرگەن رەجەپ بەگزادىنىڭ راسا ئاچچىقى كەلدى . ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ تۆگە-ئېشەكلىرىنى «هايت» دەپ توسۇپ قويمىغانلىقى ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك تەسىر قىلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە «توپا»لىقلارنىڭ ئىچىدە رەجەپ بەگزادىنى قۇترىتىدىغانلارمۇ ، ئۇنى پۈۋدەپ ئۇچۇرىدىغانلارمۇ پەيدا بولدى .

— قارا هوي ، ماۋۇ تۆگىلەرنى ، خامانغا قاتقان بۇقىدەك چۆرگىلىشىپ ، يەنە سىنىڭ قوناقلىقىڭغا ماڭدى . ناۋادا تۆمۈر بېگىم ئۆزى بولغان بولسا ، هاشىم توقۇناقنى يالىڭاچلاپ قويۇپ بېرەتتى . توقۇناق ئوغرى بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن مۇنۇ پاپا مەتەلەرنىڭ پاناق بۇرنىنى يانجىپ ئانا-مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتەتتى .

— هەي ئەست ، چوڭ بېگىم تېخى شەهەردىن يېنىپ چىقمىدى . ئۇنىڭ جەدە ئايغىر ئۈستىدە يىكتەك ئولتۇرغىنىنى كۆرسە ، ماۋۇلار ، قالماقنىڭ پادىشاهى چىڭگىزخان كەلدى دەپ ، قالماقچە ئۇسسۇلغا چۈشمەسمىدى ؟

— شۇ قالماقلىنىڭ نەچچە يۈز ئېتىنى بىر كىچىدىلا هەيدەپ كەتكەن «توپا»لىق بىز .

— دانىيال خوجام بىلەن ئىشان خوجامغا مۇرىت بولماي ، پىر-ئەۋلىيالىنىڭ غەزىپىگە كەتكەن «توپا»لىق بىز...

— هاي باللا ، ماۋۇ كەلگۈندىلەر قانداق تائىپىدىنكەن ؟— يۇملاق مۇڭگۈزلۈك ئالا تورپاقىقا يېنىچە مىنىپ ، يولدىن ئۆتكەن ھېيتەم ئاشىق يىراقتىن ۋارقىرىدى ، — چوڭ بېگىمنىڭ تۇغقانلىرىمىكەن ؟ قوناق پىشقاندا بىزگە ئون سەككىز يەردە خامان ئالدۇرماي ، ماۋۇ مەتەلەرگە بەرگىلى .

— يولۇڭغا دەسسىگىنە ، قاغا پوقى يېگەن ساراڭ .

— ۋاي-ۋۇي ، سەنىمدىك دانىيال خوجامغا مۇشۇك بېسىپ پولۇ ئېتىپ بەرگەن «توپا»لىق ، قىنى ، نوچى بولساڭ ، قولۇڭدىكى «گاگا» بىلەن ئاۋۇ تاماق چىش مەتەنىڭ گەجگىسىگە بىرنى قويىمامسەن ؟ !

ھېيتەم ئاشىق مەجنۇنلارچە كۈلەتتى :

— ها ... ها ... پولۇغا مۇشۇك باسقانلار ... هاي رەجەپ سىڭار تاش ، بىزمانلىقىقا چوڭ بېگىم قوناقلىقىقا تۆگە باشلىغىنىڭنى بىلسە...

— هە ، بىلسە قانداق قىلاتتى ، هوي ساراڭ ؟

— قانداق قىلاتتى ... ئاناڭ ياقۇت ئاغىچەكنى ئۈچ تالاق قىلاتتى ...

ھېيتەم ئاشىق ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ ، قوشاق توقۇدى :

باش نېمىدىن قورقىدۇ ؟
ئۈششاق-چۈششەك سىيكىدىن .
بەگ نېمىدىن قورقىدۇ ؟
ھېيتەم ئاشىق-تىكىدىن .
رەجەپ بەگچەك نېمىدىن قورقىدۇ ؟
كالتەك باغدىكى تۆگىدىن .

— ۋوي-ۋوي نازىركۇم ... دۇم - تاراڭ ، دۇم ، نازىركۇم ...

ياشلار تېلىقىپ كۆلدى . تۆگىلەر ، مەتەلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن گىدىيىپ ئۆتمەكتە . غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان رەجەپ بەگزادە «گاگاچۇك» كالتىكىنى چىتەنگە يامىشىپ جىگدە يوپۇرمىقى سىدىرىۋاتقان ياش بۇغرانىڭ بېشىغا قارىتىپ ئاتتى . ئوڭ قاپىقىغا كالتەك تەگكەن بۇغرا شۇنداق چىچاڭشىپ ئۈركۈدىكى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قونۇپ ئولتۇرغان پىت كۆزلۈك چولاق تۇڭگان بۇغرانىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ چۈشتى . يەرگە قاتتىق يىقىلىپ «زىۋازى ، زىۋازى» دەپ ۋارقىراپ كەتتى . كالتەك ئاتقۇچىنى باشقا تۇڭگان ئەسكەرلەرمۇ كۆرۈپ تۇرغانىدى . ئۇلار رەجەپ بەگزادىنى تۇتۇش ئۈچۈن يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى . ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلگەن رەجەپ بەگزادە تاش مايماق پۇتلىرى بىلەن قوناقلىق تامان تىكىۋەتتى . باشقىلارمۇ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى . ئەمما ما خۇسەنچىلەر بولدى قىلمىدى . ئارقا سەپ قىسمىنى قورۇقداپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر ئاتلىرىدىن ، ئارقا سەپ قىسمىدىكى چولاق-توكۇر ئەسكەرلەر تۆگە-ئېشەكلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ئادەم تۇتۇشقا باشلىدى . ئاۋۋال قوناقلىقلارنى ئاختۇرۇپ ، ھېلىلا قېچىپ كەتكەنلەردىن بىرنەچچىنى تۇتتى . بۇ چاغدا ما خۇسەنچىلەر كەلگەندىن بېرى ئۇلارغا غالچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئالىم بەگ چىرىيە بازىرىدىن يەنە بىر تۈركۈم ئەسكەر باشلاپ ، ياردەمگە يېتىپ كەلدى . ئەمدى ئۇلار ھويلىمۇ ھويلا ، ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ ، قازناق ۋە چامغۇر ئورىلىرىغا يوشۇرۇنغانلارنى تۇتۇشقا كىرىشتى . بەشئاتار مىلتىق ئېتىلغان چاغدىكى گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز پات-پات «توپا» ئاسمىنىدىن ياڭراپ يىراقلارغا تارقىلىپ كېتەتتى . تۇڭگانلار تۇتۇلغان ياشلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ باغلاپ ، سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ كۆلبېشىغا ئەكېلىپ توختىتىپ قويدى . قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ياۋاش ئوغلى ئەھمەدىنمۇ ئېتىزلىقتا چامغۇر سۇغىرىۋاتقان يېرىدىن

تۇتۇۋېلىشقانىدى . «مەن ئېتىزلىقتىن ھېچ يەرگە بارمىدىم ، كۆلىبېشىدا يوق ئىدىم ، تۆگىگە تاياق ئاتقان مەن ئەمەس ...» دېگەنلەرگە ئۇناشمىدى .

تۇتۇلغان بالىلارنى چىرىيە بازىرىغا ھەيدەپ مېڭىشتى . «توپا» دىكى يۇرت ئاقساقاللىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ تىلىۋالماقچى بولۇشقانىدى ، ئالىم بەگ غالچا رەت قىلدى . غالچىسىغا گەپ ئۆتمىسە خوجايىنىغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك . شەھەردىن يېڭىلا چىققان ، مۇشۇلارغا خىزمەت قىلىۋاتقان چىرىيىنىڭ باش بېگى تۆمۈر بەگنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئاشۇ ما خۇسەنچىلەر بىلەن شۇلارنىڭ زۇۋانىدا خېلى ئۇزاق كالدىرلاشتى . كارۋان بېشىمۇ رەت قىلدى . كېيىن ئېيتىپ بېرىشچە ، تۆمۈر بەگ ما خۇسەنچىلەرگە ئون ئىككى يارام ئات ئولپان تۆلەپ ، ياشلارغا تېگىشمەكچى بولغانىكەن ، ئۇناشماپتۇ . ئون ئىككى تۇياق ئات بىلەن بىرلا رەجەپ بەگزادىنى قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولغانىكەن ، ئۇنىڭغىمۇ ئۇناشماپتۇ . شۇنداق قىلىپ رەجەپ بەگزادىنىڭ بالاسىغا قالغان ياشلارنى چىرىيە بازىرىغا ، بەشىنچى بىرىگادىنىڭ شتابىغا ھەيدەپ كېتىشتى . ھەممە ئائىلىلەر تۇتۇپ كېتىلگەن بالىلىرىنىڭ غېمىدە پايپېتەك ئىدى ، ئەمما بىر-بىرىدىن خەۋەر ئۇقۇشۇشتىن ، ئاھ-نادامەت ئۇرۇشتىن ئۆزگە ئىش قولىدىن كەلمەيتتى . قۇناخۇن خەلپىنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ ئوغلىنىڭ غېمىدە ئىدى . خەلپەم ئوغلىنىڭ تىنچ-ئامان قۇتۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن دۇئا-تەكبىر ئوقۇيتتى . زەينەپبۇۋى ئالغان-قويغىنىنى بىلمەيتتى . يۇسۇپمۇ ئاكىسىنىڭ غېمىدە ئىدى . بالىلارنى ھەيدەپ كېتىپ بىر ئاش پىشىم ئۆتكەندە ، ئۇلارنى «ئۇلۇغ يول»نىڭ دوقمۇشىدا ، روزى بەگنىڭ قورۇسى ئالدىدا قاتتىق قامچىلاشقانلىرى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلدى . ئەھمەد بالىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى تىتما-تىتما

بولۇپ كەتكەنمىش ، چېكىسى يېرىلىپ ، يۈز-كۆزى قانغا بويىلىپ كەتكەنمىش .

زەينەپبۇۋىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش تارام-تارام بولۇپ تۆكۈلدى ، يۈرىكى سۇ بولۇپ ئاقتى . ئۇ توختىماي «ئاھ بالام ، ئاھ بالام ، ئاھ بالام» دەپ پەرياد ئۇراتتى .

مانا شۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر ئەنسىز خەۋەر يېتىپ كەلدى . چىشى قۇدا جىنەستىخان ئەۋەتكەن ئايال زىنىنەت بۇۋىنىڭ قۇلاقلىرىغا نېمىنىدۇر پىچىرلاپ ئېيتتى . ئېرىنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى ۋە قامچىلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر كېلىن بالا مەرەمخانغا قاتتىق تەسىر قىلغانمىش ، چىرايلىرى ئاقىرىپ ، پۇت-قوللىرى لاغىلداپ تىترەپ كەتكەنمىش . هايال ئۆتمەي ئۇنى تولغاق تۇتقانمىش… «ۋاي خۇدايىمەي … » دەپ ندا چەكتى زەينەپبۇۋى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ . ئوغۇل دەردىگە يېتىشىپ بولالماي تۇرغاندا ، مانا ئەمدى كېلىن بالا …

كېلىن بالىنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلىشىپ قالغىنىغۇ راست ئىدى . جىنەستىخانىنىڭ ئۇنى يەڭگىتىش ئۈچۈن ئەكەتكىنىگىمۇ خېلى كۈنلەر بولغانىدى . هەممە بۇ دۇنياغا قەدەم ئالغۇسى يېڭى مېهماننى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى . ئەمما يېڭى مېهمان شۇ بۈگۈن ، ياش ئاتا ما خۇسەنچىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئەنسىز پەيتتە كەلمەسلىكى كېرەك ئىدى - دە ! قۇياش نۇرى ئالتۇندەك پارلاپ تۇرغان ، گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى «توپا»نى نەپەسلەندۈرۈۋاتقان ، باغلاردىن كۆكتالغۇنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان ، «توپا» لىقلار هايات پەيزى ، تۇرمۇش خۇشاللىقىغا چۆمگەن پەيتتە بۇ دۇنياغا قەدەم تەشرىپ قىلىشى كېرەك بولغان ئىز باسار مانا ئەمدى ، مانا مۇشۇنداق چاغدا ، «توپا»نى غەم باسقان ، «توپا» لىقلارنىڭ چىرايىنى ئەنسىزچىلىك چۇلغىۋالغان ، يۈرەكلىرى

لەختە-لەختە قان بولغان چاغدا ··· هەي ···

زەينەپبۇۋى ئالدىراش هالدا پايپاسلاپ ، پەيزۇللاكامنىڭ ئۆيى بار «تۆت كوچا دوقمۇشى»غا قاراپ چاپتى ، يوغان تېرەكلىك هويلىغا قاراپ چاپتى . ئۇ شۇ تاپتا ئوغۇل غېمىنى ئۇنتۇپ ، نەۋرە غېمىگە چۈشكەنىدى . هايات قانۇنىيىتى شۇ ئىدى . يېڭىلار قارشى ئېلىناتتى ، كونىلار ئاستا-ئاستا ئەستىن كۆتۈرۈلەتتى . ئەھمەد بالىغۇ تېخى كونىلار قاتارىغا كىرمەيتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىدىن خەۋەر ئالالايدىغان ، ئۆزىگە ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلالايدىغان هالەتتە ئىدى . بۇ دۇنياغا كېلىۋاتقۇچى بولسا ، هازىرچە ئۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس ئىدى . ئۇ مومىلارنىڭ ، ئانىلارنىڭ كۈتۈشىگە ، بېقىشىغا ، خەۋەر ئېلىشىغا موهتاج ئىدى . شۇڭا زەينەپبۇۋى ئۇنىڭغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايتتى . قۇناخۇن خەلپەمنىڭ «كاۋا كۆلبېشى» دىكى ئۆيىدىن پەيزۇللاكامنىڭ «تۆت كوچا دوقمۇشى»دىكى ئۆيىگىچە بولغان بىر ئۇن يېتىم يولنى زەينەپبۇۋى ئالدىراش ، پايپاسلاپ ، ئەنسىز هالەتتە بېسىپ ئۆتتى . يوغان تېرەكنىڭ كەچكى كۆلەڭگىلىرى تېگىدىن ئۆتۈپ ، پەيزۇللاكامنىڭ ساراي ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە ، چېكىلىرىدىن مونچاق-مونچاق تەر تۆكۈلۈۋاتقان كېلىن بالا ئېغىر ئىنجىقلاپ - ۋايجانلاپ ياتاتتى . قاتتىق تولغاق تۇرۇپ كۈچىيىپ ، تۇرۇپ پەسەيگەندەك بولاتتى . تولغاق كەلگەندە ئانا بىلەن قېينانا گويا ئۆزلىرىگىمۇ تولغاق كەلگەندەك تەڭ پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى . تولغاق پەسەيگەندە ئۇلارمۇ تەڭ جىمىپ قالاتتى . ساراي ئۆيدە يېڭى هاياتلىق دۇنياغا كېلىش ئالدىدىكى ئالدىراشلىقلار ، ئەنسىزچىلىكلەر ، جىددىيلىششلەر رەسمىي باشلىنىپ كەتكەنىدى .

زەينەپبۇۋى كېتىپ خېلى ۋاقىت ئۆتتى . «توپا»نىڭ ئانارلىق باغلىرى تۇن شايىسىدىن قارا لىباس كىيىپ ، ئېگىز ئاسماندا

سوغۇق يۇلتۇزلار چاراقلىدى . خوراز بىر توپ مېكىيانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، قېرى ئۆرۈك دەرىخىدىكى ئېگىز پۇتاققا چىقىپ بولدى . شۇ كۈنى ئېغىلدىن چىقىرىلماي قالغان قوي-ئۆچكىلەرنىڭ ۋارقىراش-مەرەشلىرىمۇ ئاستا-ئاستا بېسىقتى .

قۇناخۇن خەلپەم خەۋەر كۈتەتتى . قانخور ما خۇسەنچىلەرنىڭ تۇتقۇنغا ئايلانغان بىگۇناھ ئوغلىدىن ، بۇ ئالەمنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىۋاتقان نەۋرىسىدىن خەۋەر كۈتەتتى . لېكىن خەۋەر كەلمىدى ، نامازشامنى ئۆتەپ بولدى ، يەنىلا خەۋەر كەلمىدى ، خۇپتەنمۇ يېقىنلاشتى . قۇناخۇن خەلپەم تەرەت يېڭىلاپ مەسچىتكە ماڭدى . مەقسەت ئىككى ، بەلكى ئۈچ ئىدى . ناماز خۇپتەننىمۇ ئۆتەش ، نامازغا رىياسەتچىلىك قىلىپ ئىماملىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئادا قىلىش ، ئاخىرىدا مەسچىتنىڭ يېنىغىلا جايلاشقان قۇدىسىنىڭ هويلىسىغا باش تىقىپ ، نەۋرىسىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ياكى تۇغۇلمىغان خەۋىرىنى بىلىش ئىدى . خەلپەم مەسچىتتە ، باللار توغرىسىدا يەنە يېڭى خەۋەر ئاڭلىدى . «ساي مەسچىت»نىڭ يېنىدا «ئۇلاشىم قاراقچى» دېگەن قورقۇمسىز يىگىت قۇۋاننىياز هاجىدىن قالغان مىلتىقى بىلەن تۇڭگانلارغا ئوق چىقارغانىمىش . تۇڭگانلار ئوپۇر-توپۇر بولۇپ كەتكەنىمىش . پۇرسەتتىن پايدىلانغان تۇتقۇن باللار قېچىپ تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتكەنىمىش . بەزىسى ئۇلاشىمغا ئەگىشىپ ، غىياستانلىققا كىرىپ كەتكەنىمىش ...

بۇ هەر هالدا خېلى ياخشى خەۋەر ئىدى . باللار قېچىپلا كېتەلىگەن بولسا بىرەر يەردە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالالايتتى . پۇرسەت تاپسا ئۆي-مەهەللىلەرگىمۇ قايتىپ كېلەلەيتتى . خەلپەم ئوغلىدىن بىزە خاتىرجەم بولۇپ ، قۇدىسىنىڭ هويلىسىغا قەدەم قويدى . مەلۇم بولدىكى ، نەۋرە تېخى تۇغۇلمىغان . ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىق مۇبارەك قەدەملىرى نېمىشقىدۇر كېچىككەنىدى .

زەينەپبۇۋىنىڭ ئېيتىشىچە، تولغاق توختاپ كېلىن بالا تىنچلىنىپ قاپتۇ. ئەركەك قۇدا پەيزۇللاخۇن ئاچما يەردىكى قوناقلىقنى سۇغارغىلى كەتكەن يېرىدىن ھازىرغىچە قايتماپتۇ. پەۋقۇلئاددە ئىش يۈز بېرىپ قالسا، يۈرەك ـ ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن قۇناخۇن خەلپەمنىڭ مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىشى زۆرۈر ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ خەلپەم ئۆيگە قايتمىدى، مېھمانخانىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، كېلىن بالىنىڭ ئوڭايراق يەڭگىشىنى، نەۋرىسىنىڭ تېزرەك كۆز ئېچىشىنى تىلەپ ئولتۇردى.

زەينەپبۇۋى ھايالشىمايلا مەرھۇم سۇپۇرگە ئاخۇنىنىڭ ئايالى، مۇشۇ مەھەللىدىكى قولى ئەپچىل تۇغۇت ئانىسى سەلىمە خېنىمنى باشلاپ كەلدى. ئۈچ ئايال يېڭى كەلگۈچىگە زۆرۈر بولىدىغان كۆرپە-يۆگەكلەرنى، ئىسسىق سۇ ۋە كىندىك كېسىدىغان قومۇش يېرىندىسىنى تەييارلاشقا كىرىشكەندە، قاياقلاردىندۇر ئېتىلغان ئىككى پاي مىلتىق ئاۋازى «توپا» ئاسمىنىدا ۋاڭىلداپ ئەكس سادا قايتۇردى. مىلتىق گويا پەيزۇللاكامنىڭ ئۆگزىسىدىلا ئېتىلغاندەك تۇيۇلدى. كېلىن بالا چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئاچتى، يەنە تولغاق تۇتۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا قۇناخۇن خەلپەم ئاللىقاچان ھويلىغا چىقىپ بولغانىدى. كوچىدىن ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. كىمدۇر ئات چاپتۇرۇپ، «مالىك ئاخۇنىنىڭ كوچىسى» تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىدىن توپ-توپ ئاتلارنىڭ ناغرا چالغاندەك دۈكۈرلەشكىنى، ما خۇسەنچىلەرنىڭ «شا، شا» دەپ ۋارقىراشقىنى ئاڭلاندى. ھوشۇر باينىڭ بېغىدىكى تاغىل ئىت ھاۋشىپ كەتتى. قونداقتىكى توخۇلار قاقاقلاپ مەھەللىنى بېشىغا كىيدى.

قۇناخۇن خەلپەمگە «ما خۇسەنچىلەر»نىڭ يەنە ئادەم تۇتقىلى چىققانلىقى ئايان بولدى. بۇ يەردە قاراپ تۇرغانىنىڭ پايدىسى يوق ئىدى، بەلكى ئۆزىگە بالا تېپىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئۆيگە

كىرىپ كەتمەكچى ، ئاياللارنى خاتىرجەم قىلماقچى بولدى . دەل شۇ چاغدا ھوشۇربايىنىڭ بىغى تەرەپتىكى چىتەن پاراسلاپ كەتتى . كىمنىڭدۇر پەيزۇللاكامنىڭ قورۇسىغا ئۆتكەنلىكى سېزىلىپ ، قۇناخۇن خەلپەم شۇ تەرەپكە قارىدى . بىر قارا كۆلەڭگە ...

— كىمسەن ؟

— دادا ...

— ئەھمەد ؟

— دادا ...

ئۇلار ئۆزىنى دەرھال ئايۋانغا ئالدى . خەلپەم ئۇزۇن دەم بىلەن ئىشىكنى تاقىدى .

— خۇداغا شۇكرى قۇتۇلۇپسەن ـ دە ، بالام .

— قېچىپ كەلدىم ، ھەممىمىز قاچتۇق ...

ئىچكىرىدىن زەينەپبۇۋى چىراغ كۆتۈرۈپ چىقتى . ئەھمەدنى ، ئۇنىڭ يۈز-كۆزىدىكى قان-يارىلارنى كۆرۈپلا «ۋاي بالام» دەپ ۋارقىراپ كەتتى .

— ھۇش ... ھۇش ، سىرتتا «ما خۇسەنچىلەر» ... ، — ئاگاھلاندۇردى قۇناخۇن خەلپەم .

— ھەممىڭلار مۇشۇ يەردىكەنسىلەر ـ دە ، نېمە ئىش بولدى ؟

— ھەيران بولۇپ سورىدى ئەھمەد .

— كېلىن بالام ... كېلىن بالام ...

دەل شۇ چاغدا ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن بوۋاقنىڭ «ئىڭگە ... ئىڭگە» دېگەن زىل ئاۋازى ئاڭلاندى . ئەھمەد چۆشەندى . قۇناخۇن خەلپەممۇ ، زەينەپبۇۋىمۇ چۈشەندى . ئۇلار ئالدىراش ساراي ئۆيگە كىرىشتى .

— ئوغۇل ، قىيقاس-چۇقان بىلەن كەلدى ئالەمگە ! — سەلىمە خېنىم دۇنياغا يېڭى قەدەم تەشرىپ قىلغۇچىنى يۇمشاق

ئالىقانلىرىدا تۇتۇپ تۇراتتى . ئۇ بولسا توختىماي ئىڭڭەلەيتتى . شۇ پەيتتە يورۇق ئالەمگە قەدەم تەشرىپ قىلغۇچىنى مۇبارەكلەش ، ئاتا بولغۇچى ، ئانا بولغۇچىنىڭ ئۆمۈرلۈك خۇشاللىقىغا ھەمدەم بولۇش ، بوۋا-موملارنىڭ چېھرىدىكى مەمنۇنلۇق كۈلكىلىرىدىن لەززەتلىنىش ، نەسەبنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقىغا تەنتەنە قىلىش كېرەك ئىدى . ئەپسۇسكى ، ئىمكان بولمىدى . مىلتىق پاينىكى بىلەن ئەگۈنگە ئۇرۇشتىن چىققان قاتتىق ئاۋاز ساراي ئۆيدىن ئاشۇ بىر دەقىقىلىق خۇشاللىقنى قوغلاپ چىقاردى . سارايغا ۋەھىمە ، ئەنسىزلىك ، قورقۇنچ تولدى . ياش ئاتا ئارقا ئىشىكتىن ئۆزىنى قاراڭغۇ باغقا ئاتتى . مويسىپىت بوۋا قاتتىق ئۇرۇلۇۋاتقان ئەگۈننى ئېچىش ئۈچۈن ماڭدى . بوۋاق بولسا قەھرى بىلەن ئىڭڭەلەيتتى ...

ئالىم بەگ باشلاپ كىرگەن ما خۇسەن ئەسكەرلىرى ھويلا-ئايۋانلارنى ئاختۇردى ، ساراي ئۆيگە بېسىپ كىرىپ قاتتىق ۋارقىرىدى :

— نېمە ئۈچۈن چىراغ يېقىشتىڭ ؟

— ئىڭڭە ، ئىڭڭە ، ئىڭڭە ... — ئالىم بەگنىڭ ۋارقىرىشىغا بوۋاق قەھرى بىلەن ئىڭڭەلەپ جاۋاب بەردى . قۇناخۇن خەلپەم «كېلىن بالىنىڭ ھازىرلا كۆزى يورۇدى» دەپ جاۋاب بەردى . جىنەستىخان «قىزىم ھازىرلا يەڭگىدى» دەپ جاۋاب قايتۇردى . سەلىمە خېنىم كىندىكى ھېلىلا بوغۇلغان-كېسىلگەن بوۋاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆرسەتتى ...

خۇداغا شۈكۈر ، ئاشۇ ما خۇسەنچىلەردە ئادەمىيلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى توزۇندىلىرى بولسىمۇ ساقلىنىپ قالغانلىقىغا ، بۇ دۇنياغا يېڭىلا قەدەم تەشرىپ قىلغان بوۋاقتا تەڭلەنگەن بەشئاتارنىڭ تەپكىسىنى باسمىغانلىقىغا ، يېڭىلا تۇغۇپ ، قان - زەرداپ ئىچىدە

يـاتقان ياش ئاننى ، ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇۋاتقان مومىلارنى ، ئـىـشـىـك ئـاچـقان قۇناخۇن خەلپەمنى تۇتقۇن قىلىپ ھەيدەپ ماڭمىغانلىقىغا شۈكرى …

ئالىم بەگ غالچا ۋە ما خۇسەن ئەسكەرلىرى كۆپ تاقاراشمايلا بۇ دۇنـيـاغا يېڭى قەدەم تەشرىپ قىلغۇچىنىڭ يېنىدىن يېنىپ چىقتى . ئۇنى قويۇپ ، ئۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى بۇ دۇنياغا كەلگەنلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى .

ئـۇلارنـى قـويـۇپ تـۇرايـلـى . ئۇلارنىڭ قانخورلۇقلىرى ، ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشلىرى ، تۇتۇپ - باغلاپ ھەپسە - زىندانلارغا قـامـاشـلـىرى دۇنيانى ئاخىرلاشتۇرالمايدۇ . يېڭى تۇغۇلغانلار ، دۇنـيـاغـا يـېـڭـىـدىـن كۆز ئاچقانلار ھاياتنى داۋاملاشتۇرىدۇ ، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . بىز ئەڭ ياخشىسى ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ دۈشمەنلىرىنى كۆزدىن ساقىت قىلىپ ، ئىنسانىيەت ئالىمىنى داۋاملاشتۇرغۇچىلار ھەققىدە توختىلايلى .

شـۇنـداق قـىـلـىـپ ، ئـانـارلـىق باغلار بىلەن پۈركەنگەن پەيزۇللاكامنىڭ يوغان تېرەكلىك ھويلىسىدا ، قۇناخۇن خەلپەمنىڭ نەۋرىسى ، ئەھمەد خەلپىنىڭ ئوغلى دۇنياغا كۆز ئاچتى ، كېلىن بـالا مـەرەمخاننىڭ يۈرەك - باغرىنى يېرىپ بۇ دۇنياغا چىقىپ كـەلدى . ئۇ زۇلۇم - زۇلمەت ھۆكۈم سۈرگەن يېرىم كېچىدە تۇغۇلدى . يىغلاپ - ئىڭگەلەپ تۇغۇلۇشىدىكى سەۋەب شۇ بولۇشى مۇمـكـىـن . ئـەمـەلـىـيـەتتىمۇ ھەممە بالىلار ئىڭگەلەپ-يىغلاپ تـۇغـۇلىدۇ . مۇشۇ يىغلاپ تۇغۇلۇش ھەققىدە لۇتفىنىڭ تولىمۇ گۈزەل بىر رۇبائىيسى بار :

«يادىڭدىدۇر بەلكى سەن تۇغۇلغان ئان ،
ھەممە كۈلگەنىدى ، پەقەت سەنلا يىغلىغان .

شۇنداق ياشىغىنىڭكى ، كېتەر چېغىڭدا ،
ھەممە يىغلاپ ماڭسۇن ، سەن ماڭغىن خەندان . »

گەپ مانا شۇ . راست ، تۇغۇلغاندا ، ئۆزىلا يىغلاپ باشقىلار كۈلىدۇ . كەتكەندە بولسا ، باشقىلار يىغلايدۇ ، كۆز ياش تۆكىدۇ ، ئۆزى بولسا كۈلۈشى كېرەك . بىزنىڭ بوۋىقىمىزنىڭ ھايات قىسمەتلىرى قانداق بولىدۇ ؟ قېنى ئۇنىڭ ھايات يوللىرىغا قاراپ باقايلى .

بۇ بابنىڭ ئاخىرىغا شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى ، بالا تۇغۇلۇپ يەتتە كۈن ئۆتكەندە ، ئۇنىڭغا «زېرەك ئاخۇن» دەپ ئات قويۇلدى . قۇناخۇن خەلپەم ئايۋاننىڭ جەگىسىگە «پەرزەنتىمىز زېرەك ئاخۇن ھىجرىيىنىڭ 1354 -يىلى رامىزان ئېيىدا تەۋەللۇت بولدى» دەپ يېزىپ قويدى .

## 3. بالىلىق ئۆي — بازار

قۇناخۇن خەلپەم بىلەن پەيزۇللاكام بىر كېچىدىلا بوۋىغا ئايلاندى . زەينەپبۇۋى بىلەن جىنەستىخانمۇ مومىغا ئايلاندى . «بوۋاي» ، «موماي» دەپ ئاتالغۇدەك قېرىپقۇ كېتىشمىدى . ئەمدىلا قىرىققا ئۇلاشقانلار قانداقچە قېرى ھېسابلانسۇن ؟ ئەمما نەۋرىلىك بولدى-دە ، نەۋرە چۈچۈك تىللىرى بىلەن «بوۋا» ، «موما !» دەپ چاقىرماي قانداق چاقىرىدۇ ؟ قۇناخۇن خەلپەم كېچە زەينەپبۇۋىگە : «ئەمدى مومايغا ئايلاندىڭلار !» دەپ چاقچاق قىلغاندا ، زەينەپبۇۋىمۇ : «ئۆزلىرىمۇ بوۋىغا ئايلاندىلا» دەپ كۈلۈمسىرىدى . ئۆي خۇشاللىققا تولدى . ئاشۇ چاقچاق ، ئاشۇ كۈلۈمسىرەشلەردە مەمنۇنلۇق ، رازىلىق ، ئىپتىخارلىق يەنە تىل

بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل شېرىن تۇيغۇ بار ئىدى . «قارىسىلا ، كۈلۈمسىرىدى » ، «قارىسىلا ، كۈلدى » ، «قارىسىلا ، ئىملەكلىدى » ، «قارىسىلا ، تام ياقىلىدى » دەپ خەۋەر قىلاتتى زەينەپبۇۋى قۇناخۇن خەلپەمگە . بوۋاي بىلەن موماي نەۋرىسىنى بېقىپ چوڭ قىلىشنىمۇ ، تەربىيلەشنىمۇ زىممىسىگە ئالدى . بۇ ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئادەت ئىدى . پەرزەنتلەرنى كىچىكلا تويلاپ ، ھۇجرىغا ئەكىرىپ قويىدىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇ ئادەت نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى . دېمىسىمۇ بىردىنلا ئاتا ـ ئانىغا ئايلانغان ياش ئوغۇل ۋە ياش كېلىن ئۆز بالىسىنى بېقىپ چوڭ قىلغۇدەك ، ئۇلارنى تەربىيلىگۈدەك تەجرىبىگىمۇ ، ئۇنى بېقىپ قاتارغا قوشقۇدەك روزغارغىمۇ ، شارائىتقىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى . بۇ ۋەزىپە مۇقەررەر ھالدا قۇناخۇن خەلپەم بىلەن زەينەپبۇۋىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى . شۇنداق قىلسۇن ، بالىنىڭ پوق-سۈيدۈكلىرىنى ئادالىسۇن ، ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ پەپىلىسۇن ، تېخى يەنە كەلگۈسىدە تەربىيلىسۇن ، جاپا تارتسىمۇ مەيلى .

ئەمما ئىش بۇ يەردىلا ئەمەس ئىدى . بۇ دۇنياغا يېڭى كەلگۈچى ئۆزى بىلەن بىللە تىلسىمدەك سىرلىق ، ئاتەشتەك ئوتلۇق ، يۈرەكتەك قىزغىن بىر نەرسىنى ئەكەلگەنىدى . ئاشۇ نەرسە ئەتراپقا خۇددى قىش كۈنلىرى تەكلىماكاندا ياققان گۈلخاندەك يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق تارقىتاتتى ، گۈلخان ئەتراپىدىكىلەرنى يورۇتاتتى ، ئۇلارغا ئىسسىقلىق ئۆتكۈزەتتى ، ئۇلارنى بارغانچە گۈلخانغا يېقىن كېلىشكە جەلپ قىلاتتى ، تومۇرنى تارتقان ئاھەڭرەبادەك تارتاتتى . ئاشۇ نەرسە كىشىلەر «بالا مېھرى ، پەرزەنت مېھرى » دەپ ئاتىغان تۇيغۇنىڭ دەل ئۆزى ئىدى . بۇ ئاجايىپ تۇيغۇ ئىدى . ھەرقانداق ئىنسان بالىسى بىلىپ-بىلمەي ئاشۇ تۇيغۇنىڭ قۇلىغا ، ئاشۇ

تۇيغۇنىڭ ئەڭ سادىق مۇخلىسىغا ، ئاشۇ تۇيغۇنىڭ ئۆمۈرلۈك پەرۋانىسىگە ئايلىناتتى . قوناخون خەلپەم بىلەن زەينەپبۇۋىمۇ ، پەيزۇللاكام بىلەن جىنەستىخانىمۇ ، ھەتتا ياشقىنە ئەھمەد بالا بىلەن مەرەم كېلىنىمۇ شۇنداق بولۇۋاتاتتى . زىرەكنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى . ئۇتقا ئۆزىنى ئۇرغان پەرۋانە كۆيۈشنى بىلمەسمۇ ؟ بىلەتتى . لېكىن ئىزدىگەن نەرسە دەل ئاشۇ ئوتتا ئىدى ، ئاشۇ كۆيۈشتە ئىدى . بەلكىم بەخت دېگەنلىرى شۇ بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى بەخت ئېرىشكەن مەقسەتتە ، يەتكەن مەنزىلدە پەيدا بولىدۇ ئەمەسمۇ . غۇبارسىز كۈلكىلەر ، شوخلۇق بىلەن ئىملەكلەشلەر ، چۈشىنىكسىز گۈڭۈلداشلار بوۋا بولغۇچىنىڭ ، ئانا بولغۇچىنىڭ ، موما بولغۇچىنىڭ قەلبىگە ئاشۇ سىرلىق پەرزەنت مېھرىنى باشلاپ كىرەتتى ، پەرزەنت مېھرىنى بارغانچە كۈچەيتەتتى ۋە ھەممە غەملەرنى ئۇنتۇلدۇراتتى . زىرەك تايتاڭلاپ ماڭدى . «دەددە ، دەددە» دەپ تىلى چىقتى . ئۇنىڭ «دەددە» دېگىنى قوناخون خەلپەم ئىدى . بالا تېخى ئۆز ئاتىسىنى تۇزۇكرەك كۆرمىگەن ، ھەتتا تونۇشقا ئۇلگۇرمىگەنىدى . ئەھمەد خەلپە بىلەن يۇسۇپ خەلپە ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىشىدىن قېچىپ «غىياستانلىق» دېگەن يەردىكى توغراقلىقتا يوشۇرۇنۇپ يۈرەتتى ، يوشۇرۇنماي بولمايتتى . ھەر ئىككى كەتمەن يەرگە بىردىن ئەسكەر بېرىش ئالۋىنىنى سېلىپ ئورۇندىتالمىغان ما خۇسەن ئەمدى يۇرتمۇ يۇرت ، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ئەسكەر ، ھۈنەرۋەن ، چاكار تۇتۇشقا كىرىشكەنىدى . تۇتۇلۇپ قالغانلار ئىز-دېرەكسىز غايىب بولاتتى . كۆپلىرى تىرىك كىرىپ ئۆلۈكى چىقاتتى . شۇڭا يۇرتتىكى ئەسكەرلىككە يارىغۇدەك ياشلارنىڭ ھەممىسى چۆل-توغراقلىقلارغا ، تاغ-يايلاقلارغا قېچىپ كېتىشكەنىدى . ئەھمەد خەلپە بىلەن يۇسۇپ خەلپىمۇ ئاشۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدى . ئۇلار يىگىرمە-ئوتتۇز كۈندە

بىر قېتىم توۋن نىسپىدە خۇددى جىندەك شەپىسىز پەيدا بولاتتى - دە ، كۆمەچ كۆمىدىغان ئۇننى غەملەۋېلىپ يەنە غىپپىدە كېتىپ قالاتتى . ئەھمەد خەلپە پەيدا بولغان يېرىم كېچىدە ، زېرەك تاتلىق ، غەمسىز ، شېرىن ئۇيقۇدا بۆشۈكتە ياتقان بولاتتى . ئۇخلاپ ياتقان زېرەك ئاتىسىنىڭ چىرايىنى قانداق كۆرسۇن ؟

زېرەكنىڭ «دەددە ، دەددە» دېيىشلىرى قۇناخۇن خەلپەمگە قارىتىلغانىدى . قۇناخۇن خەلپەم ما خۇسەننىڭ ئەسكەر ، ئاتلىرى ئۇچۇن غەللە ، باج ، ئۆشرە ، جۆرىمە ئاشلىق ، بوغۇز ، قوناق ، ئارپا-كېپەك ، پىچان-سامان ، ئوتۇن-شاخ ئاپارغان يېرىدىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەندە ، ئاشۇ «دەددە ، دەددە» دېگەن ئاۋازنى بىر ئاڭلىسىلا ، ھەممە ھاردۇقى ، ھەممە دەرد - ئەلەمى نەلەرگىدۇر غايىب بولاتتى . ئۇ نەۋرىسىنى باغرىغا باساتتى ، ئۇزۇن ۋە يىرىك ساقاللىرىنى نەۋرىسىنىڭ يۇزىگە ، بوينىغا ، قورساقلىرىغا تەگكۈزۈپ غىدىقلايتتى . بالا قاقاقلاپ كۇلەتتى ، بوۋىسىنىڭ دولىسىغا يامىشىپ چىقىۋېلىپ «تۆگە تايلاق» بولۇۋالاتتى ۋە يەنە قاقاقلاپ كۇلەتتى ، ئۆي بازار خۇشاللىقىغا چۆمۈلەتتى ...

زېرەكنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىغا ئەرمەك بولۇپ ، قۇناخۇن خەلپەم ما خۇسەنىنىڭ بۇلاڭ-تالىڭىدىن قان-ياشقا تولغان يىللىرىنىڭ قانداق ئاخىرلاشقانلىقىنى ، شىڭ دۇبەننىڭ كېچىسى ئادەم تۇتۇپ ، تام ياقىسىغا تىرىك كۆمۇپ يۇرگەنلىرىنى تۇيماي قالدى . يەنە تالاي غەم ، تۇمەن ئەندىشىلەرنى سەزمەي قالدى .

زېرەك بۇ ئائىلىگە ھەقىقەتەن خۇشاللىق باشلاپ كەلگەنىدى . تۇغان ئېچىلغاندىن كېيىن سۇ ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇرغاندەك ، خۇشاللىقنىڭ ئاخىرى ئۇزۇلمىدى . زېرەك تۇغۇلۇپ ئىككى يىل ئۆتكەندە ، كېلىن بالا مەرەمخان يەنە بىر قىز تۇغدى . بۇۋىگۇل دەپ ئىسىم قويۇلدى . ئوغۇل نەۋرە خۇشاللىقىغا قىز نەۋرە

خۇشاللىقى قوشۇلدى. يەنە تېخى كىچىك ئوغۇل يۇسۇپ خەلپىمۇ بالا يۈزى كۆردى. قۇناخۇن خەلپەم نەۋرىلەرگە ئىپتىخار بىلەن قاراپ يۈرەتتى ۋە كۆڭلىگە شېرىن خىياللارنى پۈكەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ چوڭ ئوغلى ئەھمەدنى ئوقۇتماي دېھقانچىلىققا سالغانىدى. كىچىك ئوغلى يۇسۇپنى ئوقۇتتى. لېكىن ئۇ كېسەلچان، تېنى ئاجىز بولغاچقا ئىلىم تەھسىل قىلىشتا كامالەت تاپالمىدى. بۇنىڭدىن قۇناخۇن خەلپەمنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ھەممە ئۈمىدىنى زىيـــرەككە باغلىدى. ئۇنى ئوقۇتۇشنى، خوتەن، قەشقەرلەردىكى داڭلىــق مەدرىسىلەرگە ئەۋەتىپ ئىلىم تەھسىل قىلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنى تەربىيىلەشكە بەكلا بالدۇر تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئۆيدە بىكار ئولتۇرغان چاغلاردا بولسۇن ياكى نەۋرىسىنى يېتىلەپ ئېتىز-باغلارنى ئارىلىغان چاغلاردا بولسۇن، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارغا بارغاندا بولسۇن، ئۇششاق سۈرىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇغاچ ماڭاتتى. چوڭ دادىسى قايسىسىنى ئوقۇسا كىچىك زېرەك چۈچۈك تىللىرى بىلەن شۇنى تەكرارلايتتى. كىچىك چاغدا ئوڭاي ئەستە قالىدۇ. ئەقىللىقراق بالا بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، كۆپ بولسا ئۈچ قېتىم تەكرارلىسا ئەستە قالدۇرالايدۇ.

نەۋرىسىنىڭ ئەقىل-ھوشى جايىدا ئىدى. شۇنداق ئىكەن، قۇناخۇن خەلپەم كۆپ ھەرەج تارتىپ يۈرمەيتتى. زېرەك ئالتە ياشتىن ھالقىماي تۇرۇپلا ئۇششاق سۈرىلەرنى يادلاپ بولدى. تېخى قۇناخۇن خەلپەمنى دوراپ، شۇ سۈرىلەرنى قىرائەت ئاۋازى بىلەن سوزۇپ-سوزۇپ ئوقۇپ قوياتتى.

بۇ يەردە ئىككى مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش تولىمۇ زۆرۈر. بۇنىڭ بىرىنچىسى، تەربىيە مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى

مەسىلىسى. بۇگۇنكى مائارىپ ئەھۋالىنى، سىياسەت-بەلگىلىمىلەرنى ئاساس قىلىپ، بۇنىڭدىن ئاتمىش نەچچە يىل بۇرۇن قۇناخۇن خەلپەم تەكلىماكاننىڭ چېتىدىكى ئاشۇ خىلۋەت يېزىدا ئېلىپ بارغان تەربىيە ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنىغا باھا بېرىش ئەلۋەتتە زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ كەتكەنلىك بولىدۇ. ئاشۇ زامانلاردا ۋە ئاشۇ ماكانلاردا تەربىيە مەزمۇنى، تەربىيە ئۇسۇلى دەل ئاشۇ قۇناخۇن خەلپەم ئېلىپ بارغاندەك بولاتتى. بۇ مىڭ يىللار داۋام قىلىپ كەلگەن، شۇ ماكان كىشىلىرىنىڭ ئەللىك-ئاتمىش ئەۋلادىنى تەربىيىلىگەن، كىشىلەرنىڭ قان-قېنى (بۇگۇنكى سۆز بىلەن ئېيتقاندا گېنى)غا سىڭىپ كەتكەن تەربىيە مەزمۇنى ئىدى. باشقىچە بولۇشى ياكى ھازىرقىدەك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھازىرقىدەك بولۇشىغا ئىمكانىيەتمۇ يوق ئىدى. راست، زېرەك تۇغۇلغان 1935-يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭدا، زېرەك ئۈچ ياشقا كىرگەن 1938-يىلىدىن باشلاپ خوتەن دىيارىدا، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مائارىپى» دەپ ئاتىلىۋاتقان مائارىپ بويىچە مەكتەپلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقى ۋە يېڭىچە مەزمۇن ھەم ئۇسۇلدا بالا تەربىيىلەشكە كىرىشكىنى مەلۇم، ئەمما بۇنداق مەكتەپ تېخى قۇناخۇن خەلپەمنىڭ مەھەللىسى «توپا» دا يوق ئىدى. شۇڭا بىز قۇناخۇن خەلپەم نەۋرە ئوغلىنى تەربىيىلىگەن تەربىيە مەزمۇنىنى تىلغا ئالماسلىقنى ياكى ئۇنى ئەيىبلەشكە ھەقلىق ئەمەسمىز. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، مەيلى قۇناخۇن خەلپەمچە تەربىيە بولسۇن ۋە ياكى ھازىرقى زامان مائارىپچە تەربىيە بولسۇن ئۇنىڭ كىتابىي مەزمۇنلارنى ئۆزلەشتۇرگۇزۇش مەقسىتىدىن باشقا مەقسەتلىرى تامامەن ئوخشاش، يەنى ئەقىل-ئىدراكنى يېتىشتۇرۇش، ئەستە تۇتۇشنى چېنىقتۇرۇش، مۇلاھىزە قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇش، ياخشى-يامانىنى پەرقلەندۇرۇش

ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ، ئادەمنى كامالەت تاپقۇزۇش قاتارلىق مەقسەتلىرى ئوخشاش .

ئىككىنچى مەسىلە ، بالا تەربىيىلەشنى بەكلا كىچىكىدىن باشلاش مەسىلىسى . يەتمىش يىل ئىلگىرى قۇناخۇن خەلپەم تەربىيىنى بالدۇر باشلاشنىڭ ئەۋزەللىكىنى نەدىن بىلگەن؟ بۇ سوئال بىزنى خېلىلا تەئەججۇپكە سالىدۇ ۋە ئۇ ئېرىشكەن نەتىجە بىزنى ئوخشاشلا ھەيرەتكە سالىدۇ . قۇناخۇن خەلپەم ئۆز نەۋرىسىگە «نەۋائى» دىن ، «سوپىئاللايار» دىن ، «مۇبەييەن» دىن غەزەللەر يادلىتاتتى . قۇناخۇن خەلپەمنىڭ نەۋرىسى تا بۈگۈنگىچە ، يەتمىش ياشقا ئۇلاشقان كۈنلەردىمۇ يۇقىرىقى كىتابلارنىڭ بىرنەچچە غەزەللىرىنى يادلاپ بېرەلەيدۇ . بۇۋىسىنىڭ قانداق ئۆگەتكەنلىرىنى ، قانداق يادلاتقانلىرىنى ، قانداق تەربىيىلىگەنلىرىنى ئەسلەپ بېرەلەيدۇ . مانا بۇ «كىچىكىدە ئۆگەنگەن بىلىم — تاشقا ئويغان نەقىشتەك ئورناپ قالىدۇ» دېگەننىڭ دەل ئۆزى .

كىچىك زېرەك قۇناخۇن خەلپەمنىڭ تەربىيىسىدە پەللىمۇ پەللە ئۆرلەيتتى ، يېڭى-يېڭى مەزمۇنلارغا كۆچەتتى . قۇناخۇن خەلپەم ئەمدى نەۋرىسىگە ئەرەبي ، پارسي ، تۈركي گەپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشكەنىدى . ئۆزى يادلاتقۇزغان ئايەت-سۈرىلەرنىڭ ، غەزەل-شېئىرلارنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشىنىشكە ئاشۇ گەپلەرسىز يەتكىلى بولمايتتى . نەۋرىسى ئاشۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشى ، كىتابتىن ئوقۇغانلارغا مەنە ئېيتالايدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى . زېرەكمۇ بوۋىسى ئۆگەتكەن ھەربىر گەپنى ئېسىدە مەھكەم ساقلايتتى ۋە ئانىسىغا ، مومىسىغا سۆزلەپ ، يېشىپ بېرەتتى . زەينەپبۇۋى نەۋرىسىنىڭ چۈچۈك ، تاتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سۆيۈنەتتى . ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ

تاتلىق تىلەكلەرنى تىلەيتتى . بالىغا كۆز تېگىشتىن ئەنسىرەپ ، ھەر چارشەنبە كۈنى دەرۋازىنىڭ ئىچى-سىرتىدىن «يول تەمىچى» تېرىپ ، سەندەل ياغىچى ، ئادراسمان شېخى قوشۇپ ئىسرىق سالاتتى . «كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن ، ئاغزى يامانىنىڭ سۆزىدىن ، ئىچى يامانىنىڭ ئوتىدىن ساقلىغايسەن !» دەپ كىچىك زېرەكنى ئىسرىقلايتتى . بۆكىگە «كۆزمونچاق» تىكىپ ، بوينىغا «تىلتۇمار» ئېسىپ قوياتتى . ئەمما زەينەپبۇۋىنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ رولى بولمىدى .

## 4 . كۆز تېگىش

بالىغا كۆز تەگدى . كىچىك زېرەككىلا ئەمەس ، ئۇنىڭ سىڭلىسى بۇۋىگۈلگىمۇ كۆز تەگدى . چىرىيىدە ، «توپا» دا تارقالغان كېزىك قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ھويلىسىغىمۇ قول سوزۇپ ، كىچىك زېرەككە چاڭگال سالدى ، بۇۋىگۈلگىمۇ چاڭگال سالدى . كىچىك زېرەك ئىسسىداپ يېتىپ قالدى ، كۆڭلى ئېلىشاتتى ، پات-پات ھوش بولۇپ ياندۇراتتى . ئاشقازىنىدا ھېچنېمە بولمىغاچقا سۇلا ياناتتى . قۇسۇقىنىڭ رەڭگى كۈز كۈنلىرى «كۆل ئېرىق» تا سۇزۇلۇپ ئاققان سۇدەك يېشىل ئىدى . ئارقىدىنلا بالىنىڭ ئىچى سۈرۈپ كەتتى ، ئاغزى قۇرۇپ ، توختىماي سۇ تەلەپ قىلاتتى ، ئىسسىتمىسى كۆچىيىپ ، ئوت-كاۋاپ بولۇپ كېتەتتى .

قۇناخۇن خەلپەم بىلەن زەينەپبۇۋى ئەنسىزلىككە چۈشتى . ياش ئەھمەد خەلپە بىلەن مەرەم كېلىنمۇ ئەنسىرەپ قالدى . كاشكاپ ، ئانار شەربىتى ، ماش شورپىسى ئىچۈرۈشتى . ئاشۇ چاغلاردا «توپا» لىقلار بىلىدىغان ھەممە زىماتلارنى قىلىپ كۆرۈشتى ، بالىلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك پىرقىراشتى . «خۇدا ،

نەۋرىلىرىمنى پاناھىڭدا ساقلا » دەپ دۇئا قىلاتتى قوناخون خەلپەم . «خۇدا ، نەۋرىلىرىمگە سالامەتلىك ، ئائىلىمىزگە ئامانلىق ئاتا قىل » دەپ سىغىناتتى زەينەپبوۋى . خۇدا بالىلىرىمىزغا سالامەتلىك ئاتا قىلىدۇ ، ئۆزى سالغان كېسەلنى ئۆزى ئالىدۇ ، خۇدانىڭ ئىرادىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، ھەممىنى ئوڭشىغۇچى ياراتقۇچىنىڭ ئۆزىدۇر دەپ ئويلىشاتتى ئۇلار .

ئۈچ كۈن ئۆتتى ، بەش كۈن ئۆتتى ، يەتتە كۈن ئۆتتى ، بالىلار ھېلى سوۋۇپ ، ھېلى قىزىپ يېتىشاتتى . ئۇلار تاماقتىن قالغان ، پەقەت يۇمغاقسۈت سېلىپ ئەتكەن كاشكاپ ئېشىنىڭ سۈيىنىلا ئىچەتتى ، ئىچەتتىيۇ ئارقىدىنلا ھۆ بولۇپ ياندۇراتتى ، يەنە ئىسسىمداشقا باشلايتتى .

كېسەل تېگىپ سەككىزىنچى كۈنى تۆت ياشلىق بوۋىگۈل نەپەستىن قالدى . ئاخىرقى نەپەسلىرىدە ، ئاغزىنى «چاك ··· چاك ··· چاك ··· » ئاچتى . قوشقاچنىڭ يېتىم بالىسىدەك چاكىلداپ-چاكىلداپ پەسىيىپ قالدى . قوشۇق بىلەن ئىچۈرۈلگەن سۇ جاۋغايلىرىدىن يامراپ ، گېلىدىن ئۆتمىدى . كۆزلىرى يۇمۇلغان ، چېھرى ئاق قاشتېشىدەك سۈزۈك ، جىسمى تولۇن ئايدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى . گۈزەل ، ئوماق ، پاك ، سەبىي بىر قىز ئاتا-ئانىسى ، بوۋا-مومىسى بىلەن ئۈن-تىنسىز خوشلاشقانىدى ···

ساقال-بۇرۇتلىرى ئىسسىق كۆز يېشىدىن نەملەنگەن قوناخون خەلپەم ئوماق نەۋرىسىنىڭ ئېگەكلىرىنى بۆز ياغلىق بىلەن تاڭغاندا ، زەينەپبوۋى بىلەن مەرەم كېلىن ئاندىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سەزدى . ئايۋاننى بىردىن ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى قاپلىدى . زەينەپبوۋى پەرياد ئۇراتتى . مەرەم كېلىن نالە قىلاتتى : «ئاھ بالام ، ئاھ بالام ، ئاھ بالام ، بىزنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ بالام ، قانداق چىداي ، ۋاي بالام ··· »

ئاھ ، بالا دەردى ! جاھاندا بالا مېھرىدىنمۇ ئارتۇق مۇھەببەت ، بالا جۇدالىقىدىنمۇ ئارتۇق دەرد بولامدۇ ؟ بالا مېھرىنى بالىسى بارلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ . بالا دەردىنى بولسا بالىسىدىن ئايرىلىپ باققانلارلا بىلىدۇ . بالاڭ ئۈچۈن ، باللار ئۈچۈن ياشىمىساڭ نېمىگە ياشايسەن بۇ دۇنيادا ! ئۇ سېنىڭ تۇنۇگۇنۇڭ ، ئۇلۇشكۇنۇڭ ، ئۆتمۇشۇڭ . بالاڭنىڭ ئوماق چىھرىگە ، پاك ، سەبىي ، گۈزەل چىھرىگە قاراپ تۇنۇگۇنۇڭنى ، ئۇلۇشكۇنۇڭنى ، ياشلىقىڭنى ، باللىقىڭنى كۆرىسەن . ئۇ سېنىڭ ئەتەڭ ، ئۆگۈنۇڭ ، كەلگۈسىڭ . سەن ئۇنىڭ بىغۇبار ، غەرەزسىز ، بىتەمە ھەرىكەتلىرىدىن ئەتەڭنى ، ئۆگۈنۇڭنى ، كەلگۈسىڭنى كۆرىسەن . ئۇ سېنىڭ ھەممەڭ ، بارلىقىڭ . بالا ئۈچۈن ، باللار ئۈچۈن قانچە ياشلار ، قانچە قانلار تۆكۈلمىگەن بۇ دۇنيادا ؟ بىلەمسەن ، دېڭىز-ئوكيانلار ئاشۇ ياشلاردىن ھاسىل بولغان ، دەريا-ئېقىنلار ئاشۇ قانلاردىن ھاسىل بولغان . ئەڭ ئېغىر دەرد — بالا دەردىدۇر . ئەڭ ئېغىر جۇدالىق بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتۇر . بالا قارىنىڭنى ، يۈرەك - باغرىڭنى يېرىپ چىقتى ، تاتلىق ، شېرىن ، ئوماق قىلىقلىرى بىلەن يەنە شۇ يۈرەك-باغرىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئورۇن ئالدى ، ساڭا ئۈمىد ، ئىپتىخار ، غۇرۇر ، خۇشاللىق بېغىشلىدى . ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىدىيالامسەن ؟

شۇ كۈنى قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ۋۇجۇدى بوران سوققان توغراقتەك تىترىدى . ياش ئەھمەد خەلپە دەمدەردەك بۇقۇلداپ ، مەرەم ئانا زەينەپتەك نالە قىلىپ ، زەينەپبۇۋى ئاھۇدەك ھۇ تارتىپ يىغلىدى . ئۇرۇق-تۇغقان ، قولۇم-قوشنىلارمۇ يىغلاشتى . ئەگەر تاملاردا ، ياغاچلاردا ھېسسىيات بولىدىغان بولسا ، ئۇلارمۇ ئېرىپ ، «كۆل ئېرىق» قا قوشۇلۇپ ئاققان ، ئانا دەردىگە ، ئاتا دەردىگە ھەمدەم بولۇپ نەرە تارتقان بولاتتى . ئاھ ، ئاھ ، ئەگەر بىللە

كەتكىلى بولىدىغان بولسا، ئانا بالىسى بىلەن بىللە كەتمەيتتىمۇ؟ ئاھ، ئەگەر كېسەلنى بۆلۈشۈۋالغىلى بولسا، ئاتا مەردانىلىك بىلەن ھەممە كېسەلنى ئۆزى تارتمايتتىمۇ؟ ئەپسۇس، كېسەلنى بۆلۈشۈۋالغىلى بولمايتتى. ئەپسۇس، كەتكەننىڭ ئارقىسىدىن بىللە كەتكىلى بولمايتتى. يەنە بىر بالا، يەنە بىر ئۈمىد، يەنە بىر چىراغ ئۇلارنى تۇتۇپ قالدى. ئۇلار ئاشۇ ئۈمىدنى باغرىغا بېسىشى، ئاشۇ چىراغنى پەپلەپ ياندۇرۇشى كېرەك ئىدى.

زىرەك يەنىلا ئوت-كاۋاپ بولۇپ ياتاتتى، يىغا-زارىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سەزگەن، بۇۋىگۈلنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندى، ئۆلۈمنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى غۇۋا چۈشىنەتتى. ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنى يەرنى چوڭقۇر كولاپ كۆمۈۋېتىدىغانلىقىنى كۆرگەندى. شۇڭا بۇۋىگۈلنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندە، كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى، بوغۇزىغا ئاچچىق، قاڭسىق بىر نەرسە كەپلەشكەندەك تۇيۇلدى، كۆز چاناقلىرىغا ياش تولدى. مۇسىبەت ئارىلىقىدا مەرەمخان ئانا ئۆزىنى زىرەكنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ «تىكەندەك يالغۇز قالغان بالام، ئېگىچە ـ سىڭىلسىز قالغان بالام» دەپ يىغا سالغاندا، ئۇمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. كۆز چاناقلىرىدىن تېشىپ چىققان ياش قۇلاقلىرىغا ئېقىپ چۈشتى. ئاھ، سىڭىل دەردى! سىڭىلدىن ئۆز كۆرۈنىدىغان يەنە بىر تۇغقان بارمۇ دۇنيادا! ئوماق سىڭلىسى بۇدرۇققىنا قوللىرىنى گىرە سېلىپ ئاكىسىغا ھاپاچ بولۇۋالاتتى، چۈچۈك تىللىرى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلاتتى، قېرىنداشلىق، تۇغقانچىلىق مېھرىنى يەتكۈزەتتى. ئاكىسىنى تاغدەك، ئەرشىئەلادەك چوڭ بىلەتتى، يۈرىكى پۈتۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى··· مانا ئەمدى سىڭلىسى كۆز يۇمدى، تىترەپ تۇرغان نازۇك ياپراق خازان بولدى··· زىرەك

ئـۆزىـنـى يەككە-يېگانە ھېس قىلدى… قانىتى سۇنغان قۇشتەك ھەسرەت چەكتى… ئاھ خۇدا بىر تال قىزىلگۈلنى پۇرىتىپ قويۇپ، يەنە تارتىۋالغىنىڭ نېمىسى!…

بۇۋىگۈلنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن زېرەكنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئوت - كاۋاپ بولاتتى، قۇساتتى، «سۇ، سـۇ» دەپ ئـىڭرايتتى. سۇ ئىچكەندىن كېيىن يەنە قۇساتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ ھوشىدىن كېتىپمۇ قالاتتى.

قۇناخۇن خەلپەم ئەمدى ساقلاپ تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىققان بىر سادا «سەۋەبىنىڭ ئالىمى بۇ، زىمات قىلماق كېرەك، زىمات قىلماق كېرەك» دەپ خىتاب قىلاتتى. ئۇمۇ بىر ھېسابتا تېۋىپ ئىدى. تومۇر تۇتۇشنى، غـىزا بۇيرۇپ كېسەل داۋالاشنى بىلەتتى، لېكىن ئىككى دۇنيا ئوتتۇرىسىدا جان تالىشىپ ياتقان زېرەككە قاراپ نېمە قىلىشنى بىـلـەلمەي قالدى. ئاخىرى ئۇ بىتاپ نەۋرىسىنى قوشنىلاردىن سورىۋالغان كۆتەك ھارۋىسىغا ياتقۇزۇپ چىرىيە بازىرىغا ئېلىپ ماڭدى. بۇ كەملەردە چىرىيە بازىرىدا غەربچە داۋالاشنى بىلىدىغان دوخـتـۇرمـۇ، دوخـتـۇرخـانـىـمـۇ يـوق ئـىـدى. پـەقـەت چىرىيە-كېرىيىلەرگىچە داڭق چىقارغان، چىرىيە «ھوجداركۆل» لىك ئابدۇرېھىم تېۋىپ داڭلىقراق ئىدى. بازار ئىچىدە ئابدۇرېھىم ئـاخـۇن كـەشـمـىر، قۇۋاننىياز ئاخۇن كەشمىر دېگەن تېۋىپلار تېۋىپلىق قىلاتتى. قۇناخۇن خەلپەم نەۋرىسىنى ئاشۇ ئابدۇرېھىم ئاخۇن كەشمىرنىڭ شىپاخانىسىغا ئېلىپ ماڭدى.

چىرىيە بازىرىغا كىرىدىغان يول «ئىشان خوجا مازىرى» نى يـانداپ ئۆتەتتى. ھارۋا «روزاجىنىڭ گۈمبىزى» نىڭ ئۇدۇلىغا كـەلگەندە، زېرەك كۆزلىرىنى قىيا ئاچتى. بۇ چاغدا قۇناخۇن خـەلپەممۇ، ھارۋا بىلەن بىللە كېلىۋاتقان باشقىلارمۇ توختاپ،

قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ، تېخى ياپراقلىرى قۇرۇپ ئۆلگۈرمىگەن خادا قادالغان يېڭى قەبرىگە دۇئا قىلىۋاتاتتى . زېرەك چۈشەندى . بۇۋىگۈلنى ئاشۇ يەرگە — قاقاس ، ئىسسىق قۇملۇققا كۆمۈشكەنلىرىنى بىلدى . «ئاھ بىچارە سىڭلىم ... ئىسسىق قۇملۇقتا قانداق چىداپ ياتقانسەن ؟ »

— دادا ، دادا ، — ئېغىز ئاچتى زېرەك . ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس ئىدى . شۇنداقتىمۇ قۇناخۇن خەلپەم ئېنىق ئاڭلىدى ، هارۋىدا ياتقان نەۋرىسى ئۇستىگە ئېڭىشتى .

— نىمە بولدىڭىز ، بالام ، ئۇسسىدىڭىزمۇ ؟ — خەلپەم قوللىرىنى بالىنىڭ پېشانىسىگە قويدى . زېرەك شۇ تاپتىمۇ كۆچلۈك ئىسسىتما دەستىدىن ئوت - كاۋاپ بولۇپ ياتاتتى .

— ياق ، دادا ، سىزدىن ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى . مەن ئۆلۈپ كەتكەندە ، مېنى ئاۋۇ قاقاسلىققا كۆممەي ، دەرەخلىككە ، سايىراق يەرگە كۆمسىڭىزكەن ، دادا . مەن ئاپتاپتىن ، ئىسسىقتىن بەك قورقىمەن . بولامدۇ ، دادا ؟...

قۇناخۇن خەلپەم كۆزلىرىدىن يامغۇردەك تۆكۈلگەن ياشنى تۇيماي قالدى . ۋۇجۇدى شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ كەتتى... نېمە دېيىشنى ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى . ئۇ بىتاب بولۇپ ياتقان نەۋرىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى .

— يوقسۇ ، بالام ، ئۇنداق دېمەڭ ، سىز ساقىيىپ كېتىسىز ، بالام . ئاللا سىزگە شىپالىق بېرىدۇ . هەرگىز ئۇنداق خىياللاردا بولماڭ ، بالام ...

يول داۋام قىلدى . هارۋا غىچىرلايتتى . زېرەك كېسەل ئازابىدا ، قۇناخۇن خەلپەم ، ئەھمەد خەلپەم ، مەرەمخان ئانا بالا ئىشقىدا ئېزىلىپ باراتتى . تاكى چىرىيە بازىرىغا كىرىپ بارغۇچە ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى .

شۇ قېتىم زىبرەك ئابدۇرېھىم ئاخۇن كەشمىرنىڭ سارىيىدا توپتوغرا بىر ئاي ياتتى ، شەربەتلەر ئىچۈرۈلدى ، تالقان دورىلار ، خېمىر دورىلار يېگۈزۈلدى . ھەممە زىماتلار قىلىندى . ئىسسىتمىداش توختىدى . بالا ئاستا-ئاستا ئوڭشىلىۋاتاتتى . لېكىن دورا يېگۈزۈش توختىمايتتى . دەرمانسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن قۇۋۋەت بولىدىغان دورىلارنى ، يېمەكلىكلەرنى بېرىشتى . خەلپەملەرنىڭ مال-ۋاران ساتقان پۇلى تېۋىپقا ، تېۋىپنىڭ شىپا بەخش دورىلىرى خەلپەملەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇردى . شورپا قىلىدىغان چۈجە ئۈچۈنمۇ ، شورپىغا سالىدىغان ئەينۇلا ، قارىئۆرۈك ، يۇمغاقسۈت ئۈچۈنمۇ پۇل كېرەك ئىدى . شوۋىگۈرۈچ قايىنىتىدىغان گۈرۈچ ئۈچۈنمۇ ، ئۇنىڭغا سالىدىغان «تەمىرى ھىندى» ئۈچۈنمۇ پۇل كېرەك ئىدى . دادىسىدىن تاپشۇرۇۋ ئالغان ياش ئەھمەد خەلپە ھەر بازار كۈنى ئۆيدىن نېمىلەرنىدۇر ئەكىرىپ سېتىپ ، پۇلنى دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى . قۇناخۇن خەلپەم بولسا ئۇنى تېۋىپقا ئۆتكۈزەتتى . ئاستا-ئاستا ئوڭشىلىپ قېلىۋاتقان زىبرەك ئاشۇلارنى تۇيۇپ ياتقاندەك ئىدى . بىركۈنى ئۇ تۇيۇقسىز :

— دادا ، مېنى داۋالىتىمەن دەپ جىق ھەرەج تارتتىڭىز ، دورام تۈگىسە ، تېۋىپقا بەرگىلى يەنە پۇل بارمۇ ؟ — دەپ سوراپ قالدى . قۇناخۇن خەلپەمنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە بىر قېتىم يامغۇردەك ياش تۆكۈلدى ، ۋۇجۇدى تىترىدى . ئەھمەد خەلپىمۇ ، مەرەمخان ئانىمۇ يىغلىدى . نېمە دېگۈلۈك ؟ كىچىك بولۇشىغا ، بىتاب بولۇشىغا قارىماي ئۇنىمۇ غەم باسقانىدى . ھايات غېمى ، تۇرمۇش غېمى ، تىرىكچىلىك غېمى ... نېمانداق تۈگىمەيدىغان غەمسەن ؟ يوقسۇللىنىڭ بېشىدىن كەتمەيدىغان ، چوڭغىمۇ ، كىچىككىمۇ چاپلىشىدىغان رودۇپايمۇ سەن ؟ ئەي غەم ...

قۇناخۇن خەلپەم كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ تەسەللى

ئېيتتى :

— ئەنسىرىمەڭ ، بالام ، پۇل تۇگىسە مال - مۈلكەتنى ، ئۆيـۋاقنى ساتىمىز . سىزگە ساقايغۇچە دورا ئېلىپ بېرىمىز ، ئەنسىرىمەڭ ...

زىبرەك ئەجەلنىڭ ئاغزىدىن قايتىپ كەلدى ، ئەمما يەنىلا هالسىز ئىدى . شۇ يىلى تاكى كۈزگىچە ئۇ ماغدۇرىغا كېلەلمىدى . كېزىك تۇگىمەس ئاسارەت قالدۇرغانىدەك ، بالا ئۆمۈر بويى كېسەلچان بولۇپ قالغانىدەك تۇيۇلاتتى . قۇناخۇن خەلپەم غەملىك ئويلارغا پاتتى . ئۇ نېمىدىندۇر ئەنسىرەپ يۈرەتتى . ئاخىرى كىتاب كۆرۈپ بالىنىڭ ئىسمى-ئېتى ياراشمىدىمىكىن ، شۇڭا كېسەلچان بولۇپ قالدىمىكىن دېگەن ئويغا كەلدى . شۇنداق ئىش بار ئىدى . سىرلىق ، چۈشىنىكسىز تېپىشماقلار بىلەن تولغان ئالەم ئىدى بۇ . بالىغا ئەزان قىچقىرىپ ، تەكبىر ئېيتىپ ، «زىبرەك ئاخۇن» دەپ ئىسىم قويغاندا ، «زىبرەك ، ئەقىللىق ، چېچەن ، هوشيار بولسۇن» دېگەن ئۈمىد بار ئىدى . ئاشۇ ئۈمىد هاسىل قىلغان ئارمان سىزىقى بىلەن ، تەقدىر-قىسمەتنىڭ ئەزەل سىزىقى ماس كەلمەي قالدىمىكىنە؟ بىرەر دوقمۇشتا دوقۇرۇشۇپ قالدىمىكىنە؟ قۇناخۇن خەلپەم مانا شۇنداق ئويلايتتى . ئاخىرى ئۇ بالىنىڭ ئىسىم-ئېتىنى يۆتكىۋېتىش قارارىغا كەلدى . نېمىدەپ ئات قويۇش كېرەك؟ بالا ئەجەلنىڭ ئاغزىدىن ، ئۆلۈمنىڭ دەرۋازىسىدىن ، قاراڭغۇ گۆرنىڭ بوسۇغىسىدىن قايتىپ كەلگەنىدى . قۇناخۇن خەلپەم بۇنى بىلەتتى . ئۇ يەنە ئۈچ مۇقەددەس ساماۋى كىتاب «تەۋرات» ، «ئىنجىل» ، «قۇرئان»لاردا بىردەك تىلغا ئېلىنغان ، ئىبراهىم ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۆلۈمنىڭ بوسۇغىسىدىن قايتىپ كەلگەن ئوغلى توغرىسىدىكى قىسسەنىمۇ بىلەتتى .

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ئىبراهىم ئەلەيهىسسالامنىڭ

قـۇربانلىققا ئاتالغان ، ئەمما (كېيىن جەننەتتىن چۈشكەن كۆك قوچقارغا ئالماشتۇرۇلۇپ ) هايات قالغان ئوغلى بەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنمىش ، بىر ئۆمۈر ساغلام ئۆتكەنمىش . قۇناخۇن خەلپەم نەۋرىسىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ، ساغلام بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى . ئاشۇ ئىبراهىم ئەلەيهىسسالامنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ، كـېـيـىن پەيغەمبەرلىككە تاللانغان زاتنىڭ ئىسمىنى ئات قىلىپ قـويـۇش كېرەك ، زېرەك دېگەن ئاتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش كېرەك ...

قۇناخۇن خەلپەم ئاددىي قازان ئېسىپ ، مەهەللە-جامائەتنى چىللاپ ، نەۋرە ئوغلىغا قايتىدىن ئىسىم قويدى . مەزىن ئاخۇنۇم ئـۇچ قـېـتـىـم تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن : «مۇبارەك ئاتلىرى ئىسمايىل ئاخۇن بولسۇن !» دەپ ئۈچ قېتىم چاقىردى .

شۇنداق قىلىپ ئالتە ياشلىق زېرەكنىڭ ئىسمى «ئىسمايىل» غـا ئـۆزگـەردى . ئـۇنـىڭغا ئىسمايىل ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىسمى قـويـۇلدى . بالا كېيىنكى يىلى ئاستا-ئاستا ماغدۇرىغا كەلدى ، سـەلـلـىـمـازا سـاقايدى . يەنە بوۋىسىغا ئەگىشىپ توي-تۆكۈن ، نەزىر-چىراغلارغا ، بازار ، سەيلە-تاۋاپلارغا ، دادىسىغا ئەگىشىپ ، ئېتىز-باغلارغا ، جاڭگال-ئورمانلارغا بارىدىغان بولدى . قۇناخۇن خەلپەم ئۇنىڭغا توختاۋسىز يېڭىدىن يېڭى دەرسلەرنى ئۆتەتتى .

ئەھمەد خەلپىنىڭ ئۆيى يەنە خۇشاللىققا تولدى .

## تۆتىنچى باب

# ئۆسمۈرلۈك يىللار

### 1. ئىسمايىلنىڭ مەكتەپلىرى

قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئامراق نەۋرىسى، ھەممە بالىلارغا ئوخشاشلا، ئاستا-ئاستا، شەپىسىز، تۇيدۇرماي چوڭ بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىلارنى سۆيۈندۈرگەن تۇنجى ئالاھىدىلىكى— تىلناۋاتلىقى، دىلناۋالىقى بولۇشى مۇمكىن. «تىلى تاتلىق موزاي ئىككى ئىنەكنى ئېمىدۇ» دەپ تەمسىل قىلىشىدۇ بوۋىلار. ئۇنىڭ ئاشۇ چۇچۇك سۆزلىرى ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ۋە ئامراق قىلاتتى. كىچىك ئىسمايىلنى ئاتا تەرەپ بوۋا-مومىلىرىغا ئوخشاشلا ئانا تەرەپ بوۋا-مومىلىرىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بۇ ھەقتە ئەل ئىچىدە «قىز بالانىڭ بالىسى، قىزىلگۈلدۇر ئانىسى، ئوغۇل بالانىڭ بالىسى، ئاق تىكەندۇر ئانىسى»، «قىز نەۋرە — قەنت نەۋرە، ئوغۇل نەۋرە — تەن نەۋرە» دېگەن تەمسىللەر بار ئىدى. مۇشۇنداقكەن، پەيزۇللاكام بىلەن جىنەستىخان ئايلا قىز تەرەپ نەۋرىسىنى نېمىشقا ياخشى كۆرمىسۇن؟! ئىسمايىلنى بوۋا-مومىلىرىلا ئەمەس، ھەممە ئۇرۇق-تۇغقانلار، قولۇم-قوشنىلار، ھەتتا ئۇنى بىر قېتىم ئۇچراتقان يىراق تونۇشلارمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ چۇچۇك گەپلىرىنى ئاڭلىغان سۆزمەن بوۋايلار بولسا ئۇنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ: «ئاجايىپ ئادەم بولىدۇ بۇ» دېيىشەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئېسىل ئادەم

بولىدۇ ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولىدۇ ، ئامەتلىك ئادەم بولىدۇ دېيىشكەنلىرى ئىدى . ئاشۇ سۆزدە يەنە شۇنداق بولۇشقا تىلەكداشلىقمۇ بار ئىدى .

سەل ئۆتۈپ ، يەتتە ياشلاردىن ھالقىغاندا ، كىچىك ئىسمايىلنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى مەلۇم بولدى . بۇ ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ چاققانلىقى ئىدى . ئۇنىڭ ماڭغىنى — يۈگۈرگىنى ، يۈگۈرگىنى — ئۇچقىنى ، تۇرغىنى — سەكرىگىنى ، ئېسىلغىنى — ياماشقىنى ئىدى . ئاسلاندەك ئويناپ ، ئوغلاقتەك تاقلاپ ، موزايدەك قىيغىتىپ تىنىم تاپمايتتى . بەزىدە ئەرۋاھىمىكىن دەپ قالاتتى كىشى . ھېلى قوناخون خەلپەمدىن ساۋاق ئېلىۋاتقان بولسا ، ھايالشىمايلا پەيزۇللاكامنىڭ يوغان تېرەكلىك ھويلىسىدا پەيدا بولاتتى . ئىككى «چوڭ ئۆي» ئارىسىدىكى ئۇن يېتىم مۇساپىنى قانداق باستى؟ بۇنى بىلىپ بولمايتتى . ئىشقىلىپ ، شۇ بىركۈن ئىچىدە قوناخون خەلپەمنىڭ يېنىدا ئون قېتىم ، پەيزۇللاكامنىڭ ھويلىسىدا بەش قېتىم پەيدا بولۇشقا ئۈلگۈرەتتى . يەنە تېخى يىراق ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان دادىسى ئەھمەد خەلپە بىلەن ئانىسى مەرەمخاننىڭ قېشىغىمۇ بەش قېتىم بېرىپ ئۈلگۈرەتتى . گاھ ئاش-نان كۆتۈرۈپ بارسا ، گاھ مۇزدەك ئۇسسۇلۇق كۆتۈرۈپ باراتتى ۋە يەنە گاھىدا مېۋە-چېۋە كۆتۈرۈپ باراتتى . ئۇلارنىڭ يېنىدا جىندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ يەنە قۇيۇندەك پىرىلداپ كېتىپ قالاتتى . كەچتە كورەك جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە «ھۇ قوقاق» سالغانمۇ ، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ ، ئېشەك ئۈركۈتكەنمۇ شۇ بولۇپ چىقاتتى . قوناخون خەلپەم نەۋرىسىنىڭ ئايىغى چاققانلىقىغا قاراپ ، ئۇنىڭدىن ئامراقلىق بىلەن : «بالىلارنىڭ ‹پەرتەك › دەپ لەقەم قويغانلىقىمۇ دورا ساڭا . ھە ، پەرتەك بالام ، نەلەردە پىرىلداپ كەلدۇق ؟ » دەپ

سورايىتى ئۆز يېنىدا ئۇنىگەن كىچىك ئىسمايىلدىن . كىچىك ئىسمايىل بولسا، قايسى پورتىرېكىنىڭ كامىرىدا ئاق قۇشقاچ، قايسى كونا تامنىڭ يېرىقىدا ھۆپۈپ ئۇۋۇلىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى . قۇناخۇن خەلپەم ئۇنىڭغا ھۆپۈپ تۇتسا قولىنىڭ سېسىق پۇرايدىغان، سۇندۇك تۇتسا قولىنىڭ تىترەيدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا نەسىھەت قىلاتتى . بۇ بىر سىرلىقلاشتۇرۇلغان قۇشلارنى ئاسراش تەربىيىسى ئىدى . بالىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ ئارىلاش بىر خىل چۈشەنچە ئېقىپ كىرەتتى . شۇنداق قىلىپ كىچىك ئىسمايىلنى تەربىيىلەيدىغان «مەكتەپ» ئوقۇش باشلاپ كېتەتتى . بىز كىچىك ئىسمايىل ئوقۇغان، تەلىم ئالغان مەكتەپلەرنى «رەسمىي مەكتەپ»، «مەجھۇل مەكتەپ» لەرگە، «ئائىلە مەكتىپى»، «جەمئىيەت مەكتىپى»، «دىنىي مەكتەپ»، «پەننىي مەكتەپ» لەرگە بۆلۈشىمىز مۇمكىن . بۇنىڭدىن ئاتمىش يىل بۇرۇنقى چاغلاردىمۇ بۇنداق «مەكتەپ» لەرنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئادەمىيلىك كامالىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك . ئەلۋەتتە، بۇنداق «مەكتەپ» لىرى يوق جەمئىيەتمۇ چولتا جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ . ئالدىنقى بابتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسمايىلغا بېرىلىدىغان دىنىي ئىلىم تەربىيىسىنى دەسلەپ قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئۆزى بەردى . ئىسمايىل بوۋۇسىغا ئەركىلەپ خاپا قىلدىمۇ ياكى خەلپەمنىڭ ئۆزى ئۇنى باشقىلاردىمۇ ئوقۇپ جەمئىيەتنى چۈشەنسۇن دېدىمۇ، كېيىنرەك سايىت ئاخۇنۇمغا ئاپىرىپ بەردى . ئىسمايىل ئۇ يەردە بىرەر قىش ئوقۇغان بولسا كېرەك . ئۇ كەملەردە بارلىق ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپلەر بالىلارنى قىشتا ئوقۇتۇپ يازدا دەرس توختىتاتتى . سايىت ئاخۇنۇمنىڭ مەكتىپىمۇ شۇنداق ئىدى . شۇنداق قىلىپ ئىسمايىل ئۇ موللامدا شۇنچىلىك ئوقۇغان بولدى . شۇنچىلىك

ئوقۇغان بولسىمۇ ئۇنىڭ قورسىقىدىكى دىنىي ئىلىملەرنى ئاساسەن ئىگىلەپ بولغانىدى . بۇ سايىت ئاخۇنۇمدىن كۆرە كۆپرەك قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئۆيىدە ئۆگەنگەنلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى ۋە ئوخشاش ۋاقىتتا «جەمئىيەت مەكتىپى» گە قەدەم باستى . دىنىي ئىلىملەرنى قۇناخۇن خەلپەمدىن ئۆگەنگەندىن سىرت ، ئەخلاق ، مەدەنىيەت ، ئىتتىپاقلىق ، رىقابەت ، ئىشلەپچىقىرىش-ئەمگەك ، شارائىت ، ھاشارنىڭ ئېغىر ئەمگەكلىرىگە چىداش تەربىيىسىنى «جەمئىيەت مەكتىپى» دىن ئالاتتى . «جەمئىيەت مەكتىپى» ئۇنىڭغا ئۆگىتىدىغان نەرسىلەر پۈتمەس-تۈگىمەس ئىدى . ئۇ يەردە مۇنتىزىم ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بولمىغان بىلەن ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر تالاي-تالاي ئىدى . «جەمئىيەت مەكتىپى» ئۆز ئوقۇغۇچىسىغا تۇيدۇرماي-سەزدۈرمەي ئۆگىتىپ باراتتى . ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ نەرسىلەرنى قاچان ، قەيەردە ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى تۇيماي قالاتتى . ئالايلۇق ، ياز كۈنلىرى تولىمۇ ئىسسىق بولىدىغان «توپا» دا ھېچكىم مەخسۇس كۇرس ئېچىپ بالىلارغا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ يۈرمەيتتى . ئەمما بالىلارنىڭ ئۆزى «كۆل ئېرىق» نىڭ يازدىكى لاي سۈيىدە ئاسانلا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋالاتتى . «مۇساكامىنىڭ ئازمىسى» غا ئىككى-ئۈچ قېتىم چىقسىلا ئاجايىپ ماھىر موللاق ئاتقۇچى ، چوڭقۇر سۇلارغا شۇڭغۇغۇچى «غەۋۋاس» قا ئايلىناتتى . پاتقاق سۇ لۆمۈلدەپ ، قېيىپ-قېيىپ ئاقىدىغان «مۇساكامىنىڭ ئازمىسى» دا ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققا ئۈزۈپ ئۆتۈش ئاسان ئەمەس ئىدى . قايىنامىغا كىرىپ قالسا ئىش چاتاق بولاتتى . ئەمما بېلىقتەك ئەركىن ، ئۆردەكتەك بىمالال ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋالغانلار ئۈچۈن ئۇنچىلىك ئارىلىق ، ئۇنچىلىك چاتاق ھېچنېمە ئەمەس ئىدى . ئازمىنىڭ ئېگىز تاقىقىدىن چوڭقۇر سۇغا موللاق ئېتىپ ،

ئوقيادەك شوڭغوپ كىرىشنى ، سۇ ئىچىدە غولاچنى قانداق تاشلاپ قانداق ئۈزۈشنى كىچىك بالىلار چوڭراق بالىلاردىن ئۆگىنەتتى . بۇنى ھېچكىم ئاتايىن ئۆگىتىپ يۈرمەيتتى .

بىزنىڭ كىچىك ئىسمايىل ئاشۇ «مۇساكامىنىڭ ئازمىسى»دا سۇ ئۈزۈش ، سۇغا سەكرەش دەرسىنى ، «مەمەت گۆشنىڭ بېغى»دا چېلىشىش دەرسىنى ، «سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ كۆلۋېشى»دا بۆك سالدى ئويناش دەرسىنى ، قىشتا ئاق قالغان ئېتىزلاردا «مەرە (كالتەك توپ) ئويناش» ، «گاگاچۇك (ۋاللەي) ئويناش» دەرسىنى ، «ئۆي زارەت» تە «ئىت تالاشتۇرۇش» ، «ئوغلاق تارتىشىش» دەرسىنى ، «پەيزۇللاكامىنىڭ مەسچىتى» ئالدىدىكى پەشتاقتا «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەرسىنى ، رامىزاندا «رامىزان قوشىقى ئېيتىش» دەرسىنى ئوقۇدى ۋە ئۆزلەشتۇردى . قانداق شوخ قوشاقلار ئىدى-ھە ! ئەمما بۇ سەھىپىدە بىزنىڭ تەكىتلىمەكچى بولغىنىمىز ئىسمايىلنىڭ ئاشۇ دەرسلەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۇرۇش سەۋىيىسى . ئەگەر بىز بۇ يەردە ئىسمايىلنىڭ ئاشۇ «جەمئىيەت مەكتىپى»دىن ئۆگەنگەنلىرى ھەممە كىشىدىن ئۈستۈن ئىدى ، سۇغا سەكرەش ، سۇغا چۆمۈلۈشتە ھەممىدىن ماھىر ئىدى ، «مەمەت گۆشنىڭ بېغى» ، «قارادۆڭ» ، «سۆكەدۆڭ» دېگەن يەرلەردە چېلىشقاندا تەڭتۇشلىرى ئىچىدە «ئۇچ» چىقاتتى ، «مەرەتوپ» ، «گاگاچۇك» ، «بۆك سالدى» ئوينىغاندا ھەممە تەڭتۇشلىرىنى ئۇتتۇۋالاتتى ، دېگەندەك گەپلەرنى دەيدىغان بولساق ، شۇبھىسىزكى بەزى ئوقۇرمەنلەرنى ئىشەندۈرەلمەيمىز . بىزگە ئاشۇ گەپلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى تەڭتۇشلىرىمۇ ، كىچىك ئىسمايىلنىڭ لەگلىكى ھەممىدىن ئېگىز ئۇچاتتى ، تانابتا سىم تارتىپ ، قاپاقتا تېلېفون ياساپ ئوينىغاندى . بالىلارنى سەپكە تىزىپ جەڭ ئويۇنلىرىنى

ئـويـنـايـتـتى ... دېگەن ئۇچۇرلارنى يەتكۈزگەندە، بەلكىم باش پېرسوناژىمىزنىڭ بوگۇنكى سالاھىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىزنىڭ ئۇلار سۆزلەپ بەرگەن ئىشلارنى يۈز بەرمىگەن دېيىشكىمۇ ئاساسىمىز يوق. ئېنىقكى، ھەر پادىنىڭ سەركىسى بولغاندەك، ھەربىر مەھەللىدىكى باللارنىڭمۇ بىرەر باشچىسى بولىدۇ. بىرەر چوڭ يۈرەك، چاققان، ئەپچىل بالا ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن تەبىئىي ھالدا باشقا باللارنى ئۆز ئەتراپىغا ئـۇيـۇشـتۇرىدۇ. قۇناخۇن خەلپەمنىڭ زېرەك، چاققان، تىنىم تاپماس، خوش پېئىل نەۋرىسى «جېرىق كوچىسى»، «ئانارلىق مـەھـەلـلـىـسـى» دىـكـى بـالـلار ئىچىدە ئاشۇنداق سالاھىيەتكە ئېرىشەلىگەن بولسا، بۇنىسى نېمىشقا مۇمكىن بولمىغۇدەك؟ ئۇ «جـەمـئـىـيەت مەكتىپى» دىن، «ئائىلە مەكتىپى» دىن باشقا بـالـلارغا قارىغاندا كۆپرەك بىر نەرسە ئۆگەنگەن بولسا، بىز «ئۇنداق ئەمەستى» دەپ ئىنكار قىلىشقا ھوقۇقلۇقمۇ؟ زىرائەت ھوسۇلىنىڭ قانداق بولۇشى مايسا چېغىدىلا ئايان بولىدۇ. تاينىڭ تـۇلـپـارغـا ئـايـلـىـنـىـشـى كىچىكىدىنلا سېزىلىدۇ. كېيىنكى ھەممىمىزگە مەلۇم ئەھۋاللارغا قاراپ، بىز نېمىشقا ئۇ كىچىكىدىلا ئاشۇنداق قىياپەت كۆرسەتكەن دېيەلمەيمىز؟!

كىچىك ئىسمايىلنىڭ «جەمئىيەت مەكتىپى» ئەنە شۇ. سۆز ئىستېمالىدا بۇنداق مەكتەپلەر «مەكتەپ» ھېسابلانمايدۇ. قاراشلار بـۇرۇندىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ كەلدى. ۋەھالەنكى، ھەربىر ئادەم ئۆز ئۆمرىدە بىلگەنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئەنە شۇ «مەكتەپ» ھېسابلانمايدىغان مەكتەپتىن ئالىدۇ، ئاشۇ مەكتەپتىن ئۆگىنىدۇ. تېخى ئاشۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى ئادەمنىڭ قەلبىدە ئەبەدىي ئىز قالدۇرىدۇ. بۇنداق «سۈت بىلەن كىرگەن» بىلىم ئـۇنـىـڭ ھايات مۇساپىسىدە بەكرەك ئەسقىتىپ قالىدۇ، ئەمما

«رەسمىي مەكتەپ»نىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك . ئىنسان بالىسىنى ھازىرقى زامان تۇرمۇشىغا باشلاپ كىرىدىغان ، ھازىرقى زامان تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرىدىغان پەننىي بىلىملەر پەقەت ئاشۇ «رەسمىي مەكتەپ»لەر ئارقىلىقلا تارقىلىدۇ . بۇنى بىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىز ئىسپاتلىغان . ئاشۇ پەننىي بىلىملەرنى تارقىتىدىغان ئوچاق بىزنىڭ تىلىمىزغا «پەننىي مەكتەپ» ئاتالغۇسى بىلەن كىرىپ كەلگەن ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخىمىزغا شۇنداق خاتىرىلەنگەن . ئەمدى بىز كىچىك ئىسمايىلنىڭ پەننىي مەكتەپلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەنلىرىگە قاراپ باقايلى .

قۇناخۇن خەلپەمنىڭ نەۋرىسى قۇرام جەھەتتىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپى بىلەن تەڭ ۋە قۇرداش ، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن مەلۇمكى ، جاھان كۆرگەن مەرىپەتپەرۋەرلەر ۋە ئەينى چاغدا قۇرۇلغان «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى»نىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن شىنجاڭدا 1935 -يىلىدىن باشلاپ پەننىي مەكتەپلەر ئومۇملىشىشقا باشلىدى . دەل شۇ يىلى كىچىك ئىسمايىل بۇ ئالەمگە كۆز ئاچتى . گويا پەننىي مائارىپ ئىسمايىل ئۈچۈنلا پەيدا بولغاندەك ۋە ياكى ئىسمايىلنىڭ تۇغۇلۇشى پەننىي مائارىپتىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈندەك ، بۇ يەردە بىر تارىخىي ماس كېلىش مەۋجۇت . ۋەھالەنكى ، ئەينى چاغدا خوتەن رايونى ، جۈملىدىن ئىسمايىل تۇغۇلغان «توپا» قانخور مىلىتارىست ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ رەزىل تاپانلىرى ئاستىدا يانجىلىۋاتقان بولغاچقا ، پەننىي مەكتەپلەر خوتەندە ۋە چىرىيەدە شىنجاڭ بىلەن ماس قەدەمدە ئومۇملىشالمىدى .

چىرىيەدە ۋە «توپا»دا مەكتەپ سېلىنىشى خېلىلا غەلىتە بىر ھېكايە . 1937 -يىلى كۆزدە ما خۇسەن قوشۇنلىرى تىرىپىرەن

بولۇپ قاچتى . شىنىڭ شىسەيگە ياردەمگە كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ مەۋلانوف باشچىلىقىدىكى قىرغىز پولكى چىرىيىنى ئىشغال قىلدى . شۇنىڭ بىلەن تەڭ شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇپ ، يېڭىچە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرلەرمۇ يېتىپ كەلدى . ئارقىدىنلا 1938 -يىل 4 -ئايدا چىرىيە ناھىيىسىدىمۇ «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى ۋە پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرۇپ يېڭىچە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشقا كىرىشتى . لېكىن ھاكىمىيەت تەرەپنىڭ ئېتىبار بەرمەسلىكى ، جەمئىيەتتىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلى خىزمەتلەرنى راسا قانات يايدۇرۇپ كېتەلمىدى . 1939 -يىلنىڭ بېشىدا چىرىيىگە يەن دارېن دېگەن ئادەم ھاكىم ، سوۋېتلىق يولۋاس (كېيىن كىشىلەر ئۇنى يولداش جۈيجاڭ دەپ ئاتىدى) دېگەن ئادەم ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ كەلدى . پېشقەدەملەر ھېلىمۇ ئاشۇ يەن دارېن دېگەننىڭ پارا ئېلىپ ، ئەپيۈن غاڭزىسى ئالدىدا يانپاشلاپ يېتىپ كۈن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ، ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يولداش جۈيجاڭ قىلغانلىقىنى ئەسلىشىدۇ . ئېھتىمال ئاشۇ يولداش جۈيجاڭ دېگەن ئادەم سوۋېت تەرەپتە دېموكراتىزم ۋە خەلقپەرۋەرلىك توغرىسىدا ئوبدانلا تەلىم ئالغان بولسا كېرەك . ئۇ چىرىيىگە كەلگەندىن كېيىن جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىكلەرنى ، ئادالەتسىزلىكلەرنى تۈزەشكە كىرىشىدۇ . ئۇنىڭ چىرىيىلىكلەرنى ھەيرەتتە قويغان بىرىنچى ئىشى شۇ بولغانكى ، ھېيۋىخان ھاجىم دېگەن باي ئايال ئۆزى ئاتقا مىنىپ ، چاكىرى بارات ئاخۇنغا ئاتنى يېتىلىتىپ بازارغا كىرىدۇ . بايلارنىڭ ئاتقا مىنىپ چاكارلىرىنى ئات يېتىلىتىپ يۈرۈشى چىرىيىدە ئومۇملاشقان ئىش ئىدى . بايلار ئات ئۈستىدە ئۆزىنىڭ ئېسىلزادىلىكىنى نامايىش قىلىپ گىدىيىپ

ئولتۇرۇشاتتى ، بىچارە چاكارلىرى بولسا ، ھېرىپ-ھۆمۇدەپ
ئاتنىڭ يۇگەن بىغىنى تۇتۇپ ، ئات بىلەن تەڭ سوكۇلداپ ماڭاتتى ،
ھەتتا يۇگۇرۇشكە مەجبۇر بولاتتى . شۇ كۇنى ھېيۋىخان ھاجىمنىڭ
ئېتىنى يېتىلىگەن بارات ئاخۇنمۇ ئاشۇنداق ھېرىپ كەتكەنىدى .
بۇنى كۆرگەن يولداش جۇيجاڭ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ھېيۋىخان
ھاجىمغا قاراپ : «ئاتتىن چۈش ، ئات يېتىلىگەن ئادەم قانداق
ئادەم ، سەن قانداق ئادەم ؟ » دەپ ۋارقىرايدۇ . شۇ سورۇندا
يولداش جۇيجاڭ ئادەملەرنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا
سۆزلەپ ئۇلارنى قايىل قىلالمىغان بولسا كېرەك ، ئاخىرى ئۇ
بارات ئاخۇننى ئاتقا مىندۇرۇپ ، ھېيۋىخان ھاجىمنى ئاتنى
يېتىلەتىپ بازاردا سازايى قىلىدۇ . بۇ ئىش چىرىيىلىك
باي-زەردارلارغا بىر قېتىم چاكارلىرىنى خورلىماسلىق تەربىيىسى
بولىدۇ ··· يەنە بىر قېتىم ئاشۇ يولداش جۇيجاڭ بىر ئادەمنىڭ
بۇرنىدىن چۇلۇك ئۆتكۇزۇلگەن ئۆكۇزگە ئېغىر يۇك ئارتىپ ، تاياق
بىلەن ئۇرۇپ ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۇپ : «ھەي توختا !
سېنىڭمۇ بۇرنىڭدىن چۇلۇك ئۆتكۇزسەك بولامدۇ ؟ نېمىشقا ئېغىر
يۇك ئارتىپ ، بۇرنىنى تېشىپ ھايۋاننى قىينايسەن ؟ » دەپ تەنبىھ
بېرىدۇ . ئۇ يەنە يېزىلارغا چىقىپ ئادەملەرگە : «بايلارنى كۆرگەندە
ئات-ئېشەكتىن چۇشۇپ تەزىم قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ ، ھەممىڭلار
ئوخشاش ئادەم ! » دەپ تەشۋىق قىلىدۇ . مانا شۇ ئىشلارنى قىلىپ
چىرىيىدە بىردىنلا نام چىقارغان يولداش جۇيجاڭ چىرىيىنىڭ
ھازىرقى زامان مائارىپى ئۇچۇنمۇ ئاشۇنداق قوپال ، غەلىتە يول
بىلەن ياردەم قىلىدۇ . ئۇ چىرىيىدىكى بارلىق بەگ ،
باي-زەردارلارنى تىزىملاپ تۇيۇقسىز يىغىنغا چاقىرىدۇ . بۇ شىڭ
شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ باي-زەردارلارغا قانداق مۇئامىلە
قىلىدىغانلىقى ئاللىقاچان ئاشكارا بولغان چاغلار بولۇپ ،

باي-زەردارلار يولداش جۇيجاڭ چاقىرغان يىغىنغا بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن رىزالىشىپ، ئۆلۈمگە ماڭغاندەك قورقۇنچ بىلەن كىردۇ. ئەمما يولداش جۇيجاڭ ئۇلارنى تۇرمىگە سولىمايدۇ، مال-مۈلكىنىمۇ مۇسادىرە قىلمايدۇ. لېكىن ئۇلارنى ئىككى ئاي ئىچىدە «توپا»، «كۆكمەت»، «سېرىق»، «ھاي»، «توغراق ئېغىل»، «ماخمال»، «دامكۇ»، «گۇلاخما»، «نۇرى»، «چاقار»، «سايۋاغ»، «ئىمام‌لا» قاتارلىق جايلارغا ئۈچ سىنىپلىق يۇقىرى مەكتەپ سېلىشقا، ئۇستەل-ئورۇندۇق، دوسكىلارنى تەييارلاپ، مۇئەللىم تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇش باشلاشقا بۇيرۇيدۇ. ئىككى ئايدىن كېيىنكى تەكشۈرۈشتە بۇ ئىشلارنى ئىنىقا ئاشۇرمىغانلارنى تۇرمىگە سولايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ...

ساقچى ئىدارىسىنىڭ يانپېشىغا تايانچا ئېسىۋالغان كاتتا باشلىقى بۇيرۇق قىلغان تۇرسا، بويۇن تولغاشقا كىمنىڭ ھەددى! چېرىيە دىيارىدا پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ كېتىدۇ. «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» نىڭ يېڭىچە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرى كەلكۈن ۋاقتىدىكى «كۆل ئېرىق» نىڭ سۈيىدەك راۋانلىشىدۇ.

بىز بۇ يەردە ئاشۇ يولداش جۇيجاڭنىڭ خېلىلا قوپال، غەلىتە، مەجبۇرلاش ئۇسۇلى بىلەن مەكتەپ سالدۇرغانلىقى ھەققىدە ئازراق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشمىز كېرەك. مەجبۇرلاش — ئومۇمەن كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان چارە، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ ئۇنۇمىمۇ تەتۈر بىچە بولىدۇ. بۇ ھەقتە خەنزۇ خەلقىدە «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش» دېگەن ئىدىئوم بار. ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئۆز ئورنىتىسىنى بويلاپ يۈرۈشىدىغان ئىشلارغا مەجبۇرلاش چارىسىنى قوللانغاندا، تارتىپ ئۆسنۈرمەكچى بولغان مايسىدەك

نابۇت بولىدۇ . ئەمما جەمئىيەتتىكى بەزى ئىشلارغا مەجبۇرلاش ئۇسۇلىنى قوللانمايمۇ بولمايدۇ . جەمئىيەت دېگەن بەزىدە ئەنئەنىگە ، كونىلىقا ، مۇتەئەسسىپلىككە مايىللىقى سەۋەبلىك جاھىل ئېشەككىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ . ھەيدىسە ماڭمايدۇ ، تىرەجەپ تۇرۇۋالىدۇ . ھەيدىگەن يولغا ماڭماي باشقا سوقماق كوچىلارغا كىرىپمۇ كېتىدۇ . بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ نوختىسىدىن قاتتىق-قاتتىق تارتىپ توغرا يولغا سېلىشقا ، ماڭماي تىرەجەپ تۇرۇۋالسا قامچىلاپ-زىخچىلاپ ماڭدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ئاشۇ قېتىم ، كىچىك ئىسمايىللار ئولتۇرۇشلۇق «توپا» دىمۇ قۇناخۇن خەلپەمنىڭ قوشنىسى ، «توپا» دىكى ئەڭ چوڭ باي — تۆمۈربەگنىڭ مەكتەپ سالغىنى مەلۇم . تۆمۈر بەگ دېگىنىمىز — خەنزۇچە «شۆتاڭ» دا ئوقۇغان ، ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرىن دەۋرلىرىدە ئەمەل تۇتقان ئادەم ئىدى . تېخى ئۈچ-تۆت يىل ئىلگىرىكى ماخۇسەن دەۋرىدىمۇ چېرىيىگە باش بەگ بولغانىدى . ئۇ چاغدا «ماخمال ئۆستەڭ» نىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى «ئون ئەللىك»كە مەتنىيازى بەگ ، غەربىدىكى «سەككىز ئەللىك»كە روزى بەگ ، «گۈلاخما»غا قۇربانىياز بەگ ، «دامىكۇ»غا ئايۇپ بەگ ، «تاغ» (چاقار-بادىغان ، نۇرى ، ئىمامىلا) قا غوجەخمەت بەگ دېگەنلەر بەگ ئىدى . تۆمۈر بەگنىڭ ھوقۇق-ئىمتىيازى ئاشۇ بەگلەرنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى . ئۇ چېرىيىگە ھاكىم بولغان لوپلۇق قاسىمبەگ دېگەن ئادەمگە ياردەملىشىپ ئاشۇ بەگلەرنى باشقۇراتتى ۋە ما خۇسەن ئەسكەرلىرى ئۈچۈن تۆگىمەس ئالۋان-سېلىقلارنى يىغاتتى . ۋەھالەنكى ، كۆپ چاغلاردا ئۆيىگە بېكىنىپ خەنزۇچە كىتاب-گېزىتلەرنى ئوقۇپ ئولتۇرىدىغان بۇ ۋىجىك ئادەم بامدات ۋە جۈمە نامازلىرىدا مەسچىتتىن قالمايتتى . ھەر پەيشەنبە كۈنى سەھەردە قازان ئېسىپ

يۇرتتىكى بارلىق جامائەتكە نەزىر بېرەتتى . بىرەر ئورتاقچى ۋە ياكى كەمبەغەل قوشنا قىيىنچىلىق تارتىپ قالسا ، ئاشتىن ئاش ، پۇلدىن پۇل قەرز بېرەتتى . قانچىلىك زۆرۈر بولسا شۇنچىلىك تۇتقۇزاتتى . ئەلۋەتتە ، بۇ قەرزلەر ھېسابىغا ئۇلارنىڭ باغ-ئېتىزلىرى ، مال-ۋارانلىرى ، ئۆي-ئوچاقلىرى تۆمۈر بەگنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان چېھرىدىن ھىيلىگەرلىكنى ، قۇۋلۇق-قاقۋاشلىقنى ئاسانلىقچە سەزگىلى بولمايتتى . ئۇ شېڭ شىسەي ۋاقتىدىكى «بايلارنىڭ مال-- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ، ئۆزىنى قاماپ تىرىك كۆمۈۋېتىش ھەرىكىتى» دىنمۇ ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ كەتتى . قارىغاندا ئۇ شېڭ شىسەينىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا ياۋاشلىق بىلەن باش ئېگىپ ، ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ئۆزى ئاپىرىپ تاپشۇرغان بولسا كېرەك . ئەلۋەتتە يولداش جۇيجاڭنىڭ مەكتەپ سېلىش بۇيرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇندىغانلىقىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە .

ئاشۇ 1939 -يىلى سېلىنغان مەكتەپكە قانچىلىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى ؟ ئوقۇتقۇچىلىرى كىم ئىدى ؟ قاچان ئوقۇش باشلاپ ، قاچان توختاپ قالدى ؟ بۇلارنى يىللارنىڭ چاڭ-توزانلىرى كۆمۈپ يوق قىلغان . ئەمما «توپا»دا كېيىنرەك دەل ئاشۇ تۆمۈر بەگنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا قايتىدىن مەكتەپ سېلىنغانلىقى مەلۇم . بۇ چاغ بىزنىڭ ئىسمايىلنىڭ «قۇرئان ساۋاتى» چىقىپ ، «مۇبەييەن» ، «سۇپىئاللايار» ، «خوجاھاپىز» دېگەن كىتابلاردىن كۆپلىگەن چىرايلىق غەزەللەرنى يادلاپ بولغان ، ھەتتا مەتتوختى ئاخۇن ھەزرىتىمنىڭ مەدرىسىسىدە ئۆزىدىن چوڭ تالىپلار بىلەن بىللە «دەرس» ۋە «شەرئى قۇرئان» دىن تەلىم ئېلىپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى . ئەڭ مۇھىمى ، «چادىنە باغ»دا مەتكېرىم ئەپەندىدىن تەلىم ئېلىپ خەت ساۋاتىنىمۇ چىقىرىپ بولغانىدى . بۇ

ھەقتە ئايرىم سەرلەۋھە ئېچىپ بايان قىلىش تولىمۇ زۆرۈر .

## 2 . «چادىنەباغ» ۋە مەتكېرەم ئەپەندى

«چادىنەباغ» توغرىسىدىكى گەپلەرنى خېلى يىراقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ . ئاشۇ 1912 -يىلىدىكى مەشھۇر «چىرىيە ۋەقەسى» نىڭ باش قەھرىمانى سوپپۇرگە ئاخۇن يىگىرمە ياشلاردىن ئەمدىلا ھالقىغان چاغلاردا (1895- ، 1896 -يىللىرى) چىرىيە دىيارىغا قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ كەلكۈن كېلىدۇ . ھەر يىلى يازدا بۇنداق ئۇلۇغ كەلكۈن كېلىش ئۇدا ئۈچ يىل داۋام قىلىدۇ . مانا شۇ ئۇلۇغ كەلكۈندىن ئوبدان پايدىلانغان سوپپۇرگە ئاخۇن دوستلىرى ۋە نامراتلارنىڭ باللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ «جەگەدۆڭ» ، «چىلەكدۆڭ» ، «سۆكەدۆڭ» ، «تېرىمپۇتاي» ، «سېغىزلىق» ، «خەلىپەت لەڭگەر» ، «قۇمباغ» دېگەن جايلاردا لاي ئېقىتىپ بىنەم يەر ئاچىدۇ . كېيىن بۇ يەرلەر «مەمەتيۇسۇپ ھاجى باشقۇرغان يەر» ، «چاۋار ھاجىمنىڭ توغراقلىقى» ، «ئىككى توپ تېرەك» ، «كەنجىكامىنىڭ يېرى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ . سوپپۇرگە ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئەل-ئاغىنىلىرى ئاشۇ يىللىرى تېرىغان يەرلەردىن مول ھوسۇل ئالىدۇ ۋە ئاشلىق ، مايلىقدانلارنى خوتەن ، كېرىيە تەرەپلەرگە يۆتكەپ سېتىپ ئوبدانلا ئەتلىنىپ قالىدۇ . قوۋۇرغىسىغا ياغ تولغان سوپپۇرگە ئاخۇن يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەندە ئۆيلىنىدۇ ۋە «ئانارلىق» مەھەللىسىگە يېڭىدىن كاتتا ئايۋان-سارايلارنى سالىدۇ . ئۆي ئەتراپىدىكى بەش مودەك يەرگە ئانار ، ئەنجۈر ، ياڭاق ، گىلاس ، ئامۇت ، نەشپۈت ، ئالما ، ئۆرۈك ، شاپتۇل كۆچەتلىرىنى قويۇپ باغ بىنا قىلىدۇ . باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەممە تەرىپى ئالتە غۇلاچ كېلىدىغان ، باغنىڭ ھەممە تەرىپىنى كۆرگىلى

بولىدىغان ، دەرەۋزىنىلىك ، ئاسما شىپائىلىق چادىنە سالدۇرۇپ ، شىپائىنىڭ ئاستى تەرىپىگە سۆكە سېلىپ ، شىپائغا قەپەسلەرنى ئېسىپ ھەر خىل قۇشلارنى باقىدۇ . مانا شۇ باغنى كىشىلەر «چادىنەباغ » دەپ ئاتىشىدۇ …

مەشھۇر «چىرىيە ۋەقەسى »دە ئون تۆت يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان سۇپۇرگە ئاخۇن ، روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى يۈز بېرىپ ، چەت ئەللەر بىلەن چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى ئىمزالىغان بارلىق كېلىشىملەر ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن قاماقتىن بوشىنىپ ، قەشقەردىن چىرىيىگە قايتىپ كېلىدۇ . سۇپۇرگە ئاخۇن قەشقەر تۈرمىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، تۈرمىدىكى چاغدا خاراب بولغان ئىگىلىكىنى قايتىدىن تىكلەشكە كىرىشىدۇ . «قۇمباغ » دىكى 50 مولۇق ، «سېغىزلىق » تىكى 100 مولۇق ، «مەدىكاس » تىكى 200 مولۇق ، «چىلەكدۆڭ » دىكى 550 مولۇق ، «سۆكەدۆڭ » دىكى 1000 مولۇق ، «جەگىدۆڭ » دىكى 500 مولۇق ، «تېرىمپۇتاي » دىكى 1000 مولۇق زېمىنلىرىنى قايتىدىن رەتلەپ تېرىمغا كىرگۈزىدۇ . چىققان ھوسۇلىنى لوپ ، خوتەن ، قاراقاش ، كېرىيىلەرگىچە يۆتكەپ ساتىدۇ ، قوغۇن-تاۋۇزلىرىنى گەمىدە ساقلاپ كېيىنكى يىلىنىڭ 5-ئايلىرىغىچە بازارغا سالىدۇ . ئۇنىڭغا قۇربان ھاجىم كۇررەك (تۆمۈربەگنىڭ دادىسى) غوجىدار ، تۇردى ھاجىم ، ئەيسا ئاخۇن دېگەنلەر ئامبارچى بولىدۇ . بۇ كۇنلەردە ئايۋان-سارايلىرى زىلچا-گىلەملەرگە ، ئېغىل-قوتانلىرى پادا-پادا قوي-كالا ، ئۇيور-ئۇيور ئات-تۆگىلەرگە ، ئامبارلىرى بۇغداي-قوناقلا تولغان سۇپۇرگە ئاخۇن يۇرت كاتتىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ . ئىناۋىتى «چىرىيە ۋەقەسى » يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا نەچچە ھەسسە ئاشىدۇ . مۇھەممەت يۇسۇپ بەگ

تۇلۇم ، مەھەممەت شىرىپ بەگ كاللەك ، ئىدرىس مىراب ، مەتسەيدى ئاخۇن دورغا بەگ ، مەتسەيدى ئاخۇن پاششاپ قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى بىلەن دائىم ھەمداستىخان بولىدۇ . چىرىيىدە تۇرۇشلۇق ئامبال ياردەمچىسى (بۇ چاغلاردا چىرىيە چوڭ ئىشلاردا كېرىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايدىغان ، كىچىك ئىشلارنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدىغان يېرىم ھوقۇقلۇق ئامباللىققا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ ، ئامبال ياردەمچىسى دېگىنىمىز ، يېرىم ئامبالغا تەڭ ئىدى ، قەشقەر دوتەي يامۇلىدىن ئەۋەتىلەتتى) ۋاڭ دارىن دېگەن بىلەنمۇ يېقىن ئۆتىدۇ . مانا شۇ يېقىنلىق سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىم كۇلپەت سالىدۇ . «كەلىلە ۋە دەمنە» دېگەن كىتابتا «پادىشاھ ئوتقا ئوخشايدۇ ، بەك يېقىن تۇرساڭ كۆيۈپ قالىسەن ، بەك يىراق تۇرساڭ توڭلاپ قالىسەن» دېگەن تەمسىل بار . مانا مۇشۇ تەمسىلنى سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ بۇ قېتىمقى كۇلپەتكە ئۇچرىشىغا تەققاسلاش مۇمكىن . ۋەقە مۇنداق ئىدى : كىچىك ۋاڭ دارىن چىرىيىنىڭ دۈشەنبە ، پەيشەنبە كۈنلىرى قىزىيدىغان بازارلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ ، بىر كۈنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ چىرىيە بازىرىدىكى سارىيىغا بارىدۇ . سۇپۇرگە ئاخۇن ئۇنىڭ بازار كۈنلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانلىقىغا قوشۇلمايدۇ . مانا شۇ ئىش تۇپەيلىدىن بۇ ئىككى «يېقىن» كىشى تاكاللىشىپ قالىدۇ . ئۇ بۇنى دەپ ، بۇ ئۇنى دەپ ، ئامبال ئامباللىقىغا ، سۇپۇرگە ئاخۇن ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتىگە تەمەننا قويۇپ ، خىرقىرىشىپ ئىلمەككە چىقىشىدۇ . ۋاڭ دارىن بەكلا چېچىلىدۇ ، قوللىرىنى شىلتىپ ، ۋارقىراپ-كالدىرلاپمۇ سۇپۇرگە ئاخۇنغا گەپ ئۆتكۈزەلمەيدۇ ، ئاخىرى ئاچچىقىدا سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ يۈزىگە بىرنى تۇكۈرىدۇ . بۇ ھاقارەتكە قايسى ئوغۇل بالا چىداپ تۇرسۇن ؟ ! چاررۇسىيىنىڭ

غالچىلىرى بىلەن قان كېچىپ ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلغان، قەشقەردىكى سوراقتا چارروسىيە كونسۇلى بىلەن يۈزمۇ يۈز تاكاللاشقان مەرد ئوغۇل سۈپۈرگە ئاخۇن چىداپ تۇرالىسۇنمۇ؟! ئۇ ئاچچىقىدا ۋاڭ دارىننىڭ كۆتىگە بىرنى تېپىدۇ ۋە سارايدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ...

بۇ بىر كىچىك ئىش. ئەگەر ئەل ئىچىدىكى ئىككى باي ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بولسا يا ئۇلار بىر ئۆمۈر تەتۈر قارىشىپ، قىز بېرىشمەي، قۇدا چۈشۈشمەي ئۆتكەن بولاتتى ۋە ياكى يۇرتنىڭ باشقا كاتتىلىرى ئارىغا چۈشۈپ، چاي قۇيۇپ سالا-سۆلھ بىلەن ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويغان بولاتتى، ۋاقىتنىڭ چاڭ-توزانلىرى ئاداۋەت يارىسىنى كۆمۈپ كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇلدۇراتتى، ئىش تۈگەيتتى. ئەپسۇسكى، بۇ قېتىم ئۇنداق بولماي قالدى. ۋاڭ دارىن ئىشنى ھاكىمىيەت بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا دەپ چۈشەندى. بۇ تارىختىن بېرى شۇنداق چۈشىنىلىپ كېلىۋاتقان ئىش ئىدى. پۇقرا بىر ھاكىمىيەتنىڭ ۋەكىلى بولمىش ئامبالنىڭ كۆتىگە تەپسە، بۇ قانۇنسىزلىق ئەمەسمۇ! ئىسيان كۆتۈرگەنلىك، توپىلاڭ چىقارغانلىق، ئالەمنى مالەم قىلغانلىق ئەمەسمۇ! بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش مۇمكىنمۇ!

ۋاڭ دارىن قەشقەر دوتەي يامۇلىغا «سۈپۈرگە چىرىيە ئامبال ياردەمچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن مەزمۇندا قاناتلىق خەت ئەۋەتىدۇ ۋە سۈپۈرگە ئاخۇننى تۇتۇپ، كېرىيە تۈرمىسىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. سۈپۈرگە ئاخۇن كېرىيە تۈرمىسىدە ئەھۋال ئېنىقلىنىپ بولغۇچە نازارەت ئاستىدا تۇرىدۇ. مۇساكام دېگەن ئادەم سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ كۈندىلىك ئاش-تامىقىدىن خەۋەر ئېلىپ يېنىدا ھەمراھ بولىدۇ. شۇ كۈنلەردە مۇساكام كېرىيە ئامبال تۈرمىسىگە يېقىن يەردە ئۇلتۇرۇشلۇق چولپانخان دېگەن ئايالنىڭ ئۆيىگە لازىمەتلىك

نەرسە سوراپ پات-پات كىرىپ تۇرىدىكەن. بىركۈنى ئۇ چولپانخانغا: «سۈپۈرگە ئاخۇن كېلىشكەن، ئوڭلۇق ئادەم ئىدى. بېشىغا كۈلپەت كېلىپ نازارەتكە چۈشۈپ قالدى. بىرەركىمنىڭ پاكىز، هايالىقراق قىزى بولسا ئۈيلەپ قويساق بولاتتى» دەيدۇ. چولپانخان ئۇقۇشۇپ كۆرۈشكە ماقۇل بولىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئاچىسىنىڭ سەلىمىخان ئىسىملىك قىزىنى لايىقلىققا تونۇشتۇرىدۇ. سەلىمىخاننىڭ ئانىسى ۋە ئاتىسى تۇرسۇن ئاخۇن سوپۇنچى دېگەن كىشى ئىلگىرى سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، قىزىنى سۈپۈرگە ئاخۇنغا بېرىشكە قوشۇلىدۇ. بۇ سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ قىرىق بەش ياشلارغا كىرىپ راسا قىرانىغا يەتكەن چاغلار ئىدى. سەلىمىخان سۈپۈرگە ئاخۇن نازارەتتە تۇرۇۋاتقان تۈرمە قورۇسىغا كېلىدۇ. ئىككىيلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. سۈپۈرگە ئاخۇن: «بۇنداق ئىشتا يۈزلىرىنى كۆرسەتسىلە شەرىئەتكە مۇخالىپ ئەمەستۇ؟» دەيدۇ. سەلىمىخانمۇ تارتىنمايلا يۈزىدىكى چۈمبىلىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. سۈپۈرگە ئاخۇن يەنە: «سىلىدە سىبلىس، جوزان ۋە باشقا يۇقۇملۇق كېسەللەر يوقتۇ؟» دەيدۇ. سەلىمىخان كۈلۈپ كېتىپ، كۆڭلىكىنى ئۆرۈپ، بەدىنىنىڭ يۇقىرى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. سۈپۈرگە ئاخۇنغا سەلىمىخاننىڭ ئوچۇق-يورۇقلۇقى، دادىللىقى ياقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلىدۇ.

شۇ ئارىدا كىچىك ۋاڭ دارېننىڭ مەلۇماتنامىسىگە ئاساسەن، قەشقەر دوتەي يامۇلىدىن سۈپۈرگە ئاخۇننى قەتلى قىلىش توغرىسىدىكى هۆكۈمنامە كېلىدۇ. ۋاڭ دارېن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. بۇ ئارىدا كېرىيە ئامبال مەهكىمىسى ئامبال ياردەمچىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكى، بۇ ئىككىيلەن ئارىسىدىكى كىچىك جېدەل-ماجىرا ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇماتنامە يېزىپ

قەشقەر دوتەي مەھكىمىسىگە ئەۋەتىدۇ . قەشقەر دوتەي مەھكىمىسى سوپۇرگە ئاخۇن توغرىسىدىكى ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىپ ، كىچىك ۋاڭ دارىبنى قەشقەرگە چاقىرتىپ كېتىدۇ . سوپۇرگە ئاخۇن كىچىك خوتۇنى سەلىمىخاننى ئېلىپ چىرىيىگە قايتىپ كېلىدۇ . سەلىمىخان ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سوپۇرگە ئاخۇندىن بىر قىز ، بىر ئوغۇل تۇغىدۇ . ئەنە شۇ ئوغۇل مەتكېرىم ئەپەندىدۇر . سوپۇرگە ئاخۇن 1930 -يىل ئەتىيازدا ئۆلۈپ كېتىدۇ . سوپۇرگە ئاخۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن «ئانارلىق» تىكى قورۇ-جايلىرى ۋە «چادىنەباغ» خوتۇنى سەلىمىخانغا مىراس قالىدۇ . مەتكېرەم ئانىسى سەلىمىخان ۋە ئاچىسى خەيرىنىساخان بىلەن بىللە ئاشۇ قورۇدا ياشاپ چوڭ بولىدۇ . كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ بېشى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن قاپاقتەك يوغىناپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى ئاتىسىغا ئوخشاش چوڭ ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ يۈرگەنلىكتىنمۇ ، ئۇنىڭغا «يوغان باش» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالىدۇ ، كىشىلەر ئۇنى «مەتكېرەم يوغان باش» ( مەتكېرىم كاللەك) دەپ ئاتىشىدۇ .

كىچىك ئىسمايىل ئون ياشلارغا كىرگەن چاغلارغا كەلگەندە ، ئەنە شۇ مەتكېرەم يوغان باش ئۈرۈمچىدە ئوقۇغانلىقتىن ئەمدى «ئەپەندىم»گە ئايلانغانىدى . چىرىيە بازىرىدىكى «قىزلار مەكتىپى»دە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى . ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا ۋە «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى»دىمۇ ۋەزىپىسى بار ئىدى ، بادام دوپپا ، قىلىچ ياقىلىق چاپان ، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىپ يۈرىدىغان ، ئورۇق ، بوينى ئىنچىكە ، قاراقاش ، ئوتلۇق كۆز يىگىت ئىدى . ئۇ «ئانارلىق»تىكى «چادىنەباغ»دا ئانىسى بىلەن بىللە تۇراتتى . ئەتىگەندە كۆل رەڭ تايغا مىنىپ ئىشقا كىرىپ كەتسە ، ناماز پېشىندىن ئۆتكەن چاغلاردا يەنە ئاشۇ تايىنى يورغىلىتىپ يېنىپ

چىقاتتى . قولۇم-قوشنىلار «مەتكىرەم ئەپەندى» دەپ ئاتىشاتتى ۋە «ئەپەندىم» دەپ مۇراجىئەت قىلىشاتتى . ئۇنى ھەممىسى ياخشى كۆرۈشەتتى . دىمىسىمۇ ، ئادالەتپەرۋەر ، ھەققانىيەتچى ، ئاق كۆڭۈل ، باشقىلارغا ياردەملىشىشنى خالايدىغان ، كىشى ياخشى كۆرگۈدەك يىگىت ئىدى . ئەنە شۇ يىگىت ئىسمايىلنىڭ چوڭ دادىسى قۇناخۇن خەلپەم بىلەن بەكمۇ ياخشى ئۆتەتتى . قۇناخۇن خەلپەم بىلەن مەرھۇم سۇپۇرگە ئاخۇن باتۇر ئارىسىدا بىرەر ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت بارمىدى؟ بۇنىسى ئېنىق ئەمەس . ئەمما ئۇلار ئۆز ئارا تۇغقان دەپ ئاتىشاتتى . بەلكىم شۇ سەۋەبتىنمۇ ۋە ياكى مەتكىرەم ئەپەندىگە ئاتىسىنى كۆرگەن قۇناخۇن خەلپەم ئۆز كۆرۈنەتتىمۇ؟ ئىشقىلىپ ، ئۇ قۇناخۇن خەلپەمنى پات-پات يوقلاپ ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇن مۇڭدىشاتتى . بەلكىم قۇناخۇن خەلپەم ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغاندۇ . ئاشۇ 1912 -يىلىدا ، مىڭلاپ ئادەمنىڭ ئالدىدا تۆمۈر ئارا كۆتۈرۈپ ماڭغان سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ سىيىت ھاجى شايكىسىغا قانداق ئېتىلغانلىقىنى ، ئابلىز قارىنىڭ ئۆي-جايىنى قانداق قورشاپ ، قانداق ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ، قوراللانغان «روسىيە پۇقرالىرى» چىقارغان ئوقتا تۇنجى بولۇپ كىمنىڭ يىقىلغانلىقىنى ، قورۇ-جايلىرىغا ئوت قويۇلغاندا ، ئاتالمىش «روسىيە پۇقرالىرى» نىڭ قانداق كۆيگەنلىكىنى ، سىيىت ھاجىنىڭ ئايالچە كىيىنىپ شەرمەندىلەرچە قاچقانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بېرىدىغاندۇ ۋە بەلكىم مەتكىرەم ئەپەندى قۇناخۇن خەلپەمگە جاھاندا مەيدانغا كېلىۋاتقان تەرەققىيات يېڭىلىقلىرى ھەققىدە ، ئاسىيا-ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا بولۇۋاتقان ئومۇمىيۇزلۇك ئۇرۇش-يېغىلىقلار ھەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزىدىغاندۇ . ئىشقىلىپ ، ئۇلار بىر مۇڭدىشىپ كەتسە سۆزلىرى سائەت-سائەتلەپ تۈگىمەيتتى . بۇنداق چاغلاردا كىچىك

ئىسمايىل ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە پىرقىراپ ھارمايتتى ۋە بەزىدە بوۋىسىنىڭ تىزىغا يۆلىنىپ، ئوڭ قولى بىلەن زاڭقىنى تىرىگەن ھالدا ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرىگە قۇلاق سالاتتى، بالىلارچە ساددا ئەقلى بىلەن سوئاللارمۇ سوراپ قوياتتى. مەتكېرەم ئەپەندى بولسا، ئۇنىڭ بېشىنى ئامراقلىق بىلەن سىلاپ، ئۇنىڭغا قانداقتۇر گۆركىرەپ ئۇچىدىغان ئايروپىلانلار، يەردە قوْيۇندەك چاپىدىغان ماشىنا-كوڭكىلار، ئىككى چاقنىڭ ئۈستىگە مىنىپ يىقىلماي يۈگۈرگىلى بولىدىغان شەيتان ھارۋىسى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. بوۋاي بىلەن مەتكېرەم ئەپەندىنىڭ سۆھبىتى ئۈزۈلۈپ، ئەپەندىم بىلەن كىچىك بالىنىڭ پارىڭىغا ئورۇن بوشىتاتتى. كىچىك ئىسمايىل يوغان تۆمۈر مەخلۇقنىڭ قانداقچىسىگە چۈشۈپ كەتمەي ھاۋادا ئۇچىدىغانلىقىغا ھەيران بولاتتى ۋە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، يەنە سوئاللارنى ياغدۇراتتى. قوناخۇن خەلپەمگە ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ھاۋادا ئۇچىدىغان تۆمۈر مەخلۇقنى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ راستىنلا كۆرگەنىدى. بۇنىڭدىن تېخى يەتتە-سەككىز يىل بۇرۇن مەۋلانوف باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى ما خۇسەننىڭ باندىت ئەسكەرلىرىنى قوغلىغاندا، «توپا»نىڭ ئاسمىنىدىن دەسلەپ بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ ئۆتتى. بىردەمدىن كېيىن «ئەشمەلەڭگەر» تەرەپتىن دەھشەتلىك گۈمبۈرلىگەن سادا ياڭرىدى. «توپا» تىترەپ كەتتى. تاملارنىڭ سۇۋىقى ئاجراپ، ئۆگزىلەردىن توپا قوْيۇلدى. كىشىلەر يەر تەۋرىگەندەك، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، يەر-جاھان ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىشتى، ئۆيلەردىن قېچىپ چىقىپ ئانار دەرەخلىرىنىڭ قويۇق شاخلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇشتى. ھاۋادىن يەنە گويا قارا بوران چىقىدىغاندەك گۈرۈلدىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاشۇ كۈمۈشتەك پارقىرايدىغان ئايروپىلان ئەمدى ئۇچ

بولۇپ كەلگەنىدى . ئۆچ ئايروپىلان چىرىيە ئاسمىنىدا قاناتلىرىنى لەيلىگەن سادەك تىنچ تۈتۈپ بىر هازا ئۆچۈپ يۈرۈشتى . گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىلا ۋەھىمە سىلىپ تۈراتتى . ما خۈسەننىڭ بۈلاڭچى ئەسكەرلىرى تىرىپىرەن بولۇپ قىچىشقا باشلىدى . ئارقىدىنلا قوڭغۇزغا ئوخشايدىغان تانكىغا ، زەرى هىلى كۆڭكا (برونېۋىك) غا ئولتۈرغان قىرغىز ئەسكەرلىرى چىرىيە بازىرىغا بېسىپ كىردى . كېيىنرەك مەلۇم بولدىكى ، ئاشۇ «ئەشمەلەڭگەر» تەرەپتە ياڭرىغان دەھشەتلىك سادا ئايروپىلاندىن تاشلانغان بومبىنىڭ پارتلاش ئاۋازى ئىكەن . «توپا» زېمىننى يەر تەۋرىگەندەك تىترەتكىنى ئاشۇ بومبا ئىكەن ...

ئاشۇ قېتىم قۈناخۈن خەلپەم راستىنلا ئايروپىلانىنمۇ ، يەردە قۈيۈندەك چاپىدىغان كوڭكىنىمۇ كۆرگەنىدى . ئۇ ئاشۇ هېكايىلەرنى سۆزلەپ مەتكېرەم ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىگە گۈۋاهلىق بېرەتتى . «ئۇرۇسلار ئاجايىپ خەق ، پەرەڭلەرگە ئوخشاشلا ئاسماندا ئۇچىدىغان خەق» دەپ قويىاتتى ئاخىرىدا . كىچىك ئىسمايىل بوۋىسىنىڭ گۇۋاهلىقىدىن كېيىنلا مەتكېرەم ئەپەندى ئېيتقان يېڭىلىقلارغا ئىشەنگەندەك بولۇپ قاراقاتتەك يۇملاق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتاتتى ۋە باللارچە خىياللارغا غەرق بولاتتى . مەتكېرەم ئەپەندى ئانىسى سەلىمە خېنىم تۇغۇت ئانىسى بولۇپ تۇغدۇرغان ئىسمايىلنى كىچىك چېغىدىلا تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى . ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بېقىشقا ، ئاسمانغا ئېتىپ ۋىلىقلىتىپ كۈلدۈرۈشكە ئامراق ئىدى . ئەمدى مانا ئىسمايىل ئۇن ياشلارغا كىرگەندە بولسا ، ئۇ ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز ئىنىسىدەك ئۆز كۆرۈنىدىغان ، بىر تۇغقان قېرىنداشىدەك يېقىن تۇيۇلىدىغان بولدى . مانا مۇشۇ يېقىنلىقتىن ئۇ ئۆزى ئىسمايىلغا پەننىي تەلىم بېرىشنى تەلەپ قىلدىمۇ ياكى قۈناخۈن خەلپەم ئاللىقاچان «قۇرئان

ساۋاتى» چىقىپ بولغان، مانا ئەمدى «مۆبەييەن»، «سوپىئاللايار»، «خوجاھاپىز» دېگەن دىۋانلارنى ئوقۇۋاتقان نەۋرىسىنى «خەت ساۋاتلىق»مۇ بولۇپ قالسۇن دەپ مەتكېرەم ئەپەندىنى تەكلىپ قىلدىمۇ، ئىشقىلىپ، مەتكېرەم ئەپەندى كىچىك ئىسمايىلنى «چادىنەباغ»دا ئوقۇتۇشقا كىرىشتى.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇ چاغلاردىكى دىنىي مەكتەپلەردە باللار «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىپ»لارنى ئوقۇشنى بىلىسىلا بولاتتى. دىنىي تەلىم بەرگەن موللا-ئاخۇنلارمۇ ئوقۇشنىلا ئۆگىتىپ، خەت يېزىشنى ئۆگەتمەيتتى. باللار خەت يېزىشنى ئۆگىنىپ قالسا، ئەسكى شېئىر-قوشاقلارنى خاتىرىلەيدىغان بولۇپ قالدۇ، «قۇرئان كەرىم» دىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. خېلى-خېلى كاتتا مەدرىسىلەردە ئون-يىگىرمە يىللاپ ئوقۇغانلارمۇ كىتابىي دەستۇرلارنى ئوقۇشنى بىلىدىغان، خەت يېزىشنى بىلمەيدىغانلاردىن بولۇپ چىقاتتى. ئەگەر ئارىدىن بىرى «خەت ساۋاتلىق» بولۇپ قالسا، باشقىلار ئۇنى تېخى «شەيتان موللا» دەپ كەمسىتەتتى. مانا شۇنداق قىلىپ، «قۇرئان ساۋاتى» بىلەن «خەت ساۋاتى» بۆلەك-بۆلەك ئىش بولۇپ قالغانىدى. قۇناخۇن خەلپەمنىڭ «قۇرئان ساۋات»لىق نەۋرىسىمۇ ئەلۋەتتە «خەت ساۋات»لىق بولالمىغانىدى، خەت يېزىشنى بىلمەيتتى. مەتكېرەم ئەپەندى ئىشنى مانا شۇنىڭدىن باشلىدى. ئەلۋەتتە پەننىي بىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتمەي بولمايتتى. ئۇ شۇ چاغلاردا «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» بېسىپ تارقاتقان «ئېلىپبە»نى تېپىپ كېلىپ ئاشۇنىڭدىن دەرس ئۆتتى. دەرس كۆپ ۋاقىتلاردا چۈشتىن كېيىن بولاتتى. مەتكېرەم ئەپەندى شەھەردىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، كۆل رەڭ تايىنى يورغىلىتىپ «ئانارلىق»

قا چىقىقاندا ، ئۇنىڭ ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ئوقۇغۇچىلىرى «چادىنەباغ» دىكى شىپاڭدا ئۇنى ساقلاپ تۇرغان بولاتتى . كىچىك ئىسمايىل ، يۇنىسەخان ، ئابدۇللا توختى ، دېمىن ئىمىن ۋە ئابدۇقادىر سەيدىلەر مۇئەللىمىنىڭ قايتىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپلا ئالدىنىقى كۈنى ئۆگەنگەن ھەرپلەرنى يۇمشاق تۇپىغا جىجاشقا باشلايتتى . قەلەم-قېرىنداش يوق ئىدى ، دەپتەر-كىتابمۇ يوق ئىدى . بالىلار مەتكېرەم ئەپەندىنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى كۆپرەك يەرگە جىجاپ ، بەزىدە كۆمۈر بىلەن ، بەزىدە سېغىز بىلەن ئىشىك-تاختايلارغا جىجاپ تەكرارلايتتى . كېيىنرەك مەتكېرەم ئەپەندى بالىلارغا قېرىنداش ۋە خوتەن قەغىزىدە ياسالغان دەپتەرمۇ تېپىپ بەردى . بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى ئاسانلاشتى . ئەلۋەتتە كىچىك ئىسمايىلنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئۇستازىنى خۇشال قىلغۇدەك دەرىجىدە ياخشى ئىدى .

بۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولاتتى ، چۈنكى «دىنىي مەكتەپ»تە ئوقۇپ «قۇرئان ساۋات»لىق بولغان بالا ھەرپلەرنى تونۇيتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن ئاشۇ 1940 -يىللاردا ئومۇملاشقان ئۇيغۇر «ئېلىپبە»سىنىڭ ھەرپلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايتتى ، بەلگىلىرى ئارقىلىق پەرقلەنسىمۇ ، شەكلى جەھەتتىن پەرقلەنمەيتتى . بالىلار دىققەت بىلەن كۆزەتسىلا «ئېلىپبە»دىكى ھەرپلەرنىڭ قايسى ھەرپ ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيتتى ۋە ئوقۇيالايتتى . ئەمدىكى ئىش ئاشۇنى قانداق يېزىشتا ئىدى . مەتكېرەم ئەپەندى قانداق يېزىشنى بىر-ئىككى قېتىم ئۆگەتسىلا ، بىر-ئىككى قېتىم تاختايغا جىجاپ ئۈلگە كۆرسەتسىلا ئىسمايىل دەرھال ئۆگىنىۋالاتتى . دەسلەپ يەككە ھەرپلەرنى يېزىشنى ئۆگەندى ، كېيىن يەككە ھەرپلەرنى قوشۇپ ئاددىي سۆزلەرنى يېزىشنى ، كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ تەرەققىي

قىلىپ ، ئاددىي سۆزلەر ئارقىلىق جۈملە تۈزۈشنى ئۆگەندى . خەت يېزىشنى ئۆگىنىش دېگەن بىر تېخنىكىلىق جەريان ئىدى . قانچە كۆپ تەكرارلىسا ، شۇنچە پىشقىلى بولاتتى . شۇ كۈنلەردە كىچىك ئىسمايىل قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئىشىك-دەرۋازىلىرىنى ، پەيزۇللاكامنىڭ توزغاقلىق كاكۇل بىلەن ئىنچىكە سۇۋالغان ئۆي تاملىرىنى سىغىز بىلەن ، كۆمۈر بىلەن بوياپ چىقىشقا ئۈلگۈردى . ئىككى موماي بېزەپ بولغان تاملىرىنى قاقشاپ-قاقشاپ سۈرتۈشكە مەجبۇر بولاتتى . ئەمما ئەركە نەۋرە بېزەپ قىلىشنى توختاتمايتتى . سىغىز بىلەن ، كۆمۈر بىلەن تام-ئىشىكلەرگە توختىماي خەت يازاتتى . بەزىدە قېرىنداش قەلەم بىلەن پاتلانغان خوتەن قەغىزىگىمۇ يازاتتى . ئەپسۇسكى ، سىغىز بىلەن ، كۆمۈر بىلەن خەت يازغاندا ، تام-تاختايلارلا ئەمەس ، قولمۇ بېزەپ بولۇپ كېتەتتى . قېرىنداش بىلەن يازغاندا ئۇچى سۇنۇپ كېتىپ ئارام بەرمەيتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىنداش بىلەن خوتەن قەغىزىنى ئۇنچىۋالا ئوڭاي تاپقىلى بولمايتتى ، سېتىۋالغىلى پۇلمۇ يوق ئىدى . شۇ كۈنلەردە كىچىك ئىسمايىلنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ ئوتلۇق بىر ئارزۇ خۇددى سامان تېگىدىكى ئوتتەك ئاستا-ئاستا ئۇلغىيىپ كېلەتتى . ئۇ بولسىمۇ مەتكېرەم ئەپەندىنىڭكىدەك ئېسىل بىر قەلەمگە ئېرىشىش ئارزۇسى ئىدى . مەتكېرەم ئەپەندىنىڭ قەلىمى قوتىلىق سىياھقا چىلاپ ، رېزىنكىسىنى بېسىپ قويۇۋەتسە ئۆزلۈكىدىن سىياھ ئىچىدىغان ، خەت يازغاندا سىياھى ئاستا-ئاستا تەكشى چۈشىدىغان قەلەم ئىدى ، يەنى هازىرقى زامان قەلەملىرىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى . ئۇنى مەتكېرەم ئەپەندى كاستۇمىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا قىسىپ يۈرەتتى . قەلەم شۇنداق ئۆز يارىشاتتىكى ، ئەگەر ئاشۇ مەيدە يانچۇقىدا قەلەم پارقىراپ تۇرمىسا ، ئۇ «ئەپەندى» دېگەن هۆرمەتلىك نامدىن ئايرىلىپ

قالىدىغانەك تۇيۇلاتتى . كىچىك ئىسمايىلنىڭ ئاشۇنداق قەلەمگە ئېرىشكۈسى بار ئىدى ۋە ئاشۇنداق قەلىمىم بولسىلا ، كىشىلەر مېنىمۇ ھۆرمەت بىلەن «ئەپەندى» دەپ ئاتايدۇ دەپ ئويلايتتى .

مەتكېرەم ئەپەندى «چادىنەباغ»دا بەش بالىغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىش بىلەن بىللە يەنە دۇنيا يېڭىلىقلىرىنىمۇ سۆزلەپ بېرەتتى . ئۇ تېلېفون ھەققىدە ، بۇنداق تېلېفوننىڭ ئورۇمچىدە بارلىقى ، كىشىلەرنىڭ سىم بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان تېلېفونلار ئارقىلىق يىراق ئارىلىقلاردا تۇرۇپمۇ سۆزلىشىدىغانلىقى ھەققىدە ، ۋېلىسىپىت (شەيتان ھارۋىسى) ھەققىدە ، ئۆزلۈكىدىن جىرىڭلايدىغان قوڭغۇراق ھەققىدە ، يەنە نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلەيتتى . بەلكىم ئاشۇ ئاجايىپ نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە ، كىچىك ئىسمايىلنىڭ قەلبىدە تېلېفوندا سۆزلىشىپ كۆرۈش ئارزۇسى ، ئىككى چاقلىق ۋېلىسىپىتكە مىنىپ ئابدۇقادىر سەيدى بىلەن يۈگۈرۈشتە بەسلىشىش ئارزۇسى پەيدا بولغاندۇ . ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى ھازىرمۇ ئۇنىڭ غەلۋىرنىڭ قاسقىنىدا ۋېلىسىپىت ياساشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ، نوگاي قاپاقتا تېلېفون ياساپ ، مەرەمخان ئانا ئېگىرگەن پاختا يىپنى سىم قىلىپ ، ئابدۇقادىر سەيدى بىلەن ئىككىسى ئىككى تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ سۆزلىشىشكە تىرىشقانلىقىنى ئەسلىشىدۇ . بۇ ئۇنىڭ قەلبىدە راستىنلا ئاشۇنداق ئارزۇلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئارزۇلىرى پەقەت ۋاقىتلىق ، بىردەملىك ئۆتكۈنچى ئارزۇلار ئىدى ، ئېسىل قەلەمگە ئېرىشىش ئارزۇسىدەك ئوتلۇق ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ئېسىل قەلەمگە ئېرىشىش ئارزۇسى قەلبىدە بەش يىل ، ئالتە يىل ، ھەتتا يەتتە يىل ھۆكۈم سۈردى ، بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى . كېيىنرەك ئۇنىڭ قەلەمگە ئېرىشىش ئارزۇسىغا يورۇقلۇق چىقىرىدىغان قولچىراغ (پىرژېكتور)غا

ئىرىشىش ئارزۇسى قوشۇلدى . ئارزۇ دىگەن ئاجايىپ بىر تۇيغۇ ئىدى . قەلبىڭدە پەيدا بولدىمۇ ، سىنى تۈگىمەس خىياللارغا غەرق قىلىدۇ ، ئىچىڭگە ئوت كىرىۋالغاندەك كۆيدۈرۈپ ، قۇرت كىرىۋالغاندەك مىدىرلاپ ، توختاۋسىز بىئارام قىلىدۇ . ئۇ يىراق ۋە گۈزەل بىر مەنزىلگە ، كۈچلۈك بىر ئاھەڭرەبا ( ماگنىت) غا ئوخشاش ، سىنى تارتىدۇ ۋە جەلپ قىلىدۇ . ئاشۇ مەنزىلگە يىتىش يولىدا جاپا-مۇشەققەتلەرگە ، ئەلەم-كۈلپەتلەرگە پىسەنت قىلمايسەن . ئۇنىڭغا يەتكەن ، ئىرىشكىنىڭدە بولسا ، قەلبىڭ مەمنۇنىيەت ، رازىلىق ، بەخت تۇيغۇلىرىدىن راھەتلىنىدۇ ...
كىچىك ئىسمايىلمۇ ئاشۇ ئارزۇلىرى ئىلكىدە ئوت-گۈلخان بولۇپ ياناتتى . ئۇنىڭ ئاشۇ ئارزۇلىرىغا يىتىش يولىدا سۈرگەن ئاشىقانە خىياللىرىنى ، تۈزگەن غايىبانە پىلانلىرىنى تەسۋىرلەشكە قەلەم ئاجىز . ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئارزۇلىرى يەتكىلى بولمايدىغان قۇرۇق ئارزۇلار ئەمەس ئىدى . ئەمەلىي ، ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئارزۇلار ئىدى . قەلەم بىلەن قولچىراغ پۇل بولسىلا سىتىۋالغىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئىدى . بەلكىم ئۇ بۇ ئارزۇلىرىغا تۇنجى قىتىم مائاش ئالغان چاغدا يەتكەندۇ . بۇلارنى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىمىز .
ھازىر بولسا ئاشۇ گۈزەل «چادىنەباغ» دا مەتكىرەم ئەپەندى بەش ئۆسمۈرگە خەت يىزىشنىمۇ ئۆگىتىپ ، قەلبىگە ئوتلۇق ئارزۇلارنىمۇ يىقىپ يۈرەتتى . ئۇ ئاشۇ يەردە باللارغا ياۋروپا ، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى ئۆرتەۋاتقان جاھان ئۇرۇشى ، ئىلى — چۆچەك تەرەپتە كۆتۈرۈلگەن ئازادلىق كۈرەشلىرى ، تۆمۈر بەگنىڭ ھىيلىگەرلىكى ۋە روزى بەگنىڭ زومىگەرلىكى ، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ۋە يەنە تالاي نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن . مەتكىرەم ئەپەندىنىڭ «يوغان باش»لىقى ، قورقۇمسىزلىقى ، ھەققانىيەتچى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكى نۇقتىسىدىن

ئالغاندا، ئۇنى ياش باللارغا ئۆز ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنمىدى دېيىشكە ئاساسىمىز يوق. ئۇنىڭ كىچىك ئوقۇغۇچىسى ئىسمايىلنىڭ بەش - ئالتە يىل ئۆتمەيلا تۆمۈر بەگ ۋە روزى بەگلەرگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ كەتكەنلىكىمۇ ئۇنىڭ ئاللىقاچان ئادالەت، ھەققانىيەت، تەڭلىك-باراۋەرلىك تەربىيىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. كىچىك چاغدا قەلبىگە ئورناشقان نەرسە خۇددى «مەڭگۈ تاش» لارغا ئويۇلغان خەتتەك ئۇزاق يىللارغىچە ئۆچمەيدۇ، قاچانلا بولمىسۇن ئوتلىنىپ-نۇرلىنىپ تۇرىدۇ؟ كىچىك ئىسمايىلنىڭ ئون ئالتە ياشتىن ھالقىماي تۇرۇپلا سۇپۇرگە ئاخۇن باتۇردەك ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا تولۇپ، تۆمۈر بەگ، روزى بەگلەرگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ چىققانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. شۇنداق قىلىپ، كىچىك ئىسمايىل «چادىنەباغ» دا مەتكېرەم ئەپەندىنىڭ ئوقۇتۇشى، تەربىيىلىشى بىلەن «خەت ساۋاتى» نى چىقاردى. ئۇ خەتنى تېز يازالايدىغان بولدى، باشقا ئادەمىيلىك تەربىيىلىرىنىمۇ ئالدى. قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئامراق نەۋرىسى ئاتمىش يىل ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئاشۇ «چادىنە باغ» نى، تۇنجى ۋە ئاخىرقى «ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى» مەتكېرەم ئەپەندىنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىدۇ. ئاشۇ «ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى» دىن ئۆگەنگەنلىرىنىڭ كېيىنكى ئالتە يىللىق مەكتەپ ئوقۇشىدا ئۆگەنگەنلىرىدىن كۆپ بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ ھەق-ناھەق قارىشىنى، ئادالەتپەرۋەر، ھەققانىيەتچىل روھىنى، تەڭلىك-باراۋەرلىككە ئىنتىلىش ئارزۇسىنى مەدھىيىلەيدۇ. ئەپسۇسكى، ئاشۇ مەتكېرەم ئەپەندى رەھىمسىز كېسەل بىلەن بەكلا بۇرۇن ئالەمدىن كېتىپ قالدى. «چادىنەباغ» مۇ تۇزلەپ يوق قىلىۋېتىلدى. سۇپۇرگە ئاخۇن باتۇرنىڭ نەسەبى ئۈزۈلدى، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىزنا قالمىدى.

ئەمما ئۇنىڭدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ قالدى . ئۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ ياخشى نامى قالدى . مەتكېرەم ئەپەندىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا «چادىنەباغ» دا تەلىم ئالغان ئوقۇغۇچىسى يۇرت سېغىنچى تۇتۇپ ، يۇرت-مەھەللىسى ، «ئانارلىق» قا قايتقان چاغلىرىدا ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بادامدوپپا ، قىلىچ ياقا چاپان ، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىپ ، كۈل رەڭ تايغا مىنىپ كېتىۋاتقان مەتكېرەم ئەپەندىنىڭ نۇرانە سېيماسى ئايان بولىدۇ . قەلبىدىن : «ئەلۋىدا ، مۇئەللىم ، ئەلۋىدا ، ياتقان يېرىڭىز جەننەتتە بولسۇن !» دېگەن خىتاب ئۇرغۇپ چىقىدۇ ···

## 3 . پەننىي مەكتەپكە كىرىش

يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەكلا قۇناخۇن خەلپەمنىڭ نەۋرىسى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپى بىلەن قۇرداش ۋە تەڭداش ، خۇددى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپى كىچىك ئىسمايىل ئۇچۇنلا ئومۇملاشقاندەك ۋە ياكى يېڭى مېھمان ئاشۇ يېڭىچە مائارىپتا تەربىيىلىنىش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كەلگەندەك . كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئىسمايىل پەننىي مەكتەپكە رەسمىي ئوقۇغۇچى قاتارىدا تۇتۇۋېلىندى . بۇ كۇننى بىز قۇتلۇق كۇن دەپ ئاتىشىمىز كېرەك . تەربىيە ئېلىش پۇرستىگە ئېرىشكەن كۇن ئىستىقبال قۇياشى پارلىغان كۇن ھېسابلىنىدۇ . شۇنداق ئىكەن ، ئۇنى قۇتلۇق كۇن دېمەي تۇرالمايمىز . ئەمما ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق كىيىمى كىيىپ ، دەپتەر سېلىنغان جىلتىسىنى بويىنغا ئېسىپ ، خۇشال - خۇرام ، شادىيانە قەدەملەر بىلەن مەكتەپكە ئۆزى كىرمەي ، ئەكسىچە مەكتەپكە «تۇتۇۋېلىنغان» لىقى خېلىلا غەلىتە ئىش ئىدى . ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۆز جاھىللىقى بىلەن يېڭىچە مەدەنىيەتكە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى . خۇراپاتلىق يېڭىلىققا

ئاخىرقى، ئاجىز زەربىلىرىنى بېرىۋاتاتتى. مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىسىز قالغان كىچىك موللىلار پەنني مەكتەپلەر ئۈستىدىن ئىغۋا توقۇۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى مەكتەپتىن قاچۇرۇش ئاشۇ چىرىيىدە، «توپا»دا بىر خىل ئادەتكە ئايلانغانىدى. يېڭى قۇرۇلغان مەكتەپلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ مەسىلە بار ئىدى. مەكتەپكە كەلمىگەن، ئىنتىزامسىزلىق قىلغان، ياخشى ئۆگەنمىگەن بالىلار تەن جازاسىغا ئۇچرايتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىقانلىرىنى ئاچتۇرۇپ ئۇچ قىرلىق «ئىنتىزام پالىقى» بىلەن قاتتىق ئۇراتتى. بۇنداق جازاغا ئۇچرىغان ئوقۇغۇچى مەكتەپكە بېرىشتىن يالتىيىپ قالاتتى، ئوقۇتقۇچىلارنى كۆرسىلا تۇتۇق بەرمەي قاچاتتى. بىرەرسىنىڭ تاياق يېگىنى پۈتۈن يۇرتقا پۇر بولۇپ، مەكتەپكە كىرمىگەن بالىلارمۇ مۇئەللىملەرنى كۆرسىلا قاراقچىنى كۆرگەندەك قاچىدىغان بولۇپ قالاتتى. بالىلار ئاشۇنداق قاچقانىكەن، ئۇلارنى ئوقۇتۇش ئۇچۇن ئەلۋەتتە تۇتۇۋېلىش كېرەك ئىدى.

تارىختا بىرەر ھاكىمىيەتنىڭ ئوقۇغۇچى تۇتقانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى. فىرئەۋىن دەۋرىدىكى مىسىردىمۇ، ئارىستوتېل-ئەپلاتون دەۋرىدىكى يۇنانىستاندىمۇ، كوڭزى-مېڭزى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بەگلىكلىرىدىمۇ «ئوقۇغۇچى تۇتۇش» دېگەن ئىش يۈز بەرمىگەنىدى. راست، پېشقەدەملەر ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە خوتەنگە، چىرىيىگە «ئوقۇغۇچى بېرىش سېلىقى» چۈشكەنلىكىنى ئەسلىشىدۇ. بۇ ھېلىقى «ئوقۇغۇچى تۇتۇش» قا ئازراق ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇ چاغدا كىشىلەر، بولۇپمۇ يۇرت كاتتىلىرى «بالىلىرىمىزنى شۆتاڭغا بەرسەك، دىنى، تىلى، ئۆرپ-ئادىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ» دەپ قارىغاچقا، بالىلىرىنى «شۆتاڭ» غا بېرىشتىن ئۆلگۈدەك ھەزەر ئەيلەيدىكەن. ئەمما «ئوقۇغۇچى بېرىش سېلىقى» نى ئۆزمەيمۇ بولمايدىكەن. ئاخىرى

يۇرت كاتىپلىرى پۇل يىغىش قىلىپ ، نامراتلارنىڭ بالىلىرىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ «شۆتاڭ» غا ئەۋەتىپ بېرىدىكەن - دە ، «ئوقۇغۇچى بېرىش سېلىقى» نى ئۈزگەن بولىدىكەن . 1920 -يىلى چېرىيە دىيارىغا تۇنجى قېتىم ئىككى نەپەر «ئوقۇغۇچى بېرىش سېلىقى» چۈشكەندە ، چېرىيە كاتىپلىرى «نۇرى» سايۋاغلىق نامراتنىڭ غوجاشىم ئىسىملىك ئوغلىنى پۇلغا سېتىۋېلىپ ئەۋەتىپ بەرگەنىكەن . خوتەن «سوپا بەگلىكى» گە «ئوقۇغۇچى بېرىش سېلىقى» چۈشكەندە ، يۇرت كاتىپلىرى «سېرىغىز» لىق نامرات دېھقاننىڭ نۇرى ئىسىملىك ئوغلىنى سېتىۋېلىپ «ئوقۇغۇچى بېرىش سېلىقى» نى ئۈزگەنىكەن . ئاشۇ نۇرى ئىسىملىك بالا «شۆتاڭ» دىن چىققاندا ، «خودۇڭباڭ» (نۇرى بەگمۇ دېيىشىدۇ) دېگەن ئىسىم بىلەن چىقىپتۇ .

بۇنداق مىساللارنى خېلى كۆپ كەلتۈرۈش مۇمكىن . لېكىن بىزنىڭ بۇ مىساللاردىن ئېرىشمەكچى بولغىنىمىز ئاشۇ «ئوقۇغۇچى بېرىش سېلىقى»نىڭ ئاخىرى بېرىپ «ئوقۇغۇچى تۇتۇش» قا ئۆزگەرگەنلىكى . دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە يۈز بەرمىگەن «ئوقۇغۇچى تۇتۇش» نىڭ بىزنىڭ دىيارىمىزدا ، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەنلىكى ئادەمنى خېلىلا تەئەججۈپكە سالىدۇ . «ئوقۇغۇچى بېرىش سېلىقى» نى ياڭ زېڭشىن كەشىپ قىلغاندەك ، «ئوقۇغۇچى قاچۇرۇش» ۋە «ئوقۇغۇچى تۇتۇش» يېڭىلىقىنى بىز ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان بولۇشىمىز مۇمكىن . قانداقلا بولمىسۇن «مەكتەپتىن قاچۇرۇش» مەۋجۇت بولغان يەردە ، «مەكتەپكە تۇتۇۋېلىش» مۇ ئەلۋەتتە تەڭ مەۋجۇت بولاتتى . قاچقانىكەن ، تۇتۇۋېلىش كېرەك ئىدى . ئارقىغا قاچقانلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشكە بولمايتتى . جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن «تۇتۇۋېلىش» كېرەك ئىدى .

ئاشۇ كۈنى «توپا» ئاسمىنىدا غۇر-غۇر شامال چىقىپ تۇراتتى. يىراقتىكى توغراق ۋە سەگۆ تېرەكلەرنىڭ ئۇچى بوش-بوش ئىرغاڭلايتتى. «خان يايلاق» تا سەككىز-ئون بالا لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئوينىۋاتاتتى. كىمدۇر بىرى تۇيۇقسىز «مۇئەللىم كەلدى» دەپ ۋارقىرىدى. بالىلار دەسلەپ گاڭگىراشتى، كېيىن خۇددى قۇرغۇيدىن ئۈركۈگەن كەپتەرلەردەك پارتىلداپ قېچىشتى، تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. «خان يايلاق» تا بالىلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان هايالشىمايلا تۈۋرۈكسىمان قۇيۇنغا ئايلاندى. «خوتەن قەغىزى» دىن ياسالغان لەگلەكلەر بولسا، بالىلارنىڭ قولىدىن چىقىپ ئۇچتى-دە، يىراقتىكى سەگۆ تېرەكنىڭ شېخىغا ئىلىنىپ قالدى...

قاچقانلار ئىچىدە كىچىك ئىسمايىل بىلەن كىچىك ئابدۇللامۇ بار ئىدى. ئەلۋەتتە كىچىك ئىسمايىل ھەممىنىڭ ئالدىدا قېچىپ باراتتى. ئارقىدىكى ئابدۇللا بولسا ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئاۋۋال ئابدۇللالارنىڭ بېغىغا شۇڭغۇدى. دەرەخلەر پۈتۈنلەي يالىڭاچلانغان بولۇپ يوشۇرۇنغۇدەك يەر يوق ئىدى. ئارقىدىنلا ئۆزلىرىنى قازناق ئۆينىڭ تۆرىدە كۆرۈشتى. قازناقتا بورىدا توقۇلغان، ئاشلىق ساقلايدىغان يوغان باداڭ بار ئىدى. ئابدۇللا ئاشۇنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى-دە، قوناقلارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئىسمايىل بولسا ئۆزىنى باداڭنىڭ كەينىگە ئالدى. شۇ تاپتا ئۇلار گويا مۈشۈكتىن قاچقان چاشقانغا ئوخشاپ قالغانىدى. لېكىن يوشۇرۇنۇشلىرى راسا پۇختا ئەمەس ئىدى. «مۈشۈك» ئىزدەپ كىرىپ قالسىلا سېزىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇنداق بولدى. «مۈشۈك» كىرىپ، قازناقتىكى قاراڭغۇلۇقتا كۆزلىرىنى تىكىپ چىمچىقلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ قاراڭغۇلۇقتىكى «چاشقان»نى پەرق ئەتكۈدەك

چوڭايدى ۋە تىرناقلىرىنى سوزۇپلا باداڭ كەينىدىكى «چاشقان» نى تۇتۇۋالدى ... ھويلىغا چىققاندا «مۇشۇك» «چاشقان» نىڭ قوللىرىنى قويۇۋەتتى. ئۇ گويا قويۇۋېتىپ، قاچسا يەنە تۇتۇپ ئوينىماقچىدەك، ئۆزىنىڭ چاققانلىقتا ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچىدەك قىلاتتى. ئەمما «مۇشۇك» نىڭ تىرناقلىرىدىن ئاجرىغان «چاشقان» قاچمىدى. كۆزلىرىنى يەردىن يۆتكەپ ئالدىدىكى «مۇشۇك» كە دادىللىق بىلەن تىكىلدى. «مۇشۇك» مۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— مېنىڭ ئىسمىم مەمتىمىن تۇرسۇن. «كۆكمەت مەكتەپ» نىڭ مۇئەللىمى، سېنىڭچۇ؟ — سورىدى مۇئەللىم.

— مېنىڭ ئىسمىم ئىسمايىل.

— كىمنىڭ ئوغلىسەن؟

— ئەھمەد خەلپىنىڭ.

— قۇناخۇن خەلپەمنىڭ نەۋرىسى ئىكەنسەن-دە، نەق تېپىپ تىمەن. سەن توغرىسىدا مەتكېرەم ئەپەندىدىن ئاڭلاپ ئاتايتەن ئىزدەپ كېلىۋىدىم. ئۇنىڭ سەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدى بەك چوڭ ئىكەن. بىچارە ئاغىنەم كاڭىلداپ يۆتىلىپ، قان تۈكۈرۈپ ياتىدۇ. ئاللا ئۇنىڭغا شىپالىق بەرگەي. ساۋاتىڭ چىقىپ بوپتىكەنغۇ سېنىڭ؟

— ھەئە، ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلىمەن.

— داۋاملىق ئوقۇشۇڭ كېرەك. ئۆگىنىدىغان يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بار. كىشى كۆپ بىلىم ئالسىلا ئاندىن يارامىلىق ئادەم بولىدۇ. قېنى، مېنى باشلا، باشقا باللارنىمۇ تاپايلى. ئۇلارمۇ ئوقۇشى كېرەك. ئۇلارنى ئەسكەرلىككە، سەيسىگە، ھاشارغا تۇتمايمىز، ئوقۇپ بىلىم ئالسۇن، يارامىلىق ئادەم بولسۇن دەيمىز، ئۆزىگە پايدىسى بولسۇن دەيمىز.

مەمتىمىن تۇرسۇن مۇئەللىم ئوقۇشىنىڭ پايدىسى ھەققىدە خېلى سۆزلىگەن بولسىمۇ، كىچىك ئىسمايىل باداڭدىكى قوناق ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئابدۇللا توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىدى. مەمتىمىن تۇرسۇن مۇئەللىم شۇ كۈنى يېزىدىكى بىردىنبىر «چىنە قاداقچى» ئۇستامىنىڭ ئوغلى دېمىنىنى ئىندەككە كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ كىچىك ئىسمايىل بىلەن كىچىك دېمىن پەنىنى مەكتەپكە بىللە كىردى.

ئۇلارنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلغىنى «توپا مەكتەپ» ئەمەس، بەلكى «كۆكمەت مەكتەپ» ئىدى. 1939-يىلىدا يولداش جۇيجاڭنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن تۆمۈربەگ «توپا» غا سالغان مەكتەپ ئاللىقاچان توختاپ قالغانىدى. ئىسمايىل مەكتەپكە كىرگەن يىللاردا «توپا»، «كاڭكال»، «باش ئۇجمە»، «دۆڭئېرىق»، «كۆكمەت» دائىرىسىدە پەقەت «كۆكمەت مەكتەپ» لا بىردىنبىر ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەكتەپ ئىدى. بالىلارنى يىللىقلار بويىچە ئەمەس، بەلكى سەۋىيىسىگە قاراپلا «يۇقىرى سىنىپ»، «تۆۋەن سىنىپ» دەپ ئىككى دەرىجىگە ئايرىپ ئوقۇتاتتى. ئون ئالتە-ئون يەتتە ياشلىق چوڭ بالىلارمۇ، ئون-ئون بىر ياشلىق كىچىك بالىلارمۇ ئوقۇيتتى. ھەتتا توي قىلىپ بولغان ئوغۇل-قىزلار كېلىپ ئوقۇسىمۇ بولۇۋېرەتتى. كۈنىگە تۆت سائەت پەنىنى دەرس، بىر سائەت دىنىي دەرس ئۆتۈلەتتى، ئىمتىھان-سىناقلاردا بەش نومۇرلۇق تۈزۈم ئاساس قىلىناتتى.

ئىسمايىللارنىڭ مەھەللىسى «ئانارلىق» مەكتەپ جايلاشقان «كۆكمەت» كە خېلىلا يىراق ئىدى. كىچىك ئىسمايىل مەكتەپكە بېرىشتا «روزى ھاجىنىڭ گۈمبىزى» جايلاشقان تاقىر سايلىقتىن ۋە «ئۇلۇغ يول» دىن كېسىپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭ مەكتەپكە ئۈزلۈكسىز كىرمەسلىكىگە بەلكىم ئاشۇ يىراقلىق سەۋەب بولغاندۇ

ۋە بەلكىم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر «قۇرئان ساۋات» لىق بولدى ، «خەت ساۋات» لىق بولدى ، قالغانلىرىنى ئۆيدە ئۆگىتىۋالىمىز دەپ ئويلىغاندۇ . قانداقلا بولمىسۇن مانا ئەمدى ئۇ «تۇتۇۋېلىش» ئارقىلىق بولسىمۇ مەكتەپكە كىردى . كىچىك ئىسمايىل «كۆكمەت مەكتەپ» تە بىرەر يىلچە ئوقۇغاندا بولسۇن ياكى كېيىن «توپا مەكتەپ» تە تاكى خىزمەتكە قاتناشقىچە ئوقۇغاندا بولسۇن ، ئۇ دەرس ۋە ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىلەردە دائىم بىرىنچى ئىدى . بۇنداق بولۇشقا ئاساسنى قۇناخۇن خەلپەم ۋە مەتكېرەم ئەپەندى سالغانىدى . بۇ يەردە ھېكايە قىلغۇدەك قىزىقارلىق تەپسىلاتلار يوق . ئەمما تەن جازاسى بېرىش ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ مەكتەپلەردە ئۇنىڭمۇ ئىككى قېتىم تاياق يېگەنلىكىنى ھېكايە قىلىشقا بولىدۇ .

## 4 . ئىككى قېتىم تاياق يېيىش

يېڭى سېلىنغان «توپا مەكتەپ» تولىمۇ چىرايلىق ۋە كۆركەم ئىدى . دەرۋازىسى جەنۇبقا — «ئۇلۇغ يول» غا ئېچىلاتتى . شەرقتە بەش سىنىپ ، غەربتە تۆت سىنىپ ۋە بىر ئامبار ، شىمالدا ئالتە ئېغىز ئىشخانا قەد كۆتۈرۈپ ، ئوتتۇرىسىدا كەڭ ۋە تۈپتۈز مەيدان ھاسىل بولغانىدى . سىنىپ ، ئىشخانىلار ئېگىز ، ئازادە ، يورۇق ۋە پاكىز ئىدى . تاملار گەج بىلەن ئاپئاق ئاقارتىلغان بولۇپ ، قۇياش نۇرىدا بىللۇردەك پارقىراپ تۇراتتى . سىنىپلار ئارقىسىدا باغ ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا كولانغان چوڭقۇر كۆلدىكى سۈزۈك سۇدا ئاسماننىڭ يېشىل رەڭگى ئەكس ئېتەتتى . مەيدان ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولغان ، شادىيانە كۈلكىلەر ، شوخ-شوخ ۋارقىراشلار ، رىتىملىق ناخشىلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئاشۇ ئاۋازلار مەكتەپنى قورشاپ تۇرغان گۈللۈك رېشاتكىدىن ، بۇركۇت قانىتى شەكىللىك قوش

دەرۋازىدىن ئۇچۇپ چىقىپ «توپا» نىڭ ئانارلىق باغلىرىغا، دەرەخلىك كوچىلىرىغا، كەڭ ئاسمىنىغا يېيىلاتتى. نېمىدېگەن غەمسىز سادالار-ھە! ئىستىراھەت ۋاقتىدىكى ئاشۇ شادلىققا قايىسى خۇشاللىق تەڭ كەلسۇن؟! ئوغۇللار قوغلىشىپ، تايچاقتەك قىيغىتىشاتتى. قىزلار ئاق قۇدەك قاتارلىشىپ ئارقان سەكرىشەتتى. ئىككى قاتار سەپ بولۇپ «ئاق تېرەك-كۆك تېرەك» ئويناۋاتقانلار، يۇمشاق توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرۇپ «ئوقتاش»[1] ئويناۋاتقانلار كۆزگە چېلىقاتتى. قىزىلگۇل بەرگىدەك ئۆزئارا گىرەلىشىپ كىچىككىنە يۇملاق ھاسىل قىلىپ پەس ئاۋازدا بېيىت ئېيتىشىۋاتقانلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىڭ:

ھەببەيۇ، ھەببە،
قىرىق كاكۇلۇڭ قېنى؟
ھەببەمگە توي كەپتۇ،
دۇمبە قۇيرۇق قوي كەپتۇ.
قوينى ھەيدەپ دۆڭلەردە،
ئېلىپ كەپتۇ مەللەمگە.
مەللىدىكى قىزچاقلار،
تاشلىشىپتۇ چاقچاقلار.
قوينى ساناڭ ۋاقتىدا،
خېمىر كېسىڭ تاختىدا.
كىممۇ تېگىدۇ ئەرگە،
نارەسىدە ۋاقتىدا.
كۇكۇلاڭغا قاراپ قوي،
كەل ئاداشىم، ئويناپ قوي.

[1] جانلىق تىلدا «بىچە» دېيىلىدۇ.

قانداق شوخ بېيتلەر-ھە؟ ... بۇ يەردە غەم-ئەندىشە يوق، دەرد-ئەلەم يوق، جاپا-مۇشەققەت يوق، پۇشايمان-نادامەت يوق. بۇ يەردە ھەسەت، ئىچى تارلىق، قىزىل كۆزلۈك، ئاچ كۆزلۈك يوق، سەبىي قەلبلەردە قۇياش نۇرىدەك پاكلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. قىلىقلىرىدا كىيىك ئوغلاقلىرىدەك شوخلۇق ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇنداق شادىيانە مەيدان نەدە بار؟

تۇچ قوڭغۇراق زىل، ياڭراق ئاۋازدا جىرىڭلىدى. ئۇچ باسقۇچلۇق ئىشخانا پەلەمپىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا تۇرغان «تەرتىپ مۇدىرى» بوم ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— تازىلىق! چوڭ تازىلىق! ھەي باللار، سۈپۈرگە، چېلەكلىرىڭلارنى ئېلىپ، ھەر قايسى سىنىپ ئۆز مەيدانلىرىڭلارنى تازىلاڭلار، تەكشۈرۈپ نومۇر قويىمىز.

پەشتاقتا مەكتەپ مۇدىرى مەتسىدىق نىياز، ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاۋۇت توختى، مەتنىياز روزى، ئېلى روزى، مەتشېرىپ داۋۇت، توختىتۇمۇر قاتارلىقلار پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەتلىك كىيىنگەن، سۇرلۇك، سالاپەتلىك مۇئەللىملەر ئىدى. ھەرقانداق شوخ، چاپچىكەش باللارنىمۇ ئەيمەندۈرەتتى. مەيداندىكى قىيقاس - سۈرەن تىنچىدى. باللار ئالدىراش ئۆز سىنىپلىرىغا مېڭىشتى. سىنىپلاردىن چۆگۈن، چەينەك، قاپاق كۆتۈرۈپ چىققان ئوغۇللار كۆل بويىغا، سۈپۈرگە كۆتۈرۈپ چىققان قىزلار مەيدانغا مېڭىشتى. مەكتەپ بىردىنلا ھاشار چۈمۈلىسىدەك رەتلىك، ئىشچان باللارنىڭ ئەمگەك مەيدانىغا ئايلاندى. ئوغۇللار كۆلدىن سۇ توشۇپ، بەلگىلەنگەن مەيدانغا سۇ سېپەتتى. قىزلار شاخ سۈپۈرگىلىرى بىلەن ئەخلەتلەرنى سۈپۈرەتتى ... بۇگۈن كىچىك ئىسمايىل سۇ سېپىش ئۈچۈن چىرايلىق بىر مىس چۆگۈن ئەكەلگەنىدى. ئۇنىڭغا جىق سۇ

سىغمايتتى، لېكىن تېز بېرىپ-تېز كەلسە ئابدۇللانىڭ چەيىنىكىدىن، ئابدۇقادىر سەيدىنىڭ قاپىقىدىن، تالىپنىڭ كاسىگىدىن كۆپرەك سۇ توشۇغىلى بولاتتى. قاپاق، كاساڭلارغا قارىغاندا كۆتۈرمەكمۇ ئوڭاي ئىدى، سۇ چايقىلىپ تۆكۈلۈپمۇ كەتمەيتتى. ئۇ بىر دەمدىلا كۆل قېشىغا ئۈچ قېتىم بېرىپ كەلدى. ھەر قېتىم ئەكەلگەن سۇنى چۆگۈننىڭ جوغىسىدىن تەكشى چۇشۇرۇپ، توپىلىق يەرگە ھەر خىل شەكىللەرنى ھاسىل قىلىپ سىپەتتى. ئۇ تۆتىنچى قېتىم سۇ ئەكېلىپ سىپىۋاتقاندا ئۇنىڭ قېشىغا ساۋاقدىشى زۇلەيخان كەلدى. زۇلەيخان چىرايى ئاق ئالمىدەك سۇزۇك، سەل سېمىزرەك، تولغان، چىرايلىق قىز ئىدى.

— ئىسمايىل، چۆگۈنۈڭنى بېرىپ تۇرغىنا، مەن بىر قېتىم سۇ ئەكېلەي، — دېدى زۇلەيخان ئىسمايىلغا قاراپ. ئۇ گويا شۇنى باھانە قىلىپ، ئىسمايىلنى گەپكە تۇتماقچىدەك، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچىدەك قىلاتتى.

— سەن سۇپۇرگەڭنى ئىشلىتىۋەر، سۇنى ئۆزۈم توشۇيمەن،

— جاۋاب بەردى كىچىك ئىسمايىل.

— بېرىپ تۇرغىنا، جېنىم ئۇكام، بىر قېتىم ئەكېلەي.

— ياق!

— ھوي پەرتەك، نېمىشقا بەرمەيسەن قاقىراڭنى؟ — زۇلەيخان كاپپىدە چۆگۈنگە ئېسىلدى.

— قىز بالا دېگەن سۇپۇرگە ئىشلىتىدۇ، ئوغۇل بالا سۇ توشۇيدۇ، — چۆگۈننى تارتتى ئىسمايىل.

كىچىككىنە مىس چۆگۈنگە تۆت قول يېپىشقان، ئۇ گويا «خان يايلاق» تا چەۋەندازلار تارتىشىۋاتقان «ئوغلاق» قا ئايلانغانىدى. چوڭ، كۈچلۈك زۇلەيخان ئۇياققا تارتتى. ۋىجىك، كىچىككىنە ئىسمايىل بۇياققا تارتتى. ھېلى زۇلەيخان ئالدىغا

مۇدۇرۇپ كەتسە، ھېلى ئىسمايىل مۇدۇرۇپ كېتەتتى. ھېلى ئۇ زور چىقسا، ھېلى بۇ زور چىقاتتى. ھېلىلا سۇ سىپىلگەن يۇمشاق توپا تىلغىنىپ كەتتى. ئىككى بالا— بىر قىز ۋە بىر ئوغۇل تارتىشماق ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھېچكىمنىڭ قاپىقى تۈرۈلمىگەن، ئۇلار خۇددى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، كىمنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى سىنىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. قاپاقتا سۇ ئەكېلىۋاتقان ئابدۇقادىر سەيدى ۋارقىرىدى:

— ھەي، ئىككىڭلار ئويىنىشىۋەرمەي ئىش قىلساڭلارچۇ، قاراڭلار تەرتىپ مۇدىرى كېلىۋاتىدۇ...

ئاشۇ سۆز ئاڭلىنىۋاتقان پەيتتە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا زۇلەيخان پۇلاڭشىدە ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى، ھېلىلا سۇ سىپىلگەن مەيدانغا ئوڭدا چۈشتى، قولىدىكى چۆگۈن ئالمىدەك سۇزۇك يۈزىگە كېلىپ ئۇرۇلدى. قىزنىڭ «ۋايجان!» دېگەن ئىنچىكە ئاۋازى ياڭرىدى...

شۇ چاغدا كىچىك ئىسمايىل گويا ھاڭۋاققاندەك گاڭگىراپ قالغانىدى. قىزنىڭ «ۋايجان» دېگەن ئاۋازى قۇلاقلىرىغا ئۇرۇلغاندىلا ئۇ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندى: قاتتىق تارتىشىشتا ھۆل ۋە سىلىق چۆگۈن كىچىك ئىسمايىلنىڭ قوللىرىدىن چىقىپ كەتكەن. ئۇ چۆگۈننىڭ قوللىرىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالغانىدى. مانا ئەمدى ئويۇننىڭ قېپى يېرىلىپتۇ. زۇلەيخانغا بىرنېمە بولمىغاي ئىلاھىم...

ئىسمايىل ئوڭدا چۈشكەن زۇلەيخاننىڭ يېنىغا تىزلىنىپ، ئۇنى يۆلىدى.

— مەن قەستەن قىلمىدىم زۇلەيخان، قەستەن قىلمىدىم...

زۇلەيخاننىڭ لەۋلىرىدىن قىپقىزىل قان سىرغىپ چىققانىدى. بۇ ئىسمايىلنىڭ قوللىرىدىن ئاجراپ كەتكەن

چۈگـۈنـنىڭ ئۈنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئاغرىق ئازابىدىنمۇ ياكى يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنىڭ ئەلىمىدىنمۇ، زۇلەيخانىڭ چوڭ ۋە قاراقاتتەك كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتاتتى. ساۋاقـداشلار گۇررىدە ئولىشىپ كەلدى. زۇلەيخانىڭ ئاچىسى مـەرەمـنىساخان سىڭلىسىنىڭ كىيىملىرىدىكى توپىلارنى قاقتى، لەۋلىرىدىن سىرغىپ چىققان قاننى سۈرتتى. كىچىك ئىسمايىل بـولسا تېخىچە «قەستەن قىلمىدىم، زۇلەيخان قاتتىق تارتقاچقا چۈگـۈن قـولـۇمدىن چىقىپ كەتتى» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ تـۇراتـتى. قىياپىتىدىن بولسا، تاسادىپىي سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان بالىنىڭ تۇرگۇنلۇكى چىقىپ تۇراتتى.

تەرتىپ مۇدىرى يېقىنلاپ كەلدى، زۇلەيخانىڭ كۆزلىرىدىكى ياش ۋە لەۋلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كـەتـتـى، چىرايى بىردىن جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ ئەسلىدىمۇ ئاشۇنداق ئالدىراڭغۇ ئادەم ئىدى.

— خېنىمغا ئازار يەتكۈزگەن قايسىڭ؟ — ۋارقىرىدى تەرتىپ مۇدىرى جەھلى بىلەن.

بـالـىلار جـىـمـمـىـدە تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار ھە دېسىلا چـېـچىلىدىغان تەرتىپ مۇدىرىدىن قورقۇشاتتى. ئاز سۈكۈتتىن كېيىن ئابدۇللا توختى ئېغىز ئاچتى.

— بۇلار ئۇرۇشۇپ قالغىنى يوق، زۇلەيخان ئىسمايىلنىڭ قولىدىكى چۈگۈننى تارتىۋالىمەن دەپ يىقىلىپ كەتتى...

— يـەنـە سـەن ئـىـكەنسەن-دە پەرتەك، سېنىڭ تەرتىپنى بۇزمايدىغان كۈنۈڭمۇ بولامدۇ، ئېيتە، نېمە قىلدىڭ خېنىمنى؟

— مەندە گۇناھ يوق، چۈگۈننى ئۇ ئۆزى تالاشتى...

— ماڭ ئىشخانىغا، سېنىڭ بىلەن ھېساب-كىتابنى ئىشخانىدا قىلىمىز...

تەرتىپ مۇدىرى ئىسمايىلنى ئىشخانىغا ھەيدەپ ماڭدى . شۇ تاپتا ئىسمايىل گۇناھكارغا ، تەرتىپ مۇدىرى بولسا گۇناھكارنى يالاپ ماڭغان دورغىغا ئوخشاپ قالغانىدى . ساۋاقداشلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاكى ئۇلار ئۈچ پەشتاقلىق پەلەمپەيدىن چىقىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەتكۇچە قاراپ تۇرۇشتى ۋە سۇپۇرگە ، چېلەكلىرىنى ئېلىپ ئۆز ئىشىغا مېڭىشتى . ئىش تۇغدۇرغان بالاخور مىس چۆگۈن بولسا ، تېخىچە ئۇلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا ، يۇمشاق توپىدا قىڭغىيىپ ياتاتتى . يىغىسى توختاپ ئەسلىگە كەلگەن زۇلەيخان چۆگۈنگە قاراپ قويدى ، لېكىن قولىغا ئالمىدى . ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭ تالاشقىنى چۆگۈن ئەمەس ، ئىسمايىلنىڭ ئۆزىگە بولغان دىققىتى ئىدى . شۇكۇنى مەكتەپ ئىشخانىسىدا ، مەكتەپ مۇدىرى مەتىسىدىق نىيازنىڭ ئالدىدا ، تەرتىپ مۇدىرى قارىلىغۇچىغا ، كىچىك ئىسمايىل بولسا ئۆزىنى ئاقلىغۇچىغا ئايلاندى . تەرتىپ مۇدىرى زۇلەيخانىنىڭ دادىسى تۆمۈر بېگىمنىڭ مەكتەپ سېپىلىشتا قوشقان ھەسسىسىنى ، مەكتەپكە قىلغان تۆھپە-ئىنئاملىرىنى ، مەكتەپنىڭ پايدىلىنىشىغا ئاجرىتىپ بەرگەن ۋەخپە زېمىنلىرىنى شېپى كەلتۇرۇپ «ئەگەر بىز بېگىمنىڭ ئامراق قىزىنى بولسىمۇ ، چاپتىكەشلەرنىڭ زەخمە يەتكۈزۈشىدىن قوغداپ قالالمىساق ، تۆمۈر بېگىم بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپكە قانداق ياردەم بېرىدۇ ؟» دەپ شالىسىنى چاچاتتى . كىچىك ئىسمايىل بولسا ، ئىككى بالا ئوتتۇرىسىدىكى غەرەزسىز ئويۇندىن كېلىپ چىققان كىچىككىنە ھادىسىنىڭ قانداق قىلىپ تۆمۈر بېگىمنىڭ ياردىمىگە يامان تەسىر بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى . ئۇ : «بىز سوقۇشۇپ قالمىدۇق ، زۇلەيخان چۆگۈننى تالىشىپ ، ئۆزى يىقىلىپ كەتتى . بولمىسا ئۆزىدىن سوراڭلار» دېگەن گېپىدە چىڭ تۇردى . ئۇ ئۆزىگە ئىشىنەتتى . مۇشۇ قېتىمقى ۋەقەدە گۇناھسىزلىقى

ئۇچۇنمۇ ، دەرستە ، تەنتەربىيە ، سەنئەت پائالىيەتلىرىدە ، ئەمگەك ، تازىلىقتا مەكتەپ بويىچە ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى بولغانلىقى ئۇچۇنمۇ ئۆزىگە ئىشىنەتتى ، كىچىككىنە بىر ئىش ئۇچۇن مەكتەپنىڭ ئۆز ياخشى ئوقۇغۇچىسىنى جازالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى . مەكتەپ مۇدىرى ۋە مۇئەللىملەر تەرتىپ مۇدىرىنىڭ يوقىلاڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەس ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسىنى قوغدار دەپ ئويلايتتى . بۇ بالىلارچە ساددا ، پاك ، غەرەزسىز ئوي ئىدى . ئۇ چوڭلار جەمئىيىتىنى چۈشەنمەيتتى . ئاشۇ چوڭلار ئارىسىدا «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» ئىكەنلىكىنى ، ئۇ يەردە خۇشامەت ، يالاقچىلىق قاتارلىق رەزىل ئىللەتلەرنىڭ ھۆكۈم سۈرىدىغانلىقىنى ، بىر بېگىمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇچۇن نەچچە خۇشامەتچىنىڭ چاپان كۆتۈرۈپ يۈرىدىغانلىقىنى ، بىر بېگىمنىڭ مەنپەئىتى ئۇچۇن ئون كەمبەغەلنىڭ مال-مۈلكىنىڭ تالان-تاراج قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى . راست ، ئۇنىڭ مۇئەللىملىرى ، ئۇنىڭ مەكتەپ مۇدىرى شۇ زاماننىڭ ئەڭ تەربىيە كۆرگەن ، ئەڭ ئېسىل ئادەملىرى ئىدى . بولۇپمۇ ئىسمايىلغا ئوخشاش كىچىك نارەسىدىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئەڭ ئېسىل ئادەملەر ئىدى . ئەمما ئۇلارمۇ چوڭايغانسېرى يۇقۇپ بارىدىغان ئىللەتلەردىن خالىي ئەمەس ئىدى . تۆمۈر بېگىم ھېيت-بايراملاردا مەكتەپكە ئازراق بىر نەرسە ئىنئام قىلسا ، سۇ قاندىنمۇ قىممەت «تۆمۈ» ۋاقتىدا مەكتەپنىڭ كۆلىگە بىر قېتىم سۇ باشلاپ بەرسە ، قىشنىڭ قەھرىتان كۈنلىرى مەكتەپ مەيدانىغا ئىككى-ئۈچ تۆگە ئوتۇن ئۆرۈپ بەرسە ، ئاشۇ مەكتەپ مۇدىرى ۋە تەرتىپ مۇدىرىنىڭ ئاغزى «تۆمۈر بېگىمگە مەدھىيە» ناخشىسىنى ئېيتىپ كاماردەك ئېچىلىپ كېتەتتى . ئۇلارنىڭ قەلبىدە تۆمۈر بېگىمنى ئاتىسى ، ھامىيسى ،

شاپائەتچىسى قاتارىدا كۆرىدىغان ھېسسىياتمۇ يوق ئەمەس ئىدى . مانا شۇنداق ئۇلۇغ شاپائەتچىنىڭ قىزىنى مۇنۇ چاپتىكەش ئىسمايىل قاتتىق مىس چۆگۈن بىلەن ئۇرۇپ ، لەۋلىرىنى ئېتىلدۇرۇۋەتسە ، ئىسسىق قېنىنى ئاققۇزسا ، تۆمۈر بېگىم خاپا بولماسمۇ ؟ مەكتەپتىن ، مۇدىر ، مۇئەللىملەردىن ئاغرىنماسمۇ ؟ تۆمۈر بېگىمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇنۇ چاپتىكەشنى قاتتىق جازالاش كېرەك . ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى بولغاندىمۇ قاتتىق جازالاش كېرەك ، ياخشى ئوقۇغۇچى بولغان بولسا ، تۆمۈر بېگىمنىڭ ، مەكتەپنىڭ شاپائەتچىسىنىڭ ئامراق قىزىنى ئۇرۇپ يۈرەتتىمۇ ؟

تەرتىپ مۇدىرى تۆمۈر بېگىمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ، ئۇنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن قولىغا ئۈچ قىرلىق «ئەدەپ تايىقى» نى ئالدى ، كىچىك ئىسمايىلغا خۇددى ئەشەددىي دۈشمىنىگە قارىغاندەك ھومىيىپ ئالايدى . ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنى ئۇرۇپ يارىدارقىلغانلىقىنى ، ئېغىر دەرىجىدە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ، جازالىنىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بىر ھازا تەنبىھ بەردى ۋە ئالقىنىنى ئېچىشقا بۇيرۇدى . «ئالقىنىڭنى ئاچ !» دېگەن بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندا ، كىچىك ئىسمايىل تېخىچە ئۆز ئىشەنچى بىلەن مېنى جازالىماس ، «ئەدەپ تايىقى» بىلەن ئۇرماس دەپ ئويلاپ تۇراتتى . كاللىسى چىگىش خىياللار بىلەن گاراڭ ئىدى . مۇدىرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ، نېمىگە كايىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتى . ئاشۇ «ئالقىنىڭنى ئاچ !» دېگەن سادا قۇلاقلىرىغا ئۇرۇلغاندا ، گاراڭلىق ئىچىدە ئالقانلىرى ئىختىيارسىز ئېچىلىپ كەتتى . ئۈچ قىرلىق «ئەدەپ تايىقى» يۇمران ئالقانغا چاڭگىدە تەگكەندە ، ئاچچىق ، چىدىغۇسىز بىر سېزىم مېڭىسىگە ئۆرلەپ چىقتى . ئالقىنى ئىختىيارسىز يۇمۇلدى . ئىككىنچى ئالقىنى

سىلاشقا ، تەسەللى بېرىشكە يۈگۈرۈپ كەلدى . ئاشۇ ئاچچىق ، چىدىغۇسىز سېزىم كىچىك ئىسمايىلنى ھوشىغا كەلتۈردى . ئۆزىگە ئۆزىنىڭ جازالىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى . ئاشۇ سېزىم يەنە كىچىككىنە ئىسمايىلنىڭ جەھلىنى چۈيۈندەك قاتۇرغانىدى .

— مەن گۇناھسىز ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قەھرى بىلەن .

— گۇناھسىز بولساڭ مانا ! — ئىككىنچى تاياق كېلىپ ئۇنىڭ بارماقلىرىغا تەگدى .

— ئۇرسىلا ئۇرۇۋەرسىلە ، مەن گۇناھسىز ! — ئىسمايىل ئالىقىنىنى كەڭ ئېچىپ مۇدىر مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا سوزدى .

ئۈچىنچى تاياق ئۇرۇلدى . ئالىقاننىڭ يۇمران گۆشلىرى قىردەك ئىششىپ چىقتى ، ئۇششۇك تەگكەندەك قىزىرىپ كەتتى . ئاچچىق ، چىدىغۇسىز ئاغرىق نېرىپلارغا زەھەردەك سانجىلاتتى ، ھەرە چاققاندەك ئازابلايتتى . ئەمما ئۇ نېرىپلار بوي سۇنار ، باش ئېگەر ئەمەس ئىدى .

— مەن گۇناھسىز !

— گۇناھسىز بولساڭ ، مانا ساڭا !

مۇدىر مۇئەللىم غالجىرلاشقانىدى . ئەگەر مۇئەللىملەردىن قايسىدۇر بىرى كېلىپ ئۇنى توسۇۋالمىغان ، قولىدىكى «ئەدەپ تايىقى» نى ئېلىۋالمىغان بولسا ، ئۇنىڭ ئىسمايىلنىڭ ئالىقانلىرىغا نەچچىنى ئۇرۇشىنى ، ئىسمايىلنىڭ ئالىقانلىرىنىڭ نېمىلەر بولۇپ كېتىشىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى .

شۇ قېتىم كىچىك ئىسمايىل بۇ ئالەمدىكى ئادالەتسىزلىكنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىدى . كىشىلەرنىڭ بەگ-غوجاملارغا ، باي-زەردارلارغا يان باسىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدى . بەگنى دەپ ئاجىزلارغا ئۇۋال قىلىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدى . ئەمما تېخى ئۇ بۇنداق ناھەقچىلىكلەرنىڭ تۈپ مەنبەسىنى چۈشەنگۈدەك ياشتا

ئەمەس ئىدى ، پەقەت خاپا بولاتتى ، جىلە بولاتتى ، ئاچچىقى كېلەتتى . ئۇ ئاشۇ ئاچچىقىدا ھەپتە-ئون كۈن مەكتەپكە كەلمەيمۇ قويدى . ئۇنداق ناھەقچىلىك بولىدىغان جايغا ئىككىنچى بارمايمەن ، ئادالەتسىزلىك قىلىدىغانلارنىڭ قولىدا ئوقۇمايمەن دەپ ئويلايتتى . ئەمما يەنىلا كەلمەي بولمىدى . قۇناخۇن خەلپەم كۆڭلى چېكىلگەن نەۋرىسىگە كۆپ تەسەللى بەردى . «ئۇستازى زالىم بولسا ، شاگىرتى ئالىم بولۇر» ، «سىنىڭدىنمۇ ئۆتكەندۇ» ، «تالاشقان چۆگۈننى بېرىۋەتسەڭ بولمامتى» ، «ئەيسا ئەلەيھىسسالام چاپىنىنى سالدۇرۇۋالغانغا كۆڭلىكىنىمۇ سېلىپ بەرگەنىكەن» ، «مۇدىر مۇئەللىمگە گەپ ياندۇرغىنىڭ ئوبدان بولماپتۇ» ، «بىرىنچى پالاقنى ئۇرغاندىلا قېچىپ كېتىشىڭ كېرەك ئىدى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى . يەنە تېخى «ئوبدان ئوقۇپ ، ئىناۋەتلىك ئادەم بولساڭ سېنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ» ، «كەلگۈسىدە بەگ بولساڭ ھەممە كىشى سەن تەرەپتە تۇرىدىغان بولىدۇ» ، «بۈگۈنكى ئۆپكىنى دەپ ، ئەتىكى دۈمبىدىن ۋاز كەچكۈلۈك ئەمەس» دەپ ئىلھام بەردى . ئىسمايىل ئويلاپ كۆردى . بوۋىسىنىڭ دېگەنلىرى قىل سىغماس توغرا ئىدى . ئاچچىق پەسلەشكە ، خورلۇق ئۇنتۇلۇشقا باشلىغانىدى . ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇراتتى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، سىنىپ مۇدىرى ئېلى روزى مۇئەللىم ئىسمايىلنىڭ بىرقانچە ساۋاقدىشىنى باشلاپ ، يوقلاپ كېلىپ قالدى . ئۇ ئىسمايىلنى مەكتەپكە ئەكەتكىلى كەلگەنىدى . ئىسمايىلنىڭ ناھەق جازاغا ئۇچراپ كەتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى . مۇدىرغا ۋاكالىتەن كەچۈرۈم سورىغانمۇ بولدى . ئەمدى يەنىلا «پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوچاققا سالسا» ياخشى بولمايتتى . شۇنداق قىلىپ ئىسمايىل يەنە مەكتەپكە باردى . تىرىشىپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى . مەكتەپنى ، يۇقىرى سىنىپنى

توگتىدىغان چاغ ئاستا-ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى . ھەممە ئاز قالغاندا ، جاھان خۇشاللىققا تولغان چاغدا ، ئىسمايىل قىن-قىنىغا پاتماي يۈرگەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يەنە بىر قېتىم تاياق يېدى . بۇ قېتىم ئۇرغىنى مۇدىر مۇئەللىم ئەمەس ، مەتنىياز روزى ئىدى . ئۇ كىچىككىنە «ئەدەپ تايىقى» بىلەن ئالىقانلىرىغا ئەمەس ، يوغان چىۋىق بىلەن ، راسا يۆگىشىپ تېگىدىغان سىرىق سۆگەتنىڭ چىۋىقى بىلەن پاچاقلىرىغا سالدى ، تاياققا چىدىماي قېچىپ كەتكۈچە ، تاياق يېگۈچىنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمىغۇدەك سالدى ...

بۇ 1950-يىل 1-ئايدىن كېيىنكى ئىش ئىدى . ئاشۇ 1-ئايدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مىللىي ئارمىيىسىدىن يارمۇھەممەت ، ئەسپاروف ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن خەن ۋېي ، ليۇ بىڭجاڭ قاتارلىق تۆت كىشى كېلىپ مۇستەبىت گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن چىرىيە ناھىيىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى . ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1-دالا ئارمىيە 1-كالونىنىڭ 2-كورپۇس 5-دىۋىزىيە 15-پولك 2-باتالىيونىنىڭ 4-روتىسى چىرىيە بازىرىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى . گومىنداڭنىڭ بەگ-دورغىلىرى نەلەرگىدۇر غايىپ بولدى . ئۇلار خۇددى يولۋاستىن ئۈركۈگەن كالىدەك قۇيرۇقلىرىنى خادا قىلىشقانىدى . چىرىيە خەلقىنىڭ بۇنداق كۆنلەرنى كۆتۈپ كەلگىنىگە بەك ئۇزاق بولغان . «ئازادلىق ئارمىيە كېلىدىكەن» دېگەن گەپنىڭ تارقالغىنىغىمۇ يەتتە - سەككىز ئاي بولۇپ قالغانىدى . مۇشۇ چاغدىن سەككىز-توققۇز ئاي بۇرۇن تۆرپانلىق مال دوختۇرى سەمەت دېگەن ئادەم چىرىيە بازىرىدىكى يۇسۇپ قىسقاچ دېگەن ئادەمنىڭ بېغىدا ، «ھازىرقى ھۆكۈمەت كېتىدىكەن ، يېڭى ھۆكۈمەت كېلىدىكەن ، يېڭى ھۆكۈمەت بايلارنىڭ مال-مۈلكىنى ، يەر-زېمىنلىرىنى كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدىكەن»

دەيدۇ . ئاشۇ سەمەت دوختۇرنىڭ بۇنداق گەپلەرنى بىرەر گېزىتتىن كۆرگەنلىكى ياكى ئۈرۈمچى ، تۇرپان تەرەپتىن كەلگەن بىرەرىدىن ئاڭلىغانلىقى ئېنىق ئەمەس . ئەمما بۇ گەپ چىرىيە خەلقى ئارىسىغا تېزلا تارقىلىدۇ . پېشقەدەملەر بولسا ، «پادىشاھ ئالمىشىدىغان چاغ بولدى . جىن شۇرېن تۆت يىل تۇردى ، ‹ھۆكۈمىتى ئىسلامىيە › بىر يېرىم يىل تۇردى ، ما خۇسەن ئۈچ يىل تۇردى ، شېڭ شىسەي يەتتە يىل تۇردى . گومىنداڭنىڭ چىققىنىغىمۇ ئالتە يىل بولاي دەپ قالدى . ئەمدى ئورۇن بوشىتىدىغان چېغى بولدى ...» دېيىشىدۇ ساقاللىرىنى سىيپىشىپ . «توپا» دىكى تۆمۈر بەگكە ئوخشاش خەنزۇچە گېزىت كۆرىدىغانلار بولسا ، شامالنىڭ شەپىسىدىن يامغۇر-يېغىنىنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ تېز ھېس قىلىشىدۇ . يەر-زېمىنلىرىنى بۇرۇنقى ئورتاقچىلىرىغا ، دۇنيا-بايلىقلىرىنى مالاي-دېدەكلىرىگە بۆلۈپ بېرىشكە كىرىشىدۇ . قاچاندۇر بىر چاغدا كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغان يۇرتداشلىرى ئالدىغا چاي قۇيۇپ ، ناماقۇل بولۇپ ، ئۇلار بىلەن ئەپ-ئىناق بولۇۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ . ھۆكۈمەتنىڭ ئالمىشىدىغانلىق خەۋىرى گومىنداڭچىلارنىڭ چاكىنا قىلىقلىرىدىنمۇ ئايان بولۇشقا باشلايدۇ . ئۇلار گويا قۇياشنى ئېتەك بىلەن توسۇماقچى بولغاندەك ، ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى تەشكىل قىلىدۇ . ئىدارە - جەمئىيەت خادىملىرىنى ، مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ، چوڭ ياشلىق ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىي مەشىققە سالىدۇ . ئۇلارغا كالتەك ۋە ياغاچ مىلتىق تۇتقۇزىدۇ . ناھىيىدىكى ھەربىر ئادەمگە بىر ۋاراقتىن قەسەمنامە تارقىتىپ ، قول قويدۇرۇپ ، گومىنداڭغا سادىق بولۇش قەسىمى بەرگۈزىدۇ . ئىشەنچىسىز دەپ قارىغانلارنى تۈرمىگە قامايدۇ . يەنە خەلق ئىچىگە «يېڭى ھۆكۈمەت كەلسە يەرنى ، مۈلۈكنى ھەتتا خوتۇن-قىزلارنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىدۇ» دەپ

ئىغۋا تارقىتىدۇ . «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە ئايان» ، خەلق گومىنداڭچىلارنىڭ جان ھەلقۇمغا كەلگەندە ، «ياسىن سۈيى» بىلەن كۈن ئۆزارتماقچى بولغانلىقىنى چۈشەنمىسۇنمۇ ؟ ! مىش-مىشلار كۆپىيىدۇ . راست خەۋەرلەرمۇ يېتىپ كېلىدۇ . دەل مۇشۇ كۈنلەردە ، ئىككى-ئۈچ يىل بۇرۇنقى دېموكراتىك سايلامدا خوتەنگە ۋالىي بولۇپ سايلانغان روزى مەمەت بەگ (نەن شۆسەن) بىلەن مۇئاۋىن ۋالىي ۋاڭ جاۋجىلەر چېرىيىگە كېلىپ ، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ بايرىقىنى تەڭ تىكلەپ ، چوڭ يىغىن ئاچىدۇ ۋە : «گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ بىرلەشتى ، ھەر ئىككى ھۆكۈمەتنى ئوخشاش ھىمايە قىلىش لازىم» دەپ سۆزلەيدۇ . نەدە ئۇنداق ئىش بار ئىكەن ؟ ! زومىگەرلىك قىلغانلار تەختتىن چۈشمەي تۇرۇپ ھۆكۈمەت ئالماشقانىنى كىم كۆرگەن ؟ ! بۆرە قوي تېرىسىنى يېپىنىۋالسا ، يىلان قاسىرىقىنى تاشلىسىلا ئىش پۈتەمدىكەن ؟ ! گومىنداڭچىلارنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىغا ئالدانمىغان چېرىيە ياشلىرى شۇ چاغدىكى دارىلئېتامنىڭ مۇدىرى روزى تۆمۈر ، «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىن مەڭلىك ، مالىيە بۆلۈم باشلىقى مەھەممەت سايىملارنىڭ باشچىلىقىدا نامايىشقا چىقىدۇ . «ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئالايلى !» «گومىنداڭچىلار تەختتىن چۈشسۇن !» «ئەزگۈچىلەرگە قارشى تۇرايلى !» دېگەندەك پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ ، داقا - دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ ، كىچىككىنە چېرىيە بازىرىنى زىلزىلىگە سالىدۇ . گومىنداڭچىلار كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي قالىدۇ . بىر ئايدىن ئوشۇقراق داۋاملاشقان ئاشۇ نامايىشلار ئارقىلىق چېرىيە خەلقى ھۆكۈمەتنىڭ راست ئالمىشىدىغانلىقىدىن ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ، «يېڭى زامان»نىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى تۆت كۆزى

بىلەن كۈتىدۇ . ئەلۋەتتە ئازادلىق ئارمىيىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەنلەر ئىچىدە ئون تۆت ياشتىن ھالقىپ ئون بەش ياشقا قەدەم قويغان ، جاھاننىڭ ئېگىز-پەس ئىشلىرىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋەر تېپىپ قالغان كىچىك ئىسمايىل ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىمۇ بار ئىدى . شۇنداق ئىكەن ، ئازادلىق ئارمىيە راستىنلا يېتىپ كەلگەندە ئۇلار قانداقمۇ خۇشال بولمىسۇن؟ ! ئاشۇ شاكىچىكلەر يېڭى ئارمىيە قۇملۇقتىن چىقىپ «ئەشمە لەڭگەر» گە يېتىپ كەلگەندىلا ئالدىغا بېرىپ بولغانىدى . «پانۇس تېرەك» تۈۋىدە ، تۇردى پەتەك باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ساقچىلىرى قورال تاپشۇرۇپ ، يوغان قىزىل تامغىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە ، ئاشۇ بالىلار تامغا تاپشۇرۇۋالغان بۇرۇتلۇق كوماندىردىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇشتى . كېيىن ئاساسي قوشۇن ئىككىدىن تىزىلىپ «توپا» نىڭ توپىلىق كوچىلىرىدىن رەتلىك قەدەملەر بىلەن ئۆتكەندە ، ئۆزلىرىچە سەپ بولۇپ ، ئوخشاشلا رەتلىك قەدەملەر بىلەن ئەگىشىپ مېڭىشتى . ئۆزلىرىنى گويا ئاشۇ يېڭى ئارمىيىگە قېتىلغاندەك ، ئاشۇ ئارمىيە تەركىبىدە يىراقلاردىن سەپەر قىلىپ ، چىرىيىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كەلگەندەك ھېس قىلىشتى . ئارمىيىگە ئەگىشىپ ، «توپا» دىن چىقىپ ، «روزى ھاجىنىڭ گۈمبىزى» يېنىدىن ، «كۆكمەت مەكتەپ» ئالدىدىن ئۆتۈپ ، چىرىيە بازىرىغىچە بىللە كىرىشتى . ئۇلار خۇددى ئاشۇ ئارمىيىنىڭ رەتسىز كېيىنگەن ، تېخى قورال تارقىتىلمىغان ، يېڭى تەشكىللەنگەن قوشۇنىغا ئوخشايتتى . ئۇلار شۇ كۈنى ئارمىيە بازار ئىچىدىكى قىزلار مەكتىپىنىڭ سىنىپلىرىغا ئورۇنلاشقۇچە ئەگىشىپ يۈردى . شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار ھەركۈنى چىرىيە بازىرىغا كىرىپ ئارمىيىنى چۆرگىلەپ نېرى كېتەلمىدى . قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇلارنى ئاشۇ ئارمىيە ئەتراپىغا تارتىپ

تۇراتتى . بالا دېگەن بالا ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى چوڭلارنى دوراش ، بولۇپمۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن چوڭلارنى دوراش ، شۇ كۈنلەردە ئۇلار ھەممە ھەرىكىتىدە ئازادلىق ئارمىيىنى دورايتتى . ئارمىيىنىڭ تىزلىپ مېڭىشىنى ، مېڭىش-توختاشقا بۇيرۇق بېرىشىنى ، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە كۆتۈرۈپ چاس بېرىشىنى ، قورالنى دولىسىغا ئېلىپ مەھكەم تۇتۇشىنى ، گەپ قىلىشىنى ، ئولتۇرۇشىنى ، ئورنىدىن تۇرۇشىنى دورايتتى . شۇ كۈنلەردە بوۋايلارنىڭ ھاسىسى ، باراڭدىن سۇغۇرۇۋالغان بادرا ، كەتمەننىڭ كونا سېپى ، پادا باقاندا مال ھەيدەيدىغان تاياق ، ھەتتا تەتۈرسۆگەتنىڭ ئىنچىكە چىۋىقىمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورالىغا ئايلاندى . ئۇلار «خان يايلاق» قا ھەيدەپ باقىدىغان قوي-كالىلارغىمۇ «قەدەملەپ مارش» ، «توختا» ، «ئوڭغا بۇرۇل !» دەپ كوماندا بېرەتتى . قولىدىكى تاياقنى خۇددى مىلتىق كۆتۈرگەندەك دولىسىغا قويۇپ ، مارش قەدەم بىلەن قويلارنىڭ ئارقىسىدىن باراتتى . ئۇلارنىڭ ئازادلىق ئارمىيىگە ئوخشاتمىغان ھېچنېمىسى قالمىدى .

قەھرىتان قىش ئۆتۈپ ، جاھان ئىللىپ بېرىۋاتاتتى . قىشچە كاماردا ياتقان ھۆپۈپ كونا تامغا قونۇپ كۇشۇلدىدى . تام تۈۋىدىكى بۇرۇن ئىسسىق ئۆتكەن قىياق يۇمران بىخ چىقاردى . «توپا»لىقلار باغلارغا ، ئېتىز-ئېرىق قىرلىرىغا ، يول بويلىرىغا يېڭى كۆچەتلەرنى تىكىشكە ، ئۆتكەن يىلى تىككەن مېۋىلىك كۆچەتلەرنى خىپچا قويۇپ ئۇلاشقا باشلىدى . ھەتتا «توپا مەكتەپ» ئىچىدىمۇ ئېرىق بويلىرىغا يېڭى كۆچەتلەر تولۇقلاندى . كىشىلەرگە گويا سىياسىي ئاتموسفېرانىڭ ئىسسىشى تەبىئەتنىڭ ئىللىشىغا سەۋەب بولغاندەك تۇيۇلاتتى .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە «ئازادلىق ئارمىيە كىنو

قويغۇدەك» دېگەن خەۋەر تارقالدى. «كىنو» دېگەن بۇ كارامەت چىرىيە ئۈچۈن ئۈنچىۋالا ناتونۇشمۇ ئەمەس ئىدى. چىرىيە چىرىيە بولۇپ ياكى ئاشۇ پەرەڭلەر بۇ كارامەتنى كەشىپ قىلىپ، يېرىم ئەسىرچە ۋاقىت ئۆتكەندە، چىرىيە دېگەن بۇ دىياردا ئىككى ئۈچ-قېتىمچە كىنو قويۇلۇپ باققانىدى. سەل يېشى چوڭراق ياشلار ئاشۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى گېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ چىرىيە بازىرىدا كىنو قويغانلىقىنى، كىنو باشلىنىش ئالدىدا «ناھىيىلىك مەكتەپ» تە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان شائىر بىلال ئەزىزى بىلەن گېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ تەرجىمانى، قاراقاشلىق، قارا كۆزلۈك شوخ يىگىتنىڭ ئۇزاق پاراڭلاشقانلىقىنى، كىنونىڭ تىلى رۇسچە بولغاچقا، ئاشۇ تەرجىمان يىگىتنىڭ تەرجىمە قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىكىنى ئەسلىشىدۇ. كېيىن بىلال ئەزىزىدىن ئاڭلىساق ئاشۇ قاراقاشلىق، قارا كۆزلۈك رۇس تىلى تەرجىمانى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىكەن ... بۇ، چىرىيە دىياردا تۇنجى قېتىم قويۇلغان كىنو ئىدى. كېيىنچە چىرىيە دىياردا يەنە ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى» ئەۋەتكەن كىنو قويۇش ئەترەتلىرىمۇ بىر-ئىككى قېتىم كىنو قويغانىدى. چىرىيىلىكلەر كىنو دېگەندە ئادەم، ئات ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىنىڭ خۇددى تىرىكتەك، جېنى باردەك ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، دەريالارنىڭ راست دەريادەك شارقىراپ ئېقىپ، ئوتلارنىڭ راست ئوتتەك گۈركىرەپ كۆيىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۆينىڭ تېمىدەك كېلىدىغان ئاق خەسىدىن سىرتقا چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمدى مانا ئەنە شۇنداق كارامەتلەرنى نامايان قىلىدىغان كىنو چىرىيە بازىرىدا قويۇلماقچى بولسا، «توپا» ياشلىرى يۇلغۇن قوشاملىق ئۆيلىرىدە خاتىرجەم ئۇخلىيالىسۇنمۇ؟! ئۇلار چىرىيە

بازىرىغا قاراپ ئاقتى. ئاشۇ ئېقىمنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ كىچىك ئىسمايىل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى چېپىپ باراتتى. ئۇلار ناھىيە بازىرىغا كىرگەندە كىنو تېخى باشلانمىغان، كىنو كۆرۈشكە تەييارلانغان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى «ناھىيىلىك مەكتەپ» ئالدىدىكى چوڭ مەيداندا، يۇمشاق توپىدا مىلتىقلىرىنى دولىسىغا يۆلەپ رەتلىك ئولتۇرۇشاتتى. بۇرۇتلۇق بىر جەڭچى «ئۇرۇس نەغمىسى»[1] چېلىۋاتاتتى، جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى شىمشىكا چاقسا، بەزىلىرى تاماكا چېكىشۋاتاتتى. قەغەزگە ئورالغان تاماكىنىڭ ئۇچىدىكى ئوت، ھەرقېتىم كۈچەپ شورىغاندا، خۇددى كېچىسى چاقنىغان بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك پىلىلدايتتى. چىرىيە باللىرى بەگلەرنىڭ قاپاقتا ياسالغان چىلىمدا خورتۇلدىتىپ كۆك تاماكا چەككەنلىكىنى كۆرگەن، بۇنداق قەغەزگە يۆگەلگەن تاماكا چەككەنلىكىنى كۆرمىگەن. مانا قاراڭ، ئازادلىق ئارمىيە دېگەننىڭ تاماكا چېكىشىمۇ باشقىچە بولىدىكەن، قەغەزگە يۆگەلگەن تاماكىنىڭ ئۇچىدىن پىلىلدىتىپ ئوت چاقنىتالايدىكەن، نېمىدېگەن پەيزى-ھە!

ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قاتارىدا ئولتۇرغان ئىسمايىل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئولتۇرۇشىمۇ جەڭچىلەرگە ئوخشايتتى. پەللىكىنى يۇمشاق يەرگە قويۇپ، ئىككى پۇتىنى ئالماپ، قوللىرى بىلەن تىزلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى. بۇ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ دولىسىغا يۆلەپ قويغان مىلتىقلىرىنى قۇچاقلىۋالغانلىقىغا ئوخشايتتى. ئۇلار ھەممە ئىشنى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ئوخشىتىشقا تىرىشاتتى. پەقەت ئېغىزلىرىغا چىشلىۋالغان، بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇۋالغان،

---

[1] «ئۇرۇس نەغمىسى»—كىشىلەر ئېغىز گارمونىنى شۇنداق ئاتايتتى.

ئۇچىدىن قىپقىزىل ئوت پىلىلداپ تۇرىدىغان تاماكىلىرىنىڭ يوقلۇقىلا چىقىپ قالغانىدى .

— ھەي ، بىزدىمۇ تاماكا بولغان بولسا …

— بىزمۇ چېكەيلىچۇ ؟

— ئازادلىق ئارمىيە چەككەندىكىن بىزمۇ چېكەيلى .

— تاماكا بولمىسا نېمە چېكىمىز ؟

— تاماكا ئالغىلى پۇل بولمىسا-يا ؟

— مېنىڭ بېلىمگە تۈگۈكلۈك بىر زاغرا بار ، شۇنىڭغا تاماكا تېگىشەيلى ، — بۇ گەپنى دېگىنى ئابلىز دېگەن بالا ئىدى . ئىسمايىل ئۇنىڭ تومپىيىپ تۇرغان پوتىسىغا قاراپ قويدى .

— تېگىشىپ بەرسە تېگىشەيلى .

— مەن بېرىپ تېگىشىپ كېلەي .

ئابلىز ئورنىدىن تۇرۇپ شىمىشكا-گازىر ، ئۆپكە-ھېسىپ ۋە قوغۇن-تاۋۇز سېتىۋاتقان غالتەكلىك ھارۋىلار قاتارىغا— ھۆپىگەرلەر قېشىغا قاراپ كەتتى ۋە ھايالشىمايلا بىر بولاق تاماكا ۋە تاماكا ئورايدىغان كونا گېزىت قەغىزى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى . چىرىيە بازىرىدا تاماكا ساتىدىغان ئاشۇ بىردىنبىر تاماكىچى تۈگكان يېڭى خېرىدارلار قوشۇنى يېتىشتۈرۈشنى كۆزلىدىمۇ ياكى زاغرىغا ئېھتىياجى بارمۇ ، ئىشقىلىپ ، ئابلىزنىڭ زاغرىسىغا رازىمەنلىك بىلەن تاماكا تېگىشىپ بېرىپتۇ ، تېخى تاماكىنى قانداق ئوراشنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ . بالىلار ئۇششاق تاماكىنى گېزىت قەغىزىگە تۆكۈپ ، چېچىپ دېگۈدەك ملڭ بىر بالادا تاماكا يۆگەشتى . سەرەڭگە يوق ئىدى . ئەسىرلەردىن بېرى بەقەمدىن چۇشكەن چوغنى كۆلگە كۆمۈپ ، پالانى بوۋىمىزدىن قالغان ئوت ئىكەن بۇ ، دەپ پەخىرلىنىپ كەلگەن «توپا» لىقلاردا سەرەڭگە دېگەن نېمە ئىش قىلسۇن ! بالىلارنىڭ ئەڭ جۇرئەتلىكى

يەنىلا ئىسمايىل ئىدى. ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىدىن ئوت سورىۋىدى، جەڭچىمۇ رازىمەنلىك بىلەن سەرەڭگىسىنى بېرىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ يېڭى بەڭگىلەرنىڭ تاماكىسىدىنمۇ قىپقىزىل چوغ پىلىلداپ كەتتى. پىلىلداپ كەتتىيۇ، ئارقىدىنلا تۇتقان دەھشەتلىك يۆتەل كانايلىرىنى يىرتىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئېتىلىپ چىقتى، كۆزلىرى ياشقا تولدى. بالىلار يۆتىلىپ-يۆتىلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. سەرەڭگىنى بېرىپ تۇرغان جەڭچى ئۇلارنىڭ يۆتىلىشلىرىگە قاراپ، نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك بولۇپ كۈلۈمسىرەيتتى. تۇيۇقسىز پارلىغان كۈچلۈك بىر يورۇقلۇق دەستىسى ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ يېڭى بەڭگىلەرنىڭ چىرايىغا قوندى. نۇر شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، كۆزلەرنى چېقىپ ئۆتتى، كۆزلەر ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى، ھەتتا بىئىختىيار يۇمۇلۇپ كەتتى. نۇر چۈشكەن يەردە ئۇزاق تۇختىمىدى، قانداق تۇيۇقسىز چۈشكەن بولسا، شۇنداق تۇيۇقسىز غايىب بولدى. بالىلار كىنو باشلىنىش ئالدىدا مۇشۇنداق كۈچلۈك نۇر چىقسا كېرەك، جىن-ئالۋاستى چىقارغان نۇرمىدۇ-يا؟ دەپمۇ ئويلاشتى. چوڭلار، قەبرىستانلىقتا جىن نۇر چىقىرىدۇ، دېيىشەتتى. ھازىر چۈشكەن نۇرمۇ راستتىنلا جىندەك پەيدا بولۇپ جىندەكلا يوق بولغانىدى. ئەمما ئازادلىق ئارمىيە بار يەردە جىننىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جىنغا ئوخشايدىغان نۇر غايىب بولۇپ خېلى ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بالىلارنىڭ كۆزلىرى ھېچنېمىنى كۆرەلمەي، ئەتراپ گۆر قاراڭغۇلۇقىغا تولغاندەك تۇيۇلدى. بالىلار كۆزلىرىنى توختىماي چىمچىقلىتىشتى، ھەتتا قوللىرى بىلەن ئۇۋۇلاشتى، خۇداغا شۈكرى، ھېلىقى جىنغا ئوخشايدىغان نۇر ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قارىغۇ قىلالماپتۇ. ئالەم ئاستا-ئاستا يورۇغاندەك

بولدى . ئۇلار گۈگۈم يورۇقلۇقىدا ئالدىدا ئولتۇرغان جەڭچىلەرنى ، ئۇلارنىڭ دولىسىغا يۆلىنىۋالغان مىلتىقلىرىنىڭ ئۇچىدىكى نەيزىنى ، تېخىمۇ ئالدىدا ، ئىككى دانە ئېگىز تۇۋرۇك ئارىسىغا تارتىپ قويۇلغان كەڭ ۋە تۆت چاسا ئاق خەسىنى پەرق ئېتىشتى ...

شۇ كۈنى قويۇلغان كىنو «پولات جەڭچى» دېگەن فىلىم ئىدى . ئېكراندا دۈشمەننىڭ ھاكاۋۇر ئوفىتسېرى كىچىك جەڭچىنى سوراق قىلماقتا ، ئۇنى نېمىنىدۇر يېزىشقا قىستىماقتا . كىچىك جەڭچى قەلەمنى قولىغا ئالدى . ئۇ ئالدىدىكى قەغەزگە ئىقرارنامە يازماقچىدەك قىلاتتى . ھاكاۋۇر ئوفىتسېرنىڭ چىرايىدا غەلىبە تەنتەنىسى جىلۋىلەندى . كىچىك جەڭچىنىڭ نېمە يازغانلىقىنى كۆرمەكچى بولغاندەك شىرە ئۈستىگە ئېگىلىشتى . مانا شۇ چاغدا ئاجايىپ ئىش يۈز بەردى . كىچىك جەڭچى قولىدىكى قەلەمنىڭ پولات ئۇچىنى دۈشمەن ئوفىتسېرىنىڭ كۆزىگە غەزەپ بىلەن تىقىۋەتتى . دۈشمەن ئوفىتسېرى چوشقىدەك چىرقىراپ ، بىر قولى بىلەن يارىدار كۆزىنى قاماللاپ ، يەنە بىر قولى بىلەن تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئوق ئۈزدى . كىچىك جەڭچى قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى ...

ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى قاتارىدا رەتلىك ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈۋاتقان باللار ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى . مۇشۇ باللار ئاشۇ كىچىك جەڭچى بىلەن ، قەھرىمان جەڭچى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى . ئاھ ، ئۆزلىرىنىڭمۇ بىر قەلىمى بولسا ، دۈشمەن كۆزلىرىگە تىقىۋېتەلىسە ، كۆڭۈللىرىدە ئارمان قالارمىدى !...

ئاشۇ كىچىك جەڭچىنىڭ قوللىرىدىكى قەلەمنى كۆرگەندىلا ئىسمايىلنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتكەندى . ئۇ ئاشۇنداق بىر قەلىمى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى . بۇ ئوت ئۇنىڭ قەلبىگە ئاشۇ

«چادىنەباغ» دا، مەرھۇم مەتكېرەم ئەپەندىنىڭ قەلىمىنى كۆرگەن چاغدىلا تۇتاشقانىدى. ئۇ پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە ئاشۇنداق ئېسىل قەلەم بىلەن چىرايلىق خەتلەرنى يېزىشنى ئارزۇ قىلاتتى. مانا كۆرۈڭ، قەلەمنىڭ رولى خەت يېزىشلا ئەمەس ئىكەنغۇ، ئۇنى نەيزىگە، خەنجەرگە ئايلاندۇرۇپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشقىلى بولىدىكەنغۇ، دۈشمەننىڭ كۆزىگە، يۈرىكىگە تىقىۋەتكىلى بولىدىكەنغۇ، «ئاھ، مېنىڭمۇ بىر قەلىمىم بولسا». ئىسمايىلنىڭ كۆزى كىنو قويۇلۇۋاتقان ئېكراندا بولسىمۇ، كۆڭلى قەلەمدە ئىدى. پولات ئۇچلۇق، قارا كاۋچۇكتىن ياسالغان قەلەمدە ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى تاكى كىنو تۈگىگۈچە، چىرىيە بازىرىدىن «ئانارلىق» تىكى ئۆيىگە قايتىپ چىققۇچە قەلەم ھەققىدە ئويلىدى. ھەتتا شۇ كېچە چۈشىدىمۇ ئۆزىنىڭ بىر دانە ئېسىل قەلەمگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆردى.

«تۇپا مەكتەپ»تە ھەر دۈشەنبە ئەتىگەنلىك يىغىلىشتا ئورۇندىلىدىغان «ئۈچ مەسلەك»نى ئوقۇش، سۇن جۇڭشەننىڭ بۇرۇتلۇق رەسىمىگە تەزىم قىلىش، دۆلەت شېئىرىنى ئوقۇپ، ئالتە بۇرجەك، ئون ئىككى شوئارلىق بايراقنى چىقىرىش ئاللىقاچان توختاپ قالغانىدى. ئەمما ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ئىلگىرىكىدەكلا ئوينىلاتتى. بالىلار سىنىپقا كىرىشتىن ئىلگىرى مەيدانغا جەم بولاتتى. بۈگۈن ئەتىگەنلىك يىغىلىشتا ھەممە بالىلار ئاخشام كىنوغا كىرگەن ئىسمايىل، ئابلىز، نارۇز قاتارلىقلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانىدى. نېمە كىنو قويۇلغانلىقىنى سوراشتۇراتتى. ئىسمايىل قاتارلىقلار بولسا كىنونى ھېكايە قىلىپ ھارمايتتى. ئىسمايىللار خۇشال ئىدى. ئۆزلىرىنى ئاشۇ كىنونى كۆرۈپ باشقىلاردىن كۆپرەك بىر نەرسە بىلىۋالغانلىقى بىلەن بەختلىك ھېس قىلاتتى. ئاشۇ خۇشاللىقلىرى ئىچىدە كىنو

ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ ھارمايتتى . «توپا مەكتەپ» نىڭ بۈگۈنكى ئەتىگەنلىك يىغىلىشى پۈتۈنلەي شۇلارنىڭ كىنو سۆزلەش سورۇنىغا ئايلاندى . ئاشۇلارنىڭ پىچىرلاشلىرى ئىچىدە ئەتىگەنلىك گىمناستىكىمۇ ئۇيىنىلىپ بولدى . لېكىن تارقىلىش ، سىنىپقا كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنمىدى ، بۇ گويا ئىسمايىل قاتارلىقلارنىڭ كىنونى سۆزلىشى ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . ئەمما شۇ چاغدا ئېلى روزى قاتارلىق مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەكتەپ مۇدىرى ، تەرتىپ مۇدىرى دېگەنلەرمۇ بار ئىدى . ئەمما بۈگۈن ئۇلار ئالدىغا چىقماي ئېلى روزى ئالدىغا چىقتى . ئېلى روزى «يۇقىرى سىنىپ»نىڭ سىنىپ مۇدىرى ھەم مەكتەپتىكى ئەڭ بىلىملىك مۇئەللىم ئىدى . كۆپ ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئارىلاشماي ئۇلارغا بىلىم ئۆگىتىش بىلەنلا شۇغۇللىناتتى . بۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشى ئوقۇغۇچىلارغا خېلى تاسادىپىيلىق بولۇپ تۇيۇلدى …

— ئاخشام كىنو قويغان يەردە تاماكا چەككەن نوچىلار ئالدىغا چىقىش ! — ئۇنىڭ ئاۋازى خېلىلا قوپال ياڭرىدى ، چىرايى تۈتۈق ، نىمگىدۇر غەزەپلەنگەندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بالىلار ئارىسىدىكى پىچىر-پىچىر بىردىن توختىدى . ئىسمايىل قاتارلىق بىرقانچە «بەڭگى» شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىنىڭ چومچاق جىگدىگە ئوسۇپ سالغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى . راست ، تاماكا چېكىدىغان قىلىقنى قوناخون خەلپەممۇ ئەيىبلەيتتى ، پۈتۈن يۇرتمۇ يامان كۆرەتتى[1] ، گۇناھ ھېسابلايتتى . ئاخشام نېمىشقا يادىلىرىغا كەلمىگەندۇ ؟ قاتتىق يۆتەلتىدىغان ، يۆتەلتىپ كۆزدىن

---

[1] تاماكا چەككەنلەر مەھشەر كۈنى ئىس-تۈتەك ئارىسىدا قېلىپ ، ئاللانىڭ جامالىنى كۆرەلمەيدۇ دەپ قارىلاتتى .

ياش چىقىرىۋېتىدىغان نەرسىكەن شۇ . چەكمەيدىغانمۇ گەپ ئىكەن ، ئەمدى مانا ...

— ئالدىغا چىقىش دەيمەن ! — ۋارقىرىدى ئېلى روزى موئەللىم ۋە ئارقىدىنلا «بەگلەر» نىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىشقا باشلىدى ، — ئىسمايىل ، ئابلىز ، نارۇز ...

شۇ پەيتتە قېچىپ كېتىشكە ئامال يوق ، چىقىپ كېتەي دېسەڭ ئاسمان يىراق ، كىرىپ كېتەي دېسەڭ يەر قاتتىق ، كىنو كۆرۈشتىن پەيدا بولغان خۇشاللىق ۋە پەخىرلىنىش يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى . ئىسمايىل ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى . ئابلىز ، نارۇز ۋە باشقىلار ئەگەشتى . ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرمەسلىككە ئىلاج يوق ئىدى . ھەممە «بەگكى» سەپنىڭ ئالدىغا تىزىلىپ بولغاندا ئېلى روزى مۇئەللىم پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارغا ئېلان قىلدى .

— ئاخشام چىرىيە بازىرىدا ، ئازادلىق ئارمىيە كىنو قويغان مەيداندا مۇنۇ ئالتە نوچى تاماكا چېكىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى . ھەممىڭلار بىلىشىڭلار كېرەككى ، تاماكا چېكىش دېگەن كونا جەمئىيەتتىن قالغان ئىنتايىن ناچار قىلىق ، ئۇنى ياش ئوقۇغۇچىلار تۈگۈل چوڭ ئادەملەر چەكسىمۇ بولمايدۇ . بىز ھەممىمىز بۇ ساۋاقداشلارنىڭ خاتالىقىدىن ئىبرەت ئېلىپ ، بۇنداق ئەسكى قىلىقنى تەكرارلىماسلىقىمىز لازىم . ھازىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەر ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ . ھەممەيلەن دىققەت بىلەن ئاڭلايلى .

«بەگلەر» خۇددى ئاغزىغا تاڭگازا چىشلىۋالغاندەك جىممىدە تۇرۇپ قېلىشقانىدى ، نېمە قىلىشنى ، نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى . سۈكۈت خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى . «بەگلەر» سۆزلەپ ئۆزىنى تەكشۈرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئاخىرى يەنىلا ئېلى روزى

مۇئەللىم سوراققا ئۆتتى .

— ئېيتە ، ئاخشام نېمە ئىش قىلدىڭ ؟ ئېيتە ؟ — سوراق ئابلىزغا قارىتىلغانىدى .

— ھېچ ئىش قىلمىدۇق ، كىنو كۆردۇق ، — جاۋاب بەردى ئابلىز .

— ھېچ ئىش قىلمىدۇق ؟ مەن سېنىڭ نانغا تاماكا تېگىشكەنلىكىڭنى كۆرمىدىممۇ ؟ دەسلەپ باشقا بىرىگە ئاپىرىپ بېرىدىغان چاغۇا دەپتىمەن . بىر چاغدا قولچىراغ يېقىپ قارىسام ، ئۆزلىرىڭ پۇرقىرتىپ چېكىشىۋېتىپسەن ئەمەسمۇ . يۈزلىرىڭگە چۈشكەن قولچىراغ نۇرىغۇ يادىڭدىدۇ ، كۆزلىرىڭنى چېقىپ كەتكەن نۇر …

«بەڭگىلەر » تەئەججۈپكە چۆمۈشتى ، توۋا خۇدايىم ، ئاخشامقى جىن يورۇقىنى مۇنۇ ئېلى روزى مۇئەللىم چۈشۈرۈپتىكەن ئەمەسمۇ ؟ قولچىراغ دېگەن قانداق نېمىدۇ ؟ يىراقتىن يورۇقلۇق چۈشۈرەلەيدىغان ، جىندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ، تۇيۇقسىز غايىب بولىدىغان نۇرنى پەيدا قىلالايدىغان قولچىراغ قانداق نېمىدۇ ؟

— نېمىشقا تاماكا چەكتىڭ ؟ ئېيتە ؟ — ئەمدىكى سوئال ئىسمايىلغا قارىتىلغانىدى . ئىسمايىل ئۆزلىرىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلگەن ، لېكىن تەن ئالغۇسى كەلمەيۋاتاتتى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى تاماكا چەكمىگەن ، پەقەت باشقا ئاغىنىلىرىنىڭ تاماكا چېكىشىگە ھەمرۇ دېيىشىپ بەرگەنىدى . خاتالىققا تەڭ شېرىك ئىدى ، لېكىن شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە خاتالىقنى بويىنغا ئالغۇسى يوق ئىدى .

— مەن چەكمىدىم ، — جاۋاب بەردى ئىسمايىل ئېلى روزى مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا . ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل قارشىلىشىش ،

گەپ ياندۇرۇش پۇرىقى بارىدى .

— راست چەكمىدىڭمۇ ؟

— راست چەكمىدىم .

— راست چەكمىدىڭمۇ ؟ — ئېلى روزى مۇئەللىمنىڭ ئورنىدا سوئال قويىدى تەرتىپ مۇدىرى مەتنىياز روزى مۇئەللىم . ئۇنىڭ سوئالى ئەندى باشقا بەڭگىلەرگە قارىتىلغانىدى .

— ئـازادلـىـق ئـارمـىـيـىـنـىـڭ سەرەڭگىسىنى ئىسمايىل سورىۋالغان ، — جاۋاب بەردى كىچىك بەڭگىلەردىن بىرى .

— سەرەڭگىنى سەن تىلەپسەنغۇ ، بۇ گۇناھ ئەمەسمۇ ؟

— ئـازادلـىـق ئـارمـىـيـىـمۇ چېكىدىكەنغۇ ، سىز ئازادلىق ئارمىيىنى سوراق قىلالمايسىز… — غودۇڭشىدى ئىسمايىل .

مۇئەللىمنىڭ غۇزژىدە ئاچچىقى كەلدى .

— ئارمىيە نېمە قىلسا سەنمۇ شۇنى قىلامتىڭ ؟ چوڭلارنى دورىغىلى قانچىلىك چوڭ ئىدىڭ سەن غورتەك ؟ …

مۇئەللىمنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى يېڭىلا ، ئالدىنقى كۈنى تـىـكـىـلـگەن سېرىق سۆگەتنىڭ يۇمران جىرىمىنى يۇلۇۋالدى . قامچىدەك يۆگىشىپ تېگىدىغان سېرىق سۆگەت جىرىمى پاچاقلارغا يىلاندەك چىرمىشىپ چېقىپ ئۆتتى . پاچاقلاردىن ئوتتۇرا قولدەك قىر ئۆرلەپ چىقتى . قاتتىق ئاغرىق نېرىپلارنى قاقشىتىپ ئۆتكەندە «بەڭگىلەر» ئاندىن چىۋىق تەگكەن موزايدەك قېچىشقا باشلىدى . بـاشـقـا «بـەڭـگـىـلـەر» نىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىسمايىلنىڭ يادىغا بوۋىسى قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ھېلىقى چاغدا دېگەن «قېچىپ كېتىش كېرەك ئىدى» دېگەن سۆزى كەلدى . ئۇ قـېـچىشقا قەدەم ئالغاندا ، پاچاقلىرىغا يەنىلا تاياق تېگىۋاتاتتى ، ئەمدى قاچمىسا بولمايتتى . ئۇ قاچتى . مۇئەللىملەرنىڭ ئالدىدىن ، «توپامەكتەپ» تىن ، «توپا» يېزىسىدىن قاچتى . تەكلىماكاننىڭ

ئىچكىرىسىگە ، «غىياستانلىق» قا ، «غىياسىدىنىڭ توغراقلىقى» غا قاراپ قاچتى ...

كىچىك ئىسمايىلنىڭ ئىككىنچى قېتىم تاياق يېيىشى مانا شۇ . ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تاياق يېيىشىنى «ناھەق بولغان» دېيەلىسەكمۇ ، ئىككىنچى قېتىم تاياق يېيىشىنى ئۇنداق دېيەلمەيمىز . سەل «ئاشۇر ۋۇۋەتكەن» دېگەن قاراش ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىتتىن ئاتمىش يىل كېيىنكى رېئاللىققا باب كەلسىمۇ ، ئەينى چاغ ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇ قىلىقسىزلىقى ئۈچۈن جازالىنىشقا تېگىشلىك ئىدى . بۇنى ئاتا-ئانىلارنىڭ رايىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . چۈشتىن كېيىن مەتسىدىق نىياز ، ئېلى روزى ، مەتنىياز روزى قاتارلىق مۇئەللىملەر «ئازنامەسچىت» كە بېرىپ ، جامائەتكە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە تاماكا چېكىدىغان ئېغىر ئەخلاقسىزلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىنى دوكلات قىلدى . «بەڭگىلەر» نى ئازراق ئەدەپلەپ قويغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىشتى ، جامائەت مۇئەللىملەرنىڭ «بەڭگىلەر» نى جازالىغانلىقىنى توغرا دەپ قارىدى ، ھەتتا «تېخىمۇ قاتتىق جازالىسىلا ، ئۇستىخىنى بىزنىڭ ، گۆشى سىلىنىڭ ، بۇنداق ئەخلاقسىزلىققا قەتئىي يول قويغىلى بولمايدۇ» دەپ چۇرقىراشتى . «بەڭگىلەر» نى قاتتىق جازالاشنىڭ زۆرۈرلۈكىدە ئەڭ چىڭ تۇرغىنى قۇناخۇن خەلپەم بولدى . مۇئەللىملەر «تاماكا چېكىپ جازالانغانلار ئىچىدە سىلىنىڭ نەۋرىمۇ بار» دېگەندە ، خەلپەم خېلىلا غەزەپلىنىپ : «ھۇ پەرتەك ، شەيتاننىڭ ئۇسۇرۇقىنى پۇراپتۇ - دە ، چاپتىكەش ...» دېدى .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، ئەينى چاغدا تاماكا چەككەن ئوقۇغۇچىلارنى قاتتىق جازالاش — ھەقىقەتەنمۇ ئاممىنىڭ ، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئېڭى قوبۇل قىلالايدىغان ئىش ئىدى . بەلكىم ئۇلار

كۆنسېرى ئۆزگىرىۋاتقان، ئاتام كۆرمىگەن، قولاق ئاڭلىمىغان يېڭىلىقلار يۈز بېرىۋاتقان زاماندا، ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتنى كۆچەپ قوغداش زۆرۈر دەپ ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بالىلارنى ھازىردىن باشلاپ چىڭ تۇتمىساق، ئۆرپ-ئادىتىمىزنى، ئېسىل ئەخلاقىمىزنى، ئۆزگىچە مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاشۇ قېتىملىق جازادىن كېيىن، ئىسمايىل تاماكا دېگەننىڭ يېنىغا يېقىن يولىمىدى.

ئۇ راستىنلا تاماكا چەكمىدى. بۇنداق ئۆزىنىڭمۇ، ئۆزگىنىڭمۇ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالمىدى. بۇ بەلكىم ئاشۇ قېتىملىق قاتتىق جازانىڭ ۋە بەلكىم يەنە بوۋىسى قۇناخۇن خەلپەمنىڭ تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن…

ئوقۇغۇچى-ئۇستاز مېھرى مەڭگۈ ئۇزۇلمەيدۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇستازنىڭ ھەربىر تەلىمى، ھەر بىر تەنبىھى، ھەتتا تاياق-جازاسىمۇ ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. ھەتتا ئوقۇغۇچى كاتتا ئادەم بولۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، ئۇستازىنىڭ سۆزىنى، تەنبىھىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ، رەئىس بىر قېتىم ئاشۇ بالىلىقتىكى ئۇستازىنى يوقلاپ بارغاندا، ئاشۇ قېتىم يېگەن تاياق ھەققىدە پاراڭ بولۇپ قالدى، ئۇستاز، شاگىرت ئۇزاق ئۆتمۇشنىڭ شېرىن ئەسلىمىلىرىگە چۆمۈپ تاتلىق-تاتلىق كۈلۈشتى. ئاشۇ كۈلكىلەردە نە ئۇرغۇچىنىڭ خىجالەتچىلىكى، نە تاياق يېگۈچىنىڭ ئاغرىنىشى يوق ئىدى.

## بەشىنچى باب

# قايتا-قايتا سەپتىن چىقىرىۋېتىلگەن بالا

### 1. «زومىگەرلەرنى يوقىتايلى»

ئادەم بالىسى ئون ئۈچ-ئون تۆت ياشلارغا كىرگەن چاغدا، بوي-بەستى «لوڭڭىدە» ئۆسىدۇ، قىياپەت، چىراي تۈراقلىشىشقا، ئاۋازى «بوم» لىنىشقا باشلايدۇ. شۇنداق بىر كۈنى ئاتا بولغۇچى ئۆزى بىلەن قاتارلىشىپ تۇرغان ئوغلىنىڭ ساقالغا تاقاشقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ-دە، ھەيران قالىدۇ. «چوڭ بوپتۇ، چوڭ بوپتۇ» دەپ ئويلايدۇ تەئەججۈپ ئىلكىدە.

قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئامراق نەۋرىسى ئازادلىق ئارمىيە چېرىكىگە كەلگەن ئاشۇ يىلى ئون تۆت ياشتىن ھالقىپ ئون بەش ياشقا قەدەم قويغانىدى. بوي-تۇرقى يېڭى ياشارغان مەجنۇنتالنىڭ نوتىسىدەك سۇتۇن ئىدى. بوي-بەستى ئانچە ئۆسمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەقلى خېلىلا ئۆسۈپ كەتكەنىدى، بىلىدىغانلىرىمۇ خېلى كۆپ ئىدى. «يۇقىرى سىنىپ» نىڭ دەرسلىكلىرى ئارقىلىق بىلگەنلىرىدىن باشقا، مەتكېرەم ئەپەندىدىن ئاڭلاپ بىلىۋالغانلىرى، ئازادلىق ئارمىيە كەلگەندىن كېيىن بىلىۋالغانلىرى بار ئىدى. بىلگىنى كۆپەيسە ئەقلىمۇ ئۆسىدۇ ئەمەسمۇ. ئەقىللىق بولسا، يەنە نۇرغۇن نەرسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇ ئەقىللىق ئىدى. گەپ-سۆزىگە، ئىش-ھەرىكىتىگە قاراپ ئۇنى چوڭ ئادەم دەپ ئويلاپ قالاتتى كىشى. ئەمما بوي-بەستى يەنىلا كىچىكرەك

ئىدى . بوي-بەستىنىڭ كىچىكلىكى بىلەن ئەقلىنىڭ «چوڭ»لۇقى تەتۈر تاناسىپ هاسىل قىلغاندەك تەسىرات قالدۇراتتى .

شۇ كۈنلەردە چىرىيە دىيارىدا ، جۈملىدىن ئاشۇ «توپا» يېزىسىدا ، خۇددى غەرب بورىنى ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇم كۆچكىنىدەك ئاجايىپ گەپلەر ئېقىپ يۈرەتتى . «كومپارتىيە بارلىق زومىگەر-پومېشچىكلارنى يوق قىلارمىش» ، «يەرلەرنى قايتا تەقسىملەپ ، كەمبەغەل ، نامراتلارغا بۆلۈپ بېرەرمىش» ، «هېچكىمنى هېچكىم بوزەك قىلالمايدىغان زامان بەرپا قىلارمىش» ، «سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم قۇرارمىش ، سوتسىيالىزم دېگەندە ناهايىتى باياشاتلىق بولارمىش ، ئېرىقلاردا سۈت-قايماق ، هەسەل ئاقارمىش...» . چىرىيە چىرىيە بولۇپ ، چىرىيە دىيارىدا ئادەم پەيدا بولۇپ ، چىرىيىلىكلەر تېخى بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى . يەنە ئاجايىپ يېڭىلىقلار يۈز بېرىۋاتاتتى . شۇ يىلى چىرىيە بازىرىدا داغدۇغىلىق ئاممىۋى يىغىن ئېچىلىپ ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى تەبرىكلەندى . ئامېرىكا جاهانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ، ئىئانە توپلاش ئېلىپ بېرىلدى . «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» رەهبەرلىرىنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈلدى . ج ك پ چىرىيە ناهىيىلىك كومىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە ۋۇ جىمىنىنىڭ شۇجىلىققا تەيىنلەنگەنلىكى ئېلان قىلىندى . چىرىيە ناهىيىلىك بىرىنچى قېتىملىق هەر ساهە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى . ناهىيىلىك دېهقانلار جەمئىيىتى ، دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى ، سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى . چىرىيە ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ ، مىللىي ئارمىيە 39-پولك سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى كەنجى ئىبراهىم هاكىملىققا تەيىنلەندى . «باۋجيا» تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، چىرىيە تەۋەسىدە 6 رايون ، 30 يېزا ، 322 كەنت

قۇرۇلدى . «توپا» 2-رايون دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى . كېرىيە-تېبەت تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن هاشار سەپەرۋەر قىلىندى . غەللە-پاراق يىغىش ، ئاشلىق سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى . كادىر يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى هەل قىلىش ئۈچۈن 295 نەپەر دېهقان بالىسى كادىرلىققا قوبۇل قىلىندى . ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى ئېچىلدى . تىنچلىقنى هىمايە قىلىپ ئىمزا قويۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى . زور مىقدارلىق ئىئانە توپلىنىپ شاڭخەي ئىشچىلىرىغا ياردەم قىلىندى ...

ئىشقىلىپ ، ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرىۋاتاتتى . ئاشۇ شوئارلار ۋە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئادەمنى هەيران قالدۇراتتى ، قىزىقتۇراتتى ، هەۋەسلەندۈرەتتى . بۇنداق ئىشلارغا هەممىدىن بەك قىزىقىدىغىنى يەنىلا ياش باللار ئىدى . كىچىك ئىسمايىلنىڭ قىزغىنلىقىغا هېچنېمە يەتمەيتتى . ئۇ ئاشۇ داغدۇغىلىق يىغىن ۋە پائالىيەتلەردە «توپا» مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋەكىل بولۇپ ، هېلى نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە ئايلانسا ، هېلى سەنئەتچى بولۇپ «جېنىڭىزنى ، قېنىڭىزنى ، مېلىڭىزنى ياردەم قىلىڭ چاۋشىيەنگە» دەپ ناخشا ئېيتىپ چىقاتتى . هېلى ئالا كالتەك تۇتۇپ ، ئامانلىق ساقلىغۇچىغا ئايلىناتتى ، هەممە ئىشتا ئۇتتەك قىزغىنلىق كۆرسىتەتتى ، تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنىڭ بولۇشىنى ، تۆمۈر بەگ بىلەن روزى بەگنىڭ يوق قىلىنىشىنى ، ئۇلارغا يان باسىدىغان غالچىلارنىڭمۇ قۇيرۇقىنى چاترىقىغا قىسىپ ، ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىشىنى ، هېچكىم-هېچكىمنى بوزەك قىلمايدىغان ، هېچكىم-هېچكىمنى ئۇرمايدىغان زامانلارنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى . چىرىيە بازىرىدا ئېچىلىپ تۇرغان داغدۇغىلىق ئاممىۋى يىغىنلار ، جاهاننى تىترىتىپ توۋلانغان شوئار سادالىرى ئۇنىڭ قەلبىگە يېڭىدىن-يېڭى ئوتلار يېقىپ تۇراتتى ، ئۇنى نېمىدۇر بىر

ئىش قىلىشقا ئۇندەيتتى . شۇنداق بولدى . ئاشۇ شوئارلار ياققان ئوت ئاخىرى سىرتقا يالقۇنلاپ چىقتى . بىر كۈنى چىرىيە بازىرىدا داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىلدى ، «پومېشچىك-زومىگەرلەرنى يوقىتايلى» ، «ئەزگۈچىلەرنى يوقىتايلى» دېگەن شوئارلار توۋلاندى . ئىسمايىل ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى يىغىندىن تارقىلىپ چىرىيە بازىرىدىن «توپا» غا يېنىپ چىقىۋاتقاندىمۇ تېخى هاياجانلىرى بېسىقمىغانىدى . ئۇلار ئاشۇ توپىلىق يولدا پات - پات شوئار توۋلاپ باراتتى . ئۇلار ئاشۇ يۇرۇشىدە «ئۇلۇغ-يول» دىن ئايرىلىپ «ئانارلىق» قا بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا يېتىپ كېلىشتى . مانا شۇ دوقمۇشتا روزى بەگنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردا قەسرى بار ئىدى . يوغان ۋە ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى جەنۇبقا— «ئۇلۇغ يول» غا قاراپ تۇراتتى . ئاشۇ قوش قاناتلىق دەرۋازا ئېچىلسىلا خۇددى ئەجدىھادەك پۈتۈن «توپا» نى يۇتۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى . ئون-يىگىرمە يىلدىن بېرى ئاشۇ دەرۋازا «توپا» نىڭ ھەممە زېمىنلىرىنى ، ھەممە بايلىقنى ، ھەممە سۈيىنى يۇتۇپ تويمىغانىدى . ئاشۇ دەرۋازىدىن ئاشقان يەر باشقىلارنىڭ ئىدى ، ئاشۇ دەرۋازىدىن ئاشقان-تاشقانلىرىلا باشقىلارغا قالاتتى ، ئاشۇ دەرۋازدىن ئاشقان سۇنى ئاندىن باشقىلار ئىچەتتى . ئاشۇ «داخۇركالۋا»دەك تويماس دەرۋازا ھېلىمۇ ھەيۋىسىدىن چۈشمىگەن ، يەنىلا يوغان ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى . ئازادلىق ئارمىيە كەلدى ، يېڭى ھاكىمىيەت تىكلەندى . شۇنداق ئىكەن ، روزى بەگنىڭ تويماس دەرۋازىسى يەنىلا ئاغزىنى ئەجدىھادەك ئېچىپ تۇرسا قانداق بولغىنى ؟ ! روزى بەگ يەنىلا سۆسەر تۇمىقىنى قىرلاپ ، بوز ھاڭگىسىنى ھاڭرىتىپ يۇرسە قانداق بولغىنى ؟ ! ئۇنى بوز ھاڭگىسىنىڭ ئۇستىدىن تارتىپ چۈشۈرۈش كېرەك ، ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش كېرەك ، زومىگەرنى يوق

قىلىش كېرەك! ...

ئىسمايىلنىڭ قەلبىدە بىر خىل ھاياجان ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاشۇ ھاياجان ئىچىدە ئارزۇ - ئىنتىلىش، قورقۇمسىزلىق، باتۇرلۇق، قىساس، ئىنتىقام ... ھەممە نەرسە بار ئىدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدىكى كۈللۈكتىن بىر تال كۆمۈرنى ئالدى ۋە روزىبەگنىڭ دەرۋازىسىغا يوغان قىلىپ «زومىگەرلەرنى يوقىتايلى» دەپ يېزىپ قويدى. ئىسمايىل شۇ تاپتا خۇددى ئاشۇ دەرۋازىغا روزى بەگنىڭ ئۆلۈم خېتىنى چاپلىغاندەك، روزى بەگ دېگەن مۇشۇ زومىگەرنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدى. ئەمما ئۇ شۇ ئىشى بىلەن ئۆزىگە، ئائىلىسىگە خېلىلا خاپىلىق تېپىۋالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

شۇ كۈنى كەچ «ئازنا مەسچىت» تە روزى بەگ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئەلپازى يامان ئىدى. خېلىدىن بېرى موللا مۇشۇكتەك جىمىپ قالغان روزى بەگ بىردىن قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ «تالاشتۇرۇش سورۇنى» غا كىرگەن ئىتتەك ھۆرپەيدى. نامازدىن كېيىن جامائەتنى توختىتىۋېلىپ قانداقتۇر قولۇم-قوشنىدارچىلىق ھەققىدە، بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى تەڭ ئىچىپ، بىر نانىنى تەڭ يېگەنلىكلىرى ھەققىدە، يۇرتداشلىق ھەققىنىڭ بىر-بىرىگە ئورا كولاشقا يول قويمايدىغانلىقى ھەققىدە، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلەرگە دىققەت قىلىش ھەققىدە كاپىشىدى. يەنە تېخى ئۆتكۈنچى ئىشلارغا ئىشەنمەسلىك توغرىسىدا، «سۇ كېتىپ تاش قالىدىغانلىقى، ئوسما كېتىپ قاش قالىدىغانلىقى» توغرىسىدا سۆزلىدى. سۆزلىرىدىن تەھدىت، ھەيۋە، قورقۇتۇش پۇرىقى بۇخسۇپ تۇراتتى، جان تالىشىپ ئاخىرقى تىنىقىدا بولسىمۇ ئادەم چىشلەيدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. جامائەت روزى بېگىمنىڭ نېمىگە، نېمە ئۈچۈن ئەزۋەيلەپ كەتكەنلىكىنى

چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەلپازىدىكى قانخورلۇقنى ئېنىق ھېس قىلدى. روزى بەگ ئاخىرىدا نامازغا ئىمامەتچىلىك قىلغان قۇناخۇن خەلپەمنى چاقىرتىۋېلىپ، نەۋرىسىنىڭ دەرۋازىغا شوئار يېزىپ قويغانلىقىنى ئۇقتۇردى. «سىلىگە نېمە يامانلىق قىلغان بىمىز؟ سىلىنىڭ نەۋرىگە نېمە يامانلىق يەتكەن بىزدىن؟» دەپ تەھدىت سالدى. «نەزىرە-نۇزىرەتتە دائىم داستىخىنىمنىڭ باش مېھمىنى ئىدىلە، پولۇنىڭ ئىسسىقى، گۆشىنىڭ يوغىنى سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا قويۇلاتتى. ئەمدى قايتقىنى مۇشۇمۇ؟» دەپ تاپا-تەنە قىلدى. قۇناخۇن خەلپەم نەۋرىسىنىڭ يوغان دەرۋازىغا شوئار يېزىپ قويغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن بېگىمنىڭ چالۋاقاپ كېتىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. نېمە دېگۈلۈك؟ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئاش-تۇز ئېتىشىپ كەلگەن ئادەمگە نېمە دېگىلى بولىدۇ؟ قۇناخۇن خەلپەم نەۋرىسىنىڭ قۇلىقىدىن سوزۇپ قويۇشقا ۋەدە بېرىپ ئاران خىجىللىقتىن چىقتى. ئۇنىڭچە قوشنىلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىشكە بولمايتتى، «قۇرئان كەرىم» دىمۇ، «ھەدىس شېرىپ» تىمۇ شۇنداق پۈتۈلگەنىدى. ئەمدى مانا، مۇنۇ پەرتەكىنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرۈڭ. ئالىمادىس، بېگىم يەنە مىرابلىققا سايلىنىپ قالسا، قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئاشۇ كىگىز ئورنىچىلىك ئېتىزىغا سۇ بەرمەي قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ ھەي، كىچىك بالا دېگەننىزە...

ئىككىنچى كۈنى مەھەللىدە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق گەپلەر پەيدا بولدى. روزىبەگنىڭ بالا-چاقىلىرى ۋە ھېلىقى قىمارۋاز ئىنىسى ئىسمايىل قاپاق: «دەرۋازىغا خەت يازغۇچىنى تۇتۇۋالساق پۇت-قولىنى چېقىۋېتىمىز، بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ ‹غىياستانلىق› قا كۆمۈۋېتىمىز» دەپ يۈرەرمىش، ئەلپازى بەك يامانمىش.

قۇناخۇن خەلپەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئامراق نەۋرىسىدىن

ئەنسىرەپ قالدى . مەرەمخان ئانىمۇ ئەنسىرەپ قالدى . ئوغلىنى قوغدايدىغان ، ئۇنىڭغا قانات ياپىدىغان ياش ئاتا ئەھمەد خەلپە ئۆيدە يوق ئىدى ، كېرىيە-تىبەت تاشيولىنى ياسايدىغان ھاشارغا كەتكەنىدى . مانا ئەمدى بالىنى قانداق قوغدىغۇلۇق ؟ روزى بەگ ۋە ئىسمايىل قاپاق دېگەنلەر بىر توپ غالجىر ئىت ، چىشلىمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ . ئۇششۇك ھەرىسى چاقسا قاتتىق چاقىدۇ ئەمەسمۇ . بالىغا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ . ئەنسىزلىككە چۈشكەن قۇناخۇن خەلپەم يېڭى قۇرۇلغان 2 -رايونلۇق ھۆكۈمەتنى ئىزدەپ باردى . «ئەنسىرىمەڭلار ، ھېچنېمە قىلالمايدۇ» دەپ يولغا سالدى ئۇلار . تېخى ئۇلارچە بالىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان بولسا ، نەق جىنايەت بىلەن قولغا چۈشەرمىش ، جازالىماق ئوڭاي بولارمىش . بالىغا زىيانكەشلىك قىلىپ بولغاندا جازالىغانىنىڭ نېمە پايدىسى ؟ ئامراق نەۋرىسىنى قوغداشنىڭ غېمىنى قۇناخۇن خەلپەم ئۆزى قىلمىسا بولمايتتى . ئۇ نەۋرىسىنى يوشۇرۇپ قويدى . دەسلەپ ئىسمايىلنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى ، مەرەمخان كېلىنىنىڭ ئاكىسى توختى ئاخۇن ، ئېلى ئاخۇنلارنىڭ قازناق ئۆيلىرىگە ، كېيىن يېقىن قوشنىسى ھوشۇرخاتىپنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويدى . مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى ، چۈنكى ئەھمەد شەيتان ، يۈسۈپ چاۋۇش ، ھاشىم توقۇناق دېگەن يالاقچىلار ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان نېمىلەر ئىدى . غالجىرلاشقان روزى بەگنىڭ ئاشۇ قولچوماقچىلىرىنى كېچىلىرى تۇيۇقسىز قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئۆيىگە ياكى ئەھمەد خەلپىنىڭ پەيزۇللاكامدىن مىراس تەگكەن ھېلىقى «يوغان تېرەكلىك ھويلىسى» غا بېسىپ كىرمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى . قۇناخۇن خەلپەم كۆپ جەمەتلىك ئادەم ئەمەس ئىدى . كىچىك ئوغلى يۈسۈپ كېسەلچان ، ئاجىز چوڭ بولۇپ قالغانىدى . قانخورلار تۇيۇقسىز

بېسىپ كىرسە ، نەۋرىنى قوغدىغىلى بولمايتتى .

شۇنداق قىلىپ كىچىك ئىسمايىل مۇشۇكتىن قاچقان چاشقانغا ، بۆرىدىن يوشۇرۇنغان توشقانغا ئايلاندى . ئۇنى چاشقانغا ، توشقانغا ئايلاندۇرغىنى تولىراق بوۋىسىنىڭ ، ئانىسىنىڭ ، مومىلىرىنىڭ ئەنسىزلىكى ئىدى . روزى بەگ ۋە ئىسمايىل قاپاقلارنىڭ زومىگەرلىكىمۇ بار ئىدى ، ئەلۋەتتە . لېكىن بالا خۇددى «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەندەك ئۇنچىۋالا قورقۇپمۇ كەتمىگەندى . ئۇ ، ئۇلارنىڭ زومىگەرلىك قىلىدىغان زامانى كەلمەسكە كەتتى ، بۇنى چوڭ يىغىندا ئازادلىق ئارمىيە دېگەن ، ھېچنېمە قىلالمايدۇ ، دەپ ئويلايتتى . ئەمما ئاشۇ گەپنى دېگەن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ھازىرچە ئۇنى قوغداشقا چولىسى تەگمەيۋاتاتتى ، روزى بەگ ، ئىسمايىل قاپاقلارنى تۇتۇشقىمۇ چولىسى تەگمەيۋاتاتتى . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە پۇختا قەدەم بىلەن ئاستا-ئاستا ئىلگىرىلەش كېرەك ئىدى . ئاشنىمۇ بىر كاپام-بىر كاپامدىن يەيدۇ ئەمەسمۇ ، ئازادلىق ئارمىيە ۋە يېڭى ھۆكۈمەت مانا شۇنداق ئويلايتتى . ئەمما بىزنىڭ ئىسمايىل ھېلىتىنلا روزى بەگنى يوقىتىشقا ، يەرلەرنى تەقسىملەپ نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىشكە ئالدىراپ كەتكەندى .

قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ، مەرەمخان ئانىنىڭ ئەنسىزلىنىشى ئورۇنلۇق ئىدى . ئائىلىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرىدىغان ، نەسەبنى داۋاملاشتۇرىدىغان يالغۇز ئوغۇلنى قوغدىمىسا بولمايتتى . كېزىكتىن ئامان قالغان ئىسسىق جاننى بەندىنىڭ قارا قولىغا تاشلاپ قويۇشقا بولمايتتى . ئەمما… ئۇنى قانداق قوغدىغۇلۇق ؟ شۇ كۈنلەردە مەرەمخان ئانا تارتقان ئەنسىزلىكلەرنى بىر دېمەك ، ئوغۇل ئەنسىزلىكىدە ئۇنىڭ يۈرىكى سۇ-زەرداب بولۇپ ئاقمىدىمۇ ،

ئۇنىڭ بىر سىننىڭ ھەممىسى بولدى . ئانىمۇ ئۆز ئىككى بويىچە روزى بەگنى تېزرەك يوقاتمىغان يېڭى ھۆكۈمەتتىن ئاغرىناتتى . تاسادىپىي ھالدا ھۆكۈمەت «زومىگەرلەرنى يوقىتىمىز» دېگەن گېپىدىن يېنىۋېلىپ روزى بەگنى يەنە مىراب بەگلىككە سايلاپ قويسا ، قانداق كۈن ئالارمىز ؟ دەپ ئويلايتتى . كوت-كوت قوشنىلارنىڭ گەپ توشۇشلىرى ، بىرنى ئىككى قىلىپ ئاۋۇتۇشلىرى ئۇنىڭ ئەنسىزلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتەتتى . ئاشۇ كوت-كوت خوتۇنلاردىن بىرى : «قارىسىلا ، مەرەمخان ، ئاشۇ كۈنى چىرىيە بازىرىدا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆردۈم . نىيۇياڭگار-پىيۇياڭگار دەمدۇ ، ئىشقىلىپ ، كوچىدا ئۇسسۇل ئوينىدى . قوللىرىدا ئالا ياغلىقنى تۇتۇۋېلىپ ، دۇمباق ئاۋازىغا كېلىشتۈرۈپ سەكرىدى ، ئىككى قەدەم ئالدىغا سەكرىسە بىر قەدەم كەينىگە سەكرىدى . قارىسىلا ، سەكرەشلىرىدىنلا گېپىدىن يېنىۋالىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئەگەر شۇنداق بولسا ، سىلىنىڭ يالغۇز ئوغۇللىرىنىڭ ئىشى چاتاق جۇمۇ ، روزى بېگىم ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ» دەپ كەلدى بىر كۈنى . ئانىنىڭ ئەنسىزلىكى پەلەككە يەتتى ، كۆزلىرىدىن يۇم-يۇم ياش تۆكتى ، ئەمما باشقا كېلىدىغان قىسمەتنى كۈتمەي بولمايتتى . ئانىنىڭ كۆز ياشلىرى ھېچنېمىنى ھەل قىلالمايتتى . ئىسمايىل قوشنىسى ھوشۇر خاتىپنىڭ قازىنىقىدا ئالتە - يەتتە كۈن يوشۇرۇنۇپ ياتتى ، بىرەر ئايچە يالغۇز تالا - تۈزگە چىقمىدى . ئۇنىڭ بۇنداق يوشۇرۇنۇپ يۈرىدىغان كۈنلىرىنىڭ قانچە ئۇزاق داۋاملىشىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ئەمما تاڭ ئاتماس كېچە ، ئاياغلاشماس ماتەم بولمىغىنىدەك ، بۇنداق كۈنلەر ئاستا-ئاستا ئاياغلىشىۋاتاتتى . 1951 -يىلىنىڭ 4 -ئېيىدا ھۆكۈمەت تۇيۇقسىز ھەرىكەتكە كېلىپ چىرىيە بويىچە سېسىق نامى پۇر

كەتكەن بىر يۈز ئىككى نەپەر ئەكسىلئىنقىلابچى ۋە قان قەرزگە بوغۇلغان زومىگەرلەرنى قولغا ئالدى . ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن چىرىيە خەلقى قاتناشقان چوڭ يىغىندا ئۇن ئالتە زومىگەرنى ئاشكارا ئاتتى . بەشئاتار مىلتىقنىڭ گۈمبۈرلىگەن ساداسى ياڭراش بىلەن تەڭ ئۇن ئالتە نەپەر زومىگەرنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقتى . خورازنى ئۆلتۈرۈپ مايمۇننى قورقۇتۇش دېگەن شۇ ئىدى . قاچاندۇر بىر چاغلاردا جاھانغا پاتماي قالغان باي-زومىگەرلەرنىڭ قۇيرۇقى چاترىقىغا كىرىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ زامانى كەلمەسكە كەتكەنىدى . ئۇلارنىڭ ياۋاش بولۇشىغا بولاتتىيۇ ، هارامزادىلىك قىلىشىغا بولمايتتى . شۇنداق قىلىپ ، كىچىك ئىسمايىلنىڭ يوشۇرۇنۇپ ، قورقۇپ يۈرىدىغان كۈنلىرى ئاياغلاشتى . قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ، مەرەمخان ئانىنىڭ ئەنسىزلىكلىرى تۈگىدى . ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئۇچۇن يېپيېڭى بىر تاڭ ئېتىۋاتاتتى

## 2 . بىرىنچى قېتىم سەپتىن چىقىرىۋېتىلىش

سەپ — قاتار ، رەت دېگەن گەپ . سەپكە تۇرۇش بولسا ، رەتلىك تىزىلىش ، قاتار بولۇپ تۇرۇش دېگەن گەپ . مۇسۇلمانلار ناماز ئۆتىگەندە سەپ-سەپ بولۇپ ئۆتەيدۇ . مەزىن ئاخۇنۇم «سەپراس» دەپ ۋارقىرىغاندا ھەممە جامائەت سەپنى تولدۇرۇپ ، سەپنى رۇس قىلىپ دىققەتتە هازىر بولىدۇ . مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى گىمناستىكا ئوينىغاندا ، بىرەر ياققا ماڭغاندا ، يىغىلىش ئۆتكۈزگەندە قاتار-قاتار سەپلەرنى تۈزىدۇ . بىرەر ئارمىيە يىغىلسىلا سەپ پەيدا بولىدۇ ، مەشىقتىمۇ ، يۈرۈشتىمۇ ، ئۇرۇشتىمۇ سەپنى بۇزمايدۇ . كوماندىر «دىققەت !» دەپ قوماندا بەرگەندە جەڭچى ھەرقانداق ئىشقا تەييار بولغان بولىدۇ . ھەتتا

كـولـلېكتـىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قۇشلاردىمۇ سەپ بولىدۇ . غاز-ئۆردەكلەر كۈزدە جەنۇبقا ، باھاردا شىمالغا سەپەر قىلغاندا ، ئـاجايىپ چىرايلىق سەپلەرنى ھاسىل قىلىپ ئۇچىدۇ . دېمەك ، سەپ — كوللېكتىپنىڭ بەلگىسى . جەڭچى ئۈچۈن سەپتىن چۈشۈپ قېلىش قانچىلىك نومۇس ئىش بولسا ، ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن سـەپـتـىـن چىقىرىۋېتىلىش — چەتكە قېقىلىش ، كەمسىتىلىش تۇيغۇسى بېرىدۇ . سەپتىن چىقىرىۋېتىلگەن ئادەم ئۆزىنى يالغۇز ، يەككە-يېگانە قالغاندەك ، كۆپچىلىكتىن ، جامائەتتىن ، قوشۇندىن ئـايـرىـلـىـپ قـالـغـانـدەك ھـېس قىلىدۇ ، ئۆزىنى ھېچنېمىگە ئەرزىمىگەندەك سېزىدۇ ، بۇ بىر ئازابلىق روھىي ھالەت .

بىزنىڭ كىچىك ئىسمايىل سەپنى ياخشى كۆرەتتى . مەكتەپكە كـىـرمـىـگـەن چـاغـلـىـرىـدىلا كىچىك ئاغىنىلىرى ، تەڭ ياش ھەقەمسايىلىرى بىلەن سەپ بولۇپ ، مەشكە دەسسەپ ئوينايتتى . مەكـتـەپـكـە كـىـردىمۇ ، شۇنىڭدىن باشلاپ بىر كۈنمۇ سەپتىن ئـايـرىـلـمىدى . ئاشۇ 4-ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان باللار بايرىمىدا ، شوخ ، لېۋەن ، ئوماق باللار سەپ-سەپ بولۇپ پاراتتىن ئۆتكەندە ، ئـۇ ئـاشۇ سەپلەرنىڭ بېشىدا مېڭىپ ، پۇشتەك چېلىپ كوماندا بېرەتتى . گىمناستىكا ئويناشقا ، «پىرامىدا» لار ھاسىل قىلىشقا قـومـانـدانـلـىـق قـىـلاتتى . ئازادلىق ئارمىيە كەلگەن چاغدىمۇ ئاشۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سەپ بولۇپ مېڭىپ چېرىيە بازىرىغىچە كـىـرگەن ، ئاشۇلاردەك سەپ بولۇپ مېڭىشنى دورىغانىدى . ئۇ ئۆزىنى سەپ ئۈچۈن تۇغۇلغاندەك ، سەپ بىلەن ياشايدىغاندەك ھېس قـىـلاتـتـى . ئـەمـما ئـۇنـى سـەپتىن چىقىرىۋېتىشتى ، خېلىلا رەھىمسىزلىك بىلەن چىقىرىۋېتىشتى .

بۇ 1951-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدىكى ئىش . يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ كادىرلار قوشۇنىنى ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى

قۇرۇشقا ، ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان مائارىپ بەرپا قىلىشقا تەشنا ئىدى . كادىرنىمۇ ، ئوقۇتقۇچىنىمۇ گومىنداڭدىن قالغانلار بىلەن تولۇقلاش ئىشەنچلىك ئىش ئەمەس ئىدى . ئىشەنچلىك بولۇش ئۈچۈن ئۆزىگە لازىملىقنى ئۆزى تەربىيىلەپ چىقمىسا بولمايتتى . گەرچە شۇ يىللاردا مەبلەغ يېتىشمەيدىغان ئىنتايىن قىيىن ۋەزىيەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ھۆكۈمەت كادىر يېتىشتۈرىدىغان ، ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپلەرنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئېچىۋاتاتتى .

1938-يىلى قۇرۇلغان ، خوتەندىكى بىردىنبىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ — خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىمۇ ئاشۇنداق قىيىن شارائىتتا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى . شۇ يىلى يازدا ئۇلار چىرىيە ناھىيىسىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلدى . يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ بۆلۈمى ياردەملەشتى . شۇ چاغدا چىرىيە ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بەش مەكتەپ ، «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» باشقۇرۇشىدىكى 31 مەكتەپنىڭ يۇقىرى-تولۇق سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلدى . ئاشۇ ئىمتىھانغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئەلۋەتتە قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئامراق نەۋرىسىمۇ بار ئىدى . ئۇ قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە باشقىچە بىر يۆنىلىشكە يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى . خەلپەم ئۇنىڭ دىنىي ئىلىمدە كامالەت تېپىشىنى ، بىرەر مەسچىتتە ئىمام ياكى خاتىپ بولۇپ ، ئۆمرىنى ئاللا يولىغا بېغىشلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى ، ئۆيدىكى ئائىلە تەربىيىسىمۇ شۇ ئىدى ، ئەمما بالىغا ئائىلە تەربىيىسىدىن كۆرە جەمئىيەت تەربىيىسى بەكرەك تەسىر قىلىپ كېتىۋاتاتتى . ھەر زامان ، ھەر جايدا ئىش شۇنداق ئىدى . جەمئىيەت تەسىرى ئائىلە تەسىرىدىن ئۈستۈن چىقاتتى . ئاتا-ئانا ، بوۋا-موما بولغۇچى كۆپ ھاللاردا

بۇنداق تەسىر ئالدىدا ئامالسىز قالاتتى. قۇناخۇن خەلپەممۇ ئامالسىز قالغانىدى. بالا يېڭىچە مائارىپنىڭ تەسىرىگە، يېڭى زاماننىڭ تەسىرىگە، يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىگە بېرىلىپ كەتكەنىدى. شۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا قۇناخۇن خەلپەم قوشۇلغانمۇ ياكى كىچىك ئىسمايىل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئىمتىھانغا قاتنىشىشنى ئۆزىلا قارار قىلغانمۇ، ھازىر بۇ نائېنىق. ئۇنى يېرىم ئەسىرلىك چاڭ - توزان كۆمۈپ كەتكەن، شۇنداقتىمۇ ھەممىنىڭ ئېسىدە ئېنىق ساقلانغىنى شۇكى، ئاشۇ ئىمتىھاندىن بىرىنچى بولۇپ ئۆتكۈچى بىزنىڭ ئاشۇ كىچىك ئىسمايىل ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك ئىمتىھاندىن ئۆتكۈچىگە چاقىرىق قەغىزى ئەۋەتىدىغان ئىش نەدە بولسۇن. ئۇنداق شارائىت، ئۇنداق چىرايلىق قەغەز، ئۇنداق چىرايلىق بېسىلغان خەت نەدە بولسۇن. ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلارنى بىر مەيدانغا يىغىپ، كىمنىڭ ئۆتكەن، كىمنىڭ ئۆتەلمىگەنلىكى ئېلان قىلىناتتى. ئۆتكەنلەر قاتار تىزىلىپ، سالامەتلىك تەكشۈرۈش ھېسابىدا نەزەردىن ئۆتكۈزۈلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى رەڭدىكى، قايسى ئېشەككە يوتقان-كۆرپىنى ئارتىپ، قايسى كۈنى يولغا چىقىدىغانلىقى ئېلان قىلىناتتى. ئىسمايىلنىڭ ئىسمى ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا ئېلان قىلىنىدى. قارىغاندا ئۇ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئەمما ئاشۇ سەپكە تىزىپ نەزەردىن ئۆتكۈزىدىغان چاغدا، ئۇ قوغاچىنىڭ ئاغزىدا توختاپ قالدى. ئۇزاقلاردىن ئېقىپ كەلگەن غازاڭدەك نېمىگىدۇ ئىلىنىشىپ قالدى. ئىلىۋالغىنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ئاشۇ خادىمنىڭ ئۆتكۈر نەزىرى ئىدى. خادىم ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنى بوي-تۇرقى بويىچە تىزىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنداق تىزىلغاندا ئوڭاي نەزەردىن ئۆتكۈزگىلى بولاتتى. شۇنداق

قىلىپ، ئىمتىھاندىن بىرىنچى بولۇپ ئۆتكۈچى سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا بېرىپ قالدى. ئەڭ ئاخىرغا بېرىپ قېلىشى تەبىئىي ئىدى. ئون ئالتە ياشقا قەدەم قويغان بولسىمۇ، يەنىلا ئون بىر-ئون ئىككى ياشلىق بالىدەك كۆرۈنەتتى، ئورۇق، ۋىجىك، سۇتۇن ئىدى. يۈز-چىراي شەكلى سەل ئوزۇنچاقراق، قاشلىرى قويۇق ۋە قارا، كۆزلىرى چوڭ ۋە يۇمىلاق، بۇرنى ئىنچىكە ۋە قاڭشارلىق، لەۋلىرى نېپىز ۋە قىزلارنىڭكىدەك سۇزۇك ئىدى، كىشىگە يېقىملىق تەسىرات بېرەتتى. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنى كۆزدىن كەچۈرگۈچى خادىم سەپنىڭ بېشىدىن قاراپ، سەپنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا تىكىلىپ توختاپ قالدى، نېمىنىدۇر ئويلىدى. بەلكىم بىرەرىنىڭ ئۆكسى بىللە كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغاندۇ. لېكىن مەسىلىنىڭ ئېنىق بولغىنى ئەۋزەل ئىدى. ئۇ سوراشتۇردى. ئاۋازىدا يېرىم چاقچاق، يېرىم مەسخىرە پۇرىقى بار ئىدى.

— خوجا بالام، ئۆزلىرىمۇ پىلىسراتتىن ئۆتكەنمۇ؟

— ھەئە.

— بەلكىم بىرىنچى بولۇپ ئۆتكەندىلا؟

— شۇنداق.

— بىرىنچى بولۇپ ئۆتكەن دېسىلە؟ نېمىگە ھاپاش بولۇپ ئۆتتىلە؟

— ئۆگەنگەنلىرىمگە.

— گېپىڭ خېلى چوڭغۇ، قوزام، ئىسمىڭ نېمىتى؟

— دەپتەرلىرىگە پۈتۈكلۈك، بىرىنچى بولۇپ ئۆتكۈچىگە قاراپ باقسىلا.

— شۇنداقمۇ؟ — خادىمنىڭ كۈلكە ئويناپ تۇرغان لەۋلىرى قىسايدى. ئۇ گويا بىرەر مەسخىرىلىك سۆز ئىزدەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا دەپتىرىنى ئاختۇرۇشنى ئەۋزەل كۆردى.

— ئىسمايىل ئەمەت[1] دېگەن سەنمۇ؟
— ھەئە.
— راستىنلا سەنمۇ؟
— ئىشەنمىسەڭ باشقىلاردىن سوراپ باقسىلا.
ئەمدى ئىشەنمەسلىككە ئامالى يوق ئىدى. خادىمنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى بىرەرنىڭ ئېزىپ-تېزىپ سەپكە كىرىپ قالغان ئۇكىسى ئەمەس ئىكەن، ئىمتىھاندىن ئۆتكۈچى ئىكەن. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، تۇۋا...
— قۇشقاچتەك تۇرۇپ قانداقمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنسەن، قوزام؟ — ئەمدى تەكشۈرگۈچى خادىمنىڭ چىرايىغا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى ئۆرلەپ چىققانىدى. ئۇ سول قولى بىلەن چېكىسىنى سىلىدى، شەپكىسىنى ئارقىغا سۈرۈپ بېشىنى قاشلىدى. ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلالماي قىينىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ۋاقىت دەقىقىدىن سېكۇنتلار، سېكۇنتلاردىن مىنۇتلار ھاسىل قىلىپ ئۆتمەكتە. خادىم بېشىنى ئۈچىنچى قېتىم قاشلىدى ۋە نېمىگىدۇر تەڭقىسلىقتا قالغاندەك تەسلىكتە ئېغىز ئاچتى.
— ئىمتىھاندىن ئۆتسەڭمۇ ئۆتكەنسەن، بالام، ئەمما بىلىشىڭ كېرەك، دارىلمۇئەللىمىن دېگەن بىر مەكتەپ، ئۇ يەردە بۆشۈك يوق. مۇئەللىملەرنىڭ پوتلاڭنى ئېرتىپ، ئىشتانبېغىڭنى چىگىپ قويۇشقا ۋاقتى يەتمەيدۇ... بەكلا كىچىك ئىكەنسەن، ئەڭ ياخشىسى ھازىر ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۈچ-تۆت يىلدىن كېيىن كەل...
بۇ ئەڭ ئاخىرقى سۆز ئىدى، شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ ئىسمايىل تۇنجى قېتىم سەپتىن چىقىرىۋېتىلدى. سەپتىن چىقىرىۋېتىلگەن ئاشۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆڭلى خېلىلا يېرىم بولدى.

① ئەمەت — «ئەھمەد»نىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.

سەل تاقاراشقۇسى ، بوي ئىزدىسلە تۆگىنى ، ساقال ئىزدىسلە تېكىنى تاپسلا ، دېگۈسى كەلگەن بولسمۇ يەنىلا دېمىدى . دېلىغۇل ، چىگىش بىر تۇيغۇ ئىچىدە سەپتىن چىقىپ كەتتى . سەپتىن چىقىپ كېتىش كېرەك ئىدى . باشقىلار سېنى كىچىككەن دەپ ياراتمايۋاتسا ، يەنىلا قېلىنلىق بىلەن گۆشىيىپ تۇرساڭ ، كىشىلەر نېمىدەپ قالىدۇ ؟ مەيلىڭ بولسا مانا مەن ، باغاشلا ، مەيلىڭ بولمىسا مېنىڭمۇ سالجىدەك چاپلىشىۋالغۇم يوق ، خەير-خوش ، تومۇچۇقۇم …

ئىسمايىل سەپتىن چىقىپ كەتتى ، ئاشۇ زامانلاردا باشقا ھەرقانداق بىركىم بولسىمۇ ئوخشاشلا سەپتىن چىقىپ كېتەتتى . مۇشۇ خەلقتە ، مۇشۇ چىرىيىلىكلەردە ئۇ چاغلاردا تېخى قېلىنلىق تۇيغۇسى ، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن يارىيېلىمدەك چاپلىشىش تۇيغۇسى ، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ ، پارا سۇڭگۇتۇپ بولسىمۇ مەكتەپكە كىرىۋېلىش ، كادىرلىققا ئۆتۈۋېلىش تۇيغۇسى پەيدا بولمىغان ۋە يېتىلمىگەنىدى . ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىدا چۈشىنىكسىز بىر خىل تارتىنچاقلىق ، خىجالەت بولۇش ، قىسىلىش ھۆكۈم سۈرەتتى . بۇ ئۇزاق زامانلار جەريانىدا ھاسىل بولغان روھىي ھالەت ئىدى . ئەمما تېخى ئاشۇنداق تارتىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئۆزلىرىنى نۇرغۇن نەرسىدىن مەھرۇم قالدۇرغانلىقىنى چۈشەنگۈدەك ھالەتتە ئەمەس ئىدى . ھېس قىلاتتىيۇ ، لېكىن ئاشۇ روھىي ھالەتتىن قۇتۇلالمايتتى . كېيىنكى يېرىم ئەسىر نۇرغۇن نەرسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى . ئەلۋەتتە روھىي ھالەت ، تۇيغۇ دېگەنلەرگىمۇ ئۆزگىرىش ئەكەلدى . كىشىلەر ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن جان تىكىپ تىرىشىدىغان بولدى . مەنپەئەت ئۈچۈن ئەخلاقنى ، نومۇسنى قۇربان قىلىدىغان بولدى . تارتىنچاقلىق ، خىجالەتچىلىك دېگەنلەر نەلەرگىدۇر غايىب بولدى . «ئارقا

ئىشىكتىن مېڭىش» ، پارا سۇڭگۇتۇش ئارقىلىق مەكتەپلەرگە كىرىۋېلىش ، ئىشچىلىققا ، كادىرلىققا ئۆتۈۋېلىش ، ھەتتا ھوقۇق سېتىۋېلىش ئەنە شۇ مەنپەئەت ئۈچۈن ئەخلاقنى قۇربان قىلىش جۈملىسىدىن . بۇ يەردە پارا ئالغۇچىنىڭمۇ ، پارا بەرگۈچىنىڭمۇ مەنپەئەت ئۈچۈن ئەخلاقنى قۇربان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز . گەرچە بۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ ، يەنىلا بىز تىلغا ئالغان روھىي ھالەتتە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . كىشىلەرنىڭ تارتىنچاقلىق ، خىجىلچىلىق ، قىسىلىش ، قورۇنۇش تۇيغۇلىرىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش بولدى . ئىسمايىلنىڭ دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىدىغان ئاشۇ سەپتىن چىقىرىۋېتىلىش ۋەقەسى ھازىر يۈز بەرگەن بولسا ، ئۇنداق ئوڭايلا سەپتىن چىقىپ كېتىشكە ئىسمايىلنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىمىغان بولاتتى . ھەتتا ئەھمەد خەلپىمۇ ئىلاجىنىڭ بارىچە تىرىشىپ بالىسىنىڭ سەپتىن چىقىرىۋېتىلىش ۋەقەسىنى ئوڭشاشقا ئۇرۇنغان بولاتتى ··· ئەمما ئاشۇ 1951 -يىلدىكى ئىسسىق يازدا تېخى ئۇلاردا بۇنداق جۈرئەت ، ئىنتىلىش تۇيغۇسى يوق ئىدى . ئىسمايىل سەپتىن ئوڭايلا چىقىپ كەتتى ، ئانچە بەك ئىچى پۇشۇپمۇ كەتمىدى ، قۇناخۇن خەلپەم بىلەن ئەھمەد خەلپە بولسا ، ھەتتا بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بەرگىنىگە ئېرەنشىپمۇ قويمىغان بولۇشى مۇمكىن . تېخى بالىسىنىڭ خوتەنگە كېتىپ قالماي ئۆز يېنىدا قالغانلىرىغا خۇشال بولغان بولۇشى مۇمكىن ، يالغۇز ئوغۇل ، ئامراق نەۋرە يىراققا كەتسە ، كۆرگۈسى كەلمەمدۇ ؟ سېغىنىش پىراقىغا قانداق چىدايدۇ كىشى ؟

## 3 . كادىرلار سېپىگە قېتىلىش

تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداقكى ، ئۇ «سەپتىن

چىقىرىۋېتىلگۈچى»نىڭ قېپىداپ، ئۆيىنىڭ بولۇشىغا تىقىلىۋېلىشىغا يول قويمايدۇ، ئۇنى يەنە ئۆز قوينىغا سۆرەپ كىرىدۇ. كىچىك ئىسمايىلمۇ شۇنداق قىلدى. ئىسمايىلنى يەنىلا ئەتىگەن، كەچتە «خان يايلاق» تا قوي باققان يەردە، قۇناخۇن خەلپەم مىنگەن كۆك ئېشەكنى يېتىلەپ ئاللىقاياققا كېتىۋاتقان يولدا، داغدۇغىلىق چوڭ يىغىن ئېچىلغان چىرىيە بازىرىدا، توپ-توپ باللار سۇغا چۆمۈلۈپ، يۇمشاق توپىغا مىلىنىپ ياتقان «مۇساكامىنىڭ ئازمىسى» بويىدا كۆرگىلى بولاتتى. ئەڭ مۇھىمى يەنىلا «توپا مەكتەپ» نىڭ مەيدان ۋە سىنىپلىرىدا كۆرگىلى بولاتتى. يەنە بىر يىل ئوقۇپ كېلەر يىلى دارىلمۇئەللىمىنگە قايتا ئىمتىھان بېرەي دەپ ئويلىدىمۇ ياكى «توپا مەكتەپ» نىڭ يۇقىرى سىنىپىدا ئوقۇيدىغانلىرى تېخى تۈگىمىگەنمۇ ۋە ياكى مۇئەللىملەر باللارنى باشقۇرىدىغان، مەشكە دەسسىتىپ گىمناستىكا ئوينىتىدىغان باشلامچىنى بىرەر نېمىلەر دەپ تۇتۇپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ يەنىلا «توپا مەكتەپ» تە ئوقۇپ يۈرەتتى. ئاشۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە چىرىيە بازىرىدا ئېچىلغان كاتتا يىغىنلارغا قاتنىشىپ يۈرەتتى، يېڭىلىقلارنى ئاتا-ئانىسىغا، قولۇم-قوشنىلىرىغا يەتكۈزەتتى، چوڭ-چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئۈچۈر بېرەتتى. دېمىسىمۇ چىرىيە دىيارىدا كاتتا ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى.

1951-يىل 7-ئايدا، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەش ئۈچۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كادىر قوبۇل قىلماقچى بولدى، قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان دېھقان باللىرىدىن ئۈچ يۈزدەك كىشى كادىر بولۇش ئۈچۈن تىزىملاتتى. ئۇلارنى ئۆزى تۇرۇشلۇق رايون، يېزىلار، مەكتەپلەر تونۇشتۇرۇپ بېرەتتى. كىچىك ئىسمايىلنىڭمۇ كادىر

بولغۇسى ، ئازادلىق ئارمىيىگە ئەسكەر بولغۇسى . ئاشۇلاردەك كونا زامانىنى ئۆزگەرتىپ ، پومېشچىكلارنى يوقىتىپ ، ئازاد زامانىنى قۇرغۇسى بار ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭدا شۇ چاغلاردىكى كادىر بولۇش شەرتلىرى ، يەنى كەمبەغەل-نامرات ئائىلىلەردىن بولۇش ، تارىخى پاك بولۇش ، يېڭى زامانىنى سۆيىدىغان بولۇش ، يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ئاكتىپ ماسلىشالايدىغان بولۇش ، ئىمكان بولسا ساۋاتلىق بولۇش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا جەم ئىدى . ئۇ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىلھام بېرىشى بىلەن كادىر بولۇشقا تىزىملاتتى . كادىر قوبۇل قىلىشتىمۇ دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندەك سەپكە تىزىپ كۆزدىن كەچۈرىدىغان تۈزۈم بار ئىدى . بۇ قېتىم كۆزدىن كەچۈرىدىغىنى دارىلمۇئەللىمىننىڭ مۇئەللىمى ئەمەس ، بەلكى ناھىيىنىڭ شۇجى ، ھاكىملىرى ئىدى . چىرىيە ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئاكتىپ ، تىرىشچان دېھقان بالىلىرى يەنە بىر قېتىم سەپ بولۇپ تىزىلدى . باشلىقلار سەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ، ئۇلارغا نەزەر سېلىپ چىقتى . كىچىك ئىسمايىلدا بۇ قېتىم سەپتىن چۈشۈپ قالماسمەن دېگەن ئۈمىد بار ئىدى . ئەمما ئۇ تېخى يەنىلا كىچىك بالا ئىدى ، كىچىك بالىلىقى تۇرقىدىن ، چېھرىدىن چىقىپ تۇراتتى ، قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقاتتى . شۇ قېتىم كادىر بولۇشقا كەلگەنلەردىن يەتتە كىشى شاللاپ چىقىرىۋېتىلدى ، شۇلارنىڭ بىرى كىچىك ئىسمايىل ئىدى . «كىچىك ئىكەنسىلەر ، بەك كىچىك ئىكەنسىلەر ، ھازىرچە ئوقۇشۇڭلارنى ئوقۇپ ، چوڭ بولغاندا كېلىڭلار» دېيىلدى . بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ؟ كىم ئۇلارنى بۇرۇنراق تۇغۇلمىسۇن ، تېزرەك چوڭ بولمىسۇن دەپتۇ ؟ كىچىك ئىسمايىلغا بۇ قېتىممۇ ئەسلىدىكى تۇرمۇشىغا قايتىشقا توغرا كەلدى . ئەمما چىرىيە دىيارىدا ھايات ئۆزگىرىۋاتاتتى . كاتتا ئۆزگىرىشلەر

توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تارقىلىۋاتاتتى . 8-ئايدا 3-رايون (گۆلاخما) دا ئىجارە ھەققى ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش ئېلىپ بېرىلغانلىقى ، ئىككى كىچىك يېزىدىنلا ئوتتۇز ئىككى ئائىلە زومىگەر پومېشچىك ئايرىپ چىقىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى . زومىگەر پومېشچىكلارنى سەھنىگە يالاپ چىققانىمىش ، كۆرەش قىلىپ ۋەتۆەرىكىنى چىقىرىۋەتكەنىمىش ، دېگەن گەپلەر ھەممە يەردە ئېقىپ يۈرەتتى . ئارقىدىنلا يېڭى قۇرۇلغان چىرىيە ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى ئېچىپ ، يەنە ئون تۆت نەپەر زومىگەرگە ئۆلۈم جازاسى بەردى . ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاشلا بەشئاتار مىلتىقلارنىڭ ئاۋازى چىرىيە ئاسمىنىدا گۈمبۈرلىدى . پومېشچىك-زومىگەرلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . 3-رايوندا ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى كېڭەيتىلىپ ھەممە رايون ، ھەممە يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلارمىش ، دېگەن گەپلەر ئېقىپ يۈرەتتى .

راست دېگەندەكلا ، 2-رايون (توپا) غىمۇ 1951-يىل 10-ئاينىڭ ئاخىرى ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتى يېتىپ كەلدى . «توپا مەكتەپ» ئوقۇغۇچىلىرى ، «توپا» خەلقى ئۇلارنى «باش ئۆجمە» گىچە ئالدىغا چىقىپ داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالدى . خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى مەتقۇربان تۇرسۇن ، مۇئاۋىن باشلىقى شۈي چىيىڭ ، سوتچىسى ئىبراھىم روزى ئىدى . ئۆمەر ئىمىن قاتارلىق تۆت-بەش ئەزاسىمۇ بار ئىدى . ئۇلار روزى بەگنىڭ «باش ئۆجمە» دىكى ھەشەمەتلىك قورۇ-جايىغا ، ئاشۇ ئالدىنقى يىلى بىزنىڭ ئىسمايىل دەرۋازىسىغا «زومىگەرلەرنى يوقىتايلى» دەپ خەت يېزىپ قويغان ھەشەمەتلىك قورۇ-جايىغا ئورۇنلاشتى . ئۇلار ئاشۇ يەردە تۇرۇپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرماقچىدەك قىلاتتى .

تەكلىماكاننىڭ گىرۋىكىدىكى قۇملۇق ، نامرات ، ھەتتا يېرىم

ئىپتىدائىي تۇرمۇش ھۆكۈم سۈرىدىغان مۇشۇ يېزىدا مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك قورۇ-جاي بار دېسە ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، ئەمما بۇ پاكىت ئىدى. روزى بەگنىڭ قورۇ-جايلىرى ئاشۇ ئوتتۇز-قىرىق يىللار ئالدىدا سۈپۈرگە ئاخۇن باتۇر «ئانارلىق» قا سالدۇرغان قورۇ-جاي ۋە «چادىنەباغ» دىن قېلىشمايتتى. قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندە، ئېگىز شىپاڭلىق، ھەيۋەتلىك ئىككى يۈرۈش بىنا كۆزگە چېلىقاتتى. شەرققە سوزۇلغان بىنا روزى بەگنىڭ خاس ئۆيلىرى ھېسابىدا بولۇپ، بەش ئاسماقلىق كاتتا ئايۋان، چوڭ ساراي، ئېسىل ۋە كۆركەم مېھمانخانا، روزى بەگنىڭ ئىللىق ھۇجرىسى، ساندۇقلار بىلەن تولغان قازنىقى، چوڭ خوتۇنى شاتۇتخان بىلەن كىچىك خوتۇنى ئىرادىخاننىڭ خاس ھۇجرا-گىرىمخانىلىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. بىنالارغا ئىشلىتىلگەن ياغاچلارنىڭ چوڭ ۋە ئېسىللىكى، ياغاچلاردىكى نەقىش ۋە گۈللەرنىڭ تەڭداشسىزلىقى، دەرەۋزۇن شەكىللىرىنىڭ قويۇق ۋە ئۆزگىچىلىكى ئادەمنى ھەيران - ھەس قالدۇراتتى. ھەربىر نەقىش، ھەربىر شەكىلدىن ئەڭ چېۋەر ئۇستىلار ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ كۆركەم ئۆرنىكى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. غەربكە سوزۇلغان بىنامۇ ئوخشاشلا ئېسىل ۋە كاتتا ئىدى. بۇككىدە تېرەك ۋە ئاق ئۇجمىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ بىنانىڭ شەكلىمۇ شەرققە سوزۇلغان بىنا بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئادەمگە خۇددى قوشماق مېغىز، قوشكېزەك بىنا تەسىراتى بېرەتتى. بۇ بىنادا روزى بەگ مېھمان قوبۇل قىلاتتى، سۇلايمان كۇتەن، يۇسۇپ چاۋۇش، سادىق سوغا، ئەھمەد شەيتان قاتارلىق دورغىلىرىغا ئىش ئورۇنلاشتۇراتتى. قايسى كۈنى قەيەرگە قانچىلىك ھاشار ھەيدەشنى پىلانلايتتى، كىمنىڭ يەر-زېمىنىنى قولغا كىرگۈزۈش، كىمنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى ئوۋلاش ھەققىدە

باش قاتۇراتتى . ئاشۇ بىنادا نېمە ئىشلار ، نېمە جىنايەتلەر يۈز بەرمىگەن دەيسىز . كىشىلەر بۇ بىنالارنىڭ تاملىرىنى تۇخۇمنىڭ ئېقى ، گۈلە-قاقنىڭ يېپىشقاق شېرىنىسى بىلەن سۇۋىغان ، دېيىشەتتى ، ئەمەلىيەتتە «توپا» لىقلارنىڭ قان-يېلىكى بىلەن سۇۋالغانىدى . بىنالاردىكى ھەربىر نەقىش ، دەرەۋزىلەردىكى ھەربىر شادا ، تاملاردىكى ھەربىر سۇۋاق «توپا» لىقلارنىڭ قان-ياشلىق تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى . قوشماق بىنانىڭ نېرىسىدا يىللىقچىلارنىڭ قاتار- قاتار ھۇجرىلىرى ، ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا قوتان ، ئېغىل ، ئاتخانا ، تۆگەخانىلار بار ئىدى . ئۇ يەرلەردىن مەيدىسىنى روزى بەگدەك كېرىپ يۈرىدىغان ئەنجان خورىزىنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ چىللاشلىرى ، مېكىيانلارنىڭ كاككىلداشلىرى ، كەپتەرلەرنىڭ بۇقۇلداشلىرى ، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ، قورقۇنچلۇق سېرىق ئىتنىڭ ھاۋشىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئاشۇ ئاۋازلار ئاجايىپ بىر خىل سۈر ۋە ھەيۋە بىلەن «توپا» غا قورقۇنچ سالاتتى ، «توپا» لىقلارنى غال-غال تىترىتەتتى . مۇشۇ ھەيۋەتلىك قورۇنىڭ ئىگىسى بولمىش روزى مىراب بېگىم «سەككىز ئەللىك» نىڭ سۆيگە خوجايىن تۇرسا ، ئۇنىڭدىن كىم قورقماي تۇرالىسۇن ؟ «توپا» دېگەن بۇ قوملۇق يېزىدا سۇ— جان ، سۇ— قان ، مىراب بېگىم سۆيۈنگىنى توختىتىۋالدىمۇ ، بولدى ، ھەممە نېمەڭ تۆگەيدۇ ، زىرائەتلىرىڭ ، باغۋارانلىرىڭ قۇرۇيدۇ ، ئېتىز - باغلىرىڭدىن ھېچنېمە چىقمايدۇ ، ئاچ قالىسەن ، لالما ئىتتەك خارۇ زار بولىسەن . جان تاتلىق ، ئۆلۈشنىڭ ئورنى يوق ، مىراب بېگىمنىڭ ئالدىغا باش ئېگىپ بارماقتىن باشقا يولۇڭمۇ يوق . سەندە يەنە نېمە ئامال ؟ مىراب بېگىمنىڭ ، غالچا-دورغىلارنىڭ ئىنساپىنى تىلەشتىن باشقا ئامالىڭ بارمۇ ؟ ئەمما مۇنۇ قورۇدىن ئىنساپ

دېگەن ئۈچۈن كەتكەن، يىراقلارغا قېچىپ كەتكەن، ئۇ يەردە ئىنساپ يوق. مال-دۇنياغا، پۇل-ئالتۇنغا، ھوقۇق-ئىمتىيازغا دۈم چۈشكەن ئادەملەردە ئىنساپ بولمايدۇ. ئىنساپنى نەگىدۇر قوغلىۋەتكەن مۇشۇ قورۇ ئىگىسىنىڭ پىكىر - خىيالى قولۇڭدىكى ئاخىرقى بىر بۇردا نانىڭنىمۇ تارتىۋېلىش، خوتۇن-قىزلىرىڭنى ئىگىلىۋېلىش، ھەممە نېمەڭگە خوجايىن بولۇش، ھەتتا پىكىر-خىياللىرىڭغىمۇ، ئىرادە-نىيەتلىرىڭگىمۇ خوجايىن بولۇش.

شۇنداق. كېيىنكى سەككىز-ئون يىلدا مۇشۇ قوش قاناتلىق ھەشەمەتلىك قورۇ «توپا» يېزىسىنىڭ تەقدىرىنى، «توپا» لىقلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ كەلدى. مانا ئەمدى زومىگەرلەرنى يوقىتىمىز، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىمىز، دەپ كەلگەن خىزمەت ئەترىتىمۇ ئاشۇ قورۇغا جايلاشتى. قارىغاندا ئۇلارمۇ مۇشۇ ھەشەمەتلىك قورۇ ئارقىلىق «توپا» نىڭ، «توپا» لىقلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتمەكچىدەك، «توپا» يېزىسىغا «توپا» لىقلارغا تەسىر كۆرسەتمەكچىدەك قىلاتتى.

يېڭى كەلگەن خىزمەت ئەترىتى روزى بەگ، تۆمۈر بەگلەردىنمۇ بەكرەك پىلانچىدەك قىلاتتى. راست، ئۇلاردا ئېنىق پىلان بار ئىدى. ئىجارە ھەققىنى، ئۆسۈمنى كېمەيتىش ئۈچۈن ئىجارىگە بەرگۈچىنى، قەرز بەرگۈچىنى ئېنىقلاش، ئۇلارنىڭ ئىجارىگە بەرگەن يېرىنى، ئۆسۈم ئۈچۈن بەرگەن قەرزىنى ئېنىقلاش كېرەك ئىدى. ئىجارىگە يەر-زېمىن بېرەلەيدىغىنى، قەرز بېرەلەيدىغىنى يەنىلا بەگ-غوجاملار ئىدى. ئىش مۇقەررەر ھالدا ئاشۇلارغا بېرىپ تاقىشاتتى. ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى، يەر-زېمىنىنى ئېنىقلاش بولسا ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. ئېنىقلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈش كېرەك ئىدى. ھەيۋىسىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈش ئۈچۈن

ئۇلارنىڭ زومىگەرلىكلىرى ئۇستىدىن ، خەلققە سالغان زۇلۇملىرى ئۇستىدىن ماتېرىيال توپلاش ، ئاشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا كۈرەشكە تارتىپ ، ھېساب ئېلىپ ، ۋەتۇەرىكىنى چىقىرىۋېتىش كېرەك ئىدى . ئەمما نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى ئاشۇلارنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ئېزىلىپ كەلگەن نامراتلاردا ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا ، ئۇلارنى پاش قىلىشقا قانچىلىك جۈرئەت بولسۇن . ئاشۇ «سەئىدىيە سۇلتانلىقى» ۋاقتىدا كېلىپ قالغان دانىيال غوجىنىڭ «توپا-كۆكمەتتە يەتتە ھارامزادە كەم بولمىغاي» دېگىنىدەك «توپا» دا جۈرئەتلىك ئادەملەر كەم بولمىسىمۇ ، لېكىن كۆپچىلىك خەلق يەنىلا ياۋاش ئىدى ، بەگ-دورغىلاردىن ، باي-پومېشچىكلاردىن قورقاتتى ، كۆنلەر ئۆتۈپ يەنە شۇلارنىڭ قولىغا قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى ، ئىش ھەر قانچە بولسا شىڭ دۆبەن ۋاقتىدىكىچىلىك بولار دەپ ئويلىشاتتى . ئاشۇ چاغدىمۇ بايلارنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ ، ئۆزلىرىنى تىرىك كۆمۈشكەنىدى . ئامما يەر-زېمىن يەنىلا ئاشۇ تىرىك كۆمۈلگەنلەرنىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭ قولىدا قالدى . ئۇلار ئاشۇ يەر-زېمىنغا تايىنىپ يەنە ئاستا-ئاستا نامراتلارنىڭ شىلىلىسىگە مىندى . ئاشۇ چاغدا تاشتۆمۈر بەگ ، توختاخۇن ھاكىم ، ئابدۇقادىر ۋالىي ھەزرىتىم ، ئوبۇلتارى ھاجىم ، زاكىرجان ئاۋغان ، تاشتۆمۈر پاششاپ قاتارلىقلار تىرىك كۆمۈلگەن ئەمەسمىدى ! ؟ ئاشۇ چاغدا يەنە چىرىيدىن رۇستەم تايلاق ، «پوناق» تىن مىرەخمەت مەخسۇم ، «توپا» دىن روزى بەگ بىلەن تۆمۈر بەگ ، «چاقار» دىن سايىت ھاجى ، خوجەخمەت بەگ ، «ئىماملا» دىن تاھىر شەيخ ، «دامىكۇ» دىن مۇسا بەگ قاتارلىقلار تۇرمىگە سولانغان ئەمەسمىدى ؟ ! كېيىن يەنە شىلىلىگە مىندى . ئالتۇن-كۈمۈش تۆلەپ تۇرمىدىن چىقىۋالغاندىن كېيىن شىڭ شىسەيگە

تۆلىگەنلىرىنى خەلقتىن تىرىلدۈرۈۋالمىدىمۇ؟! روزى بەگ بىلەن تۆمۈر بەگ تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ ئەسكىلىشىپ كەتمىدىمۇ؟!... خەلق مانا شۇنداق ئويلىشاتتى. شىڭ شىسەي كەتتى، گومىنداڭ كەلدى، گومىنداڭ كەتتى، گوڭچەنداڭ كەلدى. يەنە ئالتە-يەتتە يىلدىن كېيىن گوڭچەنداڭمۇ كېتىپ قالسا، يەنە تۆمۈر بەگ بىلەن روزى بەگنىڭ قولىغا قالامدۇق؟! ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قولىغا قالامدۇق؟! دەپ ئويلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئويىچە ئۇن قېتىم پادىشاھ ئالماشسىمۇ، خەلق ئۇچۇن يەنىلا ھېچنېمە ئۆزگەرمەيتتى. ھاشارغا ئىشلەيدىغىنى، غەللە-پاراق تۆلەيدىغىنى، زۇلۇمغا ئۇچرايدىغىنى يەنىلا خەلق بولاتتى...

مۇشۇنداق ئويلايدىغان، بۇرنىغا قايتا-قايتا سۇ كىرگەن خەلقنى بەگ-دورغىلار، پومېشچىكلار ئۈستىدە پاش قىلىشقا كۆندۈرمەك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ «توپا» دا روزى بەگ قارشىلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسمايىل قاپاق كىشىلەرگە تەرەپ-تەرەپتە تەھدىت سېلىپ يۈرەتتى. تۇلكىدەك ھىيلىگەر تۆمۈر بەگ بولسا، ئاللىقاچان يەر-زېمىنلىرىنى ئورتاقچىلىرىغا، مالايلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، پىكىر بېرىدىغانلارنىڭ ئاغزىنى ياغلاشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ۋەھالەنكى، ھېچكىم تارىخ ئېقىمىنى توسۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى. تارىخ ئېقىمى دېگەن شۇنداق بىر مۇقەررەرلىك ئىدىكى، ئۇ بارلىق توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ ئۆز مەنزىلىگە قاراپ كېتىۋېرەتتى. ئىتلارنىڭ قاۋىشىمۇ، جاھىللارنىڭ قارشىلىقىمۇ، قورقۇنچاقلارنىڭ ئەنسىزلىكىمۇ، ئاجىزلارنىڭ ئىككىلىنىشىمۇ ئۇنى توسۇپ قالالمايتتى، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. تارىخ ئېقىمى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى زامانىنىڭ بىرەر تەشكىلاتى، بىرەر

داھىيسى ، بىرەر باشلامچىسى ، بىرەر قەھرىمانى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىراتتى . ئەنە شۇنداق باشلامچى «توپا» غا يېتىپ كەلگەندى . ئۇ مانا شۇ خىزمەت ئەترىتى ئىدى .

خىزمەت ئەترىتى ئىشلارنى ئاستا-ئاستا ، پۇختا قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىتىپ باراتتى . خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلىسەڭ ، خەلقنى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەھكەملىكىگە ئىشەندۈرەلىسەڭ ، ئۇلارنى ئەتراپىڭغا ئۇيۇشتۇرالىساڭ ، ئۇلار ساڭا ئەگىشەتتى ، روزى بەگنى ، تۆمۈر بەگنى پاش قىلىدىغانلار ، ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدىغانلار ھامان چىقىپ قالاتتى . شۇنداق بولدى . خىزمەت ئەترىتىدە 3-رايوندا قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبە بار ئىدى . ئۇلار شۇ تەجرىبىسىگە تايىنىپ ئۆز پىلانلىرىنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇردى . ئاخىرى روزى بەگ ، تۆمۈر بەگلەرنى ۋە باشقا پومېشچىكلارنى كۈرەش سەھنىسىگە سۆرەپ چىقتى . مۇشۇ «كۈرەش قىلىش» دېگىنىمۇ يېڭى ئىش ئىدى . يېڭى ھۆكۈمەت پومېشچىكلارنى ما خۇسەندەك بولاپ ، شىڭ شىسەيدەك تىرىك كۆمۈپ ئەمەس ، بەلكى «كۈرەش قىلىش» يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ئاتاتتى . ما خۇسەن بىلەن شىڭ شىسەي بۇلاپ-تالىغانلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىشقا ئالاتتى . ئەمما ، يېڭى ھۆكۈمەت بولسا ، بايلارنىڭكىنى ئېلىپ كەمبەغەل نامراتلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشقا ئاتاتتى . «كۈرەش قىلىش» دېگىنىمىز سەھنە ياساپ پومېشچىك-زومىگەرلەرنى سەھنىگە يالاپ ئاچىقىپ ، نەچچە مىڭ كىشىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى بىر-بىرلەپ يۈزىگە سېلىپ ، ھېساب ئېلىش ئىدى . تۆۋەندە سەھنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئامما «پومېشچىك-زومىگەرلەرنى يوقىتايلى !» ، «پومېشچىك-زومىگەرلەردىن ئۇزۇل-كېسىل ھېساب ئالايلى !» ، «كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى !» ، «ئىشچى-

دېھقانلارنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىنى قۇرايلى !» دېگەندەك شوئارلارنى تـوۋلاپ ، ھـېـسـاب ئـالـغـۇچـىـغـا مـەدەت بـېـرەتـتـى ، پـومـېـشـچـىـك-زومىگەرلەرنىڭ ھەيۋىسىنى چۈشۈرەتتى . شوئار سادالىرى ئالەمنى تىترىتەتتى ، پومېشچىك-زومىگەرلەرنى ياۋاش بولۇشقا مەجبۇر قىلاتتى .

مانا شۇ يول بىلەن بىر قېتىم ، ئىككى قېتىم ، ئۈچ قېتىم ··· كۈرەش قـىـلـىـش ئـارقـىـلـىـق پومېشچىك-زومىگەرلەر ئاغدۇرۇلاتتى . قـان-قـەرزگـە بـوغـۇلـغانلىرى ، زورلۇق-زۇمبۇلۇقتا ھەددىدىن ئاشقانلىرى ئېتىپ تاشلىناتتى ياكى قاماققا ئېلىناتتى . ئادەتتىكى پـومـېـشـچـىك-باي دېھقانلارمۇ مەنىۋى جەھەتتىن يوق قىلىناتتى . كـۈرەش قـىـلـىـش ئـارقـىـلىق ئىناۋەت - ئابرۇيى قالمايتتى ، كەنتداشلار ، مەھەللىداشلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلەتتى ، ئـىـجـتـىـمـائىيلاشقان تۇرمۇشتا ئامىمدىن ، جامائەتتىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم يوقىتىلغانغا باراۋەر ئىدى . كىشىلەرنىڭ ئىناۋەت-ئـابـرۇي ، شـان-شـەرەپ ۋە نـومـۇس-ئـارغـا بـولـغـان قارىشى ئـۆزگـىرىۋاتاتتى . ئىلگىرى باي-زەردار بولۇش ، باي-زەردارلارغا ئـۇرۇق-تـۇغـقـان يـاكـى دوست-بۇرادەر بولۇش ئىناۋەت-ئابرۇي ھېسابلىناتتى . تۆمۈر بەگ ، روزى بەگلەرگە ئازراق ئۇرۇق-تۇغقان كـېـلـىدىغانلارمۇ بېشىنى ئارغىماقتەك تىك تۇتۇپ ، كۆكرىكىنى ئەنجان خورىزىدەك كېرىپ ، غادىيىپ يۈرۈشەتتى ، ھەدېسە تۆمۈر بەگدىن ، روزى بەگدىن گەپ ئېچىشاتتى . مانا ئەمدى تۆمۈر بەگ ، روزى بەگلەردەك باي-زەردار بولۇش ، ئۇلارغا ئۇرۇق --تۇغقان ، ئەل-ئاغىنە بولۇش نومۇس قىلىدىغان ئىشقا ئايلانغانىدى . ئۇنىڭ ئـۈسـتـىـگـە كـۈرەش قـىـلـىـش جەريانىدا ئائىلە ۋە ئەخلاقىي سـەتـچـىـلـىكلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقاتتى . شۇنداق ئىكەن ، شۇنچە سـەتـچـىـلـىكلەرنى قىلغان بايلارنىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلمەي قالاتتىمۇ ؟ !

ئۇنداق سەتچىلىكلەرنى قىلغان باي-زەردارلارنى قايسى جامائەت ئارىغا ئالسۇن؟! ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ يوق قىلىنغانىدى. «توپا» يېزىسىدا ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق كۈرەش قىلىش چوڭ يىغىنىدا تۆمۈر بەگ، روزى بەگ، ئىسمايىل قاپاق، ھېيۋىخان ھاجى قاتارلىق پومېشچىك-زومىگەرلەر سەھنىگە يالاپ چىقىلدى. كۈرەش قىلىش يىغىنىغا بەش يۈز تۆتۈنلۈك «توپا» لىقنىڭ بىرىمۇ قالماي كېلىشكەنىدى. قېرى-ياش، چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال كۈرەش سەھنىسى ئالدىدىكى كۆك توپىدا سانجاق-سانجاق بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. كۈرەش يىغىنى ياڭراق شوئار سادالىرى ئىچىدە باشلاندى. خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى مەتقۇربان تۇرسۇن پومېشچىك-زومىگەرلەرنى كۈرەش قىلىپ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلۈكى ھەققىدە سۆزلىدى، تۆمۈر بەگ، روزى بەگلەرنىڭ ئاممىنى قاقتى-سوقتى قىلغان جىنايەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاممىنى ئۇلارنى پاش قىلىشقا، كۈرەش قىلىشقا، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. «ياشىسۇن كومپارتىيە!»، «كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ يېڭى ھاكىمىيەت قۇرايلى!»، «پومېشچىك-زومىگەرلەرنى يوقىتايلى!»، «پومېشچىك-زومىگەرلەردىن ئۇزۇل-كېسىل ھېساب ئالايلى!»، «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتەيلى!» دېگەن شوئارلار ياڭراپ، مەتقۇربان تۇرسۇننىڭ سۆزىنى پات-پات ئۈزۈپ تۇردى. لېكىن ئاشۇ باشلاپ شوئار توۋلىغۇچى شوئارلارنىڭ مەزمۇنىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەندەك، قايسى شوئارنى قانداق چاغدا توۋلاش لازىملىقىنى ئايرىۋالالمىغاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ كۈرەش قىلىش يىغىنى بارغانسېرى قىزغىن تۈس ئالدى. كىمدۇر بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ نىياز قاپاق دېگەن ئادەمنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى پاش قىلدى. ئاشۇ نىياز قاپاق دېگەن ئادەم ئەسلىي مۇشۇ روزى بەگكە

يىراقراق — ئېرىقنىڭ نېمچىلىك تۇغقان كېلەتتى، ئازراق يەر-زېمىنغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. قانداق بولغان، ئۇنىڭ ئاشۇ ئالىقانچىلىك زېمىنغا مۇنۇ روزى بەگنىڭ كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بوپتۇ. نىياز قاپاقنىڭ ئاتىسىدىن قالغان بۇ «ئالتۇن قوزۇق» نى ساتقۇسى يوق ئىكەن، ئوڭاي ئەيۋەشكە كەلمەپتۇ. ئاخىرى قارا يۈرەك روزى بەگ ئۆزىنىڭ مىرابلىق ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۇنىڭ يېرىگە سۇ بەرمەپتۇ، زىرائەتلىرىنى قۇرۇتۇۋېتىپتۇ. نىياز قاپاق ۋە ئۇنىڭ بالا-چاقىسى ئاشلىقسىز جان ساقلىيالىسۇنمۇ. روزى بەگكە يېلىنماي، ئۇنىڭدىن ئاشلىق قەرز ئالماي ئامال بولماپتۇ. شۇنداق قىلىپ نىياز قاپاقنىڭ زېمىنى ئاستا-ئاستا روزى بەگنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپتۇ. يەرسىز قالغان دېھقان قانداق جان باقسۇن. ئورتاقچىلىق قىلاي دېسە، يەنە روزى بەگنىڭ سۇ بەرمەسلىكىدىن قورقۇپتۇ. ئاخىرى روزى بەگنىڭ ئائىلىسىگە مالايلىققا كىرىپ ئات باققۇچى بوپتۇ. ئاشۇ يوغان دەرۋازىلىق ھەشەمەتلىك ھويلىدا ئات بېقىپ يۈرۈپ، روزى بەگنىڭ بىرەر مەخپىيەتلىكىنى بىلىپ قالغانمۇ ياكى باشقا ئىشمۇ، روزى بەگ ئۇنى يوق قىلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ نىياز قاپاقنى قاتتىق ئۇردۇرۇپ، ئومۇرتقىسىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. يۈلۈنى ئۈزۈلگەن نىياز قاپاق ئۇزۇن ۋاقىت جان تالىشىپ يېتىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، بالا-چاقىلىرى سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىپتۇ ... بۇ، مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان «توپا» لىقلارنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان ئىش ئىدى. ئەمدى مانا كۆرەش سەھنىسىدە قايتا پاش قىلىنىۋىدى، «توپا» لىقلار دەرغەزەپكە كەلدى. بولۇپمۇ بۇنداق ئېچىنىشلىق ۋەقەنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ياشلار تېخىمۇ غەزەپلەندى. قوناخۇن خەلپەمنىڭ نەۋرىسى كىچىك ئىسمايىل بۇ ۋەقەنى بۇرۇن

ئاڭلىمىغان، بۇ، ئۇ خېلىلا كىچىك چاغلاردا يۈز بەرگەن ئىش ئىدى. ئەمدى ئاڭلاپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى. ئۇنىڭچە، بۇنداق ئېغىر خۇن قەرزگە بوغۇلغان ياۋۇز زومىگەردىن ھېساب ئالماي بولمايتتى، خۇن قەرزگە بوغۇلغانلار چوقۇم ھېساب بېرىشى كېرەك ئىدى. بۇ جەھەتتە ھۆكۈمەت قانۇنى «قۇرئان كەرىم» دىكى خۇن قەرزى تۆلەش توغرىسىدىكى ئايەتلەر بىلەن بىردەك ئىدى. بۇنىڭدىن بەش-ئالتە يىل ئىلگىرى مەتكېرىم ئەپەندىدىن ئاڭلىغان ئادالەت، ھەققانىيەت توغرىسىدىكى تەربىيىلەر بىلەنمۇ بىردەك ئىدى. شۇنداق ئىكەن، خۇن قەرزگە بوغۇلغان زومىگەرگە رەھىم قىلىشقا بولمايتتى. كىچىك ئىسمايىل مانا شۇنداق ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ ھەممىدىن بەكرەك دەرغەزەپكە كەلگەنىدى.

ئەمما روزى بەگنىڭ جىنايەتلىرى پاش قىلىنىۋاتقاندا توۋلانغان شوئارلار ماس كەلمەيۋاتاتتى. باشلاپ شوئار توۋلاشقا بەلگىلەنگەن ئادەم نېمىشقىدۇر «يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەيلى!»، «ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئالايلى!»، «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتەيلى!» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاۋاتاتتى. بۇنداق شوئارلارنىمۇ توۋلاش كېرەك ئىدى، لېكىن دەل ھازىر ئەمەس، ئۆز ئورنىدا توۋلاش كېرەك ئىدى. كىچىك ئىسمايىل چىداپ تۇرالمىدى. ئاخىرى بازغاندەك چىڭ مۇشتۇمىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزى شوئار باشلىدى:

—زومىگەر روزى بەگدىن ئۇزۇل-كېسىل ھېساب ئالايلى!

—زومىگەر روزى بەگنى سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۆرەپ كېلەيلى!

—زومىگەر روزى بەگدىن خۇن قەرزىنى تۆلىتەيلى!

ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن ئىسمايىلنىڭ ئاۋازى كۈرەش مەيدانىنى چاڭ كەلتۈرەيتتى. ئاممىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى

ئۇنىڭغا جور بولاتتى . كۇرەش قىزىپ كەتتى . ئاممىنىڭ غەزىپى گويا ئوت ئۇستىگە ياغ چاچقاندەك لاۋۇلدىدى . كىملەردۇر سەھنىگە بېسىپ چىقىپ ، سەھنىنىڭ يان تەرىپىگە تۇرغۇزۇپ قويۇلغان روزى بەگنى دوڭغايتقىنىچە سەھنىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كەلدى ، سوئال-سوراق ، ھېساب-كىتاب باشلاندى .

— نىياز ئاخۇن بىچارىنىڭ يېرىگە سۇ بەرمىگىنىڭ راستمۇ ؟

— نىياز ئاخۇنىنىڭ يېرىنى تارتىۋالغىنىڭ راستمۇ ؟

— نىياز ئاخۇننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگىنىڭ راستمۇ ؟ ئېيتە ...

چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن روزى بەگنىڭ بەگلىك سالاپىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ، پۇت-قوللىرى بەزگەك بولۇپ قالغاندەك لاغىلداپ تىترەيتتى . ئۇ كۇرەش قىلىپ ھېساب ئېلىۋاتقانلارنىڭ سوئالىغا بەزىدە «ھەئە» ، بەزىدە «ياق» دەپ جاۋاب بېرەتتى . ئۇ ياۋاش بولماي «ياق» دەپ تۇرۇۋالغان چاغدا يەنە ئىسمايىلنىڭ ياڭراق ئاۋازى جاراڭلاپ كېتەتتى .

— زومىگەر روزى بەگدىن ئۇزۇل-كېسىل ھېساب ئالايلى !

— زومىگەر روزى بەگدىن نىياز ئاخۇننىڭ خۇن قەرزىنى تۆلىتىۋالايلى !

ئاما گۇرۇلدىگەن ئاۋاز بىلەن جور بولاتتى . ئاممىنىڭ ھەققانىي قىستاشلىرى ، گۇۋاھچىلارنىڭ پولاتتەك پاكىتلىرى ئالدىدا روزى بەگكە ئىقرار قىلىشتىن باشقا يول قالمىغاندى . ئۇ ئاخىرى ئىقرار قىلدى . ئارقىدىنلا تۇردى پەلەك سەھنىگە چىقىپ بىچارە ئانىسىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ ، يەنە روزى بەگنى ، روزى بەگنىڭ ئىنىسى ئىسمايىل قاپاقنى پاش قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرى ، يەنە بىرى ، يەنە بىرى پاش قىلدى . تۆمۈر بەگنىڭ ، روزى بەگنىڭ ، ئىسمايىل قاپاقنىڭ جىنايەتلىرى «خان يايلاق» تىكى ياتىاقنىڭ تىكىنىدەك جىق ئىدى .

بىر قېتىملىق كۆرەش يىغىنىدىلا ئۇلاردىن ھېساب ئېلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ھەر بىر يېڭى پاش قىلغۇچى يېڭى بىر مەسىلىنى پاش قىلغاندا ، كىچىك ئىسمايىل توختىماي شوئار تولاپ ئامىمىنىڭ قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ تۇراتتى . ھېلىقى خىزمەت گۇرۇپپىسى بەلگىلىگەن شوئار باشلىغۇچى نەلەردىدۇر چۇشۇپ قالغان ، ھەقىقىي شوئار باشلىغۇچى ئاللىقاچان بىزنىڭ كىچىك ئىسمايىل بولۇپ قالغانىدى .

شۇ كۇنلۇك كۆرەش يىغىنى ئاخىرلاشقاندا ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى مەتقۇربان تۇرسۇن بىزنىڭ كىچىك ئىسمايىلنى يېنىغا چاقىرتىۋالدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مەمنۇنلۇق يېغىپ تۇراتتى ، ئاللىقاچان ئىسمايىلنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ بولغاندەك قىلاتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئارىسىدا قىسقىغىنە پاراڭ بولۇپ ئۆتتى .

— ئىسمىڭ نېمە ، شاكىچىك ؟

— ئىسمايىل ئەھمەد .

— قۇناخۇن خەلپەمنىڭ نەۋرىسى دېگىن .

— ھەئە .

— بۇ يىل نەچچىگە كىردىڭ ؟

— پات ئارىدا ئون ئالتىدىن ئېشىپ ئون يەتتىگە كىرىمەن .

— مەكتەپنى تۈگەتتىڭمۇ ؟

— تۈگەتتىم ، ئەمما يەنىلا مەكتەپكە بېرىپ تۇرىمەن .

— خەت يازغىنا ، بىر كۆرۈپ باقاي .

— قەلىمىم يوق .

— مانا قەلەم .

ئىسمايىل مەتقۇربان تۇرسۇننىڭ قولىدىن قارا رەڭلىك گاڭبىي قەلەمنى ئالدى ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى . ئاھ ، ئۇنىڭ

مۇشۇنداق بىر قەلەمگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگىنىگە نەۋاخ . ئاھ ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر قەلىمى بولسىچۇ ، مەيدە يانچۇقىغا قىستىپ يۈرىدىغان ، خالىغان چاغدا ئېلىپلا خەت يازغىلى بولىدىغان قەلىمى بولسىچۇ ...

ئىسمايىل مەتقۇربان تۇرسۇن ئۇزاتقان دەپتەرنىڭ ۋارىقىغا «پومىشچىك-زومىگەرلەرنى يوقىتايلى» دېگەن سۆزلەرنى دانىمۇ دانە قىلىپ يازدى . ئۇنىڭ گاڭبى قەلەمدە تۇنجى قېتىم خەت يېزىشى بولسىمۇ ، پوچېركىسى يەنىلا چىرايلىق ، رەتلىك چىقتى . مەتقۇربان تۇرسۇن ئۇنىڭ پوچېركىسىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى .

— سېنى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرلىقىغا قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدۇق ، بۇگۈندىن باشلاپ بىز بىللە ئىشلەيسەن ، پومېشچىك-زومىگەرلەرنى بىللە يوقىتىمىز ، پىكرىڭ بارمۇ ؟

ئىسمايىل خېلى ئۇزۇنغىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى ، ئاخىرىدا بېشىنى رازىمەنلىك بىلەن لىڭشىتتى ، ئۇ ئاشۇ كۈندىن باشلاپ خىزمەت قوشۇنى سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى .

## 4 . ئۈچىنچى قېتىم سەپتىن چىقىرىۋېتىلىش

شۇنداق قىلىپ ، قۇناخۇن خەلپەمنىڭ كىچىككىنە نەۋرىسى «ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتى» نىڭ كادىرى بولۇپ قالدى . خىزمەتتە ، يىغىندا ، تاماقتا ، يېتىپ-قوپۇشتا كادىرلار بىلەن ئوخشاش ئىدى . ئەمما ئۇنىڭغا ئاشۇ كادىرلارغا بېرىلىدىغان سەككىز كوي تۇرمۇش پۇلى بېرىلمەيتتى ، ناھىيىدىمۇ تىزىمى يوق ئىدى .

ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئىش بار ئىدى . بۇ تەجرىبە ئۇزاق يىللار

داۋاملاشقان پارتىزانلىق ئۇرۇش يىللىرىدىن قالغانمۇ ياكى رۇيجىن ، يەنئەن دەۋرلىرىدىكى ئىجارە كېمەيتىش ، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكەتلىرىدىن قالغانمۇ ، ئىشقىلىپ ، كومپارتىيىنىڭ تارىخىدا ، خىزمەت ئەترەتلىرى بىرەر يەرگە بېرىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرسا ، شۇ جايدىن ئاكتىپلارنى تاللاپ ئۆز سېپىگە قوشۇۋالىدىغان ئادەت بار ئىدى . كېيىنمۇ بۇ تەجرىبە كۆپ ئەسقاتتى . «يەر ئىسلاھاتى» ، «كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش» ، «كوممۇنالاشتۇرۇش» ، «سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە» قاتارلىق ھەرىكەتلەردىمۇ خىزمەت ئەترەتلىرى بۇ تەجرىبىدىن پايدىلاندى . قوشۇۋېلىنغانلارنىڭ رولى كۆپ ھاللاردا ياخشى بولاتتى . چۈنكى ئۇلار ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى پىششىق بىلەتتى ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا رولىنى جارى قىلدۇرالايتتى . قوشۇۋېلىنغانلارمۇ ئوخشاشلا كادىر دەپ ئاتىلاتتى . بەزىسى خىزمەت ئەترىتى يۆتكەلگەندە ، تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئەسلىدىكى ئىشى بىلەن مەشغۇل بولاتتى . بەزىسى شۇ قوشۇۋېلىنغانچە ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتىرى» گە كىرىپ ، ئۆمۈرلۈك كادىرغا ئايلىناتتى . قۇناخۇن خەلپەمنىڭ نەۋرىسى مانا مۇشۇنداق قوشۇۋېلىنغان كادىرغا ئايلاندى . ئۇمۇ يوتقان-كۆرپىسىنى ، قاچىسىنى كۆتۈرۈپ ، روزى بەگنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىغا كۆچۈپ كىردى ۋە ئاشۇ يەرنى شتاب قىلغان خىزمەت ئەترىتىگە قوشۇلدى . خىزمەت ئەترىتىنىڭ كادىرلىرى ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئىش ئېلىپ باراتتى . ئەتىگەندە تىزىلىپ تۇرۇپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالاتتى ، كەچتە يەنە تىزىلىپ تۇرۇپ بىر كۈنلۈك خىزمەتنى دوكلات قىلاتتى . بەزىدە قىزىق ھور چىقىپ تۇرغان تاماقنى ئۆرە تۇرۇپلا يېيىشكە ، بەزىدە تۈن نىسپىدە يىغىلىپ يىغىن ئېچىشقا توغرا كېلەتتى . ئوپچا تاماق ، ئوپچا

ھەرىكەت ۋاقىتقا قاتتىق رىئايە قىلىشنى شەرت قىلاتتى . بالا كادىرىمىز ئىسمايىل بۇ خىل كوللېكتىپ تۇرمۇشقىمۇ پاتلا كۆنۈپ قالدى . ئۇنىڭغا كاتىپلىق ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىندى . ئۇ خەتنى تېز يازىدىغان بولغاچقا ، مەتقۇربان تۇرسۇن بىرەركىم بىلەن سۆھبەتلەشسە ئۇ خاتىرە يازاتتى . ئىبراھىم روزى پومىشچىك-زومىگەرلەرنى سوراق قىلسا ، يەنە ئۇ سوراق خاتىرىسى قالدۇراتتى . يەنە تېخى ئادەم چاقىرىشمۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى . ئايىغى «شاتۇر » لاردەك يېڭىك ۋە «توپا »نىڭ ھەممە يېرىنى ئوبدان بىلىدىغان بولغاچقا ، سۆھبەتلىشىدىغان ، سوراق قىلىنىدىغان ئادەملەرنى بىردەمدىلا تېپىپ كېلەلەيتتى . ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش شۇ ئىدىكى ، ئۇ خاتىرە يازغاندا يەنىلا باشقىلارنىڭ قەلىمىنى ئىشلىتىپ يۈرەتتى . ئۆزىنىڭ قەلىمى بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى ، لېكىن تېخىچە ئاشۇنداق سىياھ ئىچۈرگىلى بولىدىغان ، خەت يازغاندا سىياھ ئاستا-ئاستا تۆكۈلۈپ چۈشىدىغان قەلەمگە ئېرىشەلمەي يۈرەتتى .

خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۈچۈن «توپا» يېزىسىدا قىلىدىغان ئىش بەك جىق ئىدى . بەش يۈز تۈتۈنلۈك ئاھالە ، ئالتە يۈز قىرىق كەتمەنلىك زېمىنغا ئىگە مۇشۇ يېزىدا نېمىشقىدۇر دائىم تېرىلغۇ يەر بىرقانچىلا ئادەمنىڭ قولىغا يىغىلىپ قالاتتى . باشقا ئاھالىلەرنىڭ تېرىلغۇ يېرى بەك ئاز ئىدى . ئۇلار كۆپىنچە ئەنە شۇ بىرقانچە ئائىلىلەرگە ئورتاقچىلىق قىلاتتى . تېرىش ، باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا قاراپ بەزىلەر ئوتتۇز-قىرىق مو ، بەزىلەر ئون-يىگىرمە مو يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى . ئىجارە ھەققىنى ئاشۇ پومېشچىكلار ئۆزى خالىغانچە بەلگىلەيتتى . ئىجارە ھەققى 7 :3 نىسبەت ، 4 :6 نىسبەت ، ھەتتا بەزىدە 5 :5 نىسبەت بويىچە بولاتتى . پومېشچىكلار ھىيلە ئىشلىتىپ غەللە-پاراق ،

ئۆشرە-زاكاتىنى ئورتاقچىلارغا ئارتىپ قوياتتى. ئورتاقچىلار بارغانسېرى نامراتلىشىپ، پومېشچىكلار بارغانسېرى بېيىپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاشۇلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىماي بولمايتتى. باشقىلارنىڭ ئىجارە نىسبىتى تۆۋەنرەك يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېراي دېسە، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايتتى. سۇ ئاشۇ بىرقانچە زومىگەرنىڭ قولىدا ئىدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ئۈچۈن، ئاشۇلارنى بىر-بىرلەپ ئېنىقلىماي بولمايتتى. يەنە بىر ئەھۋال شۇ ئىدىكى، بۈگۈن ئاچقان يەرنى ئەتىسى قۇم بېسىپ كېتىدىغان ئەھۋال بار ئىدى. يەنە بىر يىل ئۆتۈپ ئۇ يەرلەر تۈپتۈز تېرىلغۇ يەرگە ئايلىنىپ قالاتتى. شۇڭا زادى كىمنىڭ قانچىلىك يېرى بارلىقىنىمۇ بىر-بىرلەپ ئېنىقلىمىسا بىلگىلى بولمايتتى. تۆمۈربەگ تېخى يەرلىرىنى ئورتاقچىلىرىغا، مالايلىرىغا بۆلۈپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ قانچىلىك يېرى بارلىقىنى يوشۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا خىزمەت ئەترىتى ھەممە يەرلەرنى بىر-بىرلەپ «گۇڭ» سېلىپ ئۆلچەپ چىقتى، يەرلەرنىڭ چېگرىلىرىنى ئېنىق بېكىتتى. باشقىلار «گۇڭ» سالاتتى. كىچىك ئىسمايىل «گۇڭ» نى «مو»غا ئايلاندۇرۇپ خاتىرىلەيتتى. ئۇنىڭ مەكتەپتە تەكشىلىكنىڭ يۈزىنى تېپىشنى ئۆگەنگەنلىرى ئەمدى راسا ئەسقاتقانىدى. ئۇلار يەنە پومېشچىكلارنىڭ بەش خىل مۈلكىنى ئېنىقلاپ تىزىملىشى، «توپا» يېزىسىدا قانچە پومېشچىك-زومىگەر ۋە ئۇلارنىڭ قانچە ئورتاقچىسى بارلىقىنى ئېنىقلاپ تىزىملىشى كېرەك ئىدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى ھەرقانچە جىددىي ئىشلىگەن بولسىمۇ، ۋاقىت يەنىلا تۈگمەن تېشىدەك غۇرقىراپ ئۆتۈپ تۇراتتى. 1951-يىلى ئاياغلىشىپ، 1952-يىلى كىردى. «ئوغرىق ئۆستەڭ» دىكى مۇزلار ئېرىپ، تېرەكلەر پوتلا تاشلىدى. قۇرت-قوڭغۇزلار ئۆچەكتىن چىقتى. يەر-زېمىن

ئۆيقۇسىدىن ئويغاندى . دېمەك ، باھار كەلدى . ئېتىزغا قىغ-ئوغۇت يۆتكەيدىغان چاغ يېتىپ كەلدى . ئىجارە ھەققى مەسىلىسى ھەل قىلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن يەنە نۇرغۇن نامرات دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىققا ئىشلىتىدىغان ئۇلاغ-ئۆكۈزى ، بوقۇسا-ساپىنى ، ئۇرۇقلۇقى يوق ئىدى . بۇلارنى يەنىلا پومېشچىكلاردىن ئالماي بولمايتتى . تولا پومېشچىكلار مانا مۇشۇنداق چاغدا جازانىخورلۇق قىلاتتى . خىزمەت گۇرۇپپىسى يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ ئاشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى . ئۇلار «توپا» دىن قايتقان چاغدا 2-ئاي ئاخىرلىشىپ ، 3-ئاي كىرىپ قالغانىدى . ئۇلار قايتىدىغان چاغدا بەزى «قوشۇۋېلىنغان كادىر» لارنى «توپا» دا قالدۇرۇپ قويغان بولسىمۇ ، لېكىن بىزنىڭ ئىسمايىلنى بىللە ئەكەتتى . ئىسمايىل خېتىنىڭ ئۇزلۇقى ، ئايغىنىڭ چاققانلىقى ، خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقى بىلەن خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرگە ياراپ كەتكەنىدى . ئۇ چاغلاردا كادىرلار كەمچىل ئىدى . قوشۇننى زورايتىش ئۈچۈن ، ئۆزى ساۋاتسىز ، چالا ساۋات بولسىمۇ ، سىنىپى ئۆچمەنلىكى ، كونا جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسى كۈچلۈك ، كۆرەش سەھنىلىرىدە ئاكتىپ رول ئوينىۋاتقان بىر قىسىم دېھقان ئاكتىپلار كادىرلىققا قوبۇل قىلىناتتى . شۇڭا ئىسمايىلدەك تېز ، چىرايلىق خەت يازالايدىغان ، دوكلات ، خۇلاسە تەييارلىيالايدىغان تولۇق ساۋاتلىق ئادەم بەكمۇ كەم تېپىلاتتى . ئىسمايىلنىڭ خىزمەت ئەترىتىگە ياراپ كېتىشىدە بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ ئارتۇقچىلىقى چەك باسقانىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە گۇرۇپپا باشلىقى مەتقۇربان تۇرسۇنغا ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ خۇش پېئىللىقىمۇ يارىغانىدى . ئۇ : «مەن بىر سوختا ئۆسكەن مايسىنى ، راسا پاقلان بولغان موزاينى بايقىدىم ، ئۇنىڭدىن ياخشى ھوسۇل چىقىدۇ ، چوقۇم ياراملىق ئۆكۈز بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى . دېمىسىمۇ ئىسمايىلنىڭ شەرتكە

چۈشمەسلىكتە چۈشمەسگۈدەك يېرى يوق ئىدى . سىياسىي جەھەتتىن ئالسا ، ئائىلىسى كەمبەغەل دېھقان ھېسابلىناتتى . تېخى ئەھمەد خەلپە ۋە مەرەمخانلار دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ئاكتىپلىرىدىن ئىدى . ئائىلىدە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە خىزمەت قىلغان ئادەم يوق ئىدى . مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتە ئەلۋەتتە شۇ زاماننىڭ ئۆلچىمىگە توشاتتى . خىزمەتتە ئاكتىپ ئىدى . ئەمدى يەنە نېمە كېرەك ؟ شۇنداق قىلىپ «توپا» يېزىسىغا چۈشكەن خىزمەت ئەترىتى ئۇنى بىللە ئەكەتتى ۋە دوكلات يېزىپ ئۇنى «ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتى خىزمەت ئەترىتى» نىڭ رەسمىي كادىرلىقىغا تىزىملىتىپ قويدى .

ناھىيە بويىچە بىرىنچى قارارلىق ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتى ئاياغلاشقان ، ئىككىنچى قارارلىق خىزمەت باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى . بىرىنچى قارارلىق ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان تۆت يۈز نەپەر كادىر بىر يەرگە جەم بولدى . ئۇ چاغلاردا چىرىيە بازىرىدا ، كونا ھۆكۈمەتتىن قالغان يامۇل (ھازىرقى ناھىيىلىك پارتكوم قورۇسىنىڭ ئورنىدا ئىدى) ۋە يىگىرمىدىن ئارتۇق ساراي-دەڭلەر بولسىمۇ ، ئۇلارغا بۇنچە جىق ئادەم سىغمايتتى . مەكتەپلەردە بولسا ، باللار ئوقۇۋاتاتتى . شۇڭا ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتى بۇگۇنكى چىرىيە يېزىسى «تۆۋەن ئوغرىق» كەنتىدىكى مەتقۇربان «توپبېشى» دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە چۈشتى . ئۇنىڭ ئايۋان-سارايلىرى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ تۆت يۈز ئادەم بىمالال سىغىپ كېتەتتى . گەرچە چىرىيە بازىرىغا تۆت-بەش كىلومېتىر يىراق بولسىمۇ ، تۆت يۈز كادىرنى سىغدۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇ يەرگە چۈشمەي بولمايتتى . مۇشۇ يەردە بىرىنچى قارارلىق خىزمەتلەر خۇلاسىلىنىپ ، تەجرىبە-ساۋاقلار يەكۈنلەندى . ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋۇجىمىن ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى كەنجى ئىبراھىملار خۇلاسە سۆزلىرى

سۆزلىدى . كادىرلار مۇزاكىرىلەرگە ئۇيۇشتۇرۇلدى ، ئىككىنچى قارارلىق خىزمەتلەرگە سەپەرۋەر قىلىندى . ئىككىنچى قارارلىق ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتى ناھىيىنىڭ تاغلىق رايونىدا — «چاقار» ، «بادىغان» ، «نۇرى» ، «ئىماملا» (ھازىرقى بوستان يېزىسى) دېگەن جايلاردا ئېلىپ بېرىلماقچىدى . تاغ دېگەندە كەنت - مەھەللىلەر تارقاق ، يوللار قىيىن ، خىزمەت چوقۇم جاپالىق بولاتتى . كادىرلارنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ ، يېتەرلىك ئىدىيىۋى تەييارلىقتا ئىگە قىلىش كېرەك ئىدى . شۇڭا خۇلاسە ۋە سەپەرۋەرلىك بىرەر ھەپتىدەك داۋام قىلدى . كىچىك ئىسمايىلنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى ، بىر ئاڭلىسا يادىدا قالاتتى ، ئۇ مۇشۇ بىر ھەپتىلىك يىغىلىشتا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى . ئەمدى ئۇ رەسمىي كادىر بولۇپ قالغانىدى . شۇ چاغدىكى كادىرلارغا بېرىلىدىغان سەككىز كوي تۇرمۇش پۇلى ئۇنىڭغىمۇ بېرىلدى . «تۇرمۇش پۇلى تارقىتىش جەدۋىلى» دىكى كاتەكچىگە قول بېسىپ ئاشۇ سەككىز كوي پۇلنى تاپشۇرۇۋالغاندا ، ئۇ قولىدىكى پۇلغا ئۇزۇنغىچە سىنچىلاپ قارىدى . بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئۆزى ئىشلەپ تاپقان تۇنجى پۇل ئىدى . پۇلغا قاراپ تۇرۇپ نېمىلەرنى ئويلىدى؟ بۇ نامەلۇم . بەلكىم ، ئۇزۇندىن بېرى ئېرىشىشنى ئويلىغان قەلەم سېتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەندۇ ۋە بەلكىم تېخىچە بۆزدىن ياسالغان تالىما ياغلىق ئارتىپ يۈرگەن ئانىسىغا داكا ياغلىق ئېلىپ بېرىشنى ئويلىغاندۇ ۋە يەنە ئاشۇ كادىرلارغا ئوخشاش لۆڭگە ، سوپۇن ، چىش پاستىسى سېتىۋېلىشنى ئويلىغاندۇ … لېكىن ئۇ ئاشۇ سەككىز كوي پۇلنى يانچۇقىغا چىڭ سېلىپ قويدى . تۇنجى تاپقان ئىش ھەققى دېگەن قەدىرلىك ئىدى ، ئۇنى ساقلىماي بولمايتتى .

بىر ھەپتىلىك يىغىن ئاخىرلىشىپ ، ئىككىنچى قارارلىق

خىزمەتكە ئاتلىنىش ئالدىدا، ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتىنىڭ كادىرلىرى قايتىدىن گۇرۇپپىلارغا تەقسىم قىلىندى. «توپا» غا چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كادىرلار باشقا-باشقا گۇرۇپپىلارغا چېچىلىپ كەتتى. ئىسمايىل «بادىغان» يېزىسى (بوگوڭكى ئۇلۇغ ساي يېزىسى) نىڭ «كۆكقىر» دېگەن يېرىگە بارىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسىغا تەقسىملەنگەنىدى. ھەرقايسى گۇرۇپپىدىكىلەر يېڭى خىزمەتكە ئاتلىنىش ئالدىدا، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋۇجىمىن بىلەن ھاكىم كەنجى ئىبراھىم ھەرقايسى گۇرۇپپىلاردىكى كادىرلارنى سەپكە تىزىپ، بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ ئۇزىتىپ قويىدى. چاتاق مانا مۇشۇ چاغدا چىقتى. بىزنىڭ ئىسمايىلنى يەنە بىر قېتىم سەپتىن چىقىرىۋېتىشتى.

بادىغان يېزىسىغا بارىدىغان خىزمەت ئەترىتىدىكى كادىرلار مەتقۇربان «توپېشى» نىڭ كەڭرى ھويلىسىغا تىزىلغانىدى. شۇجى ۋۇجىمىن بىلەن ھاكىم كەنجى ئىبراھىم ھەربىر كادىر بىلەن قول ئېلىشىپ، ئۇلارغا ئاقيول تىلەيتتى، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى تاپىلايتتى. تەرجىمان سىدىق ھېيت ۋۇجىمىننىڭ سۆزىنى بىرمۇ بىر تەرجىمە قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بىللە كېلەتتى. نۆۋەت سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئىسمايىلغا كەلدى. ۋۇجېمىن ئىسمايىلنىڭ قوللىرىنى سىقىپ، نېمىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، توختاپ قالدى. ئارقىدىن نېمىگىدۇر خاپا بولغاندەك كالدىرلاپ، ئىسمايىلنى ئاستا ئىتتىرىپ سەپتىن چىقىرىۋەتتى. ئىسمايىل ھېچنېمىنى ئۇقمىدى. پەقەت «ۋاۋا» ، «بۇشىڭ» دېگەنلەرنىلا غىل-پال ئاڭقىرالىغاندەك بولدى. باشقا كادىرلارمۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغانىدى. تىلماچ سىدىق ھېيت تەرجىمە قىلدى: «كىچىك بالىلارنىڭ خىزمەت ئەترىتى بىلەن بېرىشىغا بولمايدۇ. سەن بەك كىچىك ئىكەنسەن، ھازىر قايتىپ مەكتەپتە ئوقۇپ تۇر، چوڭ بولغاندا ئاندىن

خىزمەتكە قاتناشاڭمۇ كىچىكمەيسەن ، قايتقىن … ئىنقىلاب قىلىش مېھمان چاقىرىش ئەمەس ، بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشى . ئىنقىلاب قوشۇنى ساپ ۋە جەڭگىۋار بولۇشى كېرەك… » .

نېمە دېگۈلۈك ؟ چوڭلار ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى ، بىلىمىنى ، قابىلىيىتىنى ئۇنىڭ يېشىغا قاراپ ئۆلچەشكە ئادەتلەنگەن . ئۇلارچە ، بىلىم ، قابىلىيەت ، ئىقتىدار دېگەنلەر ياش بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ ، بولۇپمۇ ئىنقىلابىي قوشۇندا تېخىمۇ شۇنداق . كىچىك بالا سەپەرلەردە يۈك بولىدۇ ، قوشۇندىن چۈشۈپ قالىدۇ ، قوشۇننىڭ سۈپىتىگە ، جەڭگىۋارلىقىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ ، ئىشلارنى بۇزۇپ قويىدۇ . ھەي ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى قانداق ئۆزگەرتكۈلۈك ؟ مانا ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ مېنىڭ غەيرىتىم ئۇستۇن ، قوشۇندىن چۈشۈپ قالمايمەن ، خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن دەپ تاكاللاشسۇنمۇ ؟ باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئۇ چاغلاردا تېخى ئىسمايىل توگۇل پۈتكۈل چىرىيىلىكلەردىمۇ بۇنداق دېگۇدەك جۈرئەت يېتىلمىگەنىدى ، مەنپەئەت ، ئورۇن ، مەرتىۋە ، شان-شەرەپ ئۈچۈن دېۋەيلەپ تۇرۇۋېلىشنى نومۇس بىلىشەتتى . ئىسمايىل تېخىمۇ شۇنداق ئىدى . ئۇ ئاستاغىنە سەپتىن چىقىپ ، مەتقۇربان «توپىبېشى» نىڭ ئايۋان-سارايلىرىدىكى ياتىقىغا قايتىپ كەلدى . كېتىش كېرەك ، ئۇلار سەپتىن چىقىرىۋەتكەن تۇرسا يەنە نېمىگە تارتىشىدۇ ؟ كادىر بولمىسام ، كېيىنچە بىرەر مەسچىتكە ئىمام بولارمەن ياكى مەكتەپ ئېچىپ بالىلارنى ئوقۇتارمەن . كۆنۈم ئۆتۈۋېرىدۇ ، كېتىش كېرەك … ئىسمايىل مانا شۇنداق ئويلايتتى . ئۇ يوتقان-كۆرپىلىرىنى تاڭدى ، مانا شۇ چاغدا «توپا» دا بىللە ئىشلىگەن ياتاقداشلىرى كىرىپ كەلدى . مەتقۇربان تۇرسۇن ، شۇي چىيىڭلار ئەھۋالنى

ئاڭلىدى ، شۇجى ۋۇجىمىنىڭ ئىسمايىلنى كىچىك كۆرگەنلىكىنى بىلدى . بويىغا قاراپلا ئۇنى سەپتىن چىقىرىۋېتىشى ئۇلارغىمۇ ياقمىغانىدى . ئۇلار ئىسمايىلنىڭ خىزمەتلەردە ئەسقاتىدىغان كادىر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . ئەگەر شۇجى ۋۇجىمىنىمۇ بىلگەن بولسا ھەرگىز سەپتىن چىقىرىۋەتمىگەن بولاتتى ، دەپ ئويلىشاتتى . شۇجى سەپتىن چىقىرىۋەتكەن تۇرسا ، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟

خېلى باش قاتۇرۇشلاردىن كېيىن مەتقۇربان تۇرسۇن بىلەن شۇي چىمىڭ بىر ئامال تاپتى . ئۇ شۇجىنىڭ يولىيورۇقىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىۋېلىش چارىسى ئىدى . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، شۇجى سەپتىن چىقىرىۋەتكەن بىلەن ئىسمايىلنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋەتمىگەنىدى . ئىسمايىل يەنىلا ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتىنىڭ كادىرى ھېسابلىنىدىكەن ، شۇجى ئۇنى كۆرگەندە سەپتىن چىقىرىۋەتكىنى بىلەن بۇ ئىشنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدىكەن ، شۇڭا ئىسمايىل ئۆزى تەقسىم قىلىنغان خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن «بادىغان» يېزىسىغا چىقىۋەرسە بولىدىكەن ، پەقەت شۇجىنىڭ كۆزىگە قايتا كۆرۈنمىسە چاتاق چىقمايدىكەن ···

شۇنداق قىلىپ مەتقۇربان تۇرسۇن بىلەن شۇي چىمىڭ ئىسمايىلنى قايتىپ كېتىشكە قويمىدى ، ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ ئۇنى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەركىبىدە «بادىغان» يېزىسىغا بېرىشقا كۆندۇردى . ئىسمايىل تەقسىم قىلىنغان گۇرۇپپىنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ قايىل قىلدى . مانا شۇنىڭ بىلەن ئىسمايىلنىڭ بېشىغا كەلگەن يەنە بىر قېتىملىق سەپتىن چىقىرىۋېتىش ئاياغلاشقان بولدى ، ئۇ بۇنىڭدىن ئاڭلىماسلىققا سېلىش چارىسى بىلەن قۇتۇلدى .

## ئالتىنچى باب

# بالا كادىر

### 1. بىر كۆنلا چىدىغان لاتا خەي

چىرىيە ناھىيىسى تۈزلەڭلىكتىكى يېزىلار ۋە تاغلىق يېزىلار دەپ ئىككى خىل رايونغا بۆلۈنىدۇ. «چىرىيە»، «دامىكۇ»، «گۇلاخما» يېزىلىرى تۈزلەڭلىكتىكى رايون، «چاقار»، «بادىغان» (ھازىرقى ئۇلۇغساي)، «نۇرى»، «ئىمامىلا» (ھازىرقى بوستان) يېزىلىرى تاغلىق رايون ھېسابلىنىدۇ. ئىككى خىل رايوننىڭ ئېگىز-پەسلىك پەرقى ئوتتۇرىچە ئۈچ مىڭ مېتىر ئەتراپىدا. ئېگىز-پەسلىك پەرقىنىڭ ئاشۇنداق چوڭ بولغىنىغا لايىق ئىككى خىل رايوننىڭ ھاۋا كىلىماتىمۇ، تەبىئىي شارائىتىمۇ، تىرىكچىلىق ئەھۋالىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. تاغلىق رايونلار قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي بۆرجىكى بولغان «ئوقۇلۇق دۆڭ»، «يوغان دۆڭ»، «قاۋان تۇمشۇق تېغى»، «ئۇلاچى تېغى»، «مۇز تاغ»، «تىكىلىك تېغى»، «يامۇن تېغى»، «پاكار تاغ»، «ياقاباغ تېغى»، «بۇلاق تېكە كۆلى تېغى» قاتارلىق تاغ-داۋانلارنىڭ ئارىسىغا، «چىرىيە دەرياسى»، «نۇرى دەرياسى»، «چاقار دەرياسى»، «ئۇلۇغساي دەرياسى»، «ساياغ دەرياسى»، «بۇزاڭ دەرياسى»، «قاراسۇ دەرياسى»، «ئاقساي دەرياسى»، «يۇلۇڭ دەرياسى» قاتارلىق دەريا-جىلغىلارنىڭ بويىغا جايلاشقان. تاغلىق يېزىلار گەرچە

تاغ-جىلغىلار، ئوتلاق-يايلاقلار ئارىسىغا جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلەر نوقۇل چارۋىچىلىق رايونى ئەمەس، تۈزلەڭلىكتىكى يېزىلارغا ئوخشاشلا تېرىقچىلىق بىلەنمۇ، چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. چارۋىچىلىق ئارقىلىق تېرىقچىلىقنى، تېرىقچىلىق ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تاغلىق رايونلار بىلەن تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارنىڭ، ئېنىقراق قىلىپ ئالغاندا، چىرىيە بازىرى بىلەن تاغلىق رايونلاردىكى يېزا مەركەزلىرىنىڭ ئارىلىقى تۈز لىنىيە بويىچە ھېسابلىغاندا، ئەڭ يېقىن يېزا ئەللىك ئالتە كىلومېتىر، ئەڭ يىراق يېزا سەكسەن بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ-چوققىلاردىن ئايلىنىپ، دەريا-جىلغىلاردىن كېچىپ ئىزدەپ مېڭىشقا توغرا كەلگەچكە، ئەڭ يېقىن تاغلىق يېزا (چاقار) غا چىقىش ئۈچۈن ئاتمىش كىلومېتىر، ئەڭ يىراق تاغلىق يېزا (ئىماملا) غا بېرىش ئۈچۈن بىر يۈز ئەللىك كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يول تاشلىق، ئېگىز-پەس، ئەگرى-دوناي، ئات-ئۇلاغلارلا ماڭالايدۇ، ھارۋىلار قاتنىيالمايدۇ. بۇ بۇنىڭدىن ئەللىك نەچچە يىل بۇرۇنقى ھالەت...

ئەنە شۇ ئەللىك نەچچە يىل بۇرۇنقى باش باھارنىڭ بوران-شامالىلىق بىر كۈنىدە چىرىيە ناھىيىسى تەشكىللىگەن «ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتى» خىزمەت ئەترىتى ئەنە شۇ ئېگىز-پەس، ئوڭغۇل-دوڭغۇل تاغ يولىدا قارا قۇرۇمغا قاراپ ئۆرلەپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار ئىنچام تېڭىلغان يوتقان-كۆرپىلىرىنى يۈدۈپ، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن پىيادە بېرىشاتتى. يۈدۈۋالغان يوتقان-كۆرپىسى دۈمبىلىرىدە خۇددى بىر كىچىك دۆڭدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. ئىشتان-چاپانلىرى ھەرخىل، تەلپەك-تۇماقلىرىمۇ ھەرخىل، ئاياغ-كەشلىرىمۇ

هەرخىل ئىدى . هەتتا بەزىسى يالاڭ ئاياغ ئىدى . مۇنداقلا قارىغاندا ، قاياقتىن كۆچۈپ كېتىۋاتقان كۆچمەنلەر توپىغا ياكى هاشارغا ماڭغان ئالامانغا ئوخشايتتى . ئەمما ئۇلار ناهايىتى روهلۇق ، جەڭگە كېتىۋاتقان ئەسكەرلەردەك تېتىك ، جۇشقۇن ئىدى ، تېخى بەزىدە ئىنقىلابىي ناخشىلارنىمۇ ئوقۇپ مېڭىشاتتى . تۇرقىدىن قانداقتۇر بىر توسالغۇنى يوق قىلماقچىدەك ، قانداقتۇر بىر تاغنى ئۆرۈپ تاشلىماقچىدەك جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى . راست ، ئۇلار زۇلۇم تېغىنى ئۆرۈپ تاشلاشقا ، جاهالەت توسقۇنلۇقلىرىنى يىمىرىپ تاشلاشقا كېتىپ باراتتى . يېڭىلا هۆكۈمەت خىزمىتىگە ، كادىرلار قوشۇنىغا قاتناشقان بۇ دېهقان باللىرىنىڭ جاسارىتى ، قىزغىنلىقى ، تىرىشچانلىقى ئۇرغۇپ تۇراتتى . ئەنە شۇ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ، مىجەز-خۇلقى ، ئىقتىدار-قابىلىيىتى هەر خىل قوشۇن ئىچىدە ، بىزنىڭ كىچىك كادىرىمىز ئىسمايىل ئەهمەدمۇ كېتىپ باراتتى . باشقىلارغا قارىغاندا ، ئۇنىڭ تەقى-تۇرقى سەل رەتلىكرەك ئىدى . مەرەمخان ئانا ئەمدى كادىر بولۇپ قالغان ئوغلىغا كۆك كاجىدىن قىسقا چاپان ۋە ئىشتان تىكىپ بەرگەن . پۇتىدا دادىسى ئېلىپ بەرگەن قارا رەختتىن تىكىلگەن چىرايلىق لاتا خەيمۇ بار ئىدى .

يېقىندىلا كېرىيە-تىبەت تاشيول ياساش ئىش ئورنىدىن قايتىپ كەلگەن ئەهمەد خەلپە كادىر ئوغلى بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن بۇگۈن ئەتىگەندىلا چىرىيە بازىرىغا كېلىپ ساقلاپ تۇرغانىدى . ئاتا ئوغلىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ-تىكىلىپ قارىدى . ئوغۇلمۇ ئاتىسىنىڭ چىرايىغا قايتا-قايتا باقتى . «كىچىك پۇلۇ» ، «چوڭ پۇلۇ» دەپ ئاتىلىدىغان كېرىيە تاغلىرىنىڭ سوغۇق شامىلىدا ئاتا چىرايى مىستەك قارايغان ، «يوغان تېرەك» نىڭ قوۋزاقلىرىدەك يېرىلغان ، ئورۇقلىغانىدى . ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسكەن ، تېخى

قىرىق ياشقا يەتمىگەن بولسىمۇ، ئەللىك ياشتىن ھالقىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئوغلىنىڭ سەل سوزۇنچاقراق چىرايى بولسا، ئاق ئالمىدەك سۈزۈك ۋە سۈتۈن ئىدى. ئاتا بىلەن ئوغۇل بىرگە بولغان ئاشۇ بىرىم سائەتتەك ۋاقىت ئىچىدە، ئاتا ئوغلىدىن پەخىرلەنگەن، ئوغۇل ئاتىغا ئىچ ئاغرىتقان، قەلب-كۆڭۈللىرىدە بىر-بىرىگە بولغان چەكسىز مېھىر-مۇھەببەتنى، تەسۋىرلىگۈسىز يېقىنلىقنى ھېس قىلغان، يەنىمۇ ئۇزاقراق بىرگە تۇرۇشنى، ئاتا-بالىلىق مېھرىدىن قانغۇچە ھۇزۇر سۈرۈشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئاتىنىڭ ئوغلىنى قۇچاقلىغۇسى، ئۇنىڭ يىرىك چاچلىق بېشىنى سىلىغۇسى كەلگەن، ئوغلىنىڭمۇ بېشىنى ئاتىنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىغا تىققۇسى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار بۇ قەلب تۈيغۇلىرىنى ئاشكارا ئىپادىلەشكە ئادەتلەنمىگەنىدى. بالا كىچىك چاغلىرىدا ئاشكارا ئىپادىلەيتتى، سەل چوڭىيىپ ساقالغا تاقاشقۇدەك بولغاندا بولسا گويا بىر-بىرىدىن تارتىنىشقاندەك ھەممىنى ئىچىدە بىلىشەتتى. شۇ تاپتا ئاتا-بالا ئاشۇنداق تارتىنىش ھالىتىدە ئىدى. ئوغۇل يانچۇقىنى كوچىلاپ ھېلىقى، تۈنۈگۈن تارقىتىپ بېرىلگەن «تۇرمۇش پۇلى»نى— ئۆمرىدە ئۆزى ئىشلەپ تاپقان تۇنجى سەككىز يۈەن پۇلنى چىقاردى ۋە ئۈن-تۈنسىز ھالدا ئاتىسىنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ھەرىكىتىدە «ئاتا، جاپا-مۇشەققەت بىلەن بېقىپ چوڭ قىپلا، ئەجىرلىرىنى قايتۇرۇشقا ئاجىزمەن، تۇنجى تاپقىنىم شۇ ئىكەن، ئالدىلىرىغا قويدۇم، قوبۇل قىلغايلا» دېگەن مەنە بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن-نۇرغۇن مەنىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنى ئېيتىپ-سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايتتى، ئۇنى پەقەت ئاشۇنداق ئاددىي-ساددا، غەرەزسىز ھەرىكەتلا ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى...

ئاتا يانغا قارىۋالدى، كۆزلىرىنى ئوغلىدىن ئېلىپ قاچتى.

بەلكىم ئاتىنىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش كەلگەن بولۇشى، كۆز چاناقلىرىغا مەمنۇنلۇق، رازىمەنلىك، خىجىللىق يېشى تولغان بولۇشى، كۆزلىرىدىكى ياشنى ئوغلىغا كۆرسەتكۈسى كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئاتىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىمۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز مەنىلەر بار ئىدى. ئۇ مەنىلەرنىمۇ ئوخشاشلا ئاشۇنداق ئاتىلارغا خاس ھەرىكەتلەرلا ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى.

ئوغۇلنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ ئىدى. قىشتا كىيگەن قېرىم ئۆتۈكىنىڭ ئاللىقاچان جۇلۇقى چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرىيگە ئاللىقاچان ئەتىياز پەسلى يېتىپ كەلگەن، ئالەم ئىسسىپ قالغانىدى. قۇمساز، يۇمشاق توپىدا يالاڭ ئاياغ يۈرسىمۇ بولۇۋېرەتتى. ئەمما تاغدىچۇ؟ تاغ دېگەندە 3-ئاي تۈگۈل 4-ئايدىمۇ باھار كەلمەيتتى. 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندىلا ئاندىن قار-مۇزلار ئېرىپ تۇپراق يۈزى كۆرۈنەتتى. 3-ئايدا ئوخشاشلا سوغۇق بولاتتى. قاتتىق جۇدۇن بولىدىغان كۈنلەرمۇ بولاتتى. ئاپتاپ چىققان كۈنلەردىمۇ ئادەمنىڭ ئاپتاپ چۈشكەن سول يۈزى ئىسسىق، ئاپتاپ چۈشمىگەن ئوڭ يۈزى توڭلاپ تۇراتتى. يېڭىلا «پۇلۇ» تېغىدىن قايتىپ كەلگەن ئاتا بۇلارنى بىلمىسۇنمۇ؟ كېرىيە تاغلىرى بىلەن چىرىيە تاغلىرىنىڭ نېمە پەرقى بار؟ بۇ تاغلار تۇتاش كەتكەن، قار-يامغۇر، ئاسمان-بۇلۇت مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ تۇرغان گىگانت ئادەملەرگە ئوخشايدۇ… تاغ سوغۇقى، تاغ ئاپتىپى… تاغ يامغۇرى ۋە تاغ شامىلى ئوخشاشلا گەپ. ئاتا ئوغلىنىڭ قوللىرىدىن يېتىلەپ چىرىيە بازىرىدىكى بىردىنبىر خەي تىكىپ ساتىدىغان «لاۋياڭ» دېگەن خەنزۇنىڭ دۇكىنىغا ئەكەلدى. ئاشۇ يەردىن بىر جۈپ قارا رەڭلىك لاتا خەي سېتىۋېلىپ، ئوغلىنىڭ قىزىل ئۇزۇمدەك ھۆلۈلدەپ تۇرغان پۇتلىرىغا كىيدۈرۈپ قويدى. لاتا خەي يېڭى، يۇمشاق ۋە ئىسسىق ئىدى،

يول ماڭغاندا ئادەمگە ئېيتپ تۈگەتكۈسىز راھەت بېغىشلايتتى . بەكلا يېنىك بولغاچقا ئادەمنىڭ پۇتلىرى ئۆزلۈكىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى …

مانا ھازىر «ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتى» نىڭ كىچىك كادىرى ئىسمايىل ئەھمەد ئەنە شۇ لاتا خەينى كىيىپ ، چىرىيە بىلەن «چاقار-بادىغان» ئارىسىدىكى بىپايان سايدا ، تاشلىق يولدا كېتىپ باراتتى ، قەدەملىرى يېنىك ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى . ئاشۇ تاغدىكى پومېشچىك-زومىگەرلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى ، نامرات-كەمبەغەل تاغ خەلقىنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ ، ئېغىر كۈنلەردىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلايتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ، يىراق ئۇپۇقتا بۈيۈك ، يۈكسەك قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ مۇزلۇق چوققىلىرى ئالماستەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى . ئالماس چوققىلار بىلەن بىپايان ساي ئارىلىقىدىكى كۆك ئاسماندا مەغرۇر قاراقۇرۇم بۈركۈتى پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتى . كىچىك كادىر ئەنە شۇ بۈركۈتتەك ئېگىز چوققىلار تامان ئۆرلەپ باراتتى . ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ قاراقۇرۇم چوققىلىرىغىلا ئەمەس ، بەلكى ھاياتنىڭ ، تۇرمۇشنىڭ ، ئىستىقبال ۋە كەلگۈسىنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىغىمۇ ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ يەردە ئۇنى پارلاق ، نۇرلۇق ، گۈزەل مەنزىرىلەر كۈتۈپ تۇراتتى .

«بادىغان» يېزىسى بىلەن چىرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى تۈز لىنىيە بويىچە ھېسابلىغاندا يەتمىش كىلومېتىر كېلەتتى . ئارىدىكى ئەگرى-توقاي ئىلىقلارنى ھېسابقا ئالغاندا سەكسەن كىلومېتىردىن ئاشاتتى . مۇشۇنداق تاغ يولىدا تەدرىجىي ئۆرلەپ كېتىۋاتقان پىيادە قوشۇن ئاشۇ سەكسەن كىلومېتىرلىق مۇساپىنى بىر كۈندە تاماملاپ بولالايتتىمۇ ؟ ناھىيە رەھبەرلىرى بۇنى ھېسابقا ئالغانىدى . ئۇلار ئارقا سەپ قىسمىنى ئات-ئۇلاغلار بىلەن ئالدىن

ئەۋەتىپ، «ساتمالەڭگەر» دە قونالغۇ، تاماق، قايناق سۇ تەييارلىنغانىدى. ئۇ چاغلاردا چىرىيىدىن «چاقار» تەرەپكە ياكى «چاقار» تەرەپتىن چىرىيىگە ماڭغان يولۇچىلار مۇشۇ «ساتمالەڭگەر» دە قونۇپ ئۆتەتتى. لەڭگەردە بىر ئائىلە ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە چاي-تاماق تەييارلاپ بېرەتتى. يولۇچىلار بىرىپ ئۆتكەن ئانچە-مۇنچە ھەققە تايىنىپ تۇرمۇش كۆچۈرەتتى. ئەمما ئۇلار بۇنداق تۆت يۈز كىشىلىك زور يولۇچىلارنى كۈتۈپ بولالمايتتى ۋە لەڭگەرمۇ بۇنداق جىق ئادەمنى سىغدۇرالمايتتى. شۇڭا ناھىيە رەھبەرلىرى ئالدىن ئادەم ئەۋەتىپ مۇشۇ يەردە قونالغۇ تەييارلىنغانىدى.

«ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتى» نىڭ يولۇچىلىرى «ساتمالەڭگەر» گە كەچكە يېقىن يېتىپ چىقىشتى. ھارغان، ئاچقان، ئۇسساپ-تەشنا بولغان يولۇچىلار ئۆزلىرىنى سۇغا، تاماققا ئۇرۇشتى. بۇ تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. ئەمەلىيەتتە كىچىك، تەجرىبىسىز، ئۆمرىدە بۇنچىلىك يىراق ئارىلىققا سەپەر قىلىپ باقمىغان كىچىك كادىر «ساتمالەڭگەر» گە ئالاھازەل ئەڭ ئاخىرقى تۈركۈم قاتارىدا چىقتى. ئۇمۇ ھارغان، ئاچقان، ئۇسسۇغانىدى. بىر قازان قايناقسۇ تۈگىگەن، ئازراقلا ھورنان (جىڭموما) ئېشىپ قالغانىدى. ھەربىر كىشىگە ئىككىدىن ھور نان تارقىتىپ بېرىشتى. كىچىك كادىر ئىسسىق، يۇمشاق ھورناننى ئىككى-ئۈچ يالماپلا يەپ بولدى. ئەمدىكى ئېھتىياج ئۇسسۇلۇققا—سۇغا مەركەزلەشتى. قايناتقان بىر قازان قايناق سۇ تۈگىگەن، ئەمدىكى سۇ نەدە؟ سۇ بار ئىدى، ئاشۇ «ساتمالەڭگەر» نىڭ يېنىدىلا ئىككى يۈز مېتىردەك چوڭقۇرلۇقتا، جىرا بولۇپ ئېقىۋاتقان چىرىيە دەرياسىدا قىشمۇياز بۇلاق سۈيى بار ئىدى. ئۇسسۇغان ياش بالىلارنىڭ ياشلىقى تۇتتى. بىر كۈنلۈك سەپەر ھارغىنلىقى

ئۇنتۇلغانىدى . ياشلار چوڭقۇر يارداڭدا ئېقىۋاتقان چىرىيە دەرياسى قېنىغا چۈشۈپ سۇ ئىچىپ ، سۇدانلارغا سۇ قاچىلاپ چىقماقچى بولۇشتى .ئۇن-ئون بەش يىگىت ھە-ھۇ دېيىشكىنىچە جىلغىغا چۈشۈپ كېتىشتى ...

كونىلاردا «چىقماقتىن چۈشمەك تەس» دېگەن گەپ بار . ئىش ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى . يامىشىپ چىقىدىغان چاغدا پۇت-قول تەڭ ئىشلەيتتى ، پۇتنى تىرەيدىغان تاش ، قولدا تۇتۇۋالىدىغان ئوت-چۆپ ياكى دەرەخ يىلتىزى مەۋجۇت بولاتتى . ئاشۇلارغا تايىنىپ ئاستا-ئاستا ئۆرلىسەڭ چىققان بولاتتىڭ . ئەمما چۈشىدىغان چاغدا ئىش ئۇنداق بولمايتتى . پۇتلىرىڭ تايىنىدىغان تاش سىيرىلىپ چۈشەتتى . قوللىرىڭ تۇتۇۋالىدىغان ھېچنېمە بولمىغاچقا ، مۇئەللەقتە پۇلاڭلاپ ، ئۇچۇپ كېتىشكە ئاران تۇراتتىڭ . ئۇچۇپ كەتتىڭمۇ ، بولدى ، چوڭقۇر جىلغىغا ئوق تەگكەن قارا قاغىدەك گۇپپىدە چۈشەتتىڭ . كونىلارنىڭ «چىقماقتىن چۈشمەك تەس» دېگەنلىرى مانا شۇ ئىدى . شۇ تاپتا بىزنىڭ كىچىك ئىسمايىل ئەھمەد ئاۋۋال چۈشۈشى ، ئاندىن چىقىشى كېرەك ئىدى . چوڭقۇر جىلغىدىكى سۇ ئۇنىڭ چۈشۈشىنى ، سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن قونىدىغان «ساتمالەڭگەر» ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى . چۈشۈشتە نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆپ ئاۋارىچىلىك بولمىدى . ياشلىق شىجائىتى ، زېرەكلىكى ، كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئاشۇ چوڭقۇر جىلغىغا ئوڭۇشلۇق چۈشتى . «چۈشمەكتىن چىقماق ئوڭاي» بولغانلىقتىن ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى چۈشۈپ-چىقىشى ئوڭۇشلۇق ئاياغلىشىدىغاندەك تۇراتتى . ئەمما چاتاق دەل ئاشۇ چىقىدىغان چاغدا يۈز بەردى . چاتاق ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىدىنمۇ ، چېۋەر-چەبدەسلىكىدىنمۇ ياكى يامىشىدىغان قىيانىڭ بەكلا

تــكـلـكـدىنمۇ ، تۇتۇۋالـدىغان ئوت-چۆپ ، دەرەخ يىلتىزىنىڭ يوقلۇقىدىنمۇ چىقمىدى ، ئۇ نەرسىلەر تېپىلاتتى . چاتاق ئەتىگەن دادىــسى ئېلىپ بەرگەن لاتا خەيدىن چىقتى . قىيادىن يامىشىپ چىقىۋاتقاندا ، ئاۋۋال ئوڭ پۇتىدىكى ، كېيىن سول پۇتىدىكى لاتا خەينىڭ سىيرىپ تىكىلگەن لاتا چەمى پۇتۇنلەي ئاجراپ كەتتى . خەينىڭ ئۈستى قىسمى چەمىدىن ئاجراپ ، لاپسىيىپ تۇراتتى .

قانداق قىلىش كېرەك ؟ تېخى ئەتىگەندىلا بىر يېرىم يۈەنگە ئـالغان خەينى تاشلىۋېتىش كېرەكمۇ ؟ ئىسمايىل خەينى يېشىپ قوينىغا سېلىپ قويدى . ئۇ بەلكىم «چاقار»دا بىرەر موزدۇز ياكى يامـاقچى تېپىپ يامىتىۋالارمەن ، يەنە كىيەرمەن دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئويلىغىنى توغرا ئىدى . ئەمما ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ ئەھۋالى چاتاق ئىدى . ئۇ ئەمدى قىياغا يالاڭ ئاياغ يامــىشى ، پۇتلارنىڭ توڭلاپ مۇزلىشىغا ، ئۇچلۇق تاشلارنىڭ جــىجاپ-قانىتىشلىرىغا ، ئاغرىتىشلىرىغا چىدىشى كېرەك ئىدى . ئۇنىڭدا بۇلارغا چىدىغۇچىلىك چىدام بار ئىدى . ئۇ قىياغا قاراپ يامىشىشنى توختاتمىدى ...

بۇ يەردە بىز ئاشۇ بىر جۈپ لاتا خەينىڭ سۆيەت مەسىلىسى توغرىسىدا ئازراق توختىلىشىمىز كېرەك . ئەگەر بىز ئاشۇ ۋەقەدىن ئـەلـلىك نەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ، ئاشۇ لاتا خەينى «ســاختا مال ئىدى» ، «لاۋياڭ ، لاۋجاڭ دېگەنلەر شۇ چاغدىمۇ ســاخــتــا ماللارنى ياساپ ساتاتتى» دەپ ھۆكۈم قىلساق ، بەكلا ئـاشۇرۋۋەتكەن ۋە ئۇۋال قىلغان بولىمىز ، ساختا مال ، ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ ، ساختا ئاياغ-بەتىنكىلەرنىڭ ئاۋۇپ كەتكىنى تېخى يېــقــىنقى يىللاردىكى ئىش . بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ، بېيىشقا ، روناق تېپىشقا ئالدىراپ كەتكەن ئايرىم ساندىكى كــىــشــىــلــەر ھــەقــىــقــەتەنمۇ خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە

قويىدىغان قىلمىشلارنى سادىر قىلدى . سىسىپ قالغان گۈرۈچنى سىرلاپ پارقىرىتىدىغان ، سۈپەتسىز ئۇنغا ئاقارتقۇچ قوشۇپ «75 » لىك ئۇن قىلىپ كۆرسىتىدىغان ، قورۇما قورۇشقا ئىشلىتىدىغان سۇ مېيىغا ئەۋرەز سۈيىدىن سۈزۈۋېلىنغان پارقىراق ماي قالدۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ ساتىدىغان ، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان زەھەرلىك ئىسپىرتقا سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ، داڭلىق ماركىلىق هاراقلارنىڭ ماركىسىنى چاپلاپ ساتىدىغان ، بىر كىلوگرام ئۈزۈم شېرنىسىنى بىر تونىنا تۇرۇبا سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ، سۇ رەڭگىنى قىزارتىپ ، ئۇنىڭغا ئازراق ئىسپىرت قوشۇپ ئۈزۈم هارىقى دەپ ساتىدىغان ، ئەسكى ماردىن «ماموق چاپان » تىكىدىغان ، خىمىيۋى تالادىن تۇقۇلغان رەختنى پاختا ياكى يىپەك رەخت قىلىپ كۆرسىتىدىغان ، قېلىنراق رەختنى سىرلاپ پارقىرىتىپ بەتنىكە ، كەش تىكىدىغان ، ئېشەكنىڭ يۇڭىدىن گىلەم توقۇيدىغان ، ياڭاقنىڭ مېغىزىنى ئېلىۋېلىپ ئىچىگە شېغىل قاچىلاپ قويىدىغان قىلمىشلار تېخى يېقىنقى يىللاردىلا يۈز بەردى . ئەللىك نەچچە يىل بۇرۇنقى چاغلاردا بۇنداق ئىشلار تېخى يوق ئىدى .

لاتا خەي دېگەن ئەسلىدىمۇ ئۇنچىۋالا چىداملىق مەهسۇلات ئەمەس . ئۇنى كىيگۈچى راهەت بولۇشنى ئىزدەيدىكى ، ئۇزاق چىدام بېرىشىنى قوغلاشمايدۇ . «توشقان تېرىسى ئۈچ كۈن چىداپتۇ » دېگەندەك ، ئۇنى ئەڭ ئاۋايلاپ كىيگەندىمۇ بىر-ئىككى ئاينىڭ نېرىسىغا چىدىمايدۇ . ئۇنى كىيگەندە ، يىراق سەپەرگە چىقماسلىق ، هويلا-ئارام ئەتراپىدا ئاۋايلاپ مېڭىش كېرەك . ئۇنىڭ بۈگۈن بىزنىڭ كىچىك كادىرىمىز ئىسمايىلنىڭ پۇتلىرىدا پەقەت بىر كۈنلا چىدىشىنى ئۇنىڭ ئەسلىي ماهىيىتى بەلگىلىگەن بولسا ، ئۇنىڭ شۇنچە تېزلا يىرتىلىپ كېتىشى ئاسىرىماسلىقتىن بولغان .

شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ كىچىك كادىرىمىز يالاڭ ئاياغ قالدى . شۇ كۈنى «ساتمالەڭگەر»دە ئايدالادا قونغان خىزمەت ئەترىتى ئەتىسى كەچكە يېقىن 5-رايوننىڭ مەركىزى «چاقار»غا ، ئۆگۈنى مۇشۇ رايوننىڭ تەۋەلىكىدىكى «بادىغان يېزىسى»غا يېتىپ باردى . بىزنىڭ ئىسمايىل ئەھمەد ئەترەت سېپىدە يالاڭ ئاياغ مېڭىپ كېلەتتى . تاشلىق ، سوغۇق تاغ يولىدا يالاڭ ئاياغ ماڭماق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەترەتكە ئەگىشىپ يېتىشىپ ماڭماق ئوڭاي ئەمەس . بۇنى ئاشۇ 3-ئايدىكى سوغۇق تاغ يولىدا يالاڭ ئاياغ مېڭىپ باققان ئادەملا بىلىدۇ . ئەمما ئۇ ئاشۇ يولدا بىر قېتىممۇ زارلاپ باقمىدى . پۇتلىرى قاپىرىپ ، قاناپ كەتكەندىمۇ زارلىمىدى . دېھقان ئوغلى ، جاپاكەش ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بۇنچىلىك جاپالارغا چىدايتتى . «چاقار»نىڭ شىمالىي دەرۋازىسى ھېسابلىنىدىغان «چۈرۈش كەنتى»گە يېتىپ چىققاندا ، قەد كۆتۈرۈشكە ، ئېغىر كۈنلەردىن قۇتۇلۇشقا تەشنا بولغان مىڭلىغان تاغ خەلقى خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئالدىغا چىقىپ داقا-دۇمباق چېلىپ ، داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالدى . ئۇلار ئۆيلىرىدىكى ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلىرىنى پەتنۇس-لېگەنلەرگە تىزىپ ، ئەڭ ياخشى ئاتلىرىنى ئېگەرلەپ ئەچىققانىدى . بۇ ئۇزاق يولدىن جاپا تارتىپ كەلگەن خىزمەت ئەترىتى يېسۇن ، ئۇزاق يولدىن كەلگەن خىزمەت ئەترىتى مىنسۇن دېگەنلىرى ئىدى . ئۇلار قانچە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ ، خىزمەت ئەترىتىدىكى ئەزىمەتلەر ئۇزۇرخاھلىق ئېيتىپ رەت قىلدى ، يېمەكلىكلەرنى يېمىدى ، ئاتلارغا مىنمىدى . بۇ خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئىنتىزامى ، شۇنداقلا تاغ خەلقىگە ئېغىرچىلىق سالمايلى ، دېگەن ياخشى كۆڭلى ئىدى . كىچىك ئىسمايىل ئەھمەد— ئەمدى ئۇ خىزمەت ئەترىتىدە ئەنە شۇنداق رەسمىي ئىسىم بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغانىدى— ئەترەتنىڭ ئىنتىزامىنى بۇزمىدى . پۇتلىرى قاپىرىپ ، قاناپ كەتكەن

بولسىمۇ، تاغ خەلقى ئەكەلگەن ئاتلارغا مىنمىدى. بۇ شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى.

ئىسمايىل ئەھمەد «چاقار»دا، «بادىغان»دا توختىغان چاغلاردا ئاشۇ بىر كۇنلا چىدىغان لاتا خەيىنى يامىتىش ئۇچۇن مۇزدۇز ئىزدەپ كۆردى، تونۇش-بىلىشلەردىن سورۇشتۇردى. ئەپسۇسكى، تاغ دېگەن يەردە موزدۇز بولمايدىكەن، ھەتتا ياماقچىمۇ بولمايدىكەن. ئۆتۈك-بەتىنكە ئەمەس، چورۇق كىيىدىغان تاغدا موزدۇزغا نېمە ئېھتىياج؟ تاغلىقلار چورۇقنى يامىتىپ يۈرمەيدىكەن. بىرى يىرتىلىپ كەتسە، يەنە بىرىنى ياساپ تارتىپ يۈرۈۋېرىدىكەن. ئەمدى مانا لاتا خېيى يىرتىلىپ كەتكەن ئىسمايىل ئەھمەدكە چىداپ يالاڭ ئاياغ يۈرمەكتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. ئۇ يەنە شۇ يالاڭ ئاياغ پېتى ئۆزى تەۋە خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن بىللە ئۆزلىرى تەقسىم قىلىنغان «كۆككىر» كەنتىگە يېتىپ باردى. تۇزلەڭدە، ئۆرۈك راسا بىخ چىقىرىپ چېچەكلەشكە تەييار بولغان مۇشۇ 3-ئايدا «كۆككىر»دا تېخى قار-مۇزلار ئېرىپ بولالمىغانىدى. ئادەم ۋە مال-چارۋا دائىم ماڭىدىغان چىغىرلاردىكى قار ئېرىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن تەسكەي يەرلەردە، تام تۈۋىلىرىدە، چوڭقۇر ئازگاللاردا تېخىچە قار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى. ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ پۇتلىرى كۇن بويى توڭلاپ تۇراتتى. 8-ئايدىكى قىزىل ئۇزۇمدەك قىزىرىپ، ئاخىرى بارا-بارا كۆكىرىپ كېتەتتى. شۇنچە سوغۇقتا ئۇ قانداقمۇ چىدىغاندۇ؟ مۇشۇ قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈپ كېتەلەرمۇ؟ ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندەك ئىدى.

ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئېغىر قىيىنچىلىقىنى يەنىلا خەلق ھەل قىلدى. «كۆككىر»غا چۈشكەن ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت

گۇرۇپپىسى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئوڭاي بولۇش ئۈچۈن يۇرتداشلارنىڭ ئۆيلىرىگە تارقىلىپ جايلاشتى . ئىسمايىل ئەھمەد ھەممە «كۆكقىر» لىقلار «ھېيت ئاكا» دەپ ئاتايدىغان ، ئىككىلا تۆگىسى بار ، بايلارنىڭ تۆگە كارۋىنىنى يېتىلەپ جان باقىدىغان بىر بويتاق مويسىپىتنىڭ ئۆيىگە چۈشتى . ھېيت ئاكا پەقەتلا جىم تۇرمايدىغان ئىشچان ئادەم ئىدى . يول ماڭغان ، يىغىنغا قاتناشقان ، بىرەرى بىلەن پاراڭلاشقان چاغلاردىمۇ يۇلغۇن نوتىسىدىن ياسالغان «چىلەك» نى پىرقىرىتىپ ، تۆگە يۇڭىدىن يىپ ئېشىپ يۈرەتتى . يولدا ئۇچرىغان تەمەچ ، شاخ-شۇمبا ، تارىشا دېگەندەكلەرنى تەرگەچ ماڭاتتى . ئۆيدىكى ھەممە ئېھتىياجىدىن ئۆزى چىقاتتى . ئۇ تۆگە كارۋىنى يېتىلەپ ، باج-پاراق تاپشۇرۇش ئۈچۈن خوتەنگە ، يۇڭ تېرىگە ئاشلىق ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كېرىيىگە قاتناپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، كۆرگەن-بىلگىنى كۆپ ئىدى ، ھېكايە-چۆچەك ئېيتىشقا ئۇستا ئىدى . ئاشۇ مويسىپىت كىچىك كادىرنىڭ ئېغىر قىيىنچىلىقىنى بىر قاراپلا بىلدى . قوللىرى بىلەن سىلاپ كۆرمەي تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ كۆك قۇمچاقتەك مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى . چۈنكى بوۋاي كەچلىكلىرى مورا ئوچاققا كالا تېزىكى بىلەن ئوت ياققان چاغلاردا ، ئىسمايىل كادىرنىڭ قىزىرىپ ، كۆكىرىپ كەتكەن پۇتلىرى ئالدى بىلەن كۆلۈڭغا سوزۇلۇپ باراتتى . بىرەرى قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا قاراپ تۇرماسلىق ، دەرھال ياردەم قولىنى ئۇزىتىش مۇشۇ تاغ خەلقىنىڭ ئېسىل ئادەتلىرىدىن ئىدى . ھېيت ئاكا كىچىك كادىرنىڭ يالاڭ ئاياغ قالغان ، توڭلاپ قالغان قىيىنچىلىقىنى كۆردىمۇ ، دەرھال ئاشۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا قول تىقتى . ئۇ قوڭۇر رەڭلىك ئۆچكە تېرىسىدىن چورۇق ياساپ ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىغا تارتىپ قويدى . چورۇقنىڭ

ئۈستى تەرىپىگە ئۇشۇقتىن تىزىغىچە بولغان پاچاقىقا تۆت بارماق كەڭلىكىدە توقۇلغان يۇڭ «جاۋا» يۆرگىلەتتى. تاغلىقلار بۇنى «پايتىما» دەيتتى. ھېيت ئاكا «جاۋا» نى چىڭ ۋە شۇنداق چىرايلىق يۆگىدىكى، تېخى ئۈستى تەرىپىدىن پۆپۈك چىقىرىپ ساڭگىلىتىپ قويدى. ئاشۇ پۆپۈك ئاتىنىڭ چېكىسىدە پىلدىرلاپ تۇرىدىغان يۇگەن زىننىتىگە ياكى كېيىكنىڭ بوينىدىكى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان تۇمارچىسىغا ئوخشايتتى. ھېيت ئاكا بىر ھازا ھەپىلىشىپ، كىچىك كادىرنىڭ پۇتلىرىغا چورۇق تارتىش مۇراسىمىنى تاماملىدى. تېخى ئۇنىڭغا كەچلىكى چورۇقنى قانداق يېشىش، ئەتىگەنلىكى قانداق تارتىش توغرىسىدا دەرسمۇ ئۆتتى. ھەممە ئىش ئاياغلاشقاندا كىچىك كادىر ئۆي ئىچىدە ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ كۆردى. ئوھۇي، مانا قاراڭ، چورۇق شۇنداق ياراشتىكى، كىچىك كادىر بەئەينى تاغلىق قويچى يىگىتلەرگە، چۆچەكلەردىكى پادىچى يىگىتلەرگە ئوخشاپ قالدى. بويىغا لاتاپەت، تۇرقىغا سۆلەت قوشۇلدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنى كۆرگەن ھەر قانداق تاغ قىزىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كېتەتتى، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئىشق-مۇھەببەت ئوتى چۈشەتتى.

شۇنداق قىلىپ، لاتا خېيى يىرتىلىپ يالاڭ ئاياغ قالغان ياش كادىر ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ قىيىنچىلىقى ئاشۇنداق ھەل بولدى. ئۇ مۇشۇ چورۇقنى تاغدىكى خىزمەتلەر تۈگەپ چىرىيىگە قايتىپ بارغۇچە كىيدى. چورۇق لاتا خەيدىن كۆپ ياخشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ياسىغان تاغ خەلقىنىڭ قەلبىدەك ئىسسىق، ھېيت ئاخۇن ئاكىنىڭ كۆڭلىدەك يۇمشاق، قاراقۇرۇم بۈركۈتىنىڭ ماموق پەيلىرىدەك يېنىك ئىدى، كىيگەن ئادەمگە راھەت بېغىشلايتتى.

## 2 . مەھەممەت ھاللاڭ

«كۆكقىر» دېگىنىمىز — كۆككە تاقاشقان تاغ دېگەن مەنىدە . تاغلىقلار تاغ بۆلەكلىرىنى قىر ، تاغ چوققىلىرىنى «قىڭ» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن . «كۆكقىر» نى كۆكەرگەن تاغ دەپ ئىزاھلاش خاتا . ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا ، ئەقىللىق ۋە پەرقلەندۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك تاغ خەلقى ئۇنى «يېشىل قىر» ياكى «چىمەنتاغ» دەپ ئاتىغان بولاتتى . بۇ يەردىكى «كۆك» ناھايىتى ئېنىق ھالدا ئاسماننى ، پەلەكنى كۆرسىتىپ ، تولىمۇ يىراق يىللار ئالدىدىكى ئېتىقادىمىزنى — «كۆك تەڭرى»نى ئېسىمىزگە سالىدۇ . ھېكايىمىز داۋام قىلىۋاتقان ئاي-كۈنلەردە ، «بادىغان» نىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان «كۆكقىر» كىچىككىنە بىر تاغلىق كەنت ئىدى . ئىككى-ئۈچ يۈزچە نوپۇسى ، بىر يېرىم مىڭ موچە تېرىلغۇ يېرى ، يەنە ئوتتۇز-قىرىق مىڭچە چارۋا سىغدىغان يايلىقى بار بۇ كەنتنىڭ كىشىلىرى ئاشۇ تاغ ئىچىگە سولىنىپ ، ئالەمدىن بىخەۋەر ھالدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى . بۇ يەردە نامراتلىق ، ساۋاتسىزلىق ، قاششاقلىق ھۆكۈم سۈرەتتى . بىر قىسىم ئائىلىلەر ئىنتايىن نامرات ھالەتتە ئىدى . سەۋەب نەدە ؟ يەر-زېمىنلىرى ئۇنۇمسىزمۇ ؟ يايلاقتىكى مال-چارۋىلىرىغا ئاپەت تېگىپ تۇرامدۇ ؟ ئەھۋال ئۇنداقمۇ ئەمەس ئىدى . زىرائەتلىرى ئوبدان ھوسۇل بېرىپ ، مال-چارۋىلىرى كۆپىيىپ تۇراتتى . مىنگەن ئاتلىرى ئاجايىپ سېمىز ئىدى . ئۇنداق بولسا ، سەۋەب زادى نەدە ؟ سەۋەب شۇ ئىدىكى ، بۇ يەردە بۆرىدەك ئاچ كۆز ، يالماۋۇزدەك زالىم ، جاللاتتەك قانخور ئىككى ئائىلە پومېشچىك بار ئىدى . تېرىلغۇ يەر ۋە يايلاقلارنىڭ كۆپ قىسمى شۇلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى . مۇشۇ ئىككى ئائىلە پومېشچىك «كۆكقىر» خەلقىنىڭ دۇمبىسىگە

رودۇپايدەك چاپلىنىشۇپلىپ ، ئۇلارنىڭ قان-تەرىنى توختىماي شورايتتى . پومېشچىكلارنىڭ قولىدا يەنە ئالتۇن كانلىرىمۇ بولۇپ ، «كۆكقىر » خەلقى ئۇلارنىڭ قولىدا يازدا دېھقان ، قىشتا كان ئىنچىسىغا ئايلىناتتى ، جان ساقلاش ئۇچۇن ئاشۇ پومېشچىكلارغا ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى . بۇ پومېشچىكلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى سۇلايمان هاجى ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مەھەممەت هاللاڭ ئىدى . مەھەممەت هاللاڭ چىرىيە ، كېرىيىلەرگە خېلىلا مەشھۇر ئىدى ، كەچمىشلىرىمۇ ئۆزگىچە ئىدى . مەرھۇم شائىر ، سەنئەتچى مەتقۇربان ئىسمايىلنىڭ ئېيتىشچە ، مەھەممەت هاللاڭنىڭ هاياتى قەلەمگە ئېلىنسا ، ئىنسان ماھىيەتلىرىنى سۇرەتلەپ بېرىدىغان ئېسىل بىر رومان چىقاتتى . بىز ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ۋە كىچىك كادىرىمىز ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ «كۆكقىر »دا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى ئاشۇ مەھەممەت هاللاڭنىڭ هاياتىغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى .

دادىسى ئالتۇن كاندا كان بېسىشۇپلىپ ئۆلگەن چاغدا ، مەھەممەت تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغانىدى . تۇل قالغان ئانا ئۈچ ئوغلىنى قاتارغا قېتىش ئۇچۇن بايلارنىڭ — كان ئىگىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئىنسان بالىسى كۆرمىگەن خورلۇقلارغا چىداپ ئىشلەيدۇ . باللار ئاستا-ئاستا چوڭ بولىدۇ . ئەمما قىسمىتىدە ۋەيران بولۇش پۈتۈلگەن بۇ ئائىلە يەنىلا ۋەيران بولىدۇ . قەرز قايتۇرۇش ئۇچۇن كاندا ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان ئىككى چوڭ ئوغۇلمۇ كان بېسىشۇپلىپ ئۆلىدۇ . تۇل ئانىمۇ ئوغۇللىرىنىڭ دەردىدە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ كۆپ ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىدۇ ، تەتۇر پېشانە مەھەممەت يېتىم قالىدۇ . بۇ چاغدا ئۇ ئاران سەككىز ياشتا ئىدى . كىچىككىنە مەھەممەتنى شۇ يەردىكى شەررەپ بەگ

دېــگەن زومىگەر ، ئاتىسى ۋە ئانىسىدىن قالغان «قەرز» لەرگە ھېسابلاپ ئەكېتىدۇ . شەررەپ بەگ «لازىمى بار تاشنىڭ ئېغىرى يوق» ، بىر كۈنلىرى ئىشقا ياراپ قالار ، دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن . شۇنداق قىلىپ ، كىچىككىنە مەھەممەت شەررەپ بەگ خاندانىدا قوي-ئوچكە باقىدىغان كىچىك پادىچىغا ، كەچلىكلىرى شەررەپ بەگنىڭ قىزلىرى مىنىپ ، ئات-ئېشەك قىلىپ ئوينايدىغان كــىــچــىك قۇلغا ، ئاخشاملىرى شەررەپ بەگنىڭ چىلىمىغا ئوت ياقىدىغان كىچىك «چىلىمچى»غا ئايلىنىدۇ . سەككىز-ئون ياشلىق بــالا قــىــلالــمــايدىغان ئېغىر ئىشلارنى قىلىدۇ ، مەھەممەت قارا كۈنلىرىنى ئېغىر خورلۇقلار ئىچىدە داۋاملاشتۇرىدۇ . ۋەھالەنكى ئۇنى يەنە تېخىمۇ مۇدھىش كۈنلەر كۈتۈپ تۇراتتى .

بىلەمسىز ، ئۆچكە دېگەن بىر چاپىنكەش ھايۋان ، جىنلىق ھايۋان ... ياۋايى ئەجدادلىرىنىڭ تاغ-چوققىلاردا ، قىر-جىلغىلاردا چېپىپ يۈرگەنلىكلىرىنى ئۇنتۇمىغان بۇ ساقاللىق مەخلۇق ھېلىمۇ ئــوت-چــۆپ ئىزدەپ تاغ-قىيالارغا يامىشىشتىن ، ھاڭ-جىرالارغا سىيرىلىشتىن قورقمايدۇ . بىر كۈنى يېقىن تاغدا ئۆچكە بېقىپ يۈرگەندە ، مەھەممەت دىققەتسىزلىك قىلدىمۇ ياكى ئاشۇ جىنلىق ھايۋان چاپىنكەشلىك قىلدىمۇ ، ئىشقىلىپ ، بىر ئۆچكە قىيادىن ئــۇچــۇپ كــېــتىدۇ . ئاشۇ ئۇچۇپ كەتكەن ئۆچكە ئۆچكىلەرنىڭ سەركــىــســىــمــىــدى؟ بــۇ نــامــەلــۇم . ئــەمــمــا ئۇنىڭ قىيادىن سەكرىگەنلىكىنى كۆرۈپ يەنە بىرنەچچىسى ئارقىسىدىن سەكرەيدۇ . نەتىجىدە يەتتە-سەككىز ئۆچكە ئۆلىدۇ ...

شـــەررەپ بەگنىڭ نەزىرىدە مەھەممەتتەك يېتىم ئوغلاقنىڭ قــىــمــمــىــتىدىن بىر ئۆچكىنىڭ قىممىتى كۆپ ئۈستۈن ئىدى ، مـــەھەممەت ھېچنېمىگە يارىمايتتى ، ئۆچكىنىڭ بولسا گۆشىمۇ ، تېرىسىمۇ ، چۈپۈرىمۇ پۇلغا يارايتتى ، تېخى داۋاملىق ئوغلاقلاپ ،

يەنمۇ كۆپ بايلىق يارىتىپ بېرەلەيتتى . يەتتە-سەككىز ئۆچكىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن غەزەپكە كەلگەن شەررەپ بەگ ئۆچكىلەرنى «تاغدىن تاشلىۋەتكەن» مەھەممەتنى قاتتىق ئۇردۇرىدۇ . غالچىلار ئۇنى ئۇزۇمىلۇك باغدا قىسماققا چۈشۈپ قالغان لالما ئىتنى دۇمبالىغاندەك دۇمبالايدۇ . مەھەممەتنىڭ تېخى قېتىپ ئۈلگۈرمىگەن يۇمران سۆڭەكلىرى چۇل-چۇل بولۇپ كېتىدۇ . بىر قولى ، ئىككى قوۋۇرغىسى سۇنىدۇ ، ئاغرىق ئازابىدىن مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭ بىر تىرىلىدۇ ، نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ نەچچە قېتىم ھۇشىغا كېلىدۇ ، ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم كۈچۈكتەك ئىڭراپ يېتىپ قالىدۇ . ئەمدى ئىشقا يارىمايدىغان بىر پارچە گۆش كىمگە كېرەك؟ شەررەپ بەگ ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ . بىچارە يېتىم بالا ئەمدى ئاشۇ تاغ باغرىدا يېتىپ ئۆلۈپ كېتىشى ، ئۇنىڭ گۆشلىرىنى ئاشۇ تاغلاردا تاپ ئىزدەپ ئۇچۇپ يۇرىدىغان تازقارا يەپ تۈگىتىشى مۇمكىن ئىدى . ئەمما ئۇنىڭ تېخى كۆرىدىغانلىرى تۈگىمىگەنىكەن ، تارتقۇلۇقلىرى ئاياغلاشمىغانىكەن . ئۇ ئاشۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نەزەر باي دېگەن ئادەمگە ئۇچراپ قالىدۇ . نەزەر باي گەرچە باي ئادەم بولسىمۇ ، لېكىن تېخى ئادىمىيلىك پەزىلىتىنى تولۇق يوقىتىشقا ئۈلگۈرمىگەن ، پۇل ئۈچۈن ، بايلىق ئۈچۈن تەپكەن يۈرەكلىرى تېخى تاشتەك قېتىشقا ئۈلگۈرمىگەن بولسا كېرەك . ئۇ لەختە قان ئىچىدە ياتقان مەھەممەتنى ئەكېتىدۇ . داۋالاپ ساقايتىپ ئۆزىگە چاكار قىلىۋالىدۇ . مەھەممەت ئۇنىڭ ئۆيىدە ئاستا-ئاستا چوڭىيىپ ئون تۆت-ئون بەش ياشلارغا كىرىدۇ . تۆگە يېتىلىگۈدەك بولىدۇ ، نەزەر باي تۆگە-ئاتلىرى كۆپ ، تەرەپ-تەرەپكە كارۋان تارتىپ تىجارەت ۋە كىراكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئىدى . مەھەممەت ئۇنىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، نەزەر

بايىنىڭ تۆگىلىرىنى قاراقۇرۇمدىن ئېشىپ «ئىبراھىم كۆل»گە ، ئۇ يەردىنمۇ ھالقىپ ، تىبەت-لاساغا بارىدىغان ئەجنەبىي ئېكىسپېدىتسىيىچىلەر كىرا قىلىدۇ . نەزەر باي بىلەن مەھەممەت ئېكىسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ يۈك-تاقلىرى ئارتىلغان ئون بەش تۆگە ۋە يەتتە ئاتنى يېتىلەپ تىبەتكە كارۋان تارتىدۇ . قايتىش سەپىرىدە جۇدۇن-چاپقۇنغا ئۇچراپ ئاتلار ۋە ئون ئۈچ تۆگە ئۆلۈپ كېتىدۇ . نەزەر باي بىلەن مەھەممەت بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە قاپسىلىپ قېلىپ ، ئۆلۈپ كېتىشكە تاس-تاس قالىدۇ . ئۇلار خۇددى ئاتا-بالىدەك قۇچاقلىشىپ يىغلىشىدۇ ۋە ۋىدالىشىپ رازىلىشىدۇ ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ساق قالىدۇ . نەزەر بايىنىڭ پۇت-قوللىرى ئۇششۇپ كەتكەن ، ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكەن بولسىمۇ ، لېكىن «مايماق قاپاقنىڭ بېغى بەك» دېگەندەك مەھەممەتكە ھېچنېمە بولمايدۇ . مەھەممەت ئامان قالغان ئىككى تۆگىگە نەزەر بايىنى مىندۇرۇپ «چوڭ تاش» ، «كىچىك تاش»[1] دېگەن يەرلەر ئارقىلىق چىرىيە تاغلىرىغا قايتىپ كېلىدۇ . نەزەر باي بىر قىش يۆتىلىپ قان تۈكۈرۈپ يېتىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ . مۇشۇ كۈنلەردە مەھەممەتنىڭ چوڭىيىپ رەسمىي ئەمگەك كۈچىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرگەن شەررەپ بەگ «ئاتا-ئاناڭنىڭ قەرزىنى تۆلەيسەن» دەپ ئۇنى يەنە تۇتۇۋالىدۇ . دېمىسىمۇ بۇ چاغلاردا مەھەممەت سوقا-سەندەلدەك بەردەم ، كەسمىگەن توغراقتەك قامەتلىك ، ئۆكۈزدەك كۈچلۈك ، ئات-ئېشەكتەك چىداملىق بۇقا گەردەن يىگىتكە ئايلانغانىدى . ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئادەم تەبىئەتنىڭ كارامىتىگە ھەيران بولاتتى . يېمەي يېگۈزۈپ ، كىيمەي-كىيدۈرۈپ ، قاناتلىقتا قاقتۇرماي ، تىرناقلىقتا تاتىلاتماي ، تۇمشۇقلۇقتا چوقۇتماي چوڭ قىلغان باي بالىلىرىنىڭ سازلىقتىكى

---

[1] چوڭ تاش — چوڭ پۇلۇنى ، كىچىك تاش — كىچىك پۇلۇنى كۆرسىتىدۇ — ئا .

يىگىت قومۇشتەك ئاجىز تۇرقى بىلەن ئاچ-يالىڭاچلىقتا، تاياق-توقماق ئاستىدا چوڭ بولغان مەھەممەتنىڭ «نۇرى» دىكى يەتتە تۇپ سەگۇ تېرەكتەك قامەتلىك بەستى روشەن سىلىشتۇرما بولاتتى. ئۇ، «تاشلىۋەتكەننى ئىت يېمەپتۇ» دېگەندەك، قېقىلىپ-سوقۇلۇپ يۇرۇپمۇ يەنىلا قاتارغا قېتىلغاندى. شەررەپ بەگمۇ ئۇنى تۆگە يېتىلىگىلى سالىدۇ. مەھەممەت قوزغالغاندا يۈك ئارتىش، قونالغۇغا چۈشكەندە يۈك چۈشۈرۈش، يۈكلەرنى ئارغامچا-ئارقانلار بىلەن تېڭىشتەك ئىشلارغا پىشىپ كېتىدۇ. ئۇزاق تاغ يوللىرىدا تۆگە يېتىلەپ غەرىبتە خوتەن، شەرقتە كېرىيىلەرگە قاتنايدۇ. ئۇنىڭغا ئاش-تاماق ۋە ئۇچىسىنى يېپىپ تۇرغىدەك كىيىمدىن ئۆزگە ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. ئۇ ئاشۇ ئون-يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىسىنىڭ ھېچكىم بىلمەيدىغان، پەقەت شەررەپ بەگكىلا ئايان بولغان «قەرزى»نى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

بىر قېتىم كارۋان كېرىيىگە چۈشىدۇ. شەررەپ بەگ ۋە باشقىلار بازارغا سودا قىلىشقا كىرىپ كەتكەندە، مەھەممەت شەھەر سىرتىدا، يول بويىدىكى بىر پارچە ئاق يەرگە تۆگىلەرنى باغلاپ، ئۇلارنى ئوتقا قويۇپ خەۋەر ئالىدۇ. بۇ ئەتىيازنىڭ ئىللىق، شاماللىق بىر كۈنى ئىدى. غەربتىن سوققان شامال ھەممە نېمىنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. هاردۇق يەتكەن مەھەممەت تۆگىلەرنىڭ يېنىدا، تۆگىنىڭ چومىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالىدۇ. شامال ئۇنىڭ ئۇزۇن پەشمەتىنى ئۇچۇرۇپ دۇمچىسىگە تۇرمەكلەپ قويىدۇ، قوڭ-كاسىلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا ئىشتان يوق ئىدى. كونا پەشمەتنى بېرىشكە چىدىغان شەررەپ بەگ ئىشتان بېرىشكە چىدىمىغانىدى. ئۇنىڭ نەزەر باي بەرگەن ئىشتىنى ئالىقاچان يىرتىلىپ، چۇۋۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەنىدى.

مەھەممەتنىڭ «ئۇستىرا-كاپ» ، «لاقا-لۇققىلىرى» پەشمەتنىڭ پىنهاندا چەكسىز ئەركىنلىكتە ئىدى . مانا بۇگۇن ئەتيازنىڭ چاقچاقچى شاملى قىزلارنىڭ ياغلىقى بىلەن ئويناشقاندەك ، پەشمەتنىڭ ئۇزۇن پەشلىرى بىلەنمۇ ئوينىشىپ ئۆتتى . مەھەممەتنىڭ پىنهاندىكى يەرلىرى ئاشكارىلىنىپ قالدى . يولدىن ئۆتۇپ كېتىۋاتقانلار «ھاللاڭ» دەپ پىچىرلاشتى . چۇمبەلسىز ئايالالار شامال ئويناۋاتقان ياغلىقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن يۇزلىرىنى توسۇشتى . ئۇششاق بالىلارغا ئويۇن بولغاندى ، ئۇلار «ھاللاڭ ، ھاللاڭ ، ھاللاڭ» دەپ ۋارقىرىشاتتى . دەل شۇ چاغدا كارۋاندىكى ھەمراھلاردىن بىرى كېلىپ قالدۇ . ئۇمۇ مەھەممەتنىڭ ئوچۇق قالغان يەرلىرىدىن نومۇس قىلىپ ، «ھاي مەھەممەت ، ھاي مەھەممەت ھاللاڭ ، قوپ دەيمەن ، ھاي مەھەممەت ، قوڭ-كاسىلىرىڭنى ياپ دەيمەن» دەپ ۋارقىرايدۇ . كەچتە بۇ ئىشنى كارۋاندىكى باشقا ھەمراھلارمۇ ئاڭلايدۇ . شۇنداق قىلىپ «ھاللاڭ» دېگەن سۆز مەھەممەتكە لەقەم بولۇپ قالدۇ . ئەمدى شەررەپ بەگ ۋە باشقىلارمۇ ئۇنى «مەھەممەت ھاللاڭ» دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ . دېمىسىمۇ ، باشقىلاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۇچۇن بىرەر لەقەم بولۇشى كېرەك ئىدى . مۇشۇ خەلقتە شۇنچە نۇرغۇن مەھەممەت تۇرسا ، لەقەم بولمىسا ، ئۇنى قانداق پەرقلەندۇرگۇلۇك ؟ لەقەمنىڭ ئاسماندىن چۈشكىنى مانا شۇ .

مەھەممەت ھاللاڭ شەررەپ بەگنىڭ كارۋان تۆگىلىرىنى ھەيدەپ يۇرگەن ئاي-كۇنلەردە ، شەررەپ بەگ دېگەن بۇ قېرى ئوغرى زەينەپ ئىسىملىك كىچىك دېدىكىنى خارلاپ ئۇنى ھامىلدار قىلىپ قويىدۇ . بۇ قاقباش ئەبلەخ رەسۋاچىلىققا قېلىشتىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە ، زەينەپنى ئانچە-مۇنچە ئالتۇن-كۇمۇش بىلەن ئالداپ ، مەھەممەت ھاللاڭنى ئاتا-ئانىسىدىن قالغان قەرزنى

كۆتۈرۈۋېتىش، ئۆزىنى ئەركىنلىككە چىقىرىش شەرتى بىلەن كۆندۈرۈپ، زەينەپنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويىدۇ. مەھەممەت ھاللاك زەينەپنى باشلاپ چىرا تاغلىرىنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ شۇ تاغلارنىڭ ئىچكىرىسىدە ئون بەش يىل سەرسان-سەرگەردانلىقتا تۇرمۇش كەچۈرگەندىن كېيىن ئاخىرى يەنە «پۇماس تېغى» باغرىدىكى «يولچىن دالاسى»غا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ شەررەپ بەگ ئاللىقاچان ئۆلگەن، مال-بىساتى كۈيئوغۇللىرىغا قالغان چاغلار ئىدى. بۇ يەردىكىلەر مەھەممەت ھاللاكنىڭ خېلىلا ئەتلىنىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇ «كۆكقىر»دىن يەر سېتىۋېلىپ ئۆي سالىدۇ. كېيىن ئۇ «بىلەڭگۇ»، «خورازپىچىم» دېگەن يەرلەردە نىياز ھېكىم بەگ دەۋرىدىن قالغان كونا كانلارنى ئاچتۇرىدۇ. «ئاقچىغ»، «كىچىك ساي»، «چوڭساي» دېگەن يەرلەردە يايلاقلارنى قولغا كىرگۈزىدۇ. «ئۇلۇغ ساي دەرياسى» نىڭ باش ئېقىنىدىن ئۆستەڭ ئالدۇرۇپ، يايلاقلارغا سۇ باشلاپ تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرىدۇ، تېرىم يەرلەرنى ئاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ مۇشۇ ئەتراپتىكى كاتتا زېمىن ئىگىسى، چارۋىدار ۋە زەردارغا ئايلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنى باي بولۇشلا ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەممىدىن بەكرەك ئاشۇ شەررەپ بەگ ئەۋلادلىرىنى خانىۋەيران قىلىشنى ئىستەيتتى. قەلبىدە شەررەپ بەگنىڭ قىز-كۈيئوغۇللىرىغا، نەۋرىلىرىگە بولغان بىر خىل ئاچچىق ئۆچمەنلىك قايناپ تاشاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن خانىۋەيران قىلدى، بەزىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ كونا كان قۇدۇقلىرىغا كۆمۈپ تاشلىدى. تېخىمۇ ئەجەللىكى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئىشلەمچى تۇرمايدىغان قىلىۋەتتى. مەھەممەت ھاللاك ئاشۇ «يۇلچىن»، «قىزىل يول»، «مەسچىت دۆڭ» دېگەن يەرلەردە ئالتە-يەتتە

كىلومېتىر ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ تېرىم يەر ئاچقاندا ، سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرگە ئاش-تاماق ، كىيىم-كېچەك بەرگەندىن سىرت ئۇلارغا يەنە ھەر ئالتە ئايلىقى ئۈچۈن ئاتمىش-يەتمىش چارەكتىن قوناق ئىش ھەققى بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . بۇ ئىش چىرىيە تاغلىرىغا پۇر كەتتى . ئىشلەمچىلەر مەھەممەت ھاللاڭ تەرەپكە ئېقىشقا باشلىدى . شەررەپ بەگنىڭ قىز-كۈيئوغۇللىرى ۋە باشقا بايلار كان ئاچتۇرۇش ، تېرىچىلىق قىلىش تۇگۇل چارۋىلىرىنى باقتۇرىدىغانغا پادىچىمۇ تاپالماي قالدى . مەھەممەت ھاللاڭنىڭ كۆزلىگىنىمۇ شۇ ئىدى . ئۇ ئاشۇلارنىڭ خانىۋەيران بولۇپ ، جېنىنىمۇ باقالماي قېلىشىنى ، ئاخىرىدا ئىتتەك كۈچۈكلىنىپ ئۆز ئالدىغا كېلىشىنى ئىستەيتتى ، ئەمما ئۇلار باشقىچە يول تۇتتى . مەھەممەت ھاللاڭنىڭ ئۈستىدىن كېرىيە ئامبىلىغا ئەرز قىلدى ، ئۇنى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل دەپ چاقتى . دېمىسىمۇ مۇشۇ مەھەممەت ھاللاڭ قايتا پەيدا بولغاندىن بېرى بۇ تاغلار ئارىسىدا ئوندەك ئادەم ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەنىدى . بۇنداق قاتىلنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشكە بولمايتتى . كېرىيە ئامبىلى مەھەممەت ھاللاڭنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ، زۆرۈر بولسا ئۇنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن چىرىيە تاغلىرىغا دورغا چىقارتتى . ۋەھالەنكى بۇ كۈنلەردە مەھەممەت ھاللاڭنىڭ يۈرىكى يوغىناپ ئامبالنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى . ئۇ ئادەملىرىنى تاغ ئۈستىگە مۆكتۈرۈپ ، پەستىكى يولدىن دورغا بېگىم ئۆتۈۋاتقاندا ، يۇقىرىدىن قورام تاشلارنى دومىلىتىپ ، ئۇنى تاشقا باستۇرۇپ ئۆلتۈردى . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كېرىيە ئامبىلى ئەمدى مەھەممەت ھاللاڭنى تۇتۇشقا رەسمىي ئەسكەر چىقاردى . ئەسكەرلەرنى خوجەخمەت بەگنىڭ دادىسى ئېلى بەگ باشلاپ چىقتى . شەررەپ بەگنىڭ كۈيئوغۇللىرى ئاشۇ ئۆزۈن

چاچلىق ، نەيزە-قىلىچلىق ئالتە ئەسكەرنى باشلاپ مەھەممەت ھاللاڭنى تۇتۇشقا ئاتلاندى . لېكىن ئەسكەر چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مەھەممەت ھاللاڭ بۇنىڭغۇ تەييارلىقنى قىلىپ قويغانىدى . تۇتقاۋۇللار ئاشۇ «تار بوغۇز» دېگەن قىيادىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، مەھەممەت ھاللاڭنىڭ ئادەملىرى ئەينەك پۇچۇقى بىلەن شولا چۈشۈرۈپ ، بىر-بىرى بىلەن ئالاقىلەشتى-دە ، ئالدىنئالا «تار بوغۇز» يولىغا كۆمۈپ قويغان ئارقاننى بىراقلا سۆرەپ ، ئاتلىق تۇتقاۋۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئىككى يۈز مېتىر چوڭقۇر جىلغىغا ئىرغىتىپ تاشلىدى . ئەسكەرلەرمۇ ، سەرەپ بەگنىڭ كۆيئوغۇللىرىمۇ ئۆلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن كېرىيە ئامبىلى يەنە ئىككى-ئۈچ قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ باققان بولسىمۇ مەھەممەت ھاللاڭنى تۇتۇش ئەمەلگە ئاشمىدى . ئەسكەر چىققان چاغلاردا مەھەممەت ھاللاڭ ھەممە نېمىسىنى تۆگە-قوتازلارغا ئارتىپ ، چارۋىلىرىنى ھەيدەپ چىرىيە تاغلىرىنىڭ ئىنسان ئاياغ باسمىغان چوققىلىرىدىن ئېشىپ تىبەت تەرەپكە كىرىپ كېتەتتى ، ئەسكەرلەر قايتسا يەنە يېنىپ كېلەتتى . كېيىنكى كۈنلەردە كېرىيىدە ئامبال ئالماشتىمۇ ياكى ئامباللار «تاغ ئوغرىسى» بىلەن ھەپىلىشىۋېرىشنى راۋا كۆرمىدىمۇ ، ئىشقىلىپ ، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى . مەھەممەت ھاللاڭ چىرىيە تاغلىرىدا ئۆزى بەگ ، ئۆزى خانغا ئايلاندى . چىرىيە تاغلىرىدا ياشايمەن دېگەنلەر ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەسلىكى كېرەك ئىدى . بايلىقى تولۇپ تاشتى ، «بايلىقى تولىلىقىدىن تۆڭلۈكىدىن ئاق ئەلەم چىقاردى» .①

مۇشۇ «كۆكقىر» دىكى تېرىلغۇ ۋە يايلاقلارنىڭ كۆپ قىسمىمۇ شۇنىڭ ئىلكىدە ئىدى . يەنە «قىزىل يول» ، «چوڭ ساي» ،

---

① ئەينى چاغدا بايلارنىڭ دەپنە-دۇنياسى مەلۇم چەككە يەتسە ، ئاق ئەلەم چىقىراتتى .

«كىچىك ساي» ۋە باشقا يەرلەردىمۇ يايلاق ۋە تېرىلغۇلىرى بار ئىدى. ئىلكىدە مىڭ مودەك تېرىلغۇ، ئالتە مىڭ تۇياق قوي، بەش يۈز تۇياق ئات، ئۈچ يۈز تۇياق قوتاز، يەتمىش تۇياق كالا، ئەللىك تۇياق تۆگە بار ئىدى. يەنە بىلەنگۇ، خوراز پىچىم[1] دېگەن يەرلەردە نۇرغۇن كانلىرى، تىقىپ-ساقلاپ قويغان ئېرىغ مال (ئالتۇن) لىرى بار ئىدى.

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە بىزنىڭ كىچىك كادىرىمىز ئىسمايىل ئەھمەد «بادىغان يېزىسى» نىڭ مۇھەممەت ھاللاڭ ئۇلتۇرۇشلۇق «كۆككىر» كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە، ئاشۇ داڭلىق پومېشچىك، قانخور زالىم مەھەممەت ھاللاڭ ئاللىقاچان قېرىپ ھالىدىن كەتكەن. ئەمدى ئۇنىڭ ئوغۇللىرى نارمۇھەممەتخان، ھۆسىيىنخان، مامۇتخانلار ھۆكۈم سۈرۈپ يۈرەتتى. ئەمما قېرىپ كېتىپتۇ دەپ زالىم پومېشچىكقا يول قويۇشقا بولمايتتى. ئۇنىڭدىن سىياسەت بويىچە ھېساب ئېلىش، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ، «كۆككىر» كەمبەغەللىرىنىڭ قەددىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك ئىدى. ئۇلارنى مەھەممەت ھاللاڭنىڭ ئېكسپىلاتسىيە قىلىشىدىن ئازاد قىلىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش كېرەك ئىدى. بىزنىڭ كىچىك كادىرىمىز «باش كۆككىر»، «ئاياغ كۆككىر» ئارىسىدا چېپىپ يۈرۈپ خىزمەت ئىشلىدى. ئەسىرلەردىن بېرى زۇلۇمغا كۆنۈپ كەتكەن، يۈرەكلىرى قايتا-قايتا ئېزىلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى يوقاتقان قوۋمنى ئازاد قىلماق، قەددىنى كۆتۈرگۈزمەك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. كىمدۇر بىرى: «بىزنىڭ زۇۋۇلىمىز ئاشۇنداق كىچىك ئۇزۇلگەن» دەپ تۇرۇۋالسا، يەنە قايسىدۇر

① چاقار، بادىغان يېزىلىرىدىكى يەر ناملىرى.

بىرى : «مەھەممەت ھاللاڭغا خۇدا بىرىپتىكەن ، خۇدا بەرگەنگە خۇدابەردىكام غىڭ قىلسا قانداق بولىدۇ ؟ » دەپ تۇرۇۋالاتتى . يەنە بىرلىرى تېخى : «ئاشۇ يىلى ئاچ قالغىنىمىزدا ئاشلىق بىرىپ تۇرغان ، يەر ئىجارە ئېلىپ تېرىماقچى بولغىنىمىزدا ئۆكۈز ، بوقۇسا-بۇيانلاقلىرىنى بىرىپ تۇرغان ئادەممۇ يامان ئادەم بولامدۇ ؟ » دەپ ئۆكتە قوپاتتى . ئاشۇ پومېشچىكلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئەزگەنلىكىگە ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغانلىقلىرىغا ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك ھەققىنى ئىگىلىۋالغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى . تېخىمۇ يامىنى ئۇلار يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ راستىنلا بەگ-پومېشچىكلارنى يوقىتىدىغانلىقىغا ، ئادەملەرنى تەڭ-باراۋەرلىككە ئېرىشتۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى ، ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئادەتنى قانداق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ دەپ ئويلاتتى . دېمىسىمۇ ، رەجەپ بەگنىڭ ئورنىغا سۇپۇرگە بەگ ، سۇپۇرگە بەگنىڭ ئورنىغا شەررەپ بەگ ، شەررەپ بەگنىڭ ئورنىغا ئېلى بەگ ، ئېلى بەگنىڭ ئورنىغا خوجەخمەت بەگ چىقىپ كەلگەن ئالەم ئىدى بۇ . ئەمدى بەگلەرنى يوقاتسا ، ھۆكۈمەت كىمگە تايىنىپ باج يىغىدۇ ؟ خوتەنگە كېرىيىگە ئاپىرىپ تۆكىدىغان لەڭنى كىم ھەيدەيدۇ ؟ تاغلىقلار مانا مۇشۇنداق ئويلايتتى . مۇشۇنداق ئويلىغان خەلققە ئەھۋالنى قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈشكە ، ئون قېتىم ، يۈز قېتىم ، مىڭ قېتىم چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلەتتى . بىزنىڭ كىچىك كادىرىمىز ئىسمايىل ئەھمەد ۋە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشقا كادىرلىرى ئۇلارغا ئون كۈن ، يىگىرمە كۈن ، قىرىق كۈن ، سەكسەن كۈن چۈشەندۈردى ، سۆزلىدى ، ئاخىرى ئۇلارنى ئىشەندۈردى . مەھەممەت ھاللاڭنى زەمبىل بىلەن كۆتۈرۈپ بولسىمۇ كۈرەش سەھنىسىگە ئاچىقىپ قائىدە سۆزلەپ ھېساب ئالدى . قېرى پومېشچىك قورقۇپ كېتىپ ، دەسلەپتىلا ئون

ئالته جىلى ئالتۇن تاپشۇردى . ئاشۇ ھېساب ئالغان كۇنى ئاخىرى تاغ خەلقى دەرد-ئەلەملىرىنى تۆكۇشۇپ ، ھۆڭ-ھۆڭ يىغلاپ كېتىشتى . ئۇلار ئاخىرى ئويغىنىپ ، مەھەممەت ھاللاڭدىن ھېساب ئالغۇدەك جۇرئەتكە ئىگە بولغانىدى . پومېشچىكنىڭ يەرلىرى ، مۇلۇكلىرى تارتىۋېلىنمىغان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ مال-مۇلكىنى ئېنىقلاش ، زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى ئۇستىدىن ھېساب ئېلىپ ، ھەيۋىسىنى ئۇرۇپ چۇشۇرۇش ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، كەمبەغەللەرنى يېتەرلىك ئەمگەك ھەققىگە ئىگە قىلىش ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تاماملىغان «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتى» 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چىرىيە بازىرىغا قايتىپ كەلدى . تۇزلەڭدە ئاللىقاچان يازنىڭ قۇرغاق ، ئىسسىق كۇنلىرى باشلىنىپ كەتكەن ، ئېتىز قىرلىرىدىكى قارا ئۇجمە قۇندۇزدەك پارقىراپ ، ئاق ئۇجملەر ئاق رەڭلىك قاشتېشىدەك جۇلالاپ ، مەي باغلاپ پىشقان ، ئاچچىق ئۆرۇكلەرنىڭ تۇكلۇك غورىلىرى ياپراقلار ئارىسىدىن ئۇسىمدەك كۆكىرىپ كۆرۇنۇشكە باشلىغانىدى . شۇنداقتىمۇ كىچىك كادىر ئىسمايىل ئەھمەد چىرىيە بازىرىغا ھېيت ئاخۇن ئاكا ياساپ بەرگەن ئىسسىق چورۇق بىلەن كىرىپ كەلدى . ئۇنى يېڭى-يېڭى سەپەرلەر ، يېڭى-يېڭى مەنزىللەر كۇتۇپ تۇراتتى .

## 3 . سەپتىن چىقىرىۋەتكۇچى بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ قېلىش

پەلەكنىڭ گەردىشى تۇگمەن تېشىدەك توختىماي چۆرگىلەيتتى ، ۋاقىت ئاتقان ئوقتەك تېز ئۆتەتتى . ئەمما كىشلەر

كۈنسېرى يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلارغا يېتىشەلمەي ئاۋارە ئىدى . ئاجايىپ ، ئاتام كۆرمىگەن ، قۇلاق ئاڭلىمىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتاتتى . يۇقىرىدىن «يەر ئىسلاھاتى» ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشتى . يەر ئىسلاھاتىدا كىشىلەرنى «پومېشچىك» ، «باي دېھقان» ، «ئوتتۇرا دېھقان» ، «ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى» ، «كەمبەغەل دېھقان» دەپ تەبىقە-تەبىقىلەرگە بۆلۈش ، ئاندىن كېيىن «پومېشچىك» ، «باي دېھقان»لارنىڭ يەر-زېمىنىنى ، بوقۇسا-ساپانلىرىنى ، ئايۋان-سارايلىرىنى ، ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى «كەمبەغەل دېھقان» ۋە نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىش كېرەك ئىدى . چىرىيە چىرىيە بولۇپ ، چىرىيىدە ئىنسان ئولتۇراقلىشىپ ئۆتكەن نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدا بۇنداق ئىش ئەسلا بولۇپ باقمىغانىدى .

ئەمما «يەر ئىسلاھاتى» ئېلىپ بېرىش ئاددىي ئىش ئەمەس ئىدى ، مۇرەككەپ ، ئىنچىكە ، نازۇك خىزمەت ئىدى . تەركىبلەرنى توغرا ئايرىش ، يەر-زېمىن ، مال-دۇنيانى توغرا تەقسىم قىلىش ئۈچۈن تەربىيىلەنگەن خىزمەت ئەترىتى بولۇش كېرەك ئىدى . يېڭى قۇرۇلغان خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم خوتەندە كۇرس ئېچىپ ، «يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتى» كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى ، سىياسەت ، قائىدە-تۈزۈملەرنى ئۆگىتىشنى ، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ تەرتىپ-باسقۇچلىرىنى بەلگىلەپ چىقىشنى قارار قىلدى . گۇما ، قاراقاش ، خوتەن ، لوپ ، چىرىيە ، كېرىيە ، نىيەدىن نەچچە مىڭ كادىر— يېڭى ھۆكۈمەت ئەتراپىغا ئۇيۇشقان دېھقان باللىرى خوتەن شەھىرىگە يىغىلىشى كېرەك ئىدى . چىرىيىدىن تۆت يۈز نەپەر كادىر خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىچىك كادىر ئىسمايىل ئەھمەدمۇ بار ئىدى . ئەمدى ئۇ ئۈچ ئاي سەككىز يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى ئالغان ، ئىجارە

ھەقىقىنى كېمەيتىش خىزمىتىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن تەجرىبىلىك كادىر بولۇپ قالغانىدى . ئەڭ مۇھىمى ، ئۇنىڭمۇ باشقا كادىرلارغا ئوخشاشلا قەلىمى ، لۆڭگىسى ، چاي ئىچىدىغان كورۇشكىسى بار بولغانىدى . بۇلار شۇ چاغلاردىكى رەسمىي كادىرلارنىڭ بەلگىسى ئىدى . بۇ نەرسىلىرى يوقلارنى كىشىلەر كادىر ھېسابلىمايتتى . ئەمەلىيەتتىمۇ ، سەككىز يۈەن تۇرمۇش پۇلى ئاشۇنداق تۇرمۇش ۋە خىزمەتكە زۆرۈر نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بېرىلەتتى . نەچچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ قەلبىدە بىر دانە قەلەمگە ئېرىشىش ئارزۇسى ھۆكۈم سۈرەتتى . باشقىلارنىڭ قەلەملىرىنى مەيدىسىگە قىستۇرۇپ يۈرگەنلىرىنى كۆرسە يۈرىكىگە ئوت كېتەتتى . ئەمدى مانا ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقانىدى . تاغدىن يېنىپ كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، ئۇ بېرىلگەن تۇرمۇش پۇلىغا چىرا بازىرىدىن بىر دانە «ئەمگەك» ماركىلىق قەلەم سېتىۋالدى . قارا رەڭلىك ، كاۋچوكتىن ئىشلەنگەن بۇنداق قەلەمنى كىشىلەر «لوتۇڭپەي» قەلەم دېيىشەتتى . ئۇنداق قەلەم چوڭ ، سىياھىنىمۇ كۆپ ئىچەتتى . خەت يازغاندا سىياھى ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇراتتى . مانا ئەمدى ، ئاشۇ خوتەنگە — يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا كېتىۋاتقان يولدا ، ئاشۇ قەلەم ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىغا قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى .

ئۇ چاغلاردا چىرىيىدىن خوتەنگە ، خوتەندىن چىرىيىگە بارىدىغان ئۇلاغلىق ياكى پىيادە يولۇچىلار ھازىرقى تاشيول (ئاسفالت يول) بىلەن ئەمەس ، بەلكى قۇملۇقنىڭ ئىچىدىكى قەدىمىي كارۋان يولى— «ئۇلۇغ يول» بىلەن ماڭاتتى . تاشيول بارلىقى بار ئىدى . ئۇ قەشقەر-خوتەن تاشيولى تۇتاشتۇرۇلغانىنىڭ ئىككىنچى يىلى ، يەنى 1941 -يىلى ياسالغانىدى . خوتەن ، چىرىيە

تەرەپلەرگە ئايدا، يىلدا، ئاندا-ساندا كېلىپ قالغان رۇس كوڭكىلىرىلا ئاشۇ تاشيولدا قاتنايتتى. قالغان ئۇلاغلىق ياكى پىيادە ماڭىدىغان يولۇچىلار بولسا يەنىلا قۇملۇق ئىچىدىكى ئەسلىي يولدا ماڭاتتى. قۇملۇق ئىچىدىكى يول «توپا» نىڭ غەربىدىكى «ئەشمەلەڭگەر» ئارقىلىق چىرىيىدىن چىقىپ، «بەشتوغراق» قا، ئۇ يەردىن «دول» غا ئۆتۈشۈپ، لوپنىڭ يېزا-كەنتلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ خوتەنگە سوزۇلاتتى. «ئەشمەلەڭگەر»دىن «بەشتوغراق» قىچە، «بەشتوغراق»تىن «دول» غىچە بولغان چۆل ئىچىدىمۇ يول لىنىيىسى قەدىمىي توغراقلىقلار ۋە يۇلغۇنلۇقلار ئارقىلىق ئۆتەتتى. توغراقلارنىڭ سايىسىدە دەم ئېلىپ، سايىداپ ماڭغىلى بولاتتى.

مانا هازىر چىرىيىدىن چىققان تۆت يۈز نەپەر كادىر يوتقان-كۆرپىلىرى ئارتىلغان ئۇلاغلارنى هەيدەپ، ئاشۇ توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق يوللار بىلەن خوتەنگە قاراپ كېتىپ باراتتى. باش يازنىڭ ئوتتەك ئاپتىپى ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. سۇسىز چۆل ئۇلارنى ئۇسسىتىپ بىر تامچە سۇغا تەشنا قىلاتتى. ئۇلار هەربىرىچە سۇدانلارغا ياكى قاپاقلارغا ئېلىۋالغان سۇنى ئاز-ئازدىن ئىچىپ ئىلگىرلەيتتى. ئەمما روهى جۇشقۇن ئىدى. ئۇلار بىرىنچى كۈنى «بەشتوغراق»تا قوندى. ئىككىنچى كۈنى «دول»دىن ئۆتۈپ «جىيا»غا يېقىنلاشتى. ئۈچىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن خوتەن شەهىرىگە كىرىپ كەلدى. چىرىيە ناهىيىسىدىن كەلگەن يەر ئىسلاهاتى خىزمەت ئەترىتىنىڭ كۇرسانتلىرى بىلەن خوتەن ناهىيىسىدىن كەلگەن كۇرسانتلار خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئورۇنلاشتى. ئۇ چاغلاردا خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى هازىرقى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىغا، هازىر «مائارىپ ئىنستىتۇتى» جايلاشقان قورۇنىڭ ئىچىگە

ئورۇنلاشقانىدى. گۇما، قاراقاشتىن كەلگەن كۇرسانتلار «چايخانا مەكتەپ»كە، لوپ، كېرىيە، نىيەلەردىن كەلگەنلەر يەرلىك ماللار شىركىتىگە ئورۇنلاشقانىدى. نەچچە مىڭ كۇرسانت مانا شۇ يەرلەردە ئۈچ ئايلىق تەلىم-تەربىيىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمدى يەنە نېمىلەرنى يازىمىز؟ ئاشۇ ئۈچ ئاي داۋاملاشقان دوكلاتلار، لېكسىيىلەر، مۇزاكىرىلەر ئەينى چاغدىكى ياش كادىرلارنى قىزىقتۇرالىغان بىلەن بۇگۈنكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنى زادىلا جەلپ قىلالمايدۇ. ياش كادىرىمىز ئىسمايىل ئەھمەد ئاشۇ يەردىكى ھەممە كۇرسانتلارغا ئوخشاش ئاڭلىدى، مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئۆگەندى. ساۋاتى كۆپلەردىن ياخشىراق، زېھنى باشقىلاردىن كۈچلۈكرەك بولغاچقا، ئىگەللىگەن بىلىملىرى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ بولدى. مۇشۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئۈچ ئاي كۇرسقا قاتنىشىش جەريانىدا، ئۇنىڭ ھاياتىدا مۇھىم بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئۇنىڭ ياخشى ئوقۇغانلىقىنى، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق ئىكەنلىكىنى، كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق ئىزباسارى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن يەر ئىسلاھاتى كۇرسىنىڭ ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلى ئۇنى ئىزدەپ كەلدى، دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنى تەكلىپ قىلدى. كىچىك ئىسمايىل ئەھمەدمۇ دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ جۈڭگو ياشلىرىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى ئىكەنلىكىنى، ياشلارنى تەربىيىلەپ كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلىپ، دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرىشكە ئىلتىماس بەردى. ئاز ۋاقىت تەربىيىلەش ۋە ئىبراھىم روزى، ئىبراھىم پاسارلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۈڭگو دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى ئۇنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى. بۇنى ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ باشلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىدە سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى نىشان قىلغان سىياسىي تەشكىلاتلاردىن مەيلى ئىدىيە، مەيلى تەشكىلىي جەھەتتە زادىلا ئايرىلىپ باقمىدى. باشتىن-ئاخىر شۇلار بىلەن بىردەك بولدى ۋە ئاشۇ سىياسىي نىشان ئۈچۈن تىرىشتى.

شۇنداق قىلىپ، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئىسمايىل ئەھمەد ئۈچ ئايلىق يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىنى ئۇتۇقلۇق تاماملاپ چىرىيە دىيارىغا قايتىپ كەلدى. خوتەنگە قايسى يول بىلەن پىيادە بارغان بولسا، ئوخشاشلا چىرىيىگىمۇ شۇ يول بىلەن پىيادە قايتىپ كەلدى. ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى، جاپادا ئالدىدا، ھالاۋەت كۆرۈشتە كەينىدە تۇرۇشى كېرەك ئىدى. قايتىشتا، يەرلىك پارتكوم بىلەن ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق گارنىزون قىسمى ئالايىتەن كادىرلارنى ئاپىرىپ قويۇشقا ئاجراتقان بىرقانچە ماشىنا چىقىپ قالدى. بۇ، ئازادلىق ئارمىيە گومىنداڭدىن ئولجا ئالغان، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «دادوجى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاپتوموبىللار ئىدى. ئۆمرىدە بىر-ئىككى قېتىملا ئاپتوموبىل كۆرگەن، تېخى بىر قېتىممۇ ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ باقمىغان دېھقان بالىلىرىنىڭ ئاجايىپ تېز چاپىدىغان تۆمۈر مەخلۇققا ئولتۇرۇپ باققۇسى كەلمەسمۇ؟ ئەمما يەنىلا بۇ پۇرسەتنى تېخىمۇ يىراققا بارىدىغان كېرىيە، نىيەلىقلارغا، تېنى ئاجىزراق پېشقەدەملەرگە ئۆتۈندى. ئاشۇ پۇرسەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆتۈنگەنلەرنىڭ بىرىنچىسى ئىتتىپاق ئەزاسى ئىسمايىل ئەھمەد ئىدى. تالىشىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى، كەلگۈسىدە بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن مەتكېرەم ئەپەندى سۆزلەپ ھېكايە قىلغان ئايروپىلان، پاراخوت، پويىز، ئاپتوموبىللارغا ئولتۇرىدىغان كۈنلەر يېتىپ كېلەر بەلكىم ... دېمىسىمۇ شۇنداق بولدى. ئۈچ-تۆت يىل

ئۆتە-ئۆتمەيلا ئۆنىڭغا بارلىق يوللارنى ئەڭ زامانىۋى قاتناش قوراللىرى بىلەن ماڭىدىغان چاغلار يېتىپ كەلدى . تېخمۇ كېيىنكى چاغلاردا بولسا ، ئېسىل كىچىك ماشىنا ئۆنى ئىشىك ئالدىدىنلا ئەكېتىپ يەنە ئىشىك ئالدىغىلا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولدى . ئەگەر بىز بۇنى ئۆنىڭ تۇنجى قېتىم يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇش پۇرسىتىنى باشقىلارغا ئۆتۈنگەنلىكى بىلەن سېلىشتۇرساق ، ئېسىمىزگە بوۋىلاردىن قالغان «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پىشار» دېگەن ھېكمەت كېلىدۇ . بىز كېيىن ئۆنىڭ ماشىنا-ئاپتوموبىللار بىلەن ، ئايروپىلانلار بىلەن ، پويىزلار ، پاراخوتلار بىلەن قىلغان سەپەرلىرىگە يەنە قايتىپ كېلىمىز . ھازىر بولسا ئاشۇ «دول»دىن «ماموت لەڭگەر»گە ، «ماموت لەڭگەر» دىن «بەشتوغراق»قا ، «بەشتوغراق»تىن «ئەشمەلەڭگەر»دىكى «پانۇس تىرەك»كە قىلغان پىيادە سەپىرىگە ياندىشايلى . «كوڭكا» غا ئولتۇرۇش پۇرسىتىنى باشقىلارغا ئۆتۈنگەن ياش يىگىتلەر كۆلۈپ-ئوينىشىپ ، سەكرەپ-تاقلاپ يۈرۈپ چىرىيە دىيارىغا ئۈچ كۈندە يېتىپ كەلدى . ئانچىۋالا ھېرىپمۇ كېتىشمىدى . ھېرىپ-چارچاش دېگەنلەر ياشلىق بىلەن سىغىشالمايتتى . قاچاندۇر بىر چاغلاردا ، ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئاتا تەرەپ يىراق بوۋىسى جارۇللاكام تۆگە كارۋانلىرىنى ھەيدەپ بېسىپ ئۆتكەن يىراق مۇساپىلەرگە سېلىشتۇرغاندا خوتەن بىلەن چىرىيىنىڭ ئارىلىقى يىراق ھېسابلانمايتتى . ئۇلار چىرىيىگە يېتىپ كەلگەن كۈنلەردە 9-ئاي ئاخىرلىشىۋاتاتتى . ئۈزۈم - شاپتۇللار پىشقان ، ئېتىزلارنى ئاقچى قوغۇننىڭ مەزىلىك ھىدى قاپلىغانىدى . «توپا» يېزىسىدىكى ئانارلىق باغلاردا ئانارلار يېرىلىپ ياقۇتتەك قىپقىزىل ئانار دانلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى . ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىدە قالغان كادىرلارنى تەشكىللەپ ، «دامىكۆ» (4-رايون) دا ئاللىقاچان يەر

ئىسلاھاتى سىناق خىزمىتىنى باشلىۋەتكەن بولغاچقا ، خوتەندە ئوقۇپ كەلگەن كورسانتلارغا چىرىيە باغلىرىنىڭ شېرىن-شەربەتلىرىدىن كۆپ لەززەتلىنىشكە پۇرسەت بولمىدى . ئۇلار دەرھال ھەر قايسى رايون ، يېزىلارغا تەقسىملىنىپ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە ئاتلىنىپ كەتتى . ئىسمايىل ئەھمەد «گۇلاخما» (3-رايون) نىڭ «مەدىر ئېقىن» يېزىسىغا تەقسىم قىلىندى .

بۇ يەردىكى «گۇلاخما» نى «گۇلخۇمار» دىن ئۆزگەرگەن دەپ ئىزاھلاش خاتا ۋە تىل ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . سۆز ئورانىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، «گۇلاخما» «گولەخ» (كۆل) ۋە «مار» (يىلان) دېگەن ئىككى تۈپ سۆزدىن ياسالغان . خوتەن شېۋىسىدە «ئۇ»نىڭ «ئۇ»غا ، «ئۆ»نىڭ «ئو» غا ئورۇن بوشىتىدىغانلىقىنى ، سۆز ئاخىرىدا كەلگەن «ر» تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنمايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالساق ۋە بەك قەدىمىي زامانلاردا (يەنى ھازىرقى پارس تىلىغا يېقىن ساك تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلارنىڭ زامانىدا) بۇ ئەتراپنىڭ ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونلار ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدە تۇتساق ، كۆز ئالدىمىزدا كۆلدە يېتىپ قالغان يىلان گەۋدىلىنىدۇ . روشەنكى «گۇلاخما» دېگەن سۆز گۆلەختە يېتىپ قالغان «مار» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان ۋە شۇ ئىسىم بۇ يەرگە شۇنداق ئۇزلەشكەنكى ، ئەسىرلەرنىڭ بوران-شاماللىرىمۇ ئۇنى كۆپ ئۆزگەرتىۋېتەلمىگەن . يەر ناملىرىنى ئۆزگەرتىشكە خۇشتار كىشىلەرنىڭ ئۇنى «سۇيى بازىرى» ، «شىنىي يېزىسى» ، «ئەننىڭ يېزىسى» دەپ ئاتاشلىرىمۇ ، سان-رەقەملەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ ، ئانچىنچى رايون ، مانچىنچى يېزا دەپ ئاتاشلىرىمۇ ئاشۇ «گۇلاخما» دېگەن ئىسمنى

ئۇنتۇلدۇرالمىغان . ھەتتا سەل كېيىنكى كوممۇنالاشتۇرۇش ۋاقتىدا بارلىق يەر ناملىرى ئۆزگەرتىلگەندىمۇ ئاشۇ ئىسىم يەنىلا ساقلىنىپ قالغان . بۇ ئىسىمنىڭ كوممۇنا ۋاقتىدىمۇ ساقلىنىپ قېلىشىدا ئەلۋەتتە شۇ ۋاقىتتا چىرىيىدە مۇھىم ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان باش پېرسوناژىمىزنىڭ تۆھپىسى بار . ئەگەر بىرەر مۇھىم ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ھۆكۈمەتنىڭ يەر-ناملىرىنى ئەينى پېتى ساقلاش سىياسىتى بويىچە قوغدىمىسا ، ئەلۋەتتە شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتە ئۇنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن بولاتتى .

گەپنىڭ قىسقىسى ، جۇڭگو دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ياش ئەزاسى— ئىسمايىل ئەھمەد ئەنە شۇ «گۇلاخما» نىڭ «مەدىر ئېقىن يېزىسى» دا «يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى» خىزمىتىگە قاتناشتى . بۇ بىرىنچى قارارلىق يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ئىدى . كادىر يېتىشمىگەنلىكى ، رايون ، يېزىلار تارقاق جايلاشقانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاشمىغانلىقى سەۋەبلىك چىرىيە ناھىيىلىك پارتكوم چىرىيە ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئۈچ قارارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى . ئىسمايىل ئەھمەد ئاشۇ ئۈچ قارار يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ھەممىسىگە قاتناشتى . ئىككىنچى قاراردا «دامىكۇ» - «پۇناق»تا ، ئۈچىنچى قارارغا ، يەنى ئاخىرقى قارارلىق يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە ئۇ ئالدىنقى قېتىم ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمىتىگە قاتناشقان «بادىغان يېزىسى»دا ئىشتىراك قىلدى . تەشكىل ئۇنىڭ «كۆكقىر» كەنتىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقانمۇ ياكى تەقسىماتتا تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالدىمۇ ، ئۇ يەنىلا «كۆكقىر»غا تەقسىم قىلىنغانىدى . «كۆكقىر»دا ئۇنىڭغا ئاشۇ ئىسسىق چورۇقنى ياساپ بەرگەن ھېيت ئاخۇن ئاكا ، ئەكرەم ئاخۇن شەيىخ دېگەنلەر بار ئىدى . يەنە

ئابدۇۋەلى ئاخۇن داڭقان ، مەمەت ئاخۇن قىيىش ، مەھەممەت هاللاڭ ، سۇلايمان هاجى ، مامۇت هاللاڭ ، سائادەت هاللاڭ ··· ھەممىسى تونۇش ئىدى . «كۆكقىر»نىڭ ئىتتىز-ئىرىقلىرى ، قىر-دالىلىرى ، دۆڭ-ئويمانلىرىمۇ تونۇش ئىدى . ئەڭ مۇھىمى ، ئۇ بۇ يەردىكى پومىشچىكلارنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك پىششىق بىلەتتى . «كۆكقىر»غا چۈشكەن يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىدا يۇسۇپ توخسۇن دېگەن ياۋاشىراق ، سەممىي ئادەم گۇرۇپپا باشلىقى ئىدى . يەنە ئابلا ئەخمەت ، زورىخان (تەرجىمان) دېگەن كادىرلار بار ئىدى . ھەممىسى يەتتە-سەككىز كىشى ئىدى . ئىسمايىل ئەھمەد ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە ياش قورامى ئەڭ كىچىك ، ئەمما بىلىدىغانلىرى ئەڭ كۆپ كادىر ئىدى . بولۇپمۇ «كۆكقىر» توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى بىلەن ئۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ياخشى مەسلىھەتچى بولۇپ قالدى .

يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى كىشىلەرنى تەركىبلەرگە بۆلۈش ، تەركىبلەرنى توغرا ئايرىپ چىقىش ئىدى . بەلگىلىمە بويىچە كىشىلەر پومىشچىك (زېمىندار) ، باي دېھقان ، ئوتتۇرا دېھقان ، كەمبەغەل دېھقان ، ياللانما دېھقان دەپ بەش خىل تەركىبكە ئايرىلىشى كېرەك ئىدى . تۆتىنچى ۋە بەشىنچى خىل تەركىبتىكىلەر بۇ قېتىمقى يەر ئىسلاھاتىدا يەر-زېمىنگە ئىگە بولىدىغانلار ھېسابلىناتتى . يەنە «ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى» ، «يېرىم پومېشچىك شەكلىدىكى باي دېھقان» دېگەن ئىككى تەركىبمۇ بار ئىدى . لېكىن بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بەك تۆۋەن ئىدى . بەزى يېزا-كەنتلەردىن ھەتتا بۇنداق تەركىبلىك ئادەملەر تېپىلمايتتى ··· يۇقىرىقى تەركىبلەرنىڭ نام-ئاتاقلىرىدا كېيىنكى چاغلاردا ئانچە-مۇنچە

ئۆزگىرىش بولغىنى مەلۇم. مەسىلەن، «ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان»، «تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان» دېگەندەك. لېكىن يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان ئەينى چاغدا ھەر خىل تەركىبلەرنىڭ ئاتىلىشى دەل يۇقىرىقىدەك ئىدى.

يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا سىياسەت سۆزلەپ، كەڭ ئاممىغا ئاشۇ تەركىبلەرنى بىلدۈرۈش ئاساسىي خىزمەت ئىدى. كادىرلار چوڭ يىغىنلارنى ئېچىپ، كوللېكتىپ سۆزلەپ ياكى ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ ئايرىم سۆھبەتلىشىپ دېھقانلارغا تەركىب ئايرىشنىڭ پرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈرەتتى. دېھقانلار ئېنىق چۈشەنمىسە، تەركىبلەرنى توغرا ئايرىپ چىققىلى بولمايتتى. بۇنداق تەركىب ئايرىش مۇشۇ يېزا-كەنتلەرنىڭ تارىخىدا ئەسلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش بولغاچقا، سەل قارايدىغان، «قايسى تەركىبكە ئايرىلساممۇ مەيلىلا» دەيدىغان خاھىشلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار تېخى مۇشۇ تەركىبلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى قىرىق نەچچە يىللىق ھاياتىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ھەتتا بالا-چاقىلىرىنىڭ ئىستىقبالىغىمۇ ئۇمۇرلۇك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئۆچمەس تامغىلارنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. باشقىلارنىڭ ئۆزىنى باي دەپ ئاتىشىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىنمۇ (بەزى ئوتتۇرا دېھقانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بەزىلەر ئۆزىنىڭ تەركىبىنى باي دېھقان دەپ ئايرىشنى ياخشى كۆرەتتى. پەقەت يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىنىڭ كادىرلىرىلا سىياسەتتە بەلگىلەنگىنى بويىچە «توغرا ئايرىپ چىقىش كېرەك» دەپ قارايتتى، شۇڭا قايتا-قايتا چۈشەندۈرەتتى، تەكرار-تەكرار سۆزلەيتتى. كىچىك كادىر ئىسمايىل ئەھمەد ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرگۈچى ئىدى. دېھقانلارمۇ: «كەكلىكتەك ۋىچىرلايدىغان

كادىر بالىمىز بەك ئوبدان چۈشەندۈردۈ» دەپ ئاپىرىن ئوقۇشاتتى. ئەپسۇسكى، ئاشۇ «كۆكقىر»دا يۈسۈپ توخسۇن باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەركىب ئايرىشنىڭ پرىنسىپلىرىنى قايتا-قايتا سۆزلەپ، قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈپ يۈرگەن كۈنلەردە يەنىلا چاتاق چىقتى، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىدە مەسىلە كۆرۈلدى. بۇ 1953-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدىكى ئىش ئىدى. شۇ كۈنى خىزمەت گۇرۇپپىسى «باش كۆكقىر»، «ئاياغ كۆكقىر»دىكى ھەممە ئادەمنى سۇلايمان ھاجىنىڭ چوڭ ئايۋىنىغا يىغىپ ھەرخىل تەركىبلەر توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىۋاتاتتى. سىرتتا ئاتلارنىڭ دۈكۈرلىگەن تۇياق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. كىمدۇر بىرى «شيەنۈېي كەلدى»! دەپ خەۋەر قىلدى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنى «شيەنۈېي» دەپ ئاتايتتى. بۇ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋۇجىمىن كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. كادىرلار ۋە يۇرت ئاقساقاللىرى ئايۋاندىن قوزغىلىپ دەرھال «شيەنۈېي»نىڭ ئالدىغا چىقىشتى. پەقەت بىرلا كادىر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقمىدى. بۇ بىزنىڭ ياش كادىرىمىز ئىسمايىل ئەھمەد ئىدى. ئۇ، ئۆزىنى بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن، مەتقۇربان «توپبېشى»نىڭ ھويلىسىدا سەپتىن چىقىرىۋەتكەن ئاشۇ «شيەنۈېي» بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قاچۇرغانىدى. مۇشۇ بىر يېرىم يىلدا ئۇ «شيەنۈېي» بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئىزچىل ئېھتىيات قىلىپ يۈردى. ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتىنىڭ خۇلاسە يىغىنىدا، خوتەنگە يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئۇزاتقان چاغدا، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنىدا ئۇنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلىدىيۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قېچىپ يۈردى. سەپتىن چىقىرىۋەتكەن ئاشۇ چاغدا مەتقۇربان

تۇرسۇن بىلەن شۇي چىيىڭ: «شيەنۋېينىڭ كۆزىگە قايتا كۆرۈنمىسەڭلا چاتاق چىقمايدۇ» دېيىشكەندى. شۇنداق قىلماي بولمايتتى. ئەگەر تاسادىپىي ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالسا، «شيەنۋېي» «ھوي بالا، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ سېنى بىر قېتىم سەپتىن چىقىرىۋەتمىگەنمىدىم؟» دەپ قالسا نېمە دېگۈلۈك؟ يەنە قايتا «سەپ»تىن قوغلاپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ شۇڭا ئۇنىڭدىن قېچىپراق يۈرۈش توغرا ئىدى. ئۇنى كۆرگەن چاغدا كىشىلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىش كېرەك ئىدى. بۇ ئىسمايىلنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن تەجرىبىسى ئىدى. شۇنداق قىلغاچقىلا بىر يېرىم يىلدىن بېرى چاتاق چىقمىغانىدى. مانا ئەمدى «شيەنۋېي» «كۆكقىر»غا كېلىپ قالدى، بىر يېرىم يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئېھتىيات قىلماي بولمايتتى.

«شيەنۋېي» ۋۇجىمىن، تىلماچ سىدىق ھېيت ۋە يەنە تۆت-بەش كادىر سۇلايمان ھاجىنىڭ چوڭ ئايۋىنىغا كىرىپ كەلگەندە، «كادىرلار قوشۇنى ئارىسىغا كىرىۋالغۇچى» ئالLىقاچان دېھقانلار ئارىسىغا شۇڭغۇپ، يوشۇرۇنۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى. مەلۇم بولدىكى «شيەنۋېي»نىڭ «نۇرى»، «ئىماملا» تەرەپتىن كېلىشى ئىكەن. ناھىيە بازىرىغا مۇھىم بىر يىغىنغا كېتىۋېتىپ «كۆكقىر»دىكى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەچ ئۆتۈشى ئىكەن. «شيەنۋېي» ئايۋاننىڭ شەرقىي سۇپىسىدىن، يەنى يۇسۇپ توخسۇن گۇرۇپپا باشلىقى يىغىن باشقۇرۇۋاتقان جايدىن ئورۇن ئېلىپ، سۇپىنىڭ قىرىغىلا ئولتۇردى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن قاتارلىشىپ ئولتۇردى. ئايۋاننىڭ باشقا سۇپىلىرىدا دېھقانلار مىغ-مىغ ئولتۇرۇشاتتى. ئاشۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان كىچىك كادىر سالۋا تەلپەكلىك باشلار ئارىسىدىن مارىلىدى. «شيەنۋېي»نىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان چىرايىنى چاڭ-توزان باسقان، ئۇ

سەل ئورۇق كۆرۈنەتتى ، بىر خىل جىددىيلىك ، ئەستايىدىللىق چىقىپ تۇراتتى . ئۇ «كۆكقىر »نىڭ خىزمەتلىرىنى سوراشتۇرۇشقا كىرىشتى . تىلماچ ئۇدۇللۇق ، سۆزمۇ سۆز ، جۈملىمۇ-جۈملە تەرجىمە قىلىپ تۇراتتى .

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر ؟

— سىنىپىي تەركىب ئايرىش توغرىسىدا ئۆگىنىش قىلىۋاتىمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى گۇرۇپپا باشلىقى يۇسۇپ توخسۇن .

— ئۆگىنىش قىلىۋاتقىنىڭلارغا نەچچە كۈن بولدى ؟

— ئون كۈندىن ئاشتى .

— دېھقانلار تەركىبلەرنى بىلىپ بولدىمۇ ؟

— ئاساسەن بىلىپ بولدى .

— قېنى ، مەن بىرقانچە كىشىدىن سوراپ باقاي ...

«شيەنۆپي » كۆزلىرىنى دېھقانلارغا ئاغدۇردى . سۇپىلاردا تامغا يۆلىنىپ ، يوكۇنۇپ ياكى سۇپا قىرىدا پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ مىغ-مىغ ئولتۇرۇشقان دېھقانلارنى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقتى . شۇ پەيتتە كىملەرنىڭدۇر يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن . تاغ خەلقى تارتىنچاق كېلەتتى ، كۆپ ئادەم جەم بولغان سورۇندا پەقەت سۆزلىمەيلمەيتتى . «شيەنۆپي » جامائەتنىڭ ئالدىدىراق ئولتۇرغان چار ساقال دېھقانغا خىتاب قىلدى .

— يولداش ، سىزدىن سوئال سورىسام بولامدۇ ؟

— سورىسىلا ، شيەنۆپي غوجام ، بىلگىنىمنى دەللەڭ[1] دەپ بېرىمەن ، — جاۋاب بەردى چارساقال دېھقان .

— «ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى » دېگەن نېمە ؟ قانداق كىشى

---

(1) نەق جاۋاب بېرىمەن دېگەن مەنىدە

ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى بولىدۇ ؟

— بۇ ، بۇ ، — دۇدۇقلىدى چار ساقال دېھقان ، — بۇ ، مەن ئاڭلىمىغان گەپكەن ، غوجام .

«شيەنۋېي» ئۇنىڭ دۇدۇقلاشلىرىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى . ئۇ مۇشۇ تاغ خەلقىنىڭ تارتىنچاق مىجەزىنى چۈشىنىدىغاندەك قىلاتتى . چارساقال دېھقان خىجىل بولۇپ قالدى . «شيەنۋېي» ئىككىنچى بىر دېھقانغا قاراپ خىتاب قىلدى .

— قېنى ، بۇرۇتلۇق ئاغىنە ، سەن دەپ باقە ، «يېرىم يومېشچىك شەكىلدىكى باي دېھقان» دېگەن قانداق بولىدۇ ؟

— بۇ ، بۇ ، بۇ ، — ئوخشاشلا دۇدۇقلىدى بۇرۇتلۇق ياش يىگىت ، — بۇمۇ بىز ئاڭلىمىغان گەپكەن …

«شيەنۋېي»نىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى . چاتاق چىقىۋاتاتتى . ئاشۇ دەسلەپكى سوئال سورالغاندىلا دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىسمايىل چاتاق چىقىدىغانلىقىنى سەزگەنىدى . يۈسۈپ توخسۇن گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ ئاۋۇ كۈنى دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ يادىدا ئىدى . يۈسۈپ توخسۇن شۇ چاغدا : «يوق گەپلەرنى سۆزلەپ دېھقانلارنى ئېلىشتۇرۇپ يۈرمەيلى ، كۆككىردا ‹ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى›مۇ ، ‹يېرىم يومېشچىك شەكىلدىكى باي دېھقان›مۇ يوق ئىكەن ، شۇڭا بۇنداق گەپلەرنى سۆزلەپ ، چۈشەندۈرۈپ يۈرمەيلى» دېگەنىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى «تەركىب» سۆزلەنمەي قالغانىدى . ئەمدى مانا سوئاللار دەل ئاشۇ ئىككى «تەركىب» توغرىسىدا سورىلىۋاتاتتى . چاتاق دېگەن شۇ بولماي نېمە ؟ قاپاقلىرى تۈك ياڭاقتەك تۈرۈلگەن «شيەنۋېي» مۇشۇ يەردىكى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى يۈسۈپ توخسۇنغا بۇرۇلدى .

— سەن ئېيتىپ باقە ، ئاشۇ ئىككى سوئالغا سەن جاۋاب بېرىپ باقە ؟ — «شيەنۋېي»نىڭ ئاۋازىدىن نارازىلىق ، يەنە ئازراق

ئـاچـچىقمۇ چىقىپ تۇراتتى . تىلماچ سىدىق ھېيت «شيەنۋېي» ئـاچـچىقلىسا ئاچچىقلاپ ، كۈلۈمسىرىسە كۈلۈمسىرەپ تەرجىمە قىلىدىغان ئادەم ئىدى . ئۇمۇ ئاچچىقى بىلەن تەرجىمە قىلدى . يۈسۈپ توخسۇن ياۋاش ، سەمىمىي ئادەم ئىدى . شۇ تاپتا ئۇ ، «شيەنۋېي»نىڭ ئاچچىقلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتىمۇ ياكـى توي ئۆتكەندە ناغرا چېلىشنىڭ ، جان ھەلقۇمغا يەتكەندە «ياسىن سۈيى» ئىچۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىدىمۇ ، سوئالغا جاۋاب بەرمەي قويدى . يەرگە قاراپلا تۇرۇۋالدى . ئۇ بۇ ئىككى سوئالنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ يانچۇقىدا «يەر ئىـسلاھـاتى قـوللانمىسى»مۇ بار ئىدى . شۇ يەردە بۇ ئىككى سوئالنىڭ جاۋابى ئېنىق يېزىقلىق تۇرسا ، نېمىشقا بىلمىسۇن؟ ئەمما ئۇنىڭ يەرگە قاراپ تۇرغىنى تۇرغانىدى . «شيەنۋېي» تېخىمۇ بـەكـرەك ئـاچـچىقلاپ قالدى . كالدىرلاپ ، يەرگە تاپان ئۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاچچىقلاپ قېلىشى ئورۇنلۇق ئىدى . ئون نەچچە كۈن ئۆگىنىش قىلىپمۇ مۇشۇ ئىككى «تەركىب»نىڭ تەرىپىنى بىلدۈرەلمىسە ، تېخى ئۆزىمۇ جاۋاب بېرەلمىسە ، ئاچچىقلاپ قالماي قانداق قىلغۇلۇق؟ «شيەنۋېي» ئايۋاندىكى ھەممە ئادەمگە قاراپ خىتاب قىلدى .

— قېنى ، مۇشۇ ئىككى سوئالغا جاۋاب بېرەلەيدىغان ئادەم قول كۆتۈرسۇن ...

جىمجىتلىق ، ئايۋان سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى . ھېچكىم قول كـۆتـۈرمـىـدى ، ئـىش تېخىمۇ چاتاق بولۇۋاتاتتى . ئەگەر ئىش مـۇشـۇنـداق كېتىۋەرسە ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئون نەچچە كـۈنـلـۈك خـىـزمـىـتى پۈتۈنلەي يوققا چىققان بولاتتى . ھەتتا «شيەنۋېي»نىڭ بۇ يەردىكىلەرنى قايتۇرۇپ كېتىپ باشقا خىزمەت گـۇرۇپـپـىـسى ئـەۋەتىش ئېھتىماللىمۇ بار ئىدى . ئەمدى قول

قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشقا بولمايتتى. دېھقانلار ئارىسىدىن بىر قول ئاستا كۆتۈرۈلدى. بۇ كىچىك كادىر ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ قولى ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ نەتىجە ۋە شان-شەرىپى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم سەپتىن چىقىرىۋېتىلىشىگە تەۋەككۇل قىلىۋاتاتتى.

— قېنى، قول كۆتۈرگۈچى جاۋاب بەرسۇن، «ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى» دېگەن نېمە؟

— بىر ئادەم سودىگەرچىلىك ياكى باشقا بىرەر-ھۈنەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنىڭ يېزىدا ئاز مىقداردا، يەنى تۆت-بەش مو ياكى يەتتە-سەككىز مو يېرى بولسا، ئۇ كىشى بۇ يەرلەرنى تېرىپ كۆكەرتىشكە يېتىشىپ بولالماي، يەرلىرىنى ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇنداق كىشىنىڭ تەركىبىنى «ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى» دەپ ئايرىيمىز. يەنە بىر كىشىنىڭ ئون-ئون بەش مو يېرى بولسا، لېكىن ئەمگەك كۈچى بولمىغانلىقتىن يەرلىرىنى تېرىيالماي ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارە ھەققىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسا، بۇنداق كىشىنىڭ تەركىبىنىمۇ «ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى» دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. شەرت شۇكى، يېرى بەك كۆپ بولماي، ئاز بولۇشى، شۇ يەردىكى ئوتتۇرىچە نىسبەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك...

— ئوھۇي، ھە، «يېرىم پومېشچىك شەكلىدىكى باي دېھقان» قانداق بولىدۇ؟ — «شيەنۋېي» سوئالنى داۋاملاشتۇردى.

— بىر ئادەمنىڭ خېلى كۆپ يېرى بولسا، ئۇ بۇ يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارە ھەققى يىغىۋالىدۇ، يەنە بىر قىسمىنى ئۆزى ئىشلەپ تېرىيدۇ. ئۇنىڭ يېرى كۆپ ھەم ئىجارىگە بېرىدىغان تەرىپى پومېشچىككە، ئۆزى ئەمگەك قىلىپ تېرىغان تەرىپى باي دېھقانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇنداق ئادەملەرنىڭ

مۇلكىدە ھەم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان قىسىم، ھەم ئۆزى ئىشلىگەن قىسىم بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ تەركىبىنى «يېرىم پومېشچىك شەكلىدىكى باي دېھقان» دەپ ئايرىيمىز ...

— توغرا، — دەرھال ئىنكاس قايتۇردى «شيەنۋېي»، — سەن كىم بولىسەن؟ قېنى بۇياققا چىق، كۆرۈپ باقاي ...

كىچىك كادىر ئىسمايىل ئەھمەد ئەڭ ئەنسىرىگەن پەيتلەر يېتىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما ئەمدى يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ئىمكان يوق ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى. قولىدىكى دەپتەر، چوت، قەلەملىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەھنىگە چۇشتى.

— سەن كىم بولىسەن، دېھقانمۇ ياكى كادىر؟ — سوئالنى قايتىلىدى «شيەنۋېي»

— مەن كادىر، يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى، — جاۋاب بەردى ئىسمايىل ئەھمەد دادىللىق بىلەن. ئاۋازىمۇ راسا چاڭىلداپ چىقتى. ئەمدى تارتىنىپ تۇرۇشنىڭ، قورقۇپ-ئەنسىرەپ يۈرۈشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. «شيەنۋېي» نىڭ ئۆزىمۇ ئۆزى قاچاندۇر بىر چاغدا سەپتىن چىقىرىۋەتكەن كىچىك بالىنى تونۇغاندەك ئەمەس ئىدى، چىراي-قاراشلىرىدىن ئۇنداق ئىپادىمۇ كۆرۈنمەيتتى. «مەتقۇربان تۇرسۇن بىلەن شۇي چىيىڭ توغرا ئېيتقانىكەن، ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. ئۆزى سەپتىن چىقىرىۋەتكەن شاكىچىكنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى ئىسمايىل ئەھمەد شۇ دەقىقىدە. چاقماق تېزلىكىدە مېڭىسىدىن كېزىپ ئۆتكەن شۇ پىكىر ئۇنىڭغا دادىللىق بېغىشلىغانىدى. دېمىسىمۇ مۇشۇ بىر يېرىم يىل ئىچىدە كىچىك ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ بويى لوڭڭىدە ئۆسكەن، ساقال-بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ، ئاۋازلىرى بومشىپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى،

قاراشلىرىمۇ چوڭ ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدى . تەقى-تۇرقىدىكى ئىنچىكە-زىبالىقنى ، چىھرىدىكى سۇتۇنلۇكنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇنى چوڭ ئادەم ئىكەن دەپ قالاتتى كىشى . شۇنداق ئىكەن ، ئىشلىرى چىچىدىن تولا ، ئويلايدىغانلىرى قۇمدىن كۆپ «شيەنۋېي» قاچاندۇر بىر چاغدا بىر قېتىم كۆرگەن بالىنى ئەمدى قانداقمۇ تونۇسۇن ؟

— سەن بۇ گەپلەرنى قاچان ئۆگىنىۋالغانتىڭ ؟ — يەنە سوراشتۇردى «شيەنۋېي» ئالدىدىكى ياش ، ئورۇق ، بويى بىر مېتىر يەتمىشلەر چىقىدىغان كادىرغا قاراپ .

— ئۆتكەن يىلى 9 -ئايدا ، «قىزلار مەكتىپى»دە يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە سەپەرۋەر قىلىش دوكلاتى سۆزلىگىنىڭىزدە ، سىزنىڭ سۆزىڭىزدىن ۋە «يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى قوللانمىسى»دىن ئۆگىنىۋالغانىدىم ، — جاۋاب بەردى ئىسمايىل ئەھمەد . «شيەنۋېي» گۇرۇپپا باشلىقى يۈسۈپ توخسۇنغا بۇرۇلدى .

— ئاشۇ قېتىم مەن دوكلات بەرگەندە سەن يوقمىدىڭ ؟

— بار ئىدىم ، — جاۋاب بەردى يۈسۈپ توخسۇن .

— ئەمىسە نېمىشقا بىلمەيسەن ھېلىقى تەركىبلەرنى ؟

— مەنمۇ بىلىمەن .

— بىلسەڭ نېمىشقا دېھقانلارغا ئۆگەتمىدىڭ ؟

— «كۆكقىر»دا «ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى» ۋە «يېرىم يومېشچىك شەكلىدىكى باي دېھقان» بولمىغاچقا ئۆگەتمەيلى دېگەنتۇق .

— «كۆكقىر»دا بولمىسا ، «بادىغان» ۋە «نۇرى»دا ، چىرىيىدە بارغۇ . سەن سىياسەتنى تۇتقا قىلالمايدىغان كادىر ئىكەنسەن ⋯ — «شيەنۋېي» سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — سېنى بۈگۈندىن باشلاپ گۇرۇپپا

باشلىقلىقدىن قالدۇردۇم، سەن گورۇپپا باشلىقى بولىسەن، — «شيەنۋېي» قولىنى ئىسمايىل ئەھمەدكە چىنىدى، — ئىسمىڭ نېمتى؟

— ئىسمايىل ئەھمەد.

— ساۋاتلىقمۇ سەن؟

— ھەئە.

— بۇگۈندىن باشلاپ سەن گورۇپپا باشلىقى بولىسەن، تەركىبلەرنى ئايرىش، باي-پومېشچىكلارنىڭ بەش خىل مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، كەمبەغەل-نامرات دېھقانلارغا تەقسىم قىلىش خىزمەتلىرىگە سەن يېتەكچىلىك قىلىسەن. باشقىلار، — «شيەنۋېي» ئەتراپىدىكى كادىرلارغا ۋە دېھقانلارغا نەزەر سالدى، — يېڭى گورۇپپا باشلىقىنىڭ خىزمىتىنى قوللاڭلار، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىشلەڭلار ...

مانا شۇنداق قىلىپ، تېخى ئون سەككىز ياشقا قەدەم قويمىغان ئىسمايىل ئەھمەد تۇنجى قېتىم ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. بۇ ئۇنىڭ جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، تۇنجى قېتىم ئەمەل تۇتۇشى ئىدى. بىز كېيىنكى ئەللىك ئىككى يىلدا ئۇنىڭ كۆپ قېتىم ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇ گورۇپپا باشلىقلىقى (كەنت دەرىجىلىك) دىن مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىسىگە، ئۇنىڭدىن بۆلۈم دەرىجىسىگە، ئۇنىڭدىن مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىككە، ناھىيە دەرىجىلىككە ئۆرلەيدۇ. مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىكتىن بىراقلا ھالقىپ مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىسىگە، ئاندىن ئۆلكە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا مۇئاۋىن دۆلەت دەرىجىلىككە يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۆرلەشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. ئۆلكە دەرىجىگە يېتىپ بارغۇچە بولغان يىگىرمە بەش يىل ۋاقىتتا، ئۇ بىرەر دەرىجىدە بەش يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالغان ئەمەس. ئەمەلدارلىق

مەيلى قانداق دۆلەتتە ، قانداق ھاكىمىيەتتە بولسۇن ، مەيلى قەدىمدە ۋە مەيلى بۈگۈنكى كۈندە بولسۇن ، چوڭ خاسىيەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ . بولۇپمۇ خەلق ھاكىمىيەتىنىڭ خۇجايىنى بولغان دۆلەتتە ، خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىدىغان ھۆكۈمەتتە ئەمەل تۇتۇش كاتتا نۇسرەتتىن دېرەك بېرىدۇ . يىراق ، چەت ، خىلۋەت قۇملۇق يېزىدىن چىققان دېھقان ئوغلى ئىسمايىل ئەھمەد ئاشۇ ئېگىز چوققىلارغا قانداق چىقتى ؟ ئۇنىڭ خەلق ئىشلىرىغا بولغان يۈكسەك ساداقىتى ، ھەر بىر خىزمەت ھالقىسىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئەستايىدىللىقى ئۇنى ئاشۇ چوققىغا ئېلىپ چىقتى . ئۇنىڭ كېيىنكى ئەللىك نەچچە يىللىق ھاياتى ، كەچمىشلىرى ، ئەمەلىيىتى ئۇنىڭ ئۆزى كېلىپ چىققان جاپاكەش خەلقنى ئەستىن چىقارمىغانلىقىنى ، ئۇلاردىن ياتلاشمىغانلىقىنى ، ھەر دائىم ئۇلارنىڭ غېمىدە بولغانلىقىنى ، ھەر قاچان شۇلارنىڭ ئوتتىدا كۆيۈپ ، شۇلارنىڭ سۆيىدە ئاققانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

شۇنداق ئوغۇل ئۆسمەي ، يەنە كىم ئۆسسۇن ؟ يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردىكى تارىخىي يۈزلىنىش كونا ھاكىمىيەت ۋاقتىدا ئېزىلگەن ، بوزەك قىلىنغان تۆۋەن تەبىقە پەرزەنتلىرىنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىش ، ئۇلارغا ھوقۇق تۇتقۇزۇش ئىدى . ئاشۇ چەت ، قۇملۇق ئىچىدىكى چىرىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇنداق پۇرسەت ھەربىر دېھقان بالىسى ئۈچۈن بار ئىدى . تەركىبى «پومېشچىك» ياكى «باي دېھقان» ئايرىلىپ قالمىغان بولسا ، خەت-ساۋاتى بولۇپ ، ھەق-ناھەق كۆز قارىشى تۇرغۇزۇلغان بولسا ، خىزمەتلەردە تىرىشچان ۋە ئەستايىدىل بولسا ، ئۇلارنىڭ بىرەر دەرىجىلىك ھوقۇققا ئىگە بولۇشى ، ھەتتا ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ ، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى تامامەن

مۇمكىن ئىدى . بىز ئىسمايىل ئەھمەد ۋۇجۇدىدا ئاشۇ شەرتلەرنىڭ
ھازىرلانغانلىقىنى ۋە كېيىنمۇ ئۈزلۈكسىز ھازىرلىنىپ
بارغانلىقىنى كۆرىمىز . ئاشۇ 1945 - ، 1946 -يىللىرىدا سوۋېتقا
ئاخۇن باتۇرنىڭ ئوغلى مەتكېرەم ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭغا خەت
يېزىشتىن ساۋاق بېرىپ ساۋاتىنى چىقارغانلىقى ، تۆمۈر بەگ ،
روزى بەگلەرنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىنى سۆزلەپ ھەق-ناھەق
قارىشىنى يېتىلدۇرگەنلىكى ، كېيىنكى چاغلاردا «كۆكمەت
مەكتەپ» ، «توپا مەكتەپ»لەردە ئوقۇپ دەسلەپكى پەننىي ساۋاتقا
ئىگە بولغانلىقى ، ئازادلىق ، ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقى ،
«ئۈچ قېتىم سەپتىن چىقىرىۋېتىلگەن» بولسىمۇ يەنىلا كادىرلار
قوشۇنىغا قېتىلغانلىقى ، خىزمەتلەردىكى تىرىشچان-ئەستايىدىللىقى
قاتارلىقلارنى ئۇنىڭ ئەمەل تۇتۇشىغا ۋە ئەمىلىنىڭ ئۈزلۈكسىز
ئۆسۈشىگە ھازىرلانغان دەسلەپكى شەرتلەر دەپ قارايمىز . بۇلارغا
يەنە ئۇنىڭ چىرايىنىڭ يېقىملىقلىقى ، مىجەزىنىڭ خۇشخۇيلۇقى ،
ئەخلاقىنىڭ دۇرۇسلۇقى ، تىرىشچانلىقى قاتارلىق ياخشى تەسىرات
قالدۇرىدىغان ئامىللارنى قوشساق ، ئۇنىڭ ئۆسۈشلىرىدىن زادىلا
گۇمانلانمايمىز . بۇ چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك تۇيۇلىدۇ .

ئەمدى بىز ئەسلىي گېپىمىزگە قايتىپ كېلەيلى . ئاچچىقىمۇ ،
تاتلىقىمۇ بار «شىيەنۋېي» ھېلىلا ئۇنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ قويۇپ
يۇرۇپ كەتكەنىدى . بۇ ھەر ھالدا ئاشۇ «سەپتىن چىقىرىۋەتكۈچى»
بىلەن «سەپتىن چىقىرىۋېتىلگۈچى» ئوتتۇرىسىدىكى بىر يېرىم
يىلغا سوزۇلغان مۆكىمۆكىلەڭنىڭ تىنچ ۋە خېلىلا ياخشى نەتىجە
بىلەن ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . يەر ئىسلاھاتى خىزمەت
گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىسمايىل ئەھمەد ئەمدى بىرەرىنىڭ
«سەپتىن چىقىرىۋېتىشى»دىن ئەنسىرەپ يۇرمىسىمۇ بولاتتى .
لېكىن ئەنسىرەيدىغان ئىشلار يەنىلا بار ئىدى . ئۇ ئۆز قول

ئاستىدىكى ئالتە-يەتتە نەپەر كادىرنى ئوڭۇشلۇق تەشكىللەپ، ئۇيۇشتۇرۇپ كېتەلەمدۇ؟ «كۆكقىر»نىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئىشلەپ كېتەلەمدۇ؟ تەركىبلەرنى توغرا ئايرىپ، باي-پومېشچىكلارنىڭ يەر-زېمىن، ئۇلاغ، بوقۇسا-بويانلاق (ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى)، ئايۋان-ساراي، ئالتۇن-كۈمۈشتىن ئىبارەت بەش خىل مۈلكىنى توغرا ئېنىقلاپ چىقالامدۇ؟ كەمبەغەل-نامرات دېھقانلارغا توغرا تەقسىم قىلىپ بېرەلەمدۇ؟ مانا مۇشۇلار ئەنسىرەيدىغان ئىشلار ئىدى. ئۇ خىزمەتكە كىرىشتى. ئەمدى ئادەتتىكى كادىر سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس گۇرۇپپا باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىشقا كىرىشتى. «كۆكقىر»دا «ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى» تەركىبىگە ۋە «يېرىم پومېشچىك شەكلىدىكى باي دېھقان» تەركىبىگە ئايرىلىدىغانلار بولمىغان بىلەن ھېلىقى مەھەممەت ھاللاڭدەك ئەسلىنى ئۇنتۇغان زومىگەر پومېشچىكلار بار ئىدى. يەنە ھېيت ئاكا، ئەكرەم ئاخۇن شەيخقا ئوخشاش نامرات، ياللانما دېھقانلارمۇ بار ئىدى. كىچىك گۇرۇپپا باشلىقى ئەنە شۇ نامرات، ياللانما دېھقانلارنى ئارقا تىرەك قىلىپ، ئاشۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشقا كىرىشتى. ئۇ خىزمەتتە تىرىشچان، ئەستايىدىل ئىدى. يەر ئىسلاھاتىنىڭ سىياسەت، تۈزۈم، بەلگىلىمىلىرىنىمۇ ياخشى ئۆزلەشتۈرگەنىدى. ئەمدىكى گەپ ئاشۇلارنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىدى. ياش گۇرۇپپا باشلىقى شۇنداق غەيرەت، شۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشقا كىرىشتىكى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ئاينى ھەقىقىي ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەل چىرىيە تاغلىرىنىڭ مەنزىرىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ئانچە-مۇنچە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن كەكلىك ئوۋلاشقا چىقىش تۇگۇل بېشىنى قاشلىغۇچىلىكمۇ ۋاقتى يوق ئىدى. سىياسەت بويىچە تەركىبلەر ئايرىلدى.

باي-پومېشچىكلارنىڭ بەش خىل مۈلكى ئېنىقلاندى . كەمبەغەل-نامرات دېھقانلارنىڭ تەركىبىمۇ بېكىتىلدى . پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئىگىلىگەن يەر-زېمىنى ، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان ماللىرى ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ، ئامبار-قازناقلارغا بېسىۋالغان ئاشلىقلىرى ، ئالتۇن-كۈمۈشلىرى ، ھۇجرا ، ئايۋان-سارايلىرى كەمبەغەل-نامرات دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى . «كۆرەش مېۋىسى» تەقسىملەنگەن شۇ كۈنى «كۆكقىر» شۇنداق چىرايلىق ياساندىكى ، كۆك ئاسماندا قىزىل بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى . ناغرا-سۇنايلار ياڭراپ ، تاغ راۋابلىرى سايراپ كەتتى . ھەممىگە قولى يېتىدىغان مەھەممەت ھاللاڭنىڭ چوڭ ئوغلى نارمۇھەممەتخاننىڭ توي مەرىكىسىمۇ بۇنداق قىزىمىغانىدى . پومېشچىك-باي دېھقانلاردىن باشقا ھەممە كىشى خۇشال ئىدى ، ھەممە چىرايلاردىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى . بۇ ، تەڭلىك-باراۋەرلىك خۇشاللىقى ئىدى . ھەممە كىشى يەر-زېمىنلىك بولدى . ھەممە كىشىنىڭ ئۆز ئۆي-ماكانى بار بولدى . ھەممە كىشىنىڭ ئاشلىق ، ئوزۇق-تۈلۈكى يېتىدىغان بولدى . ھېچكىم-ھېچكىمنىڭ ئالدىدا مۈنىيىپ يۈرمەيتتى . ئەڭ ھەيۋەتلىك بولغىنى «كۆكقىر»لىق سەكسەن يەتتە نامرات كەمبەغەل مەھەممەت ھالڭنىڭ سەكسەن يەتتە تۇياق شاش ، يارام ئېتىغا مىندۈرۈلدى . ئەمدى ئاشۇ نامراتلار ئات ئۈستىدە تويى بولغان يىگىتتەك خۇشال ئولتۇرۇشاتتى . ئالەم بىنا بولۇپ تېخى قاراقۇرۇم تاغلىرى ھازىرغىچە بۇنداق تەڭلىك-باراۋەرلىكنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . خۇشال بولماي بولامتىمۇ؟ «تىكىلىك تېغى» ، «ئۆلاچى تېغى» ، «مۇز تاغ» ، «يامۇن تېغى» ، «ياقاباغ تېغى» كۈلدى . قار-مۇزلار قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىدا چاقناپ خۇددى كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . «قاچقۇنچى دەرياسى» ، «ئۇلۇغساي

دەرياسى » ، «چىرىيە دەرياسى » ، «چاقار دەرياسى » شوخ-شوخ ئۆركەشلەپ ئاقاتتى ، دولقۇنلار گويا ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . خۇشاللىقتا چۆمگىنى يالغۇز «كۆككىر »لا ئەمەس ئىدى . شۇ كۈنلەردە چىرىيە دىياردىكى ئالتە رايون ، بىر بازار ئوخشاشلا خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى . كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل-قەلبلىرى گۈزەل ئۈمىدلەرگە تولغان ، ھەممە كىشى ئەمدى ياخشى تۇرمۇش كۆچۈرىمىز ، باي بولىمىز ، باياشات ياشايمىز دەپ ئويلىشاتتى . مول داستىخانلىق كۈز ئايلىرى يېتىپ كېلىۋاتاتتى . ئېتىز-باغلاردىكى مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەر ئاشۇ باياشات كۈنلەردىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . تاغ يېزىلىرىدا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنى تاماملىغان ئەترەتلەر چىرىيە بازىرىغا قايتىشقا باشلىدى . ئىسلاھاتلار ئاياغلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قاينام تاشقىنلىق كۈنلىرى باشلىنىۋاتاتتى . ھەر بىر يېڭى كۈن تېخىمۇ يېڭى-يېڭى ئۈمىدلەرنى بېغىشلايتتى .

## 4 . ئاتىنىڭ ۋاپاتى

ھەرقايسى يېزا-كەنتلەرگە ئەۋەتىلگەن يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترەتلىرى چىرىيە بازىرىغا قايتىپ «قىزلار مەكتىپى » قورۇسىغا جەم بولدى . تويتوغرا بىر يىل داۋاملاشقان يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىدىن داغدۇغىلىق خۇلاسە چىقىرىلدى . مەلۇم بولدىكى ، ئىككى يۈز مىڭ مو تېرىلغۇ كۆلەملىك ، ئاتمىش ئىككى مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز ئىككى نوپۇسلۇق ، ئون ئالتە مىڭ بىر يۈز ئەللىك يەتتە تۈتۈنلۈك چىرا دىياردا بەش يۈز قىرىق سەككىز ئائىلە «پومېشچىك » ، بىر يۈز ئوتتۇز تۆت ئائىلە «باي دېھقان » ، يىگىرمە تۆت ئائىلە «يېرىم پومېشچىك شەكلىدىكى باي

دېھقان» ، ئۈچ يۈز ئەللىك بىر ئائىلە «ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى» ، تۆت مىڭ ئەللىك ئىككى ئائىلە «ئوتتۇرا دېھقان» ، يەتتە مىڭ تۆت يۈز ئەللىك بەش ئائىلە «كەمبەغەل دېھقان» ، ئىككى مىڭ ئەللىك ئىككى ئائىلە «ياللانما دېھقان» دەپ ئايرىلغانىدى . يەنە بىر مىڭ يەتتە يۈز ئائىلە «دىندار» ، «قول سانائەتچى» ۋە «باشقىلار» غا ئايرىلغانىدى . كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى . بارلىق كەمبەغەل-نامرات دېھقانلار قان-قېرىنداش ، بارلىق باي-پومېشچىكلار «بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى» دەپ قارىلاتتى . ئىلگىرى ئېگىز قاسقانلىق كۆرپە تەلپەكنى قىرلاپ كىيگەن ياش يىگىتتىن «سەن كىم؟» دەپ سورالسا ، ئۇ «چىرىيىلىك» ، «گۇلاخمالىق» ياكى «چاقار»لىق دەپ جاۋاب بېرەتتى . ئەمدى بولسا ، «مەن كەمبەغەل دېھقان» دەپ جاۋاب بېرىدىغان بولغانىدى . يېڭى ئايرىلغان مۇشۇ «تەركىب» لەرنىڭ شەرەپ-نومۇس مەنىسىمۇ ، ئاۋام ئارىسىدا تۇتقان مەرتىۋە مەنىسىمۇ بار ئىدى . تۇنۇگۈن شايى تونغا پاتماي كېرىلىپ يۈرگەنلەر بۈگۈن پەگادا قالغان ، تۇنۇگۈن قولدەك جاپا-مۇشەققەت چەككەنلەر بۈگۈن تۆردىن ئورۇن ئالغانىدى . ئۆزگىرىش دېگەن مانا شۇ ئىدى .

خەلق ئىچىدە «ئارپىبەدىيان ئىچمىگەنلەر ئەمدى ئىچتى چاي ، تەخەي-تۇۋاق مىنمىگەنلەر ئەمدى مىندى تاي» دېگەن قوشاقلار تارقىلىپ يۈرەتتى .

ھەر قانداق ئۆزگىرىش ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى .

خۇلاسە بولغانىكەن ، ئۇ ئەلۋەتتە شۇ باسقۇچلۇق خىزمەتلەردىكى ئىلغار-نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەش-مۇكاپاتلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . «كۆكقىر» يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىسمايىل ئەھمەد ئىلغار-نەمۇنىچىلار

قاتاردا شەرەپ سەھنىسگە چىقتى. كۆكرىكىگە قىزىلگۈل قادالدى. كۇرۇشكا، لۆڭگە، خاتىرە دەپتەر، قەلەم بىلەن مۇكاپاتلاندى. مۇكاپات بۇيۇملىرى ئاددىي بولغان بىلەن، بۇ ئاشۇ كىچىك كادىرنىڭ «كۆككىر» دىكى ۋەزىپىلەرنى ئۇتۇقلۇق تاماملىغانلىقىنى، «سەپتىن چىقىرىۋەتكۈچى» نىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويمىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش ئىدى. «سەپتىن چىقىرىۋەتكۈچى» مۇكاپات بۇيۇملىرىنى «سەپتىن چىقىرىۋېتىلگۈچى» نىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزغاندا، ئۇنىڭ دولىسىغا قىزغىنلىق بىلەن ئۇرۇپ قويدى. مۇكاپات ئالغۇچىنىڭ سۇتۇن چىرايىدە خىجىلچىلىق ئارىلاش كۈلكە جىلۋىلىنەتتى، قەلبىدە بولسا، خۇشاللىق، ئىشەنچ، ئىنتىلىش ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇنى تېخىمۇ چوڭ خۇشاللىق كۈتۈپ تۇراتتى. ئىلغار-نەمۇنىچى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار سىياسىي تەشكىلاتى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنىشى كېرەك. پارتىيە ئۇنىڭغا قۇچىقىنى ئاچقانىدى. 1953-يىل 8-ئاينىڭ 28-كۈنى ئىسمايىل ئەھمەد جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندى. يولداش لىيۇ ياۋيۇ، يولداش چېڭ فاڭيۈەنلەر ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغۇچى بولدى.
ئىسمايىل ئەھمەد جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قەسەم بېرىپ كىرگەن ئاشۇ 8-ئاينىڭ 28-كۈنى تېخى ئۇنىڭ ئون سەككىز ياشقا تولۇشىغا يەنە ئون تۆت كۈن بار ئىدى. «جۇڭگو كومپارتىيىسى نىزامنامىسى» دا «18 ياشقا تولۇش» شەرت قىلىنغان بولسىمۇ ھەقىقىي ئىلغارلار ئۇچرىتىلغاندا، بۇ شەرتكە ئۆلۈك ھالدا ئېسىلىۋېلىنمايتتى. ئۇ ئىككى يىللىق خىزمەت ھاياتىدا ئۆزىنىڭ خۇددى ستالىن ئېيتقاندەك، ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتىنىڭ، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ سىناقلىرىدىن ئوبدان ئۆتتى. جۇڭگو

كومپارتىيىسىنىڭ سىرتقى چەمبىرەك تەشكىلاتى بولغان دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى قوينىدىمۇ بىر يىل چېنىقتى . ئەڭ مۇھىمى ، پارتىيە هازىر مۇشۇنداق ئىلغار ، تىرىشچان ، ئەخلاقلىق كادىرلار بىلەن ئۆز سېپىنى تولۇقلاشقا ، يەرلىك كادىرلارنى ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ، ئۇلار ئارقىلىق يەرلىكتە پۇختا ئاساس تۇرغۇزۇشقا موهتاج ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ، دېهقان ئوغلى ئىسمايىل ئەهمەد جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسىغا ئايلاندى . ئۇنىڭ سىياسىي هاياتى رەسمىي باشلاندى . بۇ گۈزەل ئىستىقبالدىن ، پارلاق كەلگۈسىدىن ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ، خەلقنىڭ باشلامچىسىغا ئايلىنىشتىن دېرەك بېرەتتى . پارتىيىگە ئەزا بولۇش — «خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش» ، يەنى ئۆمۈر بويى خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن چاكاردەك ئىشلەش ، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۇتقىمۇ ، سۇغىمۇ كىرىشتىن يانماسلىق دېگەنلىك ئىدى . جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىدە ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى مانا شۇنداق چۈشەندۈرۈلگەنىدى . پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن ئادەم ئەلۋەتتە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاشۇ تۈپ مەقسەتنى — يەنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ، خەلق ئۈچۈن چاكار بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك ئىدى . شۇنداقلا بۇ ئەڭ چوڭ شان-شەرەپ ئىدى . پارتىيىگە كىرىش ، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش ، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش شان-شەرەپ هېسابلىناتتى . خەلققە رەهبەر بولۇش ، خەلقنىڭ باشلامچىسىغا ، تەشكىلاتچىسىغا ئايلىنىش تېخىمۇ شان-شەرەپ هېسابلىناتتى . شۇنداق گۈزەل ئىستىقبال قۇچاق ئاچقان تۇرسا ، دېهقان ئوغلى ئىسمايىل ئەهمەد نېمىشقا خۇشال بولمىسۇن ؟ ! ئۇ كۆپ ئىشلارنى چۈشىنەتتى ، كۆپ ئىشلارنى ئويلايتتى ، گۈزەل كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتى .

ئۇنىڭ قەلبى ئۇمىدكە ، خۇشاللىققا تولغانىدى . كادىر بولدى ، يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى ، ئىلغار ، نەمۇنىچى سايلىنىپ مۇكاپاتلاندى ، يەنە پارتىيىگە ئەزا بولدى . نېمىشقا خۇشال بولمىسۇن ؟ ! ئەمما بىر خۇشاللىقنىڭ بىر يىغىسى بار دېگەندەك ، ئۇنى قايغۇلۇق بىر خەۋەر كۈتۈپ تۇراتتى .

يەر ئىسلاھاتىغا ئوخشاش داغدۇغىلىق ھەرىكەتلەر ئاخىرلاشتى . ئەمدى تۆت يۈز كىشىلىك چوڭ خىزمەت ئەترىتىگە ئېھتىياج قالمىدى . تۆت يۈز كىشى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى داۋاملىق خىزمەت قىلىشنى خالىمىغانلار ، خىزمەت ئېپادىسى ياخشى ئەمەسلەر ئەسلىدىكى يېزا-كەنتلىرىگە قايتۇرۇلدى . يەتمىش نەچچە كىشى شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەتتى . يەنە بەزىلەر ئۈرۈمچىدىكى ، خوتەندىكى باشقا مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ماڭدۇرۇلدى . قالغانلار ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇراتتى . ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇلغانلار ئىچىدە كومپارتىيە ئەزاسى ئىسمايىل ئەھمەدمۇ بار ئىدى . مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەمدى دەم ئېلىش پۇرسىتى چىققانىدى . ئۇ «توپا» يېزىسىغا چىقىشنى ، ئانارلىق باغلاردا يايراشنى ، مېھرىبان بوۋىسى قۇناخۇن خەلپەمنى ، كۆيۈمچان ئانىسى مەرەمخاننى ، ئاتىسى ئەھمەد خەلپىنى يوقلاشنى ئويلىدى . ئۇلارنى ھەقىقەتەن سېغىنغانىدى . ئۆيدىن ، ئاتا-ئانىنىڭ ئىسسىق باغرىدىن ئايرىلىپ باقمىغان بالا ئۈچ ئايلاپ ، ئالتە ئايلاپ سىرتتا يۈرسە ، ئۆيىنى سېغىنماي قالامدۇ؟ ئۇ دەرھال «توپا» يېزىسىغا قاراپ مېڭىشنى ئويلىدى ، لېكىن كىچىككىنە ئىش بار ئىدى . ئۆتكەندە ئاتىسى بىلەن تاغدا كۆرۈشكەندە ئۇ ئوبدان «سودىگەر مېلى»دىن ئېلىپ قويغانلىقىنى ، تاغدىن قايتقاندا كىيىم تىكتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى . «سودىگەر مېلى» دېگەن

زاۋۇتتا ئىشلەنگەن ، سودىگەرلەر لەنجۇ-شاڭخەي ، ئەنجان-بۇخارا تەرەپلەردىن يۆتكەپ كېلىپ ساتىدىغان رەختنى كۆرستەتتى . ئەنە شۇنى تىككۈچىگە پىچتۇرۇپ قويۇش كېرەك ئىدى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئۇستىۋاشلىرى كونىرىغان ، يېڭى سالاھىيىتىگە ماس كەلمەي قالغانىدى . يېڭى ، پاكىز ، رەتلىك كىيىنىپ يۇرسە ، كۆزگە تېخىمۇ ئىسسىق كۆرۈنەتتى ، يەنە كېلىپ بۇ يېڭى زاماننىڭ تەلىپى ئىدى . ئىسمايىل ئەھمەد ئاتىسىغا خەۋەر بېرىش ئۈچۈن چىرىيە بازىرىنىڭ كوچىسىغا چىقتى . دەڭ-سارايلار ، دۇكان-ئاشپۇزۇللار ئارىسىدىكى توپىلىق رەستە شەرقتىن غەربكە سوزۇلۇپ ياتاتتى . بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ «جېرىق ئۆستەڭ كۈۋرۈكى»گە يېتىپ كەلدى . بازاردىن «توپا» يېزىسىغا قايتىدىغانلار مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى . بۇگۇن «بازار كۇنى» بولمىسىمۇ يەنىلا بازارغا كىرىپ - چىقىپ تۇرغانلار تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ ئۇزاق ساقلىمىدى . تونۇش بىر ئايال يېتىپ كەلدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، گۇلنىساخان ئاچا ، تىنچ-ئامان تۇردىلىمۇ ؟ — سالام قىلدى ئىسمايىل ئەھمەد قوشنىسىغا .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، بالام ، ئۆزۈڭمۇ تىنچلىقمۇ ؟ — سالام قىلدى ئايال ئالدىدا تۇرغان ئورۇق ، ئۆسكىلەڭ يىگىتكە قاراپ ، — كىمسەن ، بالام ، چىرايىڭغۇ تونۇشتەك تۇرىدۇ ، ھە ، ۋاي خۇدايىم ، ئىسمايىل بالاممۇ سەن ؟ چوپچوڭ بولۇپ كېتىپسەن مانا …

— ھەئە ، گۇلنىساخان ئاچا ، مەن شۇ . دادام بىلەن بازاردا قىلىدىغان ئازراق ئىشىمىز بار ئىدى ، دادامغا خەۋەر چىقارتاي دەپ ساقلاپ تۇرۇشۇم . ئۆزلىرى ئۇچراپ قالدىلا مانا ، بىزنىڭ ئۆيگە دىككىدە كىرىپ ئۆتكەن بولسىلا ، ساقلاپ تۇرغىنىمنى دادامغا

ئېيتىپ قويغان بولسىلا .

— ۋاي خــۇدايىمەي ، نېمە دەيدىغانسەن ؟ داداڭدىن خەۋىرىڭ بوقمۇ ؟ سەن تېخى ئۇقمىدىڭمۇ ، بالام ، راست ، سېنى …

ياش يىــگىــتــنىــڭ مــېڭــىسىگە قورقۇنچلۇق بىر زەربە ئــۇرۇلــغــانــدەك بولدى . ئاشۇ «خەۋىرىڭ يوقمۇ ؟» دېگەن گەپ نــېرىپلارغا قانداقتۇر بىر مۇدھىش خەۋەرنى يەتكۈزگەندەك بولدى . ئۇ گاڭگىرىدى ، تىللىرى لال بولدى . ۋۇجۇدى گويا بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇنى قۇيغاندەك شۈركۈندى . مېڭىسى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر تەسىر قىلىدىغان بىر ئۇچۇرنى قوبۇل قىلغانىدى . قوشنا ئــايال يەنە نېمىلەرنى دېدى ، ئۇ ئاڭقىرالمىدى . ئۇنىڭ يۈرىكى دادىسىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن ئىدى . توۋا خۇدايىم ، ئادەمگە شۇنچە ئېغىر تەسىر بېرىدىغان گەپلەرمۇ بولىدىكىنە . ئۇ ئوڭتەي-توڭتەي دەسسەپ «قىزلار مەكتىپى»دىكى ياتىقىغا قايتىپ كەلدى . ئەقلى ، پىكىرلىرى ، ھېس-تۇيغۇلىرى كۆل سۈيىدەك تىــپتــىنــچ ئــىدى . تــوخــتــىــماي ھــەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان پۇت-قوللىرىمۇ تىپتىنچ بولۇپ قالغانىدى . ئۇ يوتقان-كۆرپىسىنىڭ ئــۈســتــىدە جىمىدە ئولتۇرۇپ قالدى . «راستمۇ ؟ راستىمدۇ ؟ راستىمدۇ ؟» مېڭە ئاشۇ بىرلا سوئالنى تەكرارلايتتى . غەيرىلىك ھېس قىلغان كىمدۇر بىرى سۈرۈشتۈردى .

— ھە ، ئىسمايىل ئاغىنە ، جىمىپلا كېتىپسەنغۇ ، ئۈرۈمچىگە

— شوپۇرلۇق كۇرسىغا بارالمىغىنىڭغا جىلى بولۇۋاتامسەن ـ يە ؟ نېمە بولدۇڭ ؟

— دادام تــۈگــەپ كــەتــكەن ئوخشايدۇ ، — جاۋاب بەردى ئىسمايىل ئەھمەد بوش ئاۋازدا .

— نېمە دېدىڭ ؟ دادام تۈگەپ كېتىپتۇ ! …

— …

ئىسمايىل بېشىنى ئىرغاڭشىتتى . ئۇ يەنە نېمىمۇ دېيەلەيتتى ؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېڭىسىدە دېگۈدەك ھېچنېمە يوق ئىدى . خەۋەر بىردەمدىلا تېخى تارقىلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن خىزمەتداشلار ئىچىدە پۇر بولدى . ھەممىسى ئىسمايىللارنىڭ ياتىقىغا جەم بولۇشتى . ئابدۇقادىر سەيدى ، يۇسۇپ توخسۇن ، مەتقۇربان تۇرسۇنلار كىردى . بېشىغا قارا ماتەم كەلگەن بالىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا بولمايتتى . ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ ئاچىقىش ، ماتەم بولغان ئاشۇ ئۆيگە پاتىھە ئوقۇش كېرەك ئىدى . چوڭلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەن ، چوڭلار بىلەن ئاغىنە بولغان ياخشى ئىش ئىكەن . ئىشلارنى يەنىلا ئاشۇلار ئوبدان بىلىدىكەن . ئاشۇ يېشى سەل چوڭراق كادىرلار كېيىنكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى . گاڭگىراپ قالغان ياش بالىنى «توپا» يېزىسىدىكى «ئانارلىق»قا باشلاپ ماڭدى .

ئىسمايىل تەجرىبە كۆرمىگەن ياش بالا—تېخىچە گاڭگىراش ئىچىدە ئىدى . ئۇنىڭ تېخىچە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . بىر يېرىم ئايچە بۇرۇن ئاشۇ كەم سۆز ، ياۋاش ، قاراشلىرىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان ئاتا «كۆككىر» غا ئىسمايىلنى يوقلاپ چىققانىدى . شۇ چاغدا ، «يۇرۇڭقىر»نىڭ نېرىسىدىكى «چوغلۇق» دېگەن يايلاقتا قويلارنى يوقلاپ چىقىۋىدىم ، ساڭا قاراپ ئۆتەي دەپ كېلىشىم ، دېگەنىدى . بۇ بىر باھانە ئىدى . ھەر يىلى پادىغا قوشۇپ يايلاققا چىقىرىدىغان ئون-ئون بەش قوينى قايسى يىلى يوقلاپ باققان ؟ يوقلىمىسىمۇ ئۇلاردىن پادىچى خەۋەر ئالىدىغۇ . ئەمەلىيەتتە ئاشۇ مېھرىبان ئاتىنىڭ ئوغلىنى كۆرگۈسى كەلگەنلىكى ، ئاتايىتەن ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ئوغلىنى كۆرگىلى چىققانلىقى ئېنىق ئىدى . پەقەت كۆڭلىدىكى تۇيغۇنى ئاشكارىلىمىغانىدى شۇ . دېھقان دېگەن شۇنداق ئىدى . ئۇلارنىڭ

ئاق كۆڭۈل ، ساددا قەلبىگە ئوتلۇق تۇيغۇلار سىڭىپ كېتەتتى . قەلبىدە ھەر قانچە ۋاراقلاپ ، تېشىپ تۇرسىمۇ سىرتىغا ئاشكارىلىمايتتى . سىرتقا ئاشكارىلاش ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل شالالاقلىقتەك تۇيۇلاتتى . ئەمەلىيەتتىمۇ ئاشكارىلانغان تۇيغۇ دېگەن ئانچە ساپ بولمايتتى . كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر يېرىدە مەخپىي ساقلانغان تۇيغۇلارلا پاك ، سەمىمىي ، بىغۇبار بولاتتى . ياخشى كۆرۈش ، سېغىنىش ، مېھرىبانلىق قاتارلىقلارنى كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاش دېھقانلارنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئادىتى ئىدى . شۇ قېتىم ئۇ ئوغلىنىڭ يېنىدا ھەپتە ، ئون كۈنچە تۇردى . ھېيت ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىدە ئوغلى بىلەن بىللە يېتىپ قوپتى . بۇ ئۇنىڭ ئوغلى يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ ئون بەش-يىگىرمە كۈن ئۆتكەندىكى ئىش ئىدى . ئوغلى بىلەن بىللە يىغىنلارغا باردى . ئۇنىڭ سۆزلەشلىرىنى ئاڭلىدى ، خىزمەت جەريانىدىكى جىددىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشلىرىنى كۆردى . ئۇنىڭ چېھرىدىن ئالدىراڭغۇلۇق، ئالاقزادىلىكنى كۆرمىدى ؛ ئۇنىڭدا ئاللىقانداق بىر خىل مەمنۇنلۇق—رازىمەنلىك ئۇلغىيىپ باراتتى . ئاشۇ قېتىم ئۇ ئوغلىنىڭ نىمكەش كىيىملىرىنى كۆرۈپ ، «سودىگەر مېلى» ئېلىپ قويغانلىقىنى ، تاغدا تىككۈچى يوقلۇقىنى بىلگەچكە كۆتۈرۈپ چىقمىغانلىقىنى ، ناھىيە بازىرىغا قايتقاندا راسا چىرايلىق قىلىپ كادىرلارچە كىيىم تىكتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى . بۇمۇ ئوغلىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى . قايتىش ئالدىدا ئاتا ئوغلىغا يېنىش-يېنىشلاپ قارىغان ، تۇنجى قېتىم كۆڭۈل تۇيغۇلىرىنى ئاشكارىلاپ : «چوڭ بوپسەن ، بالام ، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم» دېگەنىدى . ئەمدى بۇ ئۇنىڭ ئوغلىغا دېگەن ئاخىرقى سۆزى بولۇپ قالارمۇ ؟ ئاتىنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ ، ئوغلى بىلەن رىزالاشقىلى چىققىنى شۇمىدىكىنە ؟ ئەمدى مانا ئاشۇ

ياۋاش ، سەممىي ئاتا راستىنلا باقىي ئالەمگە كېتىپ قالغانمىدۇ ؟ ھەي ، ئۆلۈم دېگەن بۇ قىسمەتكە ، ياشقىمۇ ، قېرىغىمۇ كېلىۋېرىدىغان بۇ كەلمىشكە نېمە دىگۈلۈك ! ئەھمەد ئاتا تېخى قىرىق ياشقىمۇ كىرمىگەنىدىغۇ ! ھەي نېمانداق قىسمەتسەن ، ئەسكىگە بىرە-بىرە كېلىپ ، ياخشىغىلا يېپىشىدىغان قانداق قىسمەتسەن ؟ ...

ئوغۇلنىڭ ئېسىگە ئاتىنىڭ ياۋاش قىياپىتى كەلدى . ئۇنى قوناخۇن خەلپەم ئوقۇتمىغان ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا سالغانىدى . خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئېتىزدىن ، ئوتۇن توشۇيدىغان جاڭگالدىن ، روزى بەگ ھەيدىگەن ھاشاردىن كەلمەيتتى . يىگىرمە-ئوتتۇز ياش دېگەن ئويناپ-كۈلىدىغان ، ئىت ھاۋشىغان ، ئېشەك ھاڭرىغان ، داپ داراڭلىغان جايلاردىن كەلمەيدىغان ياشقۇ . مۇشۇ «توپا» يېزىسىنىڭ ئۆزىدىمۇ «مەھەممەت گۆشىنىڭ بېغى»دا ھەر ھەپتىدە ئىت تالاشتۇرۇلاتتى ، «ئەشمە لەڭگەر»نىڭ نېرىسىدا «پاختىلىق قومىلىقى» دىكى «خان يايلاق»تا «ئوغلاق تارتىشىش» بولۇپ تۇراتتى ، ئەمما ئاتا ئۇنداق يەرلەرگە ئايدا-يىلدا بىرەر قېتىم بېرىپ قالمايتتى . «چوڭ كۆل» كەنتلىك سۇلايمان ئاخۇن قالۇن ئوغۇللىرىنى باشلاپ ، پات-پات بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ ، ئانارلىق باغلاردا نەغمە-مەشرەپ قىلىپ تۇراتتى . ئاتا ئۇنداق يەرلەرگىمۇ بارمايتتى ، بەلكىم بارغۇسى ، ئاشۇ ئوتلۇق مۇقاملارنى ئاڭلىغۇسى كېلىدىغاندۇ . ئەمما ئۇنىڭ سالاھىيىتى بۇنىڭغا يول قويمايتتى . «ئازنا مەسچىت»نىڭ يوغان سەللىلىك ، ئۇزۇن ساقاللىق ، ئۇلۇغۋار كۆرۈنۈشلۈك خاتىپى قوناخۇن خەلپەمنىڭ ئوغلى ئۇنداق يەرلەرگە بارسا بولمايتتى . ئۇ رايىش ، ياۋاش ، ئاتا سۆزىدىن چىقمايدىغان ئوغۇل ئىدى . ھارام-ھالال توغرىسىدىكى ئېتىقادى شۇنداق چىڭ ئىدىكى ، ئۆمرىدە بىرەرىنىڭ بىر تال دان چاغلىق

نەرسىسىگە كۆز سالغىنىنى، بىرەر قېتىم يالغان سۆزلەپ قويغانلىقىنى «توپا» يېزىسىدا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ يولدا پۇتقا پۇتلىشىدىغان تاش-داڭگال، تىكەن-چاتقال ئۇچرىسا، يولنىڭ ياقىسىغا ئېلىۋېتىپ ماڭاتتى، ھېچكىمگە، ھەتتا چۇمۇلىگىمۇ ئازار يەتكۈزمەيتتى، ئۇتۇن توشۇيدىغان ئېشەكنى، بوقۇسا سۆرەيدىغان ئۆكۈزنىمۇ ئۇرمايتتى، ھەممىگە مېھرىبان، يۇمشاق مۇئامىلە قىلاتتى. جاپاغا شۇنداق چىداشلىق ئىدىكى، نە تومۇز ئىسسىقتا، نە قەھرىتان قىشتا، نە قۇم-شېغىل ئۇچۇرتىدىغان بورانغا پىسەنت قىلمايتتى. قىشنىڭ قەھرىتان كۈنلىرىدە ئۇكەر يۇلتۇزى ئېگىلمەي تۇرۇپلا جاڭگالغا ئوتۇنغا ماڭاتتى. ئەتىيازنىڭ «تۇمۇ» سۇ ئىچىدىغان كۈنلىرىدە نەچچە-نەچچە كېچە سۇ ساقلاپ ئېتىزدىن قايتمايتتى. خامان ئالىدىغان قاتىلاڭ يازدا ھەپتىلەپ-ئايلاپ خاماندا يېتىپ قوپاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ۋايىسغىنىنى بىرەر كىشىمۇ ئاڭلىمىغانىدى. تېخى ئۇنىڭ گۈلدەك ھۈنىرى بار ئىدى. مەرەم كېلىن ئېگىرگەن پاختا يىپتا شۇنداق سىپتە بۆز-چەكمەنلەرنى توقۇپ چىقاتتى، كۈن-كۈنلەپ دۇكاندا مۇكچىيىپ ئولتۇراتتى. توقۇلۇۋاتقان بۆز-خام بىر ئىلىك-بىر ئىلىكتىن ئۈزىراپ غېرىچقا، «قېرى»غا، غۇلاچقا توشاتتى. بوقۇسا، بويانلاق ياساشنى، كەتمەن-پالتا ساپلاشنى، توقۇم-مۇلە تىكىشنى، ئېشەك، كالا، قوي، ئۆچكە كېسەل بولۇپ قالسا ئەملەشنى بىلەتتى. يەنە تېخى قوي-ئۆچكە سويۇشنى، تېرە ئاشلاپ جۇۋا-تەلپەك تىكىشنى بىلەتتى. مانا ئەمدى ئاشۇ ئىشچان، مۆمىن، جاپاكەش ئاتا قىرىق ياشقا توشماي تۇرۇپلا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغانىدى. بۇ راستىمدۇ؟

ئوغۇلنىڭ ئېسىگە كىچىكىدىكى ئىشلار كەلدى. ئىسمايىلنى كىچىكىدىنلا بوۋىسى قۇناخۇن خەلپەم بىلەن مومىسى زەينەپبۇۋى

ئىنگىدارچىلىقىغا ئالغانىدى . ئۇنى بېقىش ، خەۋەر ئېلىش ، يېگۈزۈش ، كىيىندۈرۈش ، تەربىيىلەش شۇلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى . لېكىن ئەھمەد ئاتىمۇ ئۇنىڭ كويىدا يۈرگەندەكلا قىلاتتى . ئېتىزدىن ، ھاشاردىن ، بازاردىن قايتقان چاغلاردا ئەڭ بۇرۇن يوقلايدىغىنى ئوغلى ئىدى . نەدىن قايتمىسۇن ، ئۇنىڭ يانچۇقلىرى ئوغلى ئۈچۈن قۇرۇق كەلمەيتتى ، ئېتىزدىن قايتسا مېۋە-چېۋە ، ھاشار ياكى بازاردىن قايتسا قەنت-ناۋات بىلەن تولۇپ كېلەتتى . ئوغلى ئويناۋاتقان قۇملۇقلارغا ، ئازما بويلىرىغا نان-چاي كۆتۈرۈپ ئىزدەپ باراتتى . تېخى ئۇنى ئېشەكنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈپ ياكى ھاپاش ۋە «تۆگە تايلاق» قىلىپ ئاشۇياقلارغا-ئېتىزغا ، ھاشارغا ، بازارغا ئاپىرىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى . «تۆگە تايلاق» قىلىپ بوينىغا مىندۈرگەندە : «دادامدىن چوڭ بولدۇم ، دادامدىن ئېگىز بولدۇم ، ھەممىدىن ئېگىز بولدۇم !» دەپ ۋارقىرايتتى كىچىككىنە ئىسمايىل قاقاقلاپ كۈلۈپ . سەل چوڭ بولغاندا ، قۇناخۇن خەلپەم ئۇنى تەربىيىلەشكە كىرىشتى . مەتكېرەم ئەپەندى ئوقۇتۇشقا كىرىشتى . رەسمىي مەكتەپكىمۇ كىردى . ئاتا بىلەن بالىنىڭ بىرگە بولىدىغان چاغلىرى ئوبدانلا ئازايدى ، ئەمما ئۇلار ھەر كۈنى كەچتە يەنىلا كۆرۈشۈپ تۇراتتى . كۆرۈشكەن چاغلاردا ئاتا ئوغلىنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلايتتى ۋە ئۇنىڭغا يېنىش-يېنىشلاپ قارايتتى . قاراشلىرىدىن بىر خىل قانماسلىق-تويماسلىق چىقىپ تۇراتتى . ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ : «ھەر بارە كۆزۈم سەندە ، ياندۇرۇپ يەنە سەندە» دېگەن مىسرالىرى گويا ئاشۇ ئەھمەد ئاتىنىڭ ئوغلى ئىسمايىلغا بېقىشلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەندەكلا ئىدى . كىچىك ئوغۇل ئاتىنىڭ بېقىشلىرىدىكى ئاشۇ قانماسلىقنى ، تويماسلىقنى ھېس قىلاتتى . قەلبى شادلىققا تولاتتى ، ئەركىلەيتتى ، شوخلۇق قىلاتتى . سەل كېيىن پەيزۇللاكام بىلەن

جىنەستىخان ئارقىمۇ ئارقا ئالەمدىن ئۆتۈپ ، مەرەم ئانىغا ئاشۇ ئىسمايىل تۇغۇلغان «يوغان تېرەكلىك هويلا» بىلەن ئۈچ يېرىم مو باغۋاراغۋاران مىراس تەگدى . ياش ئەر-خوتۇنلار قۇناخۇن خەلپەمنىڭ هويلىسىدىن «يوغان تېرەكلىك هويلا»غا كۆچۈپ كەتتى . كۆچۈپ بارمىسا «يوغان تېرەكلىك هويلا» پەرسۇدە بولۇپ كېتەتتى . ئاتا - ئانا كۆچتى ، ئوغۇل بوۋىسىنىڭ يېنىدا قالدى . لېكىن ئاتا-بالا يەنىلا هەر كۈنى بىللە ئىدى . ئەهمەد خەلپە يەنىلا تاڭ سەهەردە ئاتىسىغا سالام بەرگىلى ، ئوماق ئوغلىنى كۆرگىلى خەلپەمنىڭ هويلىسىدا پەيدا بولاتتى . كەچتە يەنە نەلەردىندۇر قايتىپ خوشلاشقىلى چوڭ ئۆيگە باراتتى . ئوغلىغا يېنىش-يېنىشلاپ قاراپ ، ئۇنىڭ مېهرىگە قانغاندا ئاندىن «يوغان تېرەكلىك هويلا» تامان يۇرۇپ كېتەتتى . ئىسمايىلمۇ «يوغان تېرەكلىك هويلا» بىلەن چوڭ ئۆي ئارىسىدا چېپىپ هارمايتتى . «چادىنە باغ»قا مەتكېرەم ئەپەندىدىن ساۋاق ئالغىلى ماڭسا ياكى «كۆكمەت مەكتەپ»كە ئوقۇشقا ماڭسا ، ئاشۇ «يوغان تېرەكلىك هويلا»غا كىرمەي ئۆتمەيتتى . يالغۇز ئوغۇل ئەتىۋار بولىدۇ . يالغۇز ئوغۇل ئەركە كېلىدۇ . يالغۇز ئوغۇلنىڭ تاۋىنى هېچكىم چەكمەيدۇ . ئەهمەد ئاتا ئوغلىغا هېچقاچان ئاچچىقلاپ-چېچىلىپ باقمايتتى ، چاپىنىكەشلىك قىلىپ چاتاق تېرىپ قويغان ، قوشنىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان چاغلاردىمۇ چېچىلمايتتى . «چوڭ بولسۇن ، چوڭ بولغاندا ئوڭشىلىدۇ» دەپ ئويلايتتى ئاتا . ئاشۇ مېهرىبان ئاتىنىڭ مېهرلىك كۆزلىرى مەڭگۈلۈككە يۇمۇلغانمىدۇ ؟ ئاشۇ مېهرلىك بېقىشلارنىڭ ئاياغلاشقىنى راستىمىدۇ ؟ ...

ئوغۇلنىڭ ئېسىگە ئەهمەد ئاتىنىڭ ئېتىزدا ، خاماندا ، هاشاردا ئىشلىگەنلىرى كەلدى . ئەهمەد ئاتا هەقىقىي دېهقان ئىدى . ئۇنىڭ سالغان قىرلىرى تانابتەك تۈز ، ئالغان چۆنەكلىرى شاخمات

تاختىسىدەك تەكشى، تېرىغان ئېتىزى ئاشتاختىدەك سىلىق بولاتتى. بۇغداينى قويۇق، قوناقنى ئالىراق تېرىيتتى. ئېتىزلارغا سۇ باشلىسا ھېچقاچان يار كېتىدىغان ئىش بولمايتتى. سالقىن شامال چىققان كۈنلىرى ئۇنىڭ خاماندا بۇغداي سورۇشلىرىنى كۆرسە ئادەم ھەيران قالاتتى. ياغاچ ئارا بىلەن يۇمشاپ تەييار بولغان «بۇلە»نى ئاسمانغا ئاتسا، بۇغدىيى بۇغداي، سامىنى سامان بولۇپ ئايرىلىپ چۈشەتتى. يۈز قېتىم ئارا ئاتسىمۇ شۇنداق جايىغا ئاتاتتىكى، بۇغداي بىلەن سامان زادىلا ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. ئىنىسى يۇسۇپ خەلپە بىلەن سول ئېلىپ بۇغداي ئورۇغان چاغلىرىدا ئىنىسى دائىم تۆت غۇلاچ كەينىدە قالاتتى. باشقىلار بىلەن لاپقۇتلاشقان چاغلاردىمۇ، ھاشاردا چام ئېلىپ ئۆستەڭ ئالغان چاغلاردىمۇ، ئۇ ھېچكىمنىڭ ئارقىسىدا قالمايتتى، ھاردىم-تالدىم دېمەيتتى. ئىشقا بىر كىرىشىپ كەتسە ھەممىنى ئۇنتاتتى. ھەرقانداق ئىش قىلسىمۇ ئەستايىدىل قىلاتتى، قىلچە بىخەستەلىك قىلمايتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي دېھقانغا خاس چىدامەت، غەيرەت، كۈچ-قۇۋۋەت بار ئىدى. قۇناخۇن خەلپەمنىڭ زېمىنلىرى، پەيزۇللاكامدىن قالغان ئۈچ يېرىم مو باغۋاران، تۆمۈر بەگدىن ئىجارىگە ئالغان ئون-ئون بەش مو يەر ئۇنىڭ ئەجىر-تەرى بىلەن گۈللەيتتى، ئىككى ئائىلىنىڭ تاغارلىرى ئۇنىڭ ئەجرى بىلەن ئۆرە تۇراتتى، ئىككى ئائىلىنىڭ ساندۇقلىرى ئۇنىڭ ئەجرى بىلەن تولاتتى. ئەمدى مانا ئاشۇ ھارماس قوللار ئىشتىن توختىغانمىدۇ؟ مەڭگۈلۈك ئارامغا چىققىنى راستىمدۇ؟...

ئوغۇلنىڭ ئېسىگە ئاتىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى كەلدى. ئەھمەد خەلپە «ئازنا مەسچىت»نىڭ خاتىپى بولغان قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئوغلىغا خاس ئادەمگەرچىلىككە، ئەخلاققا ئىگە ئىدى.

قوشنىلارنىڭ ياردەملىشىدىغان ئىشلىرى چىقىپ قالسا ، ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشى بولسىمۇ توختىتىپ قويۇپ ياردەمگە باراتتى . ئەگەر قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئۆلۈم-يېتىم ، توي-تۆكۈن بولۇپ قالسا ، كۈن بويى شۇ يەردە بولاتتى . توي-تۆكۈندە ئوچاق-قازانغا ، ئۆلۈم-يېتىمدە يەرلىك ۋە جىنازىغا قارىشاتتى . قوشنىلار بىلەن خۇشاللىقىمۇ ، قايغۇ-ئازابىمۇ ئورتاقلىشاتتى . ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا كۈلۈپ ، قايغۇسىغا ياش تۆكەتتى . قوشنىلار بىلەن ھېچقاچان دەتالاش قىلغان ، ئاداۋەتلەشكەن ئەمەس ئىدى . چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ ، كىچىكلەرنى ئاسرايتتى . ھەرقانداق كىشىنى كۆرسە تەۋەززۇ بىلەن ئالدىن سالام قىلاتتى . ئەمدى مانا ئاشۇ ئاق كۆڭۈل ، ساددا ، قويىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ئاتا مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمغانىدى . بۇ راستىمدۇ ؟…

ئەسلىمىلەر دەرياسىغا غەرق بولغان ئوغۇل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى «يوغان تېرەكلىك ھويلا »دا مەرەمخان ئانىنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسى قارشى ئالدى . ئانا لوڭگىدە بوي تارتقان ئوغلىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ھازا ئاچتى .

— ئاھ مۇرەببىم ، ياش كەتكەن مۇرەببىم ، ئوغلى كەلگەندە ئالدىغا چىقالمىغان مۇرەببىم ، ئوغلىنى باغرىغا باسالمىغان مۇرەببىم ، ئوغلىنىڭ مېھرىگە قانالمىغان مۇرەببىم…

جۇپتىدىن ئايرىلغان ياش ئانا نالە قىلاتتى ، پەرياد ئۇراتتى ، زار-زار قاقشايتتى .

— قويىنىڭ قوزىسىدەك يېتىم قالدۇق ، بالام ، كاككۇكنىڭ باچكىسىدەك يالغۇز قالدۇق ، بالام . ئاھ مۇرەببىم ، مەن قانداق چىداي …

ئانىنىڭ ۋۇجۇدى سىمابتەك تىترەيتتى . ئانا باغرىغا تىقىلىپ قالغان ئوغۇل تېخىچە گاراڭ ، لال ھالەتتە ئىدى . ئۇ

يىغلىيالمىدى ، كۆزىدىن ياشمۇ چىقمىدى . ئۇ گويا يېتىم قالغان قوزىدەك مۆنىيىپ جىممىدە تۇراتتى . ئانا باغرىدىن چىققان ئوغۇلنى قۇناخۇن خەلپەم باغرىغا باستى . بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىغان ئىسسىق ياش ئۇنىڭ ئۇزۇن ، ئاپئاق ، ئۇلۇغۋار ساقاللىرىنى بويلاپ ، نەۋرىسىنىڭ بويىنىغا ئاقتى . ئوغۇل يەنىلا يىغلىيالمىدى ، كۆزىدىن ياشمۇ چىقمىدى . بۇ مۇقەررەر بولىدىغان هالەت ئىدى . ياق ، ئۇ يىغلايدۇ . ئۇنىڭ يۈرىكى يىغلىماقتا . پەقەت سىرتقا ئىپادىلىنىپ چىققىنى يوق شۇ . بىر يىل ، ئىككى يىل ، بەش يىل ، ئون يىل ئۆتسۇن ، شۇ چاغدا يىغلايدۇ ، ئۇنىڭ يىغىسى شۇ چاغدا سىرتقا ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ . ئاتىسىنى يادىغا ئالغاندا ، بىرەر ئىش توغرىسىدا ئەڭ يېقىن ئادىمى بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى ئويلىغىنىدا ، باشقىلار ئۆز ئاتىسى توغرىسىدا ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭ قىلغاندا يىغلايدۇ . ئاتا دېگەن تاغ ، ئاتا دېگەن يۆلەنچۈك ، ئاتا دېگەن قالقان ، ئاتا دېگەن يولباشچى . يۆلەنچۈكىدىن ، قالقىنىدىن ، يولباشچىدىن ئايرىلغان يېتىم ئوغۇل يىغلىمىسۇنمۇ ؟ ئۇ يىغلايدۇ . يىللار ئۆتسۇن ، ئاتا قەدرى بىلىنسۇن ، شۇ چاغدا يىغلايدۇ ، هازىرمۇ يىغلىماقتا . كۆزى ، ئېغىزى ئەمەس ، يۈرىكى يىغلىماقتا . قانلىرى ، نېرۋىلىرى ، ۋۇجۇدلىرى يىغلىماقتا . ئاھ ، ئاتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ ئېغىر كۈن بارمۇ دۇنيادا ؟ ! ئاتىدىن ئايرىلىپ قالغاندىنمۇ قارا كۈن بارمۇ دۇنيادا ! ؟…

هەمراھلارنىڭ «تەبارەك»نى ئوقۇپ پاتىھە قىلغىنىدىن كېيىن مەلۇم بولدىكى ، ئاتا ئاشۇ ئوغلىنى يوقلاپ چىققان تاغدىن ئەلەڭ-سەلەڭ هالدا قايتىپ كەپتۇ . تاغ توغرىسىدا ، ئوغلى توغرىسىدا پاراڭ قىلىپمۇ بېرەلمەپتۇ . سول بىقىنىنى قاماللاپ بوش-بوش ئىڭرايدىكەن . ئۆيدىكىلەر «قاداغ» تۇرۇپ قالدىمىكى دەپ ئويلىشىپتۇ . بەدىيان دەملەپ ئىچۈرۈشۈپتۇ ، كار قىلماپتۇ .

ئۈچىنچى كۈنى جىمىدە كۆز يۇمۇپتۇ . ئوغلىغا بىرەر گەپمۇ قالدۇرماپتۇ ...

ئوغۇلنىڭ ئېسىگە كەلدى : تاغدا ئوغلى بىلەن خوشلاشقاندا ، ئۇ : «چوڭ بوپسەن ، بالام ، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم» دېگەن ئەمەسمىدى ، ۋىدالاشقىنى شۇمىدىكىنە ؟ رازىلىق بەرگىنى شۇمىدىكىنە ؟ ۋىدالاشقىلى ، خوشلاشقىلى چىققىنى شۇمىدىكىنە ؟ !

يەنە مەلۇم بولدىكى ، يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى بولغاچقا مېيىتنى دەرھال يەرلىككە قويۇشقا توغرا كەپتۇ . ئاشۇ «كۆككىر » دېگەن يەرگە چىقىپ خەۋەر قىلىشقا ئۈچ كۈن ، تاغدىن يېتىم ئوغۇلنى باشلاپ كېلىشكە يەنە ئۈچ كۈن كېتىدىغان بولغاچقا ، ئوغۇلغا خەۋەر بەرمەسلىكنى ماقۇل كۆرۈشۈپتۇ . يېتىم ئوغۇلنىڭ ئاتا يۈزىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرەلمەسلىكىدىكى سەۋەب شۇ ئىكەن ...

راست ، ئۇ ئاتا يۈزىنى كۆرەلمىدى . قىسمەتتە ئۇنىڭغا ئاتا-ئانىنىڭ يۈزىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىغانىدى . ئاتا-ئانىنىڭ يۈزىنى كۆرۈشمۇ ، ئۇلارنى ئاخىرەتكە ئۇزىتىشمۇ ، جىنازا ئالدىدا قارىلىق باغلاپ يىغلاپ مېڭىشمۇ ، «ئاتام قانداق ئادەم ئىدىكەن ؟ » دەپ سوراپ ، جامائەتنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاڭلاشمۇ ، قەبرە ئىچىگە كىرىپ ، ئاتىنىڭ ئاخىرەت تونىنى تۈزەپ قويۇشمۇ ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلمىگەنىدى . ئۇزاق يىللاردىن كېيىن ، 1994 -يىل يازدا ، ئەھمەد خەلپەمدىن ئايرىلىپ ، يەنە ئەھمەد خەلپەمنىڭ ئۆمرىچىلىك ياشىغان مەرەمخان ئانا ئالەمدىن ئۆتتى . ئاتىسى ۋاپات بولغاندا يىراق تاغدا بولۇپ قالغان بالا ئەمدى يەنە يىراق چەت ئەلدە بولۇپ قالدى . ئۇ ئەينى چاغدىكى باش مىنىستىر لى پېڭغا ھەمراھ بولۇپ ، ئۆزبېكىستان ، قازاقىستان ، قىرغىزىستانلاردا دۆلەت

ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇۋاتاتتى . 1953 -يىلى سەكسەن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «كۆكقىر»غا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈن كەتكەن بىلەن ھازىر ئۈچ مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «تاشكەنت»كە خەۋەر ئەۋەتىش ئۈچۈن ئۈچ مىنۇتمۇ ۋاقىت كەتمەيتتى . «كۆكقىر»دىن «توپا»غا كېلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈن كەتكەن بىلەن «تاشكەنت»تىن «توپا»غا كېلىش ئۈچۈن بىر كۈنمۇ ۋاقىت كەتمەيتتى . ئەمما «ئاتا نامىزى»غا كېلەلمىگەن ئوغۇل «ئانا نامىزى»غىمۇ ئوخشاشلا كېلەلمىدى ، ئوخشاشلا خەۋەر قىلىشمىغانىدى . خەۋەر قىلىدىغانلار «دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ ، دۆلەت ئىشلىرىغا تەسىر يەتسە قانداق بولىدۇ؟» دېيىشكەنىدى . ئۇلارنىڭ قىلغىنى توغرا ئىدى . 1961 -يىلى كوممۇنانىڭ داش قازىنىدىكى ئۇماچقا قاراشلىق بولۇپ قالغان قۇناخۇن خەلپەم ئالەمدىن ئۆتكەندىمۇ ، ئۇ بېيجىڭدا ، مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتاتتى . ئەركىلىتىپ باققان ، پەپىلەپ تەربىيىلىگەن ئاشۇ مېھرىبان بوۋايىنىڭ «مېيىت نامىزى»غىمۇ كېلەلمىدى . كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ، قەلبى چېكىلگەن ئوغۇل «كېيىنكى كۈنلەردە ئاشۇ مېھرىبان بوۋىمىزدىن خەۋەر ئالالمىغانىدۇق» دەپ ھەسرەت چېكىدۇ .

قۇناخۇن خەلپەم ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپ ئون يىللاردىن كېيىن ، كاللىسى قىزىپ كەتكەن كەنت كادىرلىرى «توپا»نىڭ ئېپتىخارى ، سىمۋولى بولغان ئاشۇ يوغان تېرەكنىمۇ قاپ بېلىدىن كېسىپ تاشلاشتى... ئىسمايىل ئەھمەد تېرەككە قاراپ : «يوغان تېرەككە ھەربىر قارىغىنىمدا ئاتا-بوۋام ھايات تۇرغاندەك بىلىنەتتى . مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ روھاناتىمۇ تۈگەپتۇ...» دەپ ھەسرەت چەكتى... قىسمەت ئەنە شۇ ئىدى... نەچچە ئەسىرلىك

دەرەخــــنىڭ قىسمىتى… غىياسىدىن بەگدىن كېيىنكى بوۋىلارنىڭ روھىنى قورۇندۇردى… يالغۇز ئوغۇلنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئۆرتەپ كــەتــتــى . بەختسىزلىك ئادەملەرگىلا ئەمەس ، تەبىئەتنىڭ ئاشۇ گىگانت دەرىخىگىمۇ كەلدى… قايغۇ-نادامەت ئادەملەرنى قان-قان يىغلاتتى . سىياسىي تەلۋىلىك نەچچە ئەسىرلىك خىرابان دەرىخنى نابۇت قىلدى .

ئەمدى 1953 -يىلىدىكى «توپا» يېزىسىغا— «يوغان تېرەكلىك هويلا»غا قايتىپ كېلىشىمىز كېرەك . ئوغۇل جۇپتىدىن ئايرىلغان مــەرەمــخان ئانىنىڭ ئىچىنىشلىق كۆز يېشىغا ھەمراھ بولۇپ ، ئــۇنــىڭ يــېــنــىــدا تــۆت-بەش كۈنچە تۇردى . بوۋىسى قۇناخۇن خەلپەمنىڭ باشلىشىدا قەبرىستانلىققا بېرىپ ئاتا قەبرىسىگە دۇئا قىلدى . «يوغان تېرەك» ئاستىدا ئۆزۈندىن-ئۆزۈنغا مۈڭلىنىپ ئولتۇردى . ئۇ تېخىچە گاراڭ ھالەتتە ئىدى . ئاتىنىڭ ئۆلۈمىنى ، ئىنسانىنىڭ نېمىشقا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ، ئاتىدىن ئايرىلىشنىڭ نېمىلەردىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندەك خىيالچان ئىدى . «ئوغۇل ئاتىسىدىن ئايرىلغاندىلا چوڭ بولىدۇ» دەپ ھېكمەت ئېيتىشىدۇ كونىلار . ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىمۇ ئاخىرقى سۆزىــدە «ئــەمــدى چــوڭ بــوپسەن ، ئوغلۇم» دېمىگەنمىدى ! ؟ ھــەقــىقەتەنمۇ ئۇ چوڭ بولۇپ قالغانىدى . ئاشۇ تۆت-بەش كۈن ئــىــچــىــدە ئــۇ ئــائــىــلىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتى .ئېتىزلاردا «ئــۇندى-پىشتى قوناق» ئاللىقاچان پىشىپ قالغان ، ئۆگزىدىكى گۈلە-قاقلار قۇرۇپ تەييار بولغانىدى . قوناقلارنى چېپىپ ، ئاقلاپ ھــويــلــىــغا تــوشــۇۋېلىش ، گۈلە-قاقلارنى يىغىپ ، ساندۇقلارغا قــاچىلىۋېلىش كېرەك ئىدى . ئۇ توختىماي ئىشلىدى . ئۆتكەن يــىــلى ، ئالدىنقى يىلى ، ئۇزاقى يىلى ئاتىسى قانداق ئىشلىگەن بولسا ، شۇنداق ئىشلىدى . ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىدىن «ئەمدى

بۇ ئۆيگە مەن غەمخورلۇق قىلىشىم كېرەك ، ئائىلىنىڭ ھەممە ئىشىغا مەن ئىگىدارچىلىق قىلىشىم كېرەك » دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى . ھەر بىر ھەرىكىتىدە يەنە ئانىسىغا تەسەللى بېرىۋاتقاندەكمۇ تۇيۇلاتتى . ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىدا يەنىمۇ ئۇزۇنراق تۇرغانىمۇ بولاتتى ، لېكىن مۇمكىن بولمىدى . ئۇ ئاللىقاچان ھۆكۈمەت كادىرىغا ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسىغا ئايلانغان ئەمەسمىدى . بۇنداق سالاھىيەتكە ئىگە بولغان كىشى بىر ئائىلىگە غەمخورلۇق قىلىش بىلەنلا چەكلەنسە بولمايتتى . ئۇ پۈتۈن ناھىيىگە ، ناھىيىدىكى ئون ئالتە مىڭ نەچچە يۈز ئائىلىگە خىزمەت قىلىشى ، غەمخورلۇق قىلىشى كېرەك ئىدى . ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن چاقىرىپ ئادەم كېلىپ قالدى . بۇ يېڭى ۋەزىپە بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . ئۇ يېڭى-يېڭى كۈرەش مەيدانلىرىغا ئاتلىنىشى كېرەك ئىدى . «ئۆلگەننىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولماس » دېيىشىدۇ كونىلار . ئىش شۇنداق ئىدى . ئاتىدىن ئايرىلىش دەردىمۇ ئاستا-ئاستا سۇسلىشىۋاتاتتى . ئۇنتۇلمايدىغان دەرد بولامدۇ ؟ تۈگىمەيدىغان ماتەم بولامدۇ ؟ ئۇ ناھىيە بازىرىغا مېڭىش ئالدىدا ، ئاتىسىنىڭ يېڭى قەبرىسىنى يەنە بىر قېتىم يوقلىدى . ئاتىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى . بۇنىڭ ئارىسىدا ئاتىسىنىڭ روھى بىلەن مۇڭدىشىشمۇ بار ئىدى . ئاتا ئۇنى داۋاملىق ياشاشقا ، ھاياتنىڭ سىناقلىرىنى دادىللىق بىلەن كۆتۈرۈپلىشقا ئۈندەيتتى .

## يەتتىنچى باب

# ئىستىقبال ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىش

### 1. قوناق — سايلام بېلىتى

ياش كادىر ئىسمايىل ئەھمەد «يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى» دىن كېيىنكى دەم ئېلىش پۇرسىتىدە بىمەھەل ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئۆزى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن بىخەۋەر قالغان دادىسى ئۇچۇن ھازا ئېچىپ يۇرگەن كۇنلەردە، ناھىيىلىك ھۆكۇمەتتىن چاقىرىپ ئادەم كېلىپ قالدى. مەلۇم بولدىكى، يۇقىرىدىن يېزا-كەنتلەردە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۇزۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۇشۇپتۇ. سايلام ھەرقايسى رايونلاردا باسقۇچ-باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ناھىيە ھەرقايسى يېزا-كەنتلەرگە سايلامغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتىدىكەن. ئۇنى ئاشۇ ئەترەتلەرنىڭ بىرىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىشىپتۇ. ئەمدى ئاشۇ خىزمەتكە ئاتلىنىدىغان گەپ ئىكەن ··· شۇنداق قىلىپ ئۇ «چىرىيە»، «چاقار»، «دامىكۇ» رايونلىرىنىڭ يېزىلىرىغا يۇرۇپ كەتتى. تەلەپ بويىچە يېزا-كەنتلەردە بىۋاستە سايلام ئېلىپ بېرىلىپ، يېزا باشلىقىنى، دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىنى ۋە رايونغا بېرىپ ۋاستىلىك سايلامغا قاتنىشىدىغان يېزا ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىش كېرەك ئىدى. ئۇ چاغلاردا مۇشۇنداق يېزا دېھقانلىرىغا ۋاكالىتەن رايون باشلىقىنى ۋاستىلىك سايلايدىغان ۋەكىللەر «دېپوتات» دەپ ئاتىلاتتى. «دېپوتات»لىق شەرەپلىك

ئىش ھېسابلىناتتى .

مۇشۇ سايلام دېگەن ئىش ئەينى چاغدا چىرىيە خەلقى ئۈچۈن بەكلا يېڭىمۇ ، شۇنداقلا ئۇنچىۋالا كونىمۇ ئىش ئەمەس ئىدى . تارىخىي ئۈچۈرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، تاكى بۇنىڭدىن ئالتە-يەتتە يىل بۇرۇنقى 1946-يىلىغا كەلگۈچە ، بۇ دىياردا ھەقىقىي سايلامىمۇ ، ساختا سايلامىمۇ بولۇپ باققان ئەمەس . ئۇزۇن چاچلىق ، پۆپۈكلۈك قالپاق كىيىدىغان مانجۇلار سۇلالىسى ۋاقتىدا ، ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئامبالنىمۇ ، يەرلىكلەر ئارىسىدىن بەلگىلەيدىغان «ھاكىمبەگ»نىمۇ خاقانى پەغپۇرنىڭ ئوردىسى بىۋاستە تەيىنلەيتتى . خاقانى پەغپۇر ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ، بىرەر يۇرتقا ئامبال بولغۇسى بارلار بىرەر خورجۇن يامبۇ تۆلەپ ياڭ زېڭشىندىن ئامباللىقنى سېتىۋالىدىغان بولۇشتى . بەگلىكنى بولسا ، «بەگ» بولغۇسى بارلار ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن تەڭگە خەجلەپ ئامبالدىن سېتىۋالاتتى . ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېنلار كېتىپ ، شېڭ شىسەي كەلگەندە ئامباللارنى يەنە ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىدىغان بولۇشتى . ئۇلارمۇ ئوخشاشلا «بەگ»لىكنى پۇلغا سېتىپ يۈرۈشتى . ئەمما سەل يەڭ ئىچىدىرەك ئىدى . شۇنداقلا بۇ چاغلاردا «ئامباللىق» دېگەن گەپ «ناھىيە»گە ، «ئامبال» دېگەن گەپ «ھاكىم»غا ئورۇن بوشاتتى . بۇمۇ «كاللام بىلەن بېشىم بىر» دېگەندەك گەپ ئىدى . ئاتاق ئۆزگەرگەن بىلەن پۇقراغا سالىدىغان زۇلۇم ئۆزگەرمىدى . گومىنداڭ ۋاقتىغا كەلگەندە «رايون» ، «يېزا» ، «باۋ» تەسىس قىلىنىشتى . «چۆيجاڭ» ، «شياڭجاڭ» ، «باۋجاڭ»لىقنى ئوخشاشلا پۇلغا سېتىۋالغىلى بولاتتى . ئۈرۈمچىدىن «ھاكىم» بولۇپ چىرىيىگە كەلگەنلەرنىڭ نەچچە پۇل خەجلىگەنلىكى بىر خۇدانىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم ئىدى . ئەمما ئېلى ، چۆچەك ، ئالتايدا قوزغالغان «ئۈچ

ۋىلايەت ئىنقىلابى» گومىنداڭنى ئۆز ھالىغا قويمىدى. «بىتىم» دەمدۇ، «سۆھبەت» دەمدۇ، ئىشقىلىپ، ھەر خىل يوللار بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ «ھاكىم» لارنى «خەلق سايلىشى كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتنى خەلقنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆزگەرتىش ئويى بولسا كېرەك، شۇڭا خەلق سايلىغاندىلا قانۇنلۇق بولىدۇ دەپ قارايتتى. شۇنداق قىلىپ، 1946-يىلىغا كەلگەندە، چىرىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم سايلام ئۆتكۈزۈلدى. تېخى بۇ سايلام «دېموكراتىك سايلام» دەپ ئاتالدى. ئاشۇ 1946-يىلنىڭ 11-ئېيىدا كــەچ كۈز قۇياشى ئاجىز نۇر چېچىپ، ئىللىق ئاپتاپ ھاسىل قىلغان بىر كۈندە ئۆتكۈزۈلگەن سايلام چىرىيىلىكلەرنىڭ تېخىچە ئېسىدە ئىدى. ئۇرۇمچىدىن كەلگەن سايلامغا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى چىرىيىلىكلەرنى يىغىپ، «سايلام ئۆتكۈزىمىز» دەپ ھەربىر كىشىگە بىر ۋاراقتىن قەغەز تارقاتتى. يېزىلاردىن نەچچە مىڭ كىشى كەلدى، تاغلىقلار كېلەلىدىمۇ يوق، بۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. خەلقنىڭ كۆپچىلىكى دېگۈدەك ساۋاتسىز ئىدى. سايلام بېلەتى دەپ تارقىتىلغان قەغەزنى تولدۇرۇپ بېرىشكە «ناھىيىلىك مەكتەپ»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بەلگىلەندى. ئۇلار سايلىغۇچىنىڭ ئىرادىسى بويىچە تولدۇردىمۇ ياكى مۇئەللىملىرى ئۆگەتكىنىنى تولدۇردىمۇ، بۇنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ چىرىيىلىكلەر ئۆز تارىخىدىكى تۇنجى سايلامنى تېپتىنچلا تۈگەتتى. خوتەندىكىدەك، كېرىيىدىكىدەك جېدەل-ماجىرا قىلىپمۇ يۈرمىدى. ئىككى سائەت ئۆتكەندە ئۆلكىدىن كەلگەن سايلامغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى 1935-يىلى 6-دېۋىزىيىنىڭ كومانىدىرى مەھمۇد مۇھىتىغا كانىۋاي بولغان، كېيىن شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان، بىر يىل بۇرۇن قانداقتۇر بىر يوللار بىلەن چىرىيە ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن

قەشقەرلىك چوڭ ئاخۇن «جىڭ ھاكىملىقتا سايلاندى» دەپ ئېلان قىلىپ بەردى. يەنە تېخى توختى ئاخۇن دامولللام مۇئاۋىن ھاكىملىقتا، ئابلىز قادىر سەنيىنخۇينىڭ يېجاڭلىقىغا، «ئوقادى»لىق يۇسۇپ ھاجىم مۇئاۋىن يېجاڭلىقتا سايلانغانىدى. ئاشۇ ئارانلا ئىككى سائەت داۋاملاشقان «دېموكراتىك سايلام» چىرىيىلىكلەردە غۇۋا چۈشتەك بىر تەسىرات قالدۇرغانىدى. سايلام ئۆتكۈزۈلمىدى دەي دېسە، راستىنلا سايلام بولغانىدى. سايلام ئۆتكۈزدۇق دەيلى دېسە، ئاتام كۆرمىگەن، ھېچكىم بىلمىگەن بىر يوچۇن ئادەملەر سايلانغانىدى. سايلانغانلارنىڭ چىرىيە خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالىشىنىمۇ، چىرىيە خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزەلىشىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئەمدى مانا چىرىيە خەلقى چىرىيە تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ قېتىملىق سايلامنى ئۇنتۇپ كېتەي دېگەندە مۇنۇ ئىسمايىل ئەھمەد دېگەن «توپا»لىق كىچىك كادىر يەنە «سايلام ئۆتكۈزىمىز» دەپ پەيدا بولدى. قانچىلىك سايلام بولار؟

خەلقنى ھەقىقىي سايلام بولىدىغانلىقىغا، كىمنى سايلىغۇسى كەلسە شۇنى سايلايدىغانلىقىغا، سايلانغۇچىلارنىڭ سايلىغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈش كېرەك ئىدى. ئون سەككىز ياشتىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ مەيلى ئەر-ئايال، قېرى-ياش، باي-نامرات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سايلاش-سايلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈش، ئۇلارنى تىزىملاپ سايلام گۇۋاھنامىسى تارقىتىش، تەكرار سايلام ئۆتكۈزۈپ سايلانغۇچى نامزاتلارنى بېكىتىش كېرەك ئىدى. تەشۋىقات، تىزىملاش خىزمەتلىرى باشلاندى. مانا شۇ تىزىملاش ۋاقتىدا نېمىشقىدۇر كىشىلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن قىزغىنلىق كۆرۈلدى. كىشىلەر يېڭى ھۆكۈمەت بىرەر ھەرىكەت

ئېلىپ بارسا، چوقۇم ئۆزلىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان ھېس قىلىشقانىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يەر ئىسلاھاتىدا ئون سەككىز ياشقا توشقانلار ئايرىم ئائىلە ھېسابلىنىپ، «كۆرەش مېيۋىسى»دىن ئۇلارغىمۇ تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنلىكى تېخىچە ئۇلارنىڭ يادىدا ئىدى. شۇڭا ئەمدىكى تىزىملاشتا ئون يەتتە ياشلىق، ئون ئالتە ياشلىق باللارنى ئون سەككىز ياش قىلىپ كۆرسىتىدىغان، يىراق يايلاقتا قوي بېقىۋاتقان پادىچىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي تىزىملىتىدىغان ئىشلار كېلىپ چىقتى. ئازادلىق ئارمىيە يېڭى كېلىپ، كونا ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان چاغدا، كەنت باشلىقى، يېزا باشلىقى بولۇشقا ئۈنىمىغان كىشىلەر ئەمدى ئۆزىنى نامزاتلىققا تىزىملىتىشنىڭ ئامالىنى قىلىۋاتاتتى. بۇنداق يۇقىرى قىزغىنلىققا ئاپىرىن ئوقۇماي بولمايتتى، لېكىن خىزمەتنىڭ سالمىقىمۇ ئېشىپ كېتىۋاتاتتى. ئاشۇ يېشىنى ئاشۇرۇپ تىزىملىتىۋالغان باللارنىڭ يېشىنى ئېنىقلاش بەسى مۇشكۇل ئىدى. بۇ يەرلەردە ساقچى پونكىتى تۇغۇلغان-ئۆلگەنلەرنى قاچان تىزىمغا ئالغان دەيسىز؟ ھېچبولمىسا ئاتا-ئانىلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈنىنى خاتىرىلەپ قويالامتى؟ قۇناخۇن خەلپەمدەك ئايرىم ساۋاتلىق ئادەم بار ئائىلىلەر تىزىملاپ قويالىغىنى بىلەن كۆپ سانلىق ئائىلىلەر تىزىملاپ قويالمايتتى. چۈنكى ئۇلار ساۋاتسىز ئىدى. ئۇلار پەقەت باللىرىنىڭ «ئاغرىق-سىلاغ ۋاقتى»دا، «ئىسلام ۋاقتى»دا، «تۇڭگان ۋاقتى» دا ۋە ياكى «قاتتىق سوغۇق بولغان يىلى»، «ئۇلۇغ كەلكۈن كەلگەن يىلى» تۇغۇلغانلىقىنى، تۇغۇلغان چاغدا «ئۈجمە پىشقان»، «بۇغداي ئورۇغان» ياكى «قوناق چاپقان» لىقىنى ئەستە تۇتالايتتى. تىزىملانغان خاتىرە بولمىسا، ھېلىقى يېشىنى ئارتۇق مەلۇم قىلىۋالغانلارنى قانداق پەرقلەندۇرگۈلۈك؟

ئاتا-ئانىسىنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنمەي بولامتى؟
ئەمما يەنىلا ئېنىقلاپ كۆرۈش كېرەك ئىدى. قوشنىلاردىن،
تەڭتۇشلىرىدىن ئېنىقلاپ بېقىش كېرەك ئىدى. مۇشۇ ئىشمۇ
خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇۋېتىپ باراتتى. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ
سايلام دېگەندە يەنە تالاي ئىشلار بار ئىدى. ئومۇمىي سايلام
خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىسمايىل
ئەھمەد ئاشۇ ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ ئاشۇ
ئالدىراشلىقىدا، سايلام گۇۋاھنامىسى، سايلام بېلىتى باستۇرۇپ
بېلەت ساندۇقى تەييارلاش بىلەن مەشغۇلمىدى؟ ياق، ئۇنداق ئىش
يوق. سايلام كىنىشكىسى، سايلام بېلىتى باستۇرۇشقا قەغەز يوق
ئىدى. باسما ماشىنىلىرىمۇ يوق ئىدى. بېلەت ساندۇقى
ياسىتىشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟
ياش ئەترەت باشلىقى ئىسمايىل ئەھمەد كاللا ئىشلىتىپ، بۇلارنى
يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ
ئاكتىپلارنى بۇيرۇپ ئائىلىلەردىن قاچاندۇر بىر چاغلاردا سۇ
توشۇشقا ئىشلەتكەن، كېيىن دەز كەتكەنلىكى سەۋەبلىك
«ۋەزىپىسى» قاغا جىگدىسى قاچىلاپ قويۇشقا ئۆزگەرگەن،
ئەمدىكى كۆز كۆنلىرىدە بولسا بوش قالغان كونا قاپاقتىن
بەش-ئالتىنى تاپتۇرۇپ كەلدى. مانا بۇ بېلەت ساندۇقى ئىدى.
يەنە كىمنىدۇر بۇيرۇپ بىر ئۆتكەمە قوناقنى تاسقىتىپ كەلدى.
مانا بۇ سايلام بېلىتى ئىدى. يەنە كىمدۇر بىرى بىر قۇچاق قومۇش
پۆپۈكى ئورۇپ كەلدى. مانا بۇ سايلامغا قاتنىشىش كىنىشكىسى
ئىدى. سايلامغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەرگە قومۇش
پۆپۈكى تارقىتىپ بېرىلدى. ئۇلار ئۇنى تەلپىكىگە، قولىقىغا ياكى
مەيدە يانچۇقىغا قىستۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. قوناق — سايلام
بېلىتى ھەر بىر كىشىگە بىردىن تارقىتىپ بېرىلدى. سايلام

نامزاتلىرى قاتار ئۇلتۇرغۇزۇلۇپ ، ھەر بىرسىنىڭ كەينىگە بىردىن قاپاق قويۇلدى . سايلىغۇچىلار كىمنى سايلىماقچى بولسا قولىدىكى سايلام بېلىتى ھېسابلانغان قوناقنى شۇ كىشىنىڭ كەينىدىكى قاپاققا تاشلىشى كېرەك ئىدى . شۇنداق قىلىپ يۇرتىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان سايلام باشلاندى . بۇنداق سايلامنى تېخى ھېچكىممۇ كۆرۈپ باقمىغان . ئاشۇ كۈندىكى دېموكراتىيە ، ئاشۇ كۈندىكى ئەركىنلىكمۇ تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى . كىشىلەر قوناقلارنى قولىغا ئېلىپ ، نامزاتلارنىڭ كەينىدىن ئۆتەتتى ۋە ئۆزى ياقتۇرغان نامزاتنىڭ قاپىقىغا قونىقىنى تاشلايتتى . نامزاتلار قاپاققا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغاچقا كىمنىڭ قايسى قاپاققا قوناق تاشلىغانلىقىنى كۆرمەيتتى . بۇ ، سايلامنىڭ مەخپىي ئاۋاز بېرىش بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرەتتى . قوناقلار قاپاقلارغا تاشلىنىپ ، قومۇش پۆپۈكى قىستۇرۇۋالغان سايلىغۇچىلار تامامەن تۈگىگەندىن كېيىن ئەترەت باشلىقى ئىسمايىل ئەھمەد باشچىلىقىدىكى سايلام يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ھەربىر قاپاقتىكى قوناقلارنى ساناپ چىقاتتى . قايسى نامزاتنىڭ قاپىقىدىكى قوناق سانى كۆپ بولسا ، شۇ نامزات ئۆتۈپ چىققان ، سايلامدا غەلىبە قىلغان بولاتتى . شۇنداق قىلىپ «چاقار»دا ، «بادىغان» دا ئېلىپ بېرىلغان بۇنداق ئاجايىپ سايلام «چىرىيە» ، «گۇلاخما» ، «دامىكۇ» لاردىمۇ قانات يېيىپ كەتتى . پەقەت تاغلىق يېزىلاردا سايلام ئېلىپ بېرىلغاندا سايلام بېلىتىنىڭ ئورنىنى ماياق ئىگىلىدى . قاپاق بولسا باشتىن ـ ئاخىر سايلام ساندۇقى رولىنى ئېلىۋەردى . دېمىسىمۇ ئۇ سايلام ساندۇقىغا بەكلا ئوخشايتتى ، ئېغىزى كىچىك ، قورسىقى يوغان ، قانچىلىك «بېلەت» تاشلىسىمۇ سىغىپ كېتەتتى ... شۇ قېتىم «چاقار»نىڭ «لەنگەر» كەنتىدە دۆلەت تالىپ ، ئىبراھىم رۇستەم ، «بادىغان»

دا ئىسلام مەھەممەت ، «چوڭساي»دا مەمەتئېلى ، «چاقار»دا ساۋۇت توختى ، «دامىكۇ» بىرىنچى يېزىدا ئايشەمخان ھەسەن ، داۋۇت مەڭلىك ، «گۇلتېرىغان»دا ئەيسا توختى ، «زىندانكۆل» دە تۇرسۇنئاخۇن بۇلبۇل ، «داشكۆل»دە رەجەپ مەڭلىك ، «گۇلاخما» نىڭ «ئارال»دا پاتەمخان سايىم ، «شاپتۇللۇق»تا مەھەممەد رەسۇل ، «ئۈچئۆستەڭ»دە ئىمىن توختى ، «قوشئېغىل»دا يۇنۇس ئاخۇن تاشلار كەنت باشلىقى ، يېزا باشلىقى ، دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ، خەلق ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى . يەنە تېخى بىز ئىسىم-شەرىپىنى ئۇنتۇپ كەتكەن نۇرغۇن ئاكتىپلار سايلىنىپ بەگ-دورغىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەندى . ئەپسۇسكى ، بىز ئاشۇ يىللاردا كەمبەغەل-نامراتلار ئۈچۈن ھوقۇق ئىگىلەپ ، يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئىشلىرىغا ھەسسە قوشقان نۇرغۇن ئوغلانلارنىڭ نام-شەرىپىنى ئۇنتۇپ كەتتۇق . ئەللىك يىللىق ۋاقىت توزىڭى ئۇلارنى ئۇنتۇلدۇردى . چاڭ-توزان باسقان كونا ئارخىپلاردا ئۇلارنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن . ئەمما ئاشۇ ناملار خاتىرە مۇنارلىرىنىڭ بېتون تاملىرىدىن ئورۇن ئالالماي قالدى . ئەپسۇس ...

ئاشۇ 1953-يىلىنىڭ 10-ئېيىدىن 1954-يىلىنىڭ 3-ئېيىغىچە داۋاملاشقان ئومۇمىي سايلام چىرىيە دىيارىنىڭ تارىخىدا ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ دېموكراتىك ، كۆڭۈللۈك ، تولىمۇ ئادىل ئېلىپ بېرىلغان سايلام ئىدى . «چاقار»لىقلار ، «بادىغان»لىقلار ، «گۇلاخما» ، «دامىكۇ»لىقلار ئۇزۇن يىللارغىچە ئاشۇ سايلامنى ، ئاشۇ سايلامغا يېتەكچىلىك قىلغان ياش كادىر ئىسمايىل ئەھمەدنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەپ يۈرۈشتى .

## 2 . خىزمەتكە تەيىنلىنىش

ئومۇمىي سايلام خىزمىتىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ياش كادىر ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئىككى يېرىم يىلغا سوزۇلغان «خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى»لىق ھاياتى ئەمدى ئاخىرلاشقاندەك بولدى. بۇ ھۆكۈممىز نىسپىي ھۆكۈم، ھەقىقەتەنمۇ ئۇ مۇشۇ ئىككى يېرىم يىلدا پەقەت «خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى»لا بولدى، باشقا ۋەزىپىگە قويۇلمىدى. «ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى»دىن «يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى»غا، ئۇنىڭدىن «ئومۇمىي سايلام خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى»غا ئۆزگىرىپ يۈرگەن ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ باشقا بىر رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەمدى قايتا «خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى» بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئۇ كېيىن يەنە داۋاملىق «ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى»، «يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپىسى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى»، «كوممۇنا قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى»، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەپ، زەربىدارلىق بىلەن پولات-تۆمۈر تاۋلاش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى»، «سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى» بولدى. ئەمما ئۇ، كېيىنكى بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرىغا مەخسۇس «خىزمەت گۇرۇپپا كادىرى»لىقىدىن ئەمەس، بەلكى باشقا رەسمىي ۋەزىپىلەردىن يۆتكەپ كېلىپ قاتناشتۇرۇلدى. «خىزمەت گۇرۇپپىسى» ئۇيۇشتۇرۇش — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كۆپ ئۇنۇم بەرگەن خىزمەت تەجرىبىلىرىدىن بىرى. بۇنداق خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت

ئۇنۇمى ياخشى بولغاچقا، ئۇلار كېيىنكى ئەللىك يىللىق تارىختا ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇردى. نامى، شەكلى، ۋەزىپىسى ھەر خىل بولسىمۇ، ئاممىنى تەشكىللەش ماھىيىتى ئۆزگەرمىدى. شۇڭا ياش كادىر ئىسمايىل ئەھمەد ئۇچۇنلا ئەمەس، باشقا ھەربىر كادىر ئۇچۇنمۇ ھەر ۋاقىت «خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى»غا ئايلىنىش ئېھتىمالى مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ياش كادىر ئىسمايىل ئەھمەد قاتناشقان «خىزمەت گۇرۇپپىلىرى» ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرىدىكى كەچمىشلىرى توغرىسىدا كېيىن يەنە بايان قىلىمىز. بۇ يەردە بولسا، بىز ئاشۇ 1954-يىلىنىڭ بېشىغا قايتىپ، ھازىرچە ئۇنىڭ باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكى ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئومۇمىي سايلام خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئىسمايىل ئەھمەد ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىگە تەيىنلەندى. بۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. ياش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشلار ئىتتىپاقى ئارقىلىق كومپارتىيىگە ئۆتكەن كادىر بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا ياشلار خىزمىتى ئىشلەشكە ماس كېلەتتى. شۇ چاغلاردا چىرىيە ناھىيىسىدە ئون بىر ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرۇلغان، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى ئىككى يۈز يىگىرمە يەتتە نەپەردىن ئاشقانىدى. بۇ گەرچە خېلى كۆپ ساندەك تۇرسىمۇ، ياشلارنىڭ ئومۇمىي سانىغا نىسبەتەن يەنىلا ئاز ئىدى. ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىنى كۆپەيتىش، ياشلار خىزمىتىنى جانلاندۇرۇش، ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ھەر ساھە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش جىددىي ۋەزىپە ئىدى. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە، ياش، جۇشقۇن، ئاكتىپ، ئىقتىدارلىق كادىرلار سەپلىنىشى كېرەك ئىدى. چىرىيە ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا سەي ياڭيۈن، ئىبراھىم روزىلار شۇجىلىققا تەيىنلەنگەنىدى. ئۇلار ئىسمايىلنىڭ

دامكۇ رايونلۇق ياشلار ئىتتىپاق كومىتېتىغا شۇجى بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ ياشلار خىزمىتىنى جانلاندۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى . دامكۇ رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىدا بىزنىڭ ياش شۇجىمىز ئىسمايىل ئەھمەدكە ئىبراھىم ساۋۇر يانداپ بېرىلدى . پۈتكۈل دامكۇنىڭ ياشلار خىزمىتىنى مانا شۇ ئىككى كىشى ئىشلىشى كېرەك ئىدى . ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ ئاشۇ يىللاردا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ . ئەمما ئۇ چاغلاردا ياشلار خىزمىتى تولىمۇ جانلىق ، ياشلارنىڭ ئۆزى بولسا گويا ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى . بىرەر يىغىلىش ياكى پائالىيەت بار دەپ خەۋەر قىلىنسا ، پۈتكۈل دامكۇ ياشلىرى گۇررىدە يىغىلاتتى . بىرەر ۋەزىپە چۈشسە بىردەمدىلا ئورۇنداپ بولاتتى . ئەلۋەتتە بىزنىڭ ياش شۇجىمىزمۇ شىمالدىكى «دوڭغاق» ، «قالىمان» دېگەن يەرلەردىن جەنۇبتىكى «ئوقالداش» قىچە ؛ شەرقتىكى «شوركۆل» دىن غەربتىكى «پۇناق»قىچە بولغان كەڭ رايوننى ئايلىنىپ ھارمايتتى . ئۇ چاغلاردا ماشىنا ، موتسىكلىت ، ۋېلىسىپىت دېگەنلەر يوق ئىدى . ھەربىچە سېرىق سومكىسىنى دولىسىغا ئېسىۋالغان ، مەيدە يانچۇقىدا ئىككى دانە قەلىمى قىستۇرۇلغان ، ئورۇق ، ئۆسكىلەڭ ياش كادىر توپا كېچىپ كەنتلەرگە كىرىپ كېلەتتى . ياشلارنى يىغىپ يىغىنلار ئاچاتتى . ھەر قايسى كەنتلەردە ياچېيكىلار قۇراتتى . ياشلارنى باشلامچى بولۇشقا ئۈندەيتتى . ئۇ چاغلاردا يەنە نېمە ئىشلار بار ئىدى ؟ باش باھاردا ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىش ، جىرىم-كۆچەت سېلىش بولاتتى . ئەتىيازلىق تېرىم باشلىنىپ كېتەتتى . يېتىم ئوغۇل ، تۇل خوتۇنلارنىڭ يەرلىرىنى تېرىشقا ياردەم بېرىشكە توغرا كېلەتتى . يازلىق يىغىم-تېرىم ، كۈزلۈك يىغىم-تېرىملاردا ئىش تېخىمۇ جىق بولاتتى . بۇنداق چاغلاردا يېزا ياشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ قىلىدىغان

ئىشلار تېخىمۇ جىق بولاتتى. يەنە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتمۇ بار ئىدى. ياشلارنى ساۋات چىقىرىشقا، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، ئاشلىق سېتىپ بېرىشتە ئاكتىپ بولۇشقا ئۈندەش، ھەمكارلىشىش-لاپقۇتلىشىشقا ئۈندەپ، ئۇلاردا كوللېكتىۋىزملىق روھ يېتىلدۈرۈش، قۇرۇلماقچى بولغان غايىۋى سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم جەمئىيەتلىرى توغرىسىدا ساۋات بېرىش ··· بۇنداق ئىشلار جىق ئىدى. ئاشۇ تەربىيە-تەشكىللەشلەرنىڭ ئۈنۈمى ھەقىقەتەن ئىنتايىن چوڭ بولغانىدى. دۆلەت بايرىمىغا ئوخشاش ھەر خىل بايراملارنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە ياشلار شۇنداق ئاكتىپ بولاتتىكى، تۇغ-ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ، داقا-دۇمباقلارنى چېلىپ، كېچىچە يول يۈرۈپ يىگىرمە بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرىدا ئېچىلماقچى بولغان تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىغا تاڭ سەھەردىلا ئۈلگۈرۈپ كېلەتتى. شەھەردىكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ، يەنە داقا-دۇمباقلارنى چېلىپ پىيادە يۈرۈپ دامىكۇغا قايتىپ كېتەتتى، ھېچكىم ھاردىم-تالدىم دېمەيتتى. شۇ كۈنلەردە «دامىكۇ»دىكى ئىپتىدائىي سۇ ئامبىرىدا يار كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى، ئەگەر يار دەرھال ئېتىۋېتىلمىسە، نۇرغۇن ئېتىزلارنى سۇ بېسىپ، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى خاراب قىلاتتى. تاملار ئۆرۈلۈپ، باغۋارانلارنى لاي باساتتى، يەنە تېخى ئىشلىتەي دېگەندە سۇ تېپىلماي قالاتتى. مۇشۇ قېتىمقى يار ئېتىش جېڭىدە دامىكۇ ياشلىرى مۇنتىزىم قوشۇندەك جەڭگىۋارلىق، قەھرىمانلاردەك جان پىدالىق كۆرسەتتى. «يار كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنىڭ ئۆزى بۇيرۇق ئىدى. ئۇلار خۇددى ھۇجۇم سىگنالىنى ئاڭلىغان جەڭچىلەردەك دەرھال يار كەتكەن ئورۇنغا ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ ياش شۇجىسى كۆكرەك كېرىپ تۇسان تورپاقتەك بۆسۈپ چىقىۋاتقان

دولقۇنغا سەكرەپ چۇشۇپ، كۆكرىكى بىلەن كۇچلۇك ئېقىننى توسۇۋاتسا، ئۇلار قاراپ تۇرالايتتىمۇ؟ بۇ قېتىمقى جەڭ دامىكۇ ياشلىرىنىڭ راسا جەڭگىۋار بىر كوللېكتىپقا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. يار ئۆز ۋاقتىدا ئېتىۋېلىندى. ئېتىز-مەھەللىلەر، باغۋارانلار، ئايۋان-سارايلار خەۋپتىن قۇتۇلدى. دامىكۇ ياشلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭگىۋار ئىپادىسى ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن ئالاھىدە تەقدىرلەندى. تەقدىرلەنگەنلەر ئىچىدە ئەلۋەتتە دامىكۇ ياشلىرىنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان قىزغىن شۇجىسى ئىسمايىل ئەھمەدمۇ بار ئىدى.

ياش شۇجى ئىسمايىل ئەھمەد ئەمەلىيەتتىمۇ ئوت-گۇلخاندەك لاۋۇلداپ تۇرىدىغان، ياش تۇلپاردەك كىشنەپ-چاپچىپ تۇرىدىغان ياشتا ئىدى. ئون توققۇز ياش — ئىنسان بالىسىنىڭ بوي-بەستى، چىراي-تۇرقى، كۈچ-ماغدۇرى، جاسارەت-غەيرىتى، ھېسسىيات-تۇيغۇلىرى ۋايىغا يېتىدىغان ياش. ئۇ ئاشۇ ئون سەككىز-ئون توققۇز ياشتا ئەڭ ساغلام-كۈچلۈك، ئەڭ ئۇز-چىرايلىق، ئەڭ غەيرەتلىك-جۇشقۇن، ئەڭ ھېسسىياتچان-قىزغىن بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ھالىتىنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت-گۇلخانغا، تاڭ سەھەردە ئېچىلىپ خۇشپۇراق چېچىۋاتقان قىزىلگۈلگە، جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چاپچىپ كەتكەن ياش تۇلپارغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلەشتىن ئۆزگە ئامال يوق. ئوت-گۇلخان ئاشۇ ئون توققۇز ياشلىق يىگىت قەلبىدىكى ئىنسانىي تۇيغۇلارنىڭ ھارارەت-قىزغىنلىقىغا، پاكىز-بىغۇبارلىقىغا سىمۋول بولسا، كىشنەپ-چاپچىپ تۇرغان ياش تۇلپار ئۇنىڭ ساغلام-كۈچلۈكلۈكىگە، ئىنتىلىش-قايتماسلىقىغا سىمۋول بولىدۇ. تاڭ سەھەردە ئېچىلغان، بەرگلىرىدە شەبنەم

ئويناپ تۇرغان قىزىلگۈل بولسا، گۈزەللىكنىڭ ئەبەدىي بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاھ، ئىنسان ھاياتىدا ئاشۇ ئون سەككىز-ئون توققۇز ياشلىق مەزگىلىدىنمۇ گۈزەل دەۋر بارمۇ؟ بىز دەۋاتقان يىللاردىن كۆپ ۋاقىت ئۆتكەندە، ئىمىنجان يۈسۈپ ئورۇندىشىدا «ئون سەككىز ياشىم» دېگەن ناخشا چىقتى. ئەينى يىللاردا بولسا، دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە قايسىدۇر بىر رۇس شائىرىنىڭ «ئون توققۇز ياش» دېگەن شېئىرى كۆچۈرۈكلۈك ئىدى. ئاشۇ شېئىر ۋە ناخشا ئىنسان ھاياتىنىڭ مانا شۇ ئەڭ گۈزەل مەزگىللىرىنى كۈيلەيتتى. نېمىشقا كۈيلىمىگۈلۈك؟ ئاشۇ شېئىردەك گۈزەل، مۇزىكىدەك سىرلىق، قۇياش نۇرىدەك پاكىز ياشلىق ھەقىقەتەنمۇ كۈيلەشكە ئەرزىيتتى. ئون توققۇز ياشتا ئىنسان بالىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن شېئىر-كۈي تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئون توققۇز ياشتىكى گۈزەللىك ساغلام-سالامەتلىك، غەيرەت-جاسارەتلىك، ھۆسن-لاتاپەتلىك جەھەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى سىرلىق بىر خىل تۇيغۇ-ھېسسىياتىدىمۇ ئىپادىلىنەتتى. قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە شوخلۇق بىلەن تارتىنىش بىرلىشىپ كەتكەن بىر تۇيغۇ بىرىكىپ كېلەتتى. بۇ ئىنسان ماھىيىتىگە تەۋە تۇيغۇ ئىدى. ئاشۇ تۇيغۇ بىزنىڭ ئون توققۇز ياشلىق شۇجىمىزنى شوخ-شوخ ئىسقىرتىدىغان، كەنتلەر ئارا كېتىۋاتقان يولدا شوخ ناخشىلارنى ئېيتقاچ ماڭدىغان قىلىپ قويغانىدى. ياشلار پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان قىزلارغا كۆزى چۈشكەندە، قەلبىدە خىجىللىق ئارىلاش بىر تۇيغۇ ئوت ئالغاندەك بولاتتى. بۇ يۈرەك ئوتى ئىدى. ئاشۇ ئوت سامان تېگىدىكى چوغدەك ئاستا-ئاستا ئۇلغىيىپ كېلەتتى. ئاشۇ ئوت شۇجىمىزنى قول ئاستىدىكى يات جىنسلىقلارغا شۇجىلىق نەزىرىدە قاراشقا يول قويمايتتى. ئىنساني تۇيغۇنىڭ

ئاشكارىلىنىشى بولۇپ ئىپادىلەنگەن ئاشۇ ئوت ئۇنى جۇشقۇن، تىنىم تاپماس ھالەتكە گىرىپتار قىلاتتى. لېكىن شۇ ۋەزىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ياشلار خىزمىتىگە بېغىشلىغانىدى.

## 3. ئىتتىپاق كادىرى

ياش كادىر ئىسمايىل ئەھمەد ياشلار ئىتتىپاقى دامكۇ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئون ئايچە ئىشلىدى. تولۇق ئون ئاي ئىشلىدى، دېگىلى بولمايتتى. ئۇ بۇ جەرياندا «دامكۇ» رايونىدا ئىتتىپاق ئەزالىرىنى كۆپەيتىش، ياشلارنى مەدەنىي پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇش، ھەرقايسى يېزا-كەنتلەردە ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر قېتىم «خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى»غا ئايلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. پۈتۈن جۇڭگو يېزىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسى بويىچە كوللېكتىپلاشتۇرۇش خىزمىتى باشلىنىپ كەتكەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىدەك ئەينەن «كولخوز» دەپ ئاتالمىسىمۇ، لېكىن شۇنىڭغا يېقىنراق «كوپېراتسىيە» دېگەن يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتى ئىجاد قىلىنغانىدى. دېھقانلار ئاشۇ يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتىغا قاتنىشىشى، بارلىق يەر-زېمىن، ئات-ئۇلاغ ۋە باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئاشۇ «كوپېراتسىيە»گە پاي ھېسابىدا قېتىشى، ئۆزى ئاشۇ «كوپېراتسىيە»دە نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈز ئائىلە دېھقان بىلەن بىللە كوللېكتىپ ئىشلىشى، ئاخىرىدا ئېتىزدىن چىققان مەھسۇلاتنى قاتقان پېيى ۋە ئىشلىگەن ئەمگىكىگە ئاساسەن ئورتاق تەقسىم قىلىنىۋېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئىش ئەسىرلەردىن

بىرى يەككە ئىشلەپ كېلىۋاتقان چىرىيە دېھقانلىرىنىڭ ئېگى كۆتۈرەلىگۈدەك ، ئۇلار چۈشىنىپ يەتكۈدەك ئىش ئەمەس ئىدى . ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ چۈجە تۇخۇمدىن چىقىپلا پەرۋاز قىلىشقا ئۇرۇنغاندەك ئىش ئىدى . تاي دېگەن تۇغۇلۇپلا بەيگىگە چۈشمەيدىغۇ ؟ ! ئەمدىلا يەر-زېمىنغا ئىگە بولغان دېھقانلارنى يەنە يەر-زېمىنىڭنى پايغا قاتىسەن دېسە ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن قانداقمۇ ئۆتسۇن !؟ ئەمما يۇقىرىدىن ھۆججەت-ئۇقتۇرۇشلار چۈشۈپ بولغان ، قايسى رايوندا نەچچە كوپىراتسىيە قۇرۇش ھەققىدىكى ۋەزىپىلەرمۇ تەقسىملىنىپ بولغانىدى . كوپىراتسىيە قۇرماي بولمايتتى . شۇڭا بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن يەنىلا تەجرىبىدىن ئۆتكەن «خىزمەت گۇرۇپپىسى» ئەۋەتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك ئىدى . چىرىيە ناھىيىلىك پارتكوم ئاساسي قاتلامدا خىزمەت ئىشلەش تەجرىبىسىگە ئىگە كادىرلارنى ئاجرىتىپ «يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى» تەشكىل قىلدى . ياش كادىر ئىسمايىل ئەھمەد تەجرىبىلىك كادىر ھېسابلانغاچقا ، مانا شۇ «يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى»نىڭ كادىرلىقىغا ئاجرىتىلدى . «دامىكۇ» رايونىغا ئەۋەتىلگەن خىزمەت ئەترىتىگە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋۇجىمىن ئەترەت باشلىقى بولدى . ئىسمايىل ئەھمەد ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى غوللۇق كادىر ئىدى . ئۈچ يىل بۇرۇنقى «سەپتىن چىقىرىۋەتكۈچى» بىلەن «سەپتىن چىقىرىۋېتىلگۈچى» مانا ئەمدى بىر ئەترەتكە كېلىپ قالدى ، بىر ئاكوپتا بىللە جەڭ قىلىدىغان سەپداشقا ئايلاندى . ۋەھالەنكى ، ئۈچ يىل بۇرۇنقى ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشنى «سەپتىن چىقىرىۋېتىلگۈچى» ئۇنتۇمىغان بىلەن «سەپتىن چىقىرىۋەتكۈچى» ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغانىدى . ئۇلار مۇشۇ قېتىملىق كوللېكتىپلاشتۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا تېزلا

ئىچكىشىپ كەتتى . «دامكو» رايوندا «ئىتتىپاق» ۋە «دوستلۇق» دېگەن نامدا تۇنجى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى قۇرۇلدى . بۇنداق ئىشتا دېھقانلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە ، قايتا-قايتا خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى . ئۇلار كوللېكتىپلىشىشنىڭ مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان يول ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭدىن كېيىن «سوتسىيالىزم جەمئىيىتى» ۋە «كوممۇنىزم جەمئىيىتى» قۇرۇلىدىغانلىقىنى ، «كوممۇنىزم جەمئىيىتى» قۇرۇلغاندا ئېرىق-ئۆستەڭلەردە سۈت-ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغانلىقىنى ، تارىختىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان مەمۇرچىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلسىلا ساڭا ئەگىشەتتى . دېھقانلار يەنىلا پارتىيە ۋە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ خاتا يولغا باشلىمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ...

شۇ قېتىملىق «باشلانغۇچ كوپېراتسىيە» قۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا ياش كادىر ئىسمايىل ئەھمەد ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئالدىدا ئۆز قابىلىيەت-ئىقتىدارىنى ئوبدانلا نامايان قىلغان بولسا كېرەك ، خىزمەت ئاخىرلاشقاندا ئۇ ئۆزىنى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا كۆردى . ئۇ ياشلار ئىتتىپاقى چىرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى . ئىسمايىل ئەھمەد ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئالدىدا ئۆزىنىڭ قابىلىيەت-ئىقتىدارىنى ئوبدانلا نامايان قىلغان ، شۇ ئارقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ بايقىشىغا مۇيەسسەر بولغان . ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋۇ جىمىن ئەمەلىي خىزمەت ئىشلەيدىغانلارنى ياقتۇرىدىغان شۇجى ئىدى . ئۇ كىمنىڭ ھەقىقىي قابىلىيەتلىك ، كىمنىڭ «دوكلاتچى» ئىكەنلىكىنى بايقىيالايتتى . ئۇ چىرىيە ناھىيىسىدە پارتكوم شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەندە بايقىغان ئىقتىدارلىق كادىر پەقەت ئىسمايىل ئەھمەدلا ئەمەس . شۇ دەۋردە چىرىيىدىن يېتىشىپ چىقىپ ، كېيىنكى چاغلاردا چىرىيە

ناھىيىسى ، خوتەن ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايونىدىكى ھەرقايسى تارماقلاردا ئاساسلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن مەتقۇربان تۇرسۇن ، ئىسمايىل تاشتۆمۇر ، ئىبراھىم روزى ، رەجەپ ئەخمەت ، ئىسھاق توختى ، ئابدۇقادىر سەيدى ، ئابدۇللانىياز ، غازى ئىبراھىم ، جامال رەجەپ ، مەتروزى يۇسۇپ قاتارلىقلارمۇ ئاشۇ ۋۇ جىمىن شۇجى بايقىغان ۋە يېتىشتۇرگەن ياش كادىرلار ئىدى . ئەپسۇسكى ، چىرىيە دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن داڭ چىقارغان ، ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە بەكلا ھۆرمەت قىلىدىغان ، تولىمۇ چىقىشقاق ، تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا ئاشۇ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى چىرىيە ناھىيىسىدە ئۇنچىۋىلا ئۇزۇن ئىشلىمىدى . 1956 -يىل 5 -ئايدا ئوقۇشقا كېتىپ 1959 -يىلى كېرىيە ناھىيىلىك پارتكومغا شۇجىلىققا تەيىنلەندى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى . مۇشۇنداق بىر قابىلىيەتلىك رەھبىرىي كادىرنىڭ ئىچىنىشلىق ئاقىۋىتى ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ . ۋەھالەنكى ، ياخشى ئادەمنى كىشىلەر ئاسانلىقچە ئۇنتۇمايدۇ . ئۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشتەك ئېسىل ئىستىلى ھېلىمۇ چىرىيە خەلقىنىڭ قەلبىدە ساقلانماقتا .

ئاشۇ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى تاللىغان ياش كادىر ئىسمايىل ئەھمەد 1954 -يىل 12 -ئايدا ياشلار ئىتتىپاقى چىرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرىنچى قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلىنىپ ئۇرۇمچىگە كەلدى . بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆلكە مەركىزىگە كېلىشى ئىدى . گەرچە شۇ

چاغلاردا ئۈرۈمچىنىڭ قىياپىتى يەنىلا كونا پېتى بولسىمۇ ، لېكىن چەت ۋە يىراق ناھىيىدىن كەلگەن ياش يىگىتتە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى . «خەلق مەيدانى»نىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى «تىيانشان مېھمانخانىسى» دېيىلىدىغان تۆت قەۋەتلىك بىنا شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ ئېسىل بىنا ھېسابلىناتتى . ۋەكىللەر شۇ بىناغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ داغدۇغىسى ھەممە يەرنى قاپلىغان ، رەڭگارەڭ پلاكاتلار ، رەڭدار بايراقلار ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا لەپىلدەپ تۇراتتى . ۋەكىللەرگە نىسبەتەن بۇلارنىڭ ھەممىسى كاتتا كۆتۈۋېلىش ، ھۆرمەت ۋە شان-شەرەپ ئىدى . قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن نىشان ۋە سىياسەتلەر كىشىنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇراتتى . ئاساسىي نىشان ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى ئارىسىدا ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى تەشەببۇس قىلىش ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشلىرى ئارىسىدىكى زاپاس قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش ، ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى ئارىسىدىن كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ، ئاخىرقى ھېسابتا سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ۋە كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى . بۇنداق غايىبانە نىشان ھەقىقەتەنمۇ ھەر بىر ياش ۋەكىلنى ھاياجانغا سالماي قالمايتتى . ۋەكىللەر ئۆزلىرىنى ئۇتتەك قىزغىنلىق ۋە غەيرەت-جاسارەتكە تولغاندەك ھېس قىلىشاتتى . چىرىيە ياشلىرىنىڭ ۋەكىلى بولسا ھەممىدىن بەكرەك غەيرەتكە تولغاندەك قىزغىنلىقتا ئىدى . قۇرۇلتاينىڭ داغدۇغا سادالىرى ئېچىدە تىنچ ، خاتىرجەم 1954-يىل ئاخىرلىشىپ ئۈمىدكە تولغان 1955-يىل كىرىپ كەلدى . ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ ھاياتىدا يېڭى تارىخ باشلىنىۋاتاتتى . ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان ۋەكىللەر ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ يېڭى-يېڭى خىزمەتلەرگە كىرىشىپ كەتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ياش كادىر ئىسمايىل ئەھمەد ياشلار ئىتتىپاقى چىرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ يەنە بىر يېرىم يىلچە خىزمەت قىلدى . بۇ جەرياندا نېمە ئىشلارنى قىلدى ؟ قايسى ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىدى ؟ ھازىر بۇلارنى ئېنىقلاپ بولماق تەس . بەلكىم ئۇ مۇشۇ بىر يېرىم يىلدا قۇرۇلتاي روھىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىزچىللاشتۇرغاندۇ ، نۇرغۇن چىرىيە ياشلىرىنى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا قوبۇل قىلغاندۇ . يىراق تاغلىق كەنتلەردىمۇ ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىنى قۇرۇپ چىققاندۇ ، ياشلارنى باشلامچى قىلىپ باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتسىيىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشقاندۇ . ئەمما بۇلار خاتىرىگە ئېلىنمىغان ، ئەللىك يىللىق سان-ساناقسىز كۆن-تۈنلەر بۇلارنى ئۇنتۇلدۇرغان . ئەمما خاتىرىگە ئېلىنغان تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك ئىش بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئۇبدانلا جەلپ قىلىدۇ . بۇنىڭ بىرىنچىسى ، كونا خەلق پۇلىنى يىغىۋېلىپ يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىش خىزمىتى ئىدى . شۇ ۋاقىتلاردا تېخى تارقىتىلغىنىغا ئۈچ-تۆت يىلمۇ بولمىغان خەلق پۇلىنى ئالماشتۇرۇشقا نېمە سەۋەب بولغان ؟ نېمە ئۈچۈن كونا خەلق پۇلىنىڭ ئىككى يۈەنى يېڭى خەلق پۇلىنىڭ بىر يۈەنىگە تەڭ بولۇپ قالدى ؟ بۇلارنىڭ سەۋەبى تازا ئېنىق ئەمەس . ئەمما بۇنداق ئالماشتۇرۇش خوتەن رايونى ، جۈملىدىن چىرىيە ناھىيىسى ئۈچۈن تولىمۇ نازۇك ۋە سەزگۈر بىر مەسىلە ئىدى . تارىخي ماتېرىياللاردا رىۋايەت قىلىنىشىچە ، مۇشۇنداق پۇل ئالماشتۇرۇش ، پۇلنىڭ قىممىتىنى ئۆزگەرتىش سەۋەبىدىن خوتەن رايونىدا بىر قېتىملىق چوڭ پاجىئە يۈز بەرگىنى مەلۇم . مىلادىيىنىڭ 1680-يىلى ئاپاق خوجا ( ھىدايىتۇللا ئىشان) جۇڭغار قوشۇنلىرىنىڭ يار-يۆلەك بولۇشى بىلەن قەشقەردە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىدۇ . ئالتە شەھەر ( ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ)

ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى «ئاق تاغلىق» خوجىلار بىلەن جوڭغار ئاقسوڭەكلىرىنىڭ قاتمۇ قات زۇلمى ئاستىدا قالىدۇ. ئىككى چىلبۆرە تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەت-گۆشىنىمۇ شىلىپ يېيىش ئۈچۈن ئەينى چاغدا ئۆزلىرى تارقاتقان پۇلنىڭ قىممىتىنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشىدۇ. «بىر پۇلنى ئىككى پۇل ھېسابىدا خەجلەيسىلەر» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇ زامانلاردا تېخى ئالتە شەھەر ئىگىلىكى پاترىئارخال— تەبىئىي ئىگىلىك ھالىتىدە بولۇپ، كىشىلەر نەق پۇل ئەمەس، بەلكى مال - تاۋار ساقلاشقا ئادەتلەنگەنىدى. «بىر پۇل ئىككى پۇل ھېسابىدا خەجلىنىش» يولغا قويۇلغان بولسا، ئاشۇ چىلبۆرىلەرنىڭ قولىدىكى نەق پۇلنىڭ قىممىتى بىر ھەسسە ئۆسكەنگە، خەلق ئىشلەپچىقارغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى بىر ھەسسە تۆۋەنلىگەنگە باراۋەر بولاتتى. ئاپاق خوجا ۋە جوڭغارلارنىڭ «بىر پۇلنى ئىككى پۇل ھېسابىدا خەجلەش» بۇيرۇقىغا باشقا يۇرت خەلقلىرى قانداق پوزىتسىيىدە بولدى؟ بۇ نامەلۇم. ئەمما خوتەن خەلقى بۇنداق پەرماننى رەت قىلىدۇ. ئۇلار: «بىرنى بىر دەيمىز، بىر پۇلنى بىر پۇل ھېسابىدا خەجلەيمىز» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. يەرلىك بەگلەرمۇ خەلق تەرەپتە تۇرىدۇ. ئۆز پەرمانىنىڭ خوتەن رايونىدا قارشىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىغان قورچاق خان ئاپاق خوجا ئۆزى بىۋاستە خوتەن رايونىغا قوشۇن باشلاپ كېلىدۇ. بارلىق يۇرت كاتتىلىرى ۋە بەگلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ بىر-بىرلەپ قىيىن-قىستاققا ئالىدۇ. ئاپاق خوجىنىڭ «بىر پۇلنى ئىككى پۇل ھېسابىدا خەجلەمسەن، يوق؟» دېگەن سوئالىغا ھەربىر يۇرت كاتتىسى «ئاللا بىر، بىر پۇلمۇ بىر، قانداقچىسىگە بىر پۇلنى ئىككى پۇل دېگىلى بولسۇن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. قانخور قورچاق خان

مۇشۇنداق جاۋاب بەرگەن يۇرت كاتتىلىرىنىڭ بېشىنى ئېلىشقا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئارقىمۇ ئارقا قىرىق بىر نەپەر بەگ ۋە يۇرت بېشىنىڭ بېشى كېسىلىدۇ. قانلار ئېرىق بولۇپ ئاقىدۇ. شۇنداقتىمۇ خوتەن خەلقى باش ئەگمەيدۇ. بەگ ۋە يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ھەققەت ۋە ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشىدىن ئىبارەت ئاشۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن «خوتەنلىكلەر بىرنى بىر دەيدۇ»، «خوتەنلىكلەر جاھىل ۋە كاج كېلىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزلەر ئالتە شەھەر ۋە جۇڭغارىيە دائىرىسىدە پۇر بولىدۇ، تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ. دېمىسىمۇ خوتەن خەلقى ئاشۇنداق ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇرالايدىغان ئىرادىلىك، ھەققەت ۋە ئادالەت ئۈچۈن جان پىدا قىلالايدىغان قەھرىمان خەلق ئىدى...

بۇ قېتىمقى كونا خەلق پۇلىنى يېڭى خەلق پۇلىغا تېگىشىش خىزمىتىنىڭ مەقسەت، نىشانى پۈتۈنلەي ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن شەكلى ئازراق ئوخشاپ كېتەتتى. خەلق ئاپاق خوجا زامانىسىدا يۈز بەرگەن ئاشۇ ۋەقەنى غۇۋا ئەسكە ئېلىشىدۇ. غۇلغۇلا كۆپىيىدۇ. بىرەر ۋەقە چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چىرىيە ناھىيىلىك پارتكوم 1955-يىل 2-ئاينىڭ 22-، 23-كۈنلىرى ئارقىمۇ ئارقا رەھبەرلەر يىغىنى، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى، ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىنى ۋە كادىرلار يىغىنى قاتارلىقلارنى ئېچىپ چۈشەنچە بېرىدۇ ۋە ئاممىغا خىزمەت ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئاممىۋى خىزمەت ياخشى ئىشلەنگەنلىكتىن ۋە خەلق يېڭى ھۆكۈمەتكە ئىشەنگەنلىكتىن، بۇ قېتىمقى پۇلنىڭ قىممىتىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا «بىرنى بىر دەيمىز» دېگەندەك ۋەقەلەر چىقمايدۇ، بىر سېنت «يۈز كوي»، بىر موچەن «مىڭ كوي»، بىر يۈەن «ئون مىڭ كوي» دەپ ئاتىلىدىغان كونا خەلق

يۇلى قىممىتى يۇقىرى بولغان يېڭى خەلق پۇلىغا ئۆڭۈشلۈق، قارشىلىقسىز ئالماشتۇرۇلدۇ. بىز مۇشۇ پۇل ئالماشتۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا ياشلار ئىتتىپاقى چىرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ياش شۇجىسى ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىنىدا كۆيۈپ-پىشىپ چۈشەنچە بەرگەنلىكىنى، ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ئاتا-ئانىلىرىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، قولۇم-قوشنىلىرىغا خىزمەت ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۇرەلەيمىز. روشەنكى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە كەڭ ياشلارنىڭ ماسلىشىشى بولمىسا، بۇنداق ئاممىۋى خىزمەتلەرنىڭ ئۆڭۈشلۈق بولۇشى ئانچە ئاسان ئەمەس.

يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ياشلار ئىتتىپاقى چىرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا خاتىرىگە ئېلىنغان ئىككىنچى مۇھىم ئىش، ئاتوم بومبىسى ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇش بويىچە ئاممىۋى ئىمزا قويۇش پائالىيىتىدۇر. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق ۋە ئۆزىنى قوغداپ قېلىشقا دائىر ئىنتايىن سەزگۈر پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ «دۇنيا تىنچلىق كونگرېسى» تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەر ئارىسىدا ئاتوم قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇش پائالىيىتىنى قوزغىغان، پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئاتوم قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە قارشى قوزغالغان، دۇنيانىڭ چوڭ-چوڭ پايتەختلىرىدىن تارتىپ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە غەزەپلىك نامايىشلار، ئىمزا قويۇشلار، ئۇرۇش تەلۋىلىرىنى ئەيىبلەشلەر باشلىنىپ كەتكەن چاغ ئىدى. بىزنىڭ چەت-ياقا، نامرات چىرىيە دىيارىدا ئاتوم قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇش بويىچە قوزغالغان كوللېكتىپ ئىمزا قويۇش پائالىيىتى ئەنە شۇ دۇنياۋى پائالىيەتنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بۇ چىرىيە دىيارىنىڭمۇ چەت-ياقا، دۇنيانىڭ ئۇنتۇلغان بىر بۇرجىكى بولۇش ھالىتىدىن

قـۇتـۇلـۇپ ، دۇنـيـا بـىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . شۇ كۈنلەردە ئاللىقاچان گېزىت كۆرۈش ، كىتاب ئوقۇش ئـادىـتـىـنـى يـېتىلدۈرگەن ئىسمايىل ئەھمەد ئاتوم قورالىنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرۈۋاتقان خەۋپىدىن ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى . ئۇ ئاتوم قورالىغا قارشى تۇرۇپ كوللېكتىپ ئىمزا قويۇش پائالىيىتى جەريانىدا ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ . چۈنكى ، ئوتتۇز ئىككى مىڭ تۆت يۈز ئـوتـتـۇز كۋادرات كىلومېتىر دائىرىگە ، يىراق تاغ ۋە پايانسىز تەكلىماكان ئىچىدىكى يەتمىش نەچچە پارچە بوستانلىققا تارىلىپ ئـولـتـۇراقلاشقان ئاتمىش نەچچە مىڭ نوپۇسلۇق چىرىيە خەلقى ئىچىدە كۆپرەك ئىمزا توپلاش ئانچە ئاسان خىزمەت ئەمەس ئىدى . قـاتـناش شارائىتىمۇ ئاتام ئېيتقان ئەلمىساقنىڭ زامانىدىكىدىن ھېچقانچە ئۆزگەرمىگەنىدى . مۇشۇنداق ئەھۋالدا چىرىيە ياشلىرى يىگىرمە ياشلىق شۇجى ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ تەشكىللىشىدە خۇددى «ئـولـىـمـپـىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسى»نىڭ مەشئەل يەتكۈزۈش پـائالىيىتىدەك چىرىيە دىيارىنىڭ ھەممە تاغ-داللىرىنى بېسىپ ئۆتـۈشـتـى . ئـاتـوم قـورالـىـنـى ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇش زۆرۈرلـۈكـىـدىـن ھەممە كىشىنى خەۋەردار قىلدى . ساۋاتسىز دېـھـقـان-چـارۋىـچىلار ئاتوم قورالى دېگەن گەپنى ئانچە ئېنىق چۈشەنمىسىمۇ ، ئىشقىلىپ ، ئۇلار ئۆزلىرىگە دەججالنىڭ ھەممە نېمىنى يالماپ-يۇتۇپ ماڭىدىغان كۆك ئېشەكىدەك قورقۇنچلۇق بىـر خـەۋپـنـىـڭ يـېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى . قـولـلـىـرىنى قىزىل سۇرۇخقا مىلەپ ، ئىمزا توپلاش قەغىزىگە قــىزغىنلىق بىلەن بېسىپ بېرىشتى . چىرىيە دېھقانلىرى ئىمزا قويغان ئاشۇ تاختا-تاختا خوتەن قەغەزلىرى ئۇرۇمچىگە ، ئۇيەردىن بېيجىڭغا ، بېيجىڭدىن جەنۋەدىكى «دۇنيا تىنچلىق كونگرېسى»

نىڭ باش شتابىغا يوللاپ بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن . ئۇرۇش تەلۈۋىلىرى دۇنيا خەلقىنىڭ ھەققانىي قارشىلىقى ئالدىدا ساراسىمىگە چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن . قانداقلا بولمىسۇن ، ياش شۇجى ئىسمايىل ئەھمەد ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى شۇ قېتىم ئاتوم قورالى ئىشلىتىشكە قارشى ئېلىپ بارغان كوللېكتىپ ئىمزا قويۇش پائالىيىتى ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئاتوم قورالى ئىشلىتىشكە ، ئاتوم قورالى سىناق قىلىشقا ، ئاتوم قورالى ياساش تېخنىكىسىغا ئىگە بولۇشقا قارشى پائالىيەتلەر دۇنيا تىنچلىق سۆيەر خەلقىنىڭ دائىملىق پائالىيەتلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى . كېيىنكى كۈنلەردە ئۇرۇش تەلۈۋىلىرى دۇنيانى ئەللىك قېتىم خاراب قىلىشقا يەتكۈدەك ئاتوم-يادرو قوراللىرىنى ياسىغان بولسىمۇ ، خۇداغا شۈكرىكى ، ئۇلارنىڭ قىيامەت قايىم قىلىدىغان بۇنداق قورقۇنچلۇق قورالنى ئىشلىتىشى ھەر ھالدا توسۇپ قېلىندى . ياپون خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئە قايتا تەكرارلانمىدى . بۇلار چىرىيە خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا تىنچلىق سۆيەر خەلقىنىڭ غەلىبىسى ئەمەسمۇ ؟

تىنچلىق ۋە ئەمىنلىكنىڭ مۇھىملىقىنى ياش چېغىدىلا چۈشىنىپ يەتكەن ئىسمايىل ئەھمەد ئۆمرىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ، دۆلەتلەرنىڭ ئىناقلىقىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارغا ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قايتا توختىلىمىز . ھازىر بولسا ئۇنىڭ ئاشۇ 1955 -يىلىدا ئىشلىگەن باشقا خىزمەتلىرىگە قايتىپ كېلەيلى .

باشتا يېزىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، چىرىيە دىيارى تەكلىماكان قۇملىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان يۇرت .

چىرىيە بوستانلىقىنى شىمال ۋە غەربتىن قاپساپ تۇرىدىغان قۇم بارخانلىرى شامال ۋە بورانىنىڭ زورى بىلەن بوستانلىقنى يۇتۇپ كېتىشكە ھەر زامان خىرىس قىلىپ تۇرىدۇ . باھار ۋە باش يازدا كۆتۈرۈلىدىغان «سېرىق بوران» ، «قارا بوران» ۋە «توكا جىن» قۇيۇن قۇملارنى ئۇچۇرۇپ ئېتىزلارغا ، باغلارغا ، مەھەللە ۋە يوللارغا بېسىپ كىرىدۇ ، يۇمران مايسىلارنى كۆمۈپ ، باغلاردىكى گۈل-چېچەكلەرنى قۇرۇتىدۇ . چىرىيە دىيارىدا ياشىغان ئادەم ھەر كۈنى ۋە ھەر سائەت ئاشۇ تۇمەن دىۋىدەك بېسىپ كېلىدىغان قۇم-بورانغا قارشى ئاكوپتىكى جەڭچىدەك تەييار تۇرۇشى كېرەك . بورانىنى توسۇشى ، قۇملارنى ئەسلىي ئورنىغا يۆتكەپ تۇرۇشى كېرەك . ئەمگەكچان ۋە جاپاكەش چىرىيە خەلقى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئاشۇنداق قىلىپ كەلدى ، قۇم-بورانىنى توسۇشنىڭ بىر يۈرۈش چارىلىرىنى تېپىپ چىقتى . بۇ چىرىيە دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەن ياز ئايلىرىدا سۇنىڭ كۆچى بىلەن لاي ئېقىتىپ ، قۇملارنى تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە قوغلاش ، جىرىم سېلىپ ئورمان بەرپا قىلىپ بوران-شامالنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداپ ، قۇمنىڭ كۈچىنى تىزگىنلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى . بېسىپ كېلىۋاتقان قۇمنى توسۇشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئامالى يوق ئىدى . ئىلگىرىكى چاغلاردا قۇم تىزگىنلەش ئىشىنى خەلقنىڭ ئۆزى ئىستىخىيىلىك ھالدا ئىشلەيتتى . ئاشۇ زامانلاردا چىرىيە دىيارىنى سوراپ ئۆتكەن ھاكىمىيەتلەرنىڭ قۇم تىزگىنلەشكە كۆڭۈل بۆلگىنى ، خەلقنى تەشكىللىگىنى ياكى مەبلەغ سالغىنى مەلۇم ئەمەس . ھېچبىر تارىخىي يازمىدىمۇ بۇنداق تەپسىلات ئۇچرىمايدۇ . ئەمدى مانا يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ ، ئوڭ-سولنى تەڭشەۋالغان مۇشۇ 1955 -يىلىدا ھۆكۈمەت قۇمنىڭ خەۋپىنى تونۇپ يەتكەن ،

قوْم تىزگىنلەش ئىشىنى قولغا ئالغانىدى . لېنىن 1919 -يىلدا يېڭى قۇرۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەشەببۇس قىلغان «شەنبىلىك ئەمگەك»كە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇنداق خالىسانە پائالىيەتنىڭ ئاساسي كۆچى تەبىئىي هالدا ئوتتەك هاياجانلىنىپ تۇرىدىغان چىرىيە ياشلىرى ئىدى . ئۇلار شۇ يىلى يازدا ئۆزلىرىنىڭ باش شۇجىسى ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ باشچىلىقىدا قۇمغا قارشى كۇرەشكە ئاتلاندى . ئۇزاق يىللار ئىلگىرى سۇپۇرگە ئاخۇن باتۇر يەر ئېچىپ تېرىلغۇ بەرپا قىلغان ، كېيىنكى يىللاردا يەنە قوْم بېسىپ كەتكەن «مەدىكاس» ( هازىر بۇ يەردە ئاپتونوم رايونلۇق قوْم تىزگىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى ) ، «قۇمباغ» ، «سېغىزلىق» ، «چىلەكدۆڭ» ، «سۆكە دۆڭ» ، «جەگەدۆڭ» ، «تېرىم پوتاي» دېگەن توقايلاردا نەچچە مىڭ ياش يىگىت ئىشقا چۈشتى . ئۇلار قۇملۇقلار ئارىسىدىن چوڭقۇر ئېرىقلارنى ئېلىپ كەلكۈن سۈيىنى باشلاپ ، ئىككى ياقتىكى ئېگىز قوْم بارخانلىرىنى سۇغا يىقىتاتتى . كۈچلۈك سۇ نەلەردىندۇ كۆچۈپ كەلگەن بېزەڭ قۇملارنى تەكلىماكاننىڭ پەس جايلىرىغا ئېقىتىپ كېتەتتى . قوْم تىزگىنلەش جەڭ مەيدانىدىكى ھەيۋەتلىك ، قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرە سىرتتىن كۆزەتكەن ئادەمنى هەيران قالدۇراتتى . قىزىل بايراقلار لەپىلدەپ تۇرغان ، نەچچە مىڭ كەتمەن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ قوْم باغرىغا ئۇرۇلۇۋاتقان ، قوْم بارخانلىرىنىڭ چاڭ-توزان ئۆرلىتىپ قوشۇلۇشىدىن هاسىل بولغان دوغاپتەك لاي سۇ لەپپەڭشىپ ئېقىۋاتقان ··· . نېمىدېگەن قاينام-تاشقىنلىق مەنزىرە-ھە ! ؟ مانا قاراڭ ، كۈچلۈك سۇ يالاپ چېقىپ ئېقىۋاتقان قوْم بارخىنى گويا تېگى كولانغان ئەسكى تامدەك ئۆرۈلۈپ چۈشتى . قوْم بارخىنىنى چېپىۋاتقان ياش يىگىتلەر قىيقاس-چۇقان بىلەن ئۆزلىرىنى يانغا ئېلىشتى . ئەپسۇس ، ئابدۇرۇسۇل قوچقار ئۆزىنى يانغا ئالالماي قالدى ، قوْم دۆۋىسى

بىلەن بىللە سۇغا چۈشۈپ كەتتى . قۇملار ئۇنى بېسىۋالدى ··· خەتەر يۈز بەرگەن ئىدى . خەتەرنىڭ ئۆزى بۇيرۇق ئىدى . يىگىتلەر سەپدىشىنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى . ئابدۇرۇسۇل قوچقار قۇم ۋە لاي-پاتقاق ئارىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىلغاندا ، ئۇنىڭ چىرايى كۆك قۇمچاقنىڭ دۈمبىسىدەك كۆكىرىپ كەتكەن ، نەپەس ئېلىشى توختاپ قالغانىدى . ئىسمايىل ئەھمەد باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىنىڭ ئېغىز-بۇرنىدىكى قۇم-لاتقىلارنى ئېچىنىش ئىچىدە تازىلاشقا كىرىشتى . مۆجىزە يۈز بەردى . ئابدۇرۇسۇلنىڭ نەپەس ئېلىشى ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كېلىپ نەم كىرپىكلىرى مىدىرلىدى . ئۇ كۆزلىرىنى ئاچتى ، ئايهاي ··· زامان ئۆزگەرگەنىدى . قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئىسلام ئاخۇن ئاتلىق چىپەرچى ( پوچتىكەش ) نى ، چىرىيە بازىرىلىق ساۋۇر ئاخۇن تۆمۈرچىنى ، «توپا»لىق توختەمتىكام قوچاق دېگەن ئادەمنى ، «يايلىغاننىڭ قۇملۇقى»دا قوي بېقىۋاتقان ئون ئىككى ياشلىق قىزنى تىرىك يۇتۇۋەتكەن قۇم ئەمدى ئۇنداق ئاچ كۆزلۈك قىلالمايتتى . ئابدۇرۇسۇل قۇمنىڭ مۇدھىش قورشاۋى ئارىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى ، لېكىن ئۇنىڭ چىراي-تۇرقى بوراندا قالغان ئادەمدەك چاڭ-توزان ، توپا-تۇمانغا مىلەنگەن ھالەتتە ئىدى . ئوستىروۋىسكىنىڭ «بوران بالىلىرى» رومانىنى ئوقۇغان كىمدۇر بىرى نەق مەيداندىلا ئۇنىڭغا «بوران بالىسى» دەپ لەقەم قويۇپ قويدى . ئابدۇرۇسۇلغا ئاشۇ لەقەمنى سەپدىشى قويۇپ قويدىمۇ ؟ ياق ، «لەقەم ئاسماندىن چۈشىدۇ» دەپ ئەقىدە قىلىشىدۇ كونىلار . شۇنداق بولدى ، ئاشۇ لەقەم ئابدۇرۇسۇلغا گويا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا سىڭىپ قالدى . ھەممە كىشى ئۇنى «بوران بالىسى» دەپ ئاتاشقا كىرىشتى . گويا ئاشۇ لەقەمدە ئېيتىلغاندەك مۇشۇ سۆزمەن ، ئىشچان يىگىت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بوران بىلەن ،

قۇم بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتتى . ئۇنىڭ ئۆي-ماكانىمۇ قۇملۇقنىڭ بويىدىلا ئىدى . ئۇ بىر ئۆمۈر لاي ئېقىتىپ قۇمنى قوغلاش ، جىرىم سېلىپ بوراننى توسۇش بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ قۇم-بورانغا قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سەپىدىكى قاراۋۇل دېيىشكە بولاتتى . ئەمما قۇم-بورانغا قارشى كۈرەشنىڭ ھەقىقىي قوماندانى بىزنىڭ ياشلار ئىتتىپاقى شۇجىمىز ئىسمايىل ئەھمەد ئىدى . ئۇ ئاشۇ 1955-يىل يازدا چىرىيە ياشلىرىنى تەشكىللەپ قۇم-بورانغا قارشى ئېلىشىشنى باشلىغاندىن بېرى تا ھازىرغىچە توختاپ قالمىدى . ئۇ كېيىن چىرىيىدە رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىدە بولغان يىللاردا بولسۇن ، تېخىمۇ كېيىنكى ئاپتونوم رايوندا رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىدە بولغان يىللار بولسۇن ، قۇم-بوراننىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى زادىلا ئۇنتۇمىدى . ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پەنلەر ئاكادېمىيىسى كېيىنكى چاغلاردا ئاشۇ «مەدىكاس» دېگەن جايدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى «قۇم تىزگىنلەش تەتقىقات پونكىتى»نى قۇرۇپ چىقتى . قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئافرىقا چاكاندىسى ، تەكلىماكان قىزىل يۇلغۇنى ، توغراق قاتارلىقلارنى ئۆستۈرۈپ قۇم-بوراننى توسۇشنىڭ تەجرىبىلىرىنى توپلىدى ، بوران-شامالنىڭ يۆنىلىشى ، سۈرئىتى ، قۇمنىڭ كۆچۈش يۆنىلىشى ، سۈرئىتى قاتارلىقلارغا ئائىت نۇرغۇن سانلىق مەلۇماتلارنى يىغدى . بۇلار ئەلۋەتتە قۇرغاقلىشىش ، قۇملىشىش ، شورلىشىش تەھدىتى كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ، ئېلىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش ئىشلىرىنى دەسلەپكى تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ . يولداش ئىسمايىل ئەھمەد خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقى سەۋەبىدىن بىر قانچە يىلدا ، ھەتتا ئون يىلدا بىر قېتىم كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇشۇ ئانا زېمىنغا قايتىش پۇرسىتىگە ئېرىشسىمۇ ،

لېكىن ئۇ ئاشۇ پۇرسەتتە چىرىيىنىڭ قۇم تىزگىنلەش ئىشلىرىنى سۇرۇشتۇرۇشنى ، كۆزدىن كەچۈرۈشنى ، يېڭى ۋە ئەھمىيەتلىك يولىيورۇقلارنى بېرىشنى ، قۇم تىزگىنلەش ئىشلىرىنى مەبلەغ ۋە باشقا جەھەتتە قوللاشنى ھەرگىز قولدىن بەرمىگەن . يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ، جاپاكەش چىرىيە خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا قۇم-بورانىنىڭ تەھدىتىگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان چىرىيە قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالمىدى . ئۇ ھېلىمۇ شاھانە باغلاردەك گۈللەپ-ياشناپ تۇرۇپتۇ . ئەللىك نەچچە يىللىق ئەمنىلىك ، چارەك ئەسىرلىك تەرەققىيات ئۇنى كۆمۈش لېنتىدەك ئاسفالت يوللىرى يىراق تاغلىق كەنتلەرگىچە تۇتاشقان ، ئون مىڭ مولۇق ئانارلىق باغلىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان بىر گۈزەل يۇرتقا ئايلاندۇردى . ئۇنىڭ كەلگۈسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ .
ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شۇجىسى ئىسمايىل ئەھمەد يەنە ئاشۇ داللاردىن قوغۇن ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان ، ئەلۋەك باغلاردىكى مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان ، مول ھوسۇل خۇشاللىقى ھەممە يەرنى قاپلىغان 1955 -يىلنىڭ كۈز كۈنلىرىدە يەنە بىر ئەھمىيەتلىك كۈتۈۋېلىشنى تەشكىللىدى . ئۇ بولسىمۇ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ قۇرۇلۇشنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئىدى . بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىدىكى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ، تارىخنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە نەقش قىلىپ ئويغۇدەك ، كاتتا بايرام تەنتەنىسى قىلغۇدەك مۇھىم ئىش ئىدى .
ھەممىگە مەلۇمكى ، جۇڭگونىڭ قەدىمىي تارىخنامىلىرىدە «غەربىي دىيار» دەپ خاتىرىگە ئېلىنغان ، تەڭرىتاغنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى مۇشۇ بىر مىليون ئالتە يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق كۆلەمگە ئىگە زېمىندا قەدىمدىن بېرى ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ياشاپ كەلگەن . ئىشچان ، باتۇر ۋە

قەھرىمان ئۇيغۇر خەلقى تۇرلۇك جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ بۇ زېمىننى گۈللەندۇردى، يامان نىيەتلىك چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىدىن قوغدىدى ۋە ساقلىدى. ئۆتمۈشتىكى فېئودال-ئەكسىيەتچى پادىشاھلار دەۋرىدە بۇ زېمىننى باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەن تۇتۇق-ھىراۋۇللار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ زېمىننى گۈللەندۇرۇش ۋە قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى ھېسابقا ئالماي، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھەربىيچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئۇلارنى ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا يېقىن يولاتمىدى. ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتە ھوقۇقسىز، ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە نارازىلىقلارنى پەيدا قىلماي قالمىدى. مانا ئەمدى ئۇ قارا يىللار ئۆتۈپ كەتكەن، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ ئۇلارغا ئاپتونومىيە قۇرۇپ بېرىۋاتاتتى. قايسى مىللەت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقى نامەلۇم بولغان ئاشۇ «ئاپتونومىيە» دېگەن سۆزنىڭ ئىستېمال مەنىسى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش دېگەنلىك بولاتتى. خەنزۇچە خەت مەنىسىمۇ دەل شۇنداق ئىدى. يەنە تېخى ئاپتونومىيە يۇرگۈزگۈچى مىللەت ئۆزىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ، ئۆزىنىڭ پەن-مائارىپ ئىشلىرىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۇرىدۇ، ئۆز ئاپتونوم رايونىغا ماس كېلىدىغان قانۇنلارنى تۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقىنى يۇرگۈزىدۇ، دېگەن ئىستېمال مەنىلىرىمۇ بار ئىدى. ئومۇمەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئۇيغۇر ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويغانلىقى ئۇيغۇر خەلقىنى ھەممە

هوقۇققا ئېرىشتۈرگەنلىكى ئىدى . شۇنداق ئىكەن ، ئەسىرلەردىن بېرى ئاران ئېرىشكەن بۇنداق هوقۇقلار ئۇچۇن تەنتەنە قىلماي بولامتىمۇ ؟ ! ئاپتونومىيە ئېلان قىلىنغان ئاشۇ كۈندە بايرام قىلماي بولامتىمۇ ؟ ! ياشلار ئىتتىپاقى چىرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئىسمايىل ئەھمەد چىرىيە ياشلىرىنى باشلاپ ئاشۇ قۇتلۇق كۈننى كۈتۈۋېلىشقا ئاتلاندى . ئەمەلىيەتتىمۇ ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرى (يېقىندىلا نېمىشقىدۇر «خەلق ھۆكۈمىتى» دېگەن ئىسمىنى «خەلق كومىتېتى»غا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشكەندى) ھەر ساھە خەلق ئاممىسىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەۋاتاتتى . ئەلۋەتتە بۇنداق تەنتەنىلىك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرى يەنىلا پىئونېرلار ، ياشلار ۋە كومسومۇللار بولاتتى . 1955 -يىل 10 -ئاينىڭ 1 -كۈنىگە تاڭ ئاتقۇدەك چىرىيە ياشلىرى ئۇخلىمىدى . ئۇلار يىگىرمە بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «دامىكۇ»دىن ، ئون سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «گۇلاخما»دىن ھەتتا ئاتمىش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «چاقار» ، «ئۇلۇغساي» لاردىن ، سەكسەن كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «نۇرى» ، «سايۋاغ» لاردىن ، بىر يۈز ئەللىك كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «ئىمامىلار» (بوستان) لاردىن قىزىل بايراقلارنى لەپىلدىتىپ ، داقا-دۇمباق ، ناغرا-سۇنايلارنى ياڭرىتىپ ، كېچىچە يول يۈرۈپ ناھىيە بازىرىدىكى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە كېلىۋاتاتتى . بۇنداق تارىخي ئەھمىيەتلىك كۈننى ھەرقانچە يىراقتىن كېلىپ بولسىمۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيتتى . كاتتا خۇشاللىق ئالدىدا يول ئازابى ۋە ھاردۇق نېمىگە دال بولالىسۇن ! قىپقىزىل ۋە يېپيېڭى قۇياش شەرق ئاسمىنىدىن ھەيۋەت بىلەن كۆتۈرۈلگەندە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئالتە

يـــلــلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى تەڭلا باشلاندى. چىرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ ئاسمىنىدا قىزىل بايراقلار، رەڭدار پلاكاتلار لەپىلدىدى. سۇناي-كانايلاردىن شوخ «شادىيانە» مۇزىكىسى ياڭراپ چىرىيە ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدى. يېڭىلا ئۇلاپ تارقىتىلىشقا باشلىغان «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى»نىڭ خـەۋەرلـــىرى ئـاڭلىنىلدى. ئاقساقاللىق بوۋايلار، ئاق ياغلىق ئـۇسـتــىگە كىچىك پىيالىدەك چوڭلۇقتىكى «كېرىيە تەلپىكى» قوندۇرۇۋالغان چوكانلار، ئېگىز قاسقانلىق كۆرپە پاپاخ كىيگەن چــىرىــيــە يــىـگــىـتلىرى ئۇسسۇلغا چۈشتى. جۇمھۇرىيەتنىڭ، خـەلـقـنـىـڭ، چــىرىـيـىنىڭ تويى بولۇۋاتاتتى. ھەرقانچە كاتتا ئۆتكۈزۈلگەن قىز-يىگىت تويىنىڭ تەنتەنىسى بۇنچىلىك بولماس. ئەل تويى دېگەن مانا شۇ ئىدى...

ئاشۇ توي كۈنلىرى بىزنىڭ ياش كادىرىمىز ئىسمائىل ئەھمەد چــېــپــىــپ ھــارمىدى، ئۇ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى، ئات بـەيـگـىـلــىـرىــنــى، چېلىشىش، توپ ئويناش مۇسابىقىلىرىنى ئـۇيـۇشـتــۇرۇشـى، تـەشـكــىللىشى، قىزىتىشى كېرەك ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ بارغان سورۇنلار گويا ئوتقا ياغ چاچقاندەك بىردىنلا قىزىپ كېتەتتى. ئۆزىمۇ ناخشا دېسە ناخشىدىن، ئۇسسۇل دېسە ئـۇسـسـۇلدىن، چېلىشىش دېسە چېلىشىشتىن ئوت چىقىرىدىغان يىگىت ئىدى. ئاھ، يىگىرمە ياش، يىگىرمە ياشتىكى قىزغىنلىقتا نېمە يەتسۇن! يىگىرمە ياشتىكى شىجائەتكە نېمە يەتسۇن! ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدە ئاجايىپ بىر خىل مەپتۇن قىلارلىق تەبىئىلىك بار ئــىدى، يـاشـلارنـى بـىـئـىـخـتىيار مەپتۇن قىلاتتى ۋە ئۆزىگە ئەگەشتۈرەتتى. كىم ئۇنى دوراشنى، ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىشنى، ئۇنى ئۈلگە قىلىشنى خالىمىسۇن!؟

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. خەلق يېڭى غەيرەتكە، يېڭى شىجائەتكە، يېڭى ئۈمىدكە تولغانىدى. پايانسىز ئېتىزلاردىكى قوناقلار ئالتۇندەك سارغايغان، مەي باغلاپ پىشىپ، تاراسلاپ يېرىلغان قوغۇنلارنىڭ خۇش ھىدى دىماغلارنى يايراتقان، ياقۇتتەك دانلانغان ئانارلار پوستىغا پاتماي يېرىلغان باياشات كۈز پەسلى يېتىپ كەلگەنىدى. يېتىپ كېلىۋاتقان باياشاتلىقنى سەزگەن پاختەكلەر ياڭاقنىڭ ئېگىز پوتاقلىرىغا قونۇپ گۇگۇلايتتى. توي بولغانىدەك توپلاشقان قاغىلار قاقىلدىشاتتى. مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان قۇشقاچ يېزا ئاسمىنىدا ۋىچىرلاپ، يۇمىلاق چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ «غەلۋىر» پەيدا قىلاتتى. «ئارغامچا، ئارغامچا!...» دەپ ۋارقىرىغاندا، ئارقاندەك سوزۇلۇپ ئۇزۇن سەپ ھاسىل قىلاتتى. بۇلىماقتەك سەمرىگەن قويلار دومبە-ساغرىلىرىنى لىغىلدىتىشىپ، «خانىيايلاق»قا پاتماي يورۇشەتتى. تەبىئەتمۇ، جەمئىيەتمۇ بىر باياشات، شاد - خۇرام مەنزىلگە قاراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

## 4. ھاۋا، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا

جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى چىرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ بىر يېرىم يىلچە ئىشلىگەن ئىسمايىل ئەھمەد 1956-يىل 5-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چىرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلاندى. شۇ ئاينىڭ 5-كۈنى تارىختىكى يىراق گېرمانىيىنىڭ رەيىن دەرياسى بويىدا بىر يەھۇدىي ئادۋوكات ئائىلىسىدە، ھازىرقى زامان كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئىجادچىسى كارل ماركس

تۇغۇلغانلىقىنىڭ بىر يۈز ئوتتۇز سەككىز يىللىق خاتىرە كۈنىدە — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چىرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيى ئېچىلغانىدى. ئەلۋەتتە بۇ بىر تاسادىپىي ماس كېلىپ قېلىش بولۇشىمۇ ۋە ياكى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىنى پىلانلىق ھالدا ماركسنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئۇدۇللاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن ئاشۇ قۇرۇلتاي ياش كادىر ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ھاياتى ۋە ئىستىقبالىدا يەنە بىر سەكرەش پەيدا قىلدى. قۇرۇلتاينىڭ ئاخىرقى كۈنى يەنى 5-ئاينىڭ 10-كۈنىدە ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا ۋەكىللەر بىردەك ئاۋاز بىلەن ئۇنى ج ك پ چىرىيە ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلىدى. بۇ ۋەكىللەر ئۈچۈن ئاللىقاچان ئويلىشىلغان، لېكىن ياش ئىسمايىل ئەھمەد ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن ئىش ئىدى. بۇ ئۇنىڭ چىرىيە ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر كادىرلار ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئۇنى كادىرلىققا قوشۇۋالغان مەتقۇربان تۇرسۇن تۇرغان يەردە، ئۇنىڭ مەيلى ياش قۇرام، مەيلى سالاھىيەت جەھەتتىكى تەڭتۇشلىرى ئىبراھىم روزى، ئىسمايىل تاشتۆمۈر، ئىسھاق توختى، رەجەپ ئەخمەت، غازى ئىبراھىملار تۇرغان يەردە، بۇ ھەقىقەتەن كۈتۈلمىگەن ئىش ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى، خىزمەت ئىشلەشتىكى ئىقتىدار-قابىلىيىتى، تىرىشچان-ئاكتىپلىقى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى نۇقتىسىدىن ئالغاندا بۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. ۋەكىللەر مانا شۇ نۇقتىلارنى ئويلىشىپ ئۇنىڭغا تولۇق بېلەت تاشلىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ج ك پ چىرىيە ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئۇنى خەنزۇچە «سى شۇجى» دەپ ئاتاشقا باشلىدى.

ئىسمايىل ئەھمەد شۇ قېتىم يەنە ئۈرۈمچىدە ئىچىلماقچى بولغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلاندى ۋە ئۈرۈمچىگە باردى. خوتەندىن سايلانغان ۋەكىللەر ئىچىدە شۇ چاغدىكى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خۇاڭ چېڭ، ۋالىي ئابدۇرېھىم لېتىپ، ھەرقايسى ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى، ھاكىملار، ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئىلغار پارتىيە ئەزالىرى بار ئىدى. ئۇلار ئىككى مىڭ ئىككى يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۈرۈمچىگە قانداق يېتىپ باردى؟ ئەمدى بۇ ھەقتە ئازراق توختىلىش كېرەك. ھازىر ئايروپىلان بىلەن بىر سائەت يىگىرمە مىنۇتتا، ئاپتوبۇس بىلەن بىر سوتكىدىلا بېسىپ ئۆتكىلى بولىدىغان ئاشۇ مۇساپىنى بۇرۇنقى زاماندىكى ئات، تۆگە، ئېشەك كارۋانلىرى بىر يۈز يىگىرمە كۈندە بېسىپ ئۆتىدىكەنمىش. 1909-يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بوغازلەنگەر يېزىسىدىن تارقالغان «ئاغرىق سىلىقى» (ۋابا — چۇما كېسىلى) خوتەن ۋىلايىتىگە يامراپ كەتكەندە، ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتكەن ئۈچ نەپەر خەنزۇ تېۋىپ ھارۋا بىلەن خوتەنگە توقسان كۈندە يېتىپ كەلگەنىكەن. 1938-يىل 8-ئايدا شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە تەنتەربىيە يىغىنى ئۆتكۈزگەندە خوتەندىن قاتنىشىدىغان مەمتىمىن توختى، ئابابەكرى تۇرسۇن قاتارلىق ئالتە نەپەر تەنھەرىكەتچى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «زىس» ماركىلىق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە ئون سەككىز كۈندە يېتىپ بارغانىكەن. ئەمدى مانا بىزنىڭ شۇجى، ھاكىملىرىمىز ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن، گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن ئولجا ئېلىنغان «دادوجى» دېيىلىدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ كوزۇپىغا ئولتۇرۇپ ئاشۇ يىراق ئۈرۈمچىگە توققۇز كۈندە يېتىپ باردى. خوتەن بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىكى مۇساپە قىسقىراۋاتقانمىدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. قاتناش

شارائىتى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتاتتى . خوتەن-قەشقەر كارۋان يولىنىڭ خوتەن-زاۋا بۆلىكىدە 1939-يىلى ماشىنا ماڭالىغۇدەك ئېپتىدائىي يول ياسالغان . بۇ يول 1940-يىلى گۇما ناھىيىسىگىچە ئۇزارتىلىپ قاغىلىقتا تۇتاشتۇرۇلغان . 1941-يىلى يەنە شەرققە ئۇزارتىلىپ چىرىيە، كېرىيە ناھىيىلىرىگىچە سوزۇلغان . هارۋىنىڭ ئورنىنى ئاپتوموبىل ئالغان . يول ۋە ئاپتوموبىل پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما يولۇچىلار يەنىلا ئون سەككىز كۈن داۋامىدا توختاۋسىز چايقىلىپ، قېقىلىپ-قاڭقىپ مېڭىشتىن قۇتۇلالمىغان . ۋەھالەنكى، بۇ تېخى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە تەلەيلىكلەر ئۈچۈنلا شۇنداق ئىدى . ئىمكانىيىتى يوقلار يەنىلا ئات-ئېشەكلىك ياكى هارۋا بىلەن سەپەر قىلىشقا مەجبۇر ئىدى . 1949-يىلىدىن كېيىن يوللار قايتىدىن ياسىلىپ «توپىلىق يول»دىن «تاشيول» هالىتىگە كەلتۈرۈلدى . ئاپتوموبىللارمۇ كۆپەيدى . خوتەندىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىشقا كېتىدىغان ۋاقىت بىر ھەسسە قىسقاردى . ئون سەككىز كۈن توققۇز كۈنگە ئازايدى . بىزنىڭ «قاتناش-ترانسپورت شارائىتى ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېگىنىمىز مانا شۇ نىسپىي ياخشىلىنىشنى كۆرسىتەتتى . بۇ ئاشۇ 1956-يىلى ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆز . هازىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ يەنىلا قالاقلىق ھېسابلىنىدۇ . مەلۇمكى، كېيىنكى ئەللىك يىللىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئارقىلىق تاشيوللار كۆپ ياخشىلاندى . ئاددىي ئاسفالت يولغا، ئۇنىڭدىن «χ دەرىجىلىك يول»لارغا تەرەققىي قىلدى . ئولتۇرىدىغان ماشىنىلىرىمىزمۇ «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىل ياكى «بېيجىڭ» ماركىلىق پىكاپلاردىن ياپونىيە، ئامېرىكا ياكى گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن «فورد»، «خانتاجى»، «سانتانا»، «تويوتا» لارغا ئۆزگەردى . ھېچبولمىغاندىمۇ بىرلىشىپ مەبلەغ

سىلىپ ئىشلەنگەن شۇنداق ماشىنىلارغا ئالماشتى. ۋاقىت سەرپىياتى توققۇز كۈندىن بىر كۈنگە قىسقاردى ... بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار، ۋەھالەنكى، بىز تەسۋىرلەۋاتقان ئاشۇ 1956-يىل يازدا بىزنىڭ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىرىنچى قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ كېتىۋاتقان شۇجى-ھاكىملىرىمىز ئېگىز-پەس، داكى-داكاڭ تاشيولدا جالاقلاپ چېپىپ كېتىۋاتقان يۈك ئاپتوموبىلى كوزۇپىدا، سىلكىنىپ، قېقىلىپ، چايقىلىپ كېتىپ باراتتى. شۇنداقتىمۇ ھېچكىم ۋايسىمايتتى. ئۇلار پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن گۈلدەك نازۇك ئەمەس، چۆلدە، بوران-چاپقۇندا چېنىققان توغراقتەك مەزمۇت، چىدامىلىق ئادەملەر ئىدى، ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەتكە پىسەنت قىلمايتتى، خەلق ۋە پارتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇغا كىرىشتىن يانمايتتى، كىرگەندىمۇ پولاتتەك تاۋلىنىپ، ئالتۇندەك پارقىراپ چىقاتتى. گەپنىڭ قىسقىسى، بىزنىڭ ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق شۇجى-ھاكىملىرىمىز توققۇز كۈن قارا ماشىنىنىڭ كوزۇپىدا يول يۈرۈپ، تىنىچ-ئامان، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا قۇرۇلتايغا ئۇلگۇرۇپ باردى. ئادەملەردىنمۇ، ماشىنىدىنمۇ چاتاق چىقمىدى.

قۇرۇلتاي غەلىبىلىك ئېچىلدى ۋە ھەممە كۈنتەرتىپلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېپىلدى. بەلگىلەنگەن نىشان - ۋەزىپىلەر—سودا سانائەتنى، قول سانائەتنى، يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، 1953-يىلى باشلانغان بىرىنچى بەش يىللىق پىلان كۆرسەتكۈچلىرىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش ئىدى. ۋەكىللەر تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىشەنچكە تولۇشتى. ئۇلار دەرھال ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ قۇرۇلتاي بەلگىلىگەن ۋەزىپىلەرنى

ئورۇندىشى ، گۈزەل سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا ئاتلىنىشى كېرەك ئىدى . مانا شۇ قايتىش سەپىرىدە ، بىزنىڭ ئىسمائىل ئەھمەدكە ھاۋادا ، سۇدا ، قۇرۇقلۇقتا سەپەر قىلىشقا توغرا كەلدى . بۇ ھېكايىگە ئوخشاش خېلى قىزىقارلىق تەپسىلات ، ئايرىم-ئايرىم بايان قىلىشقا ئەرزىيدۇ .

**ھاۋادىكى سەپەر**

ئىنسان بالىسى ناھايىتى بۇرۇنقى ئەپسانە - رىۋايەت دەۋرلىرىدىلا قۇشلارغا ئوخشاش كۆك ئاسماندا ئۇچۇشنى ، يەتمەكچى بولغان مەنزىلگە پەرۋاز ئەيلەپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يېتىپ بېرىشنى خىيال قىلىپ كەلدى . خىيالىدا «ئۇچار گىلەم» لەرنى ، «ياغاچ ئات»لارنى ، «تۇلپار» ۋە «دۇلدۇل»لارنى كەشىپ قىلدى . ھېچبولمىغاندىمۇ ، پادىچى يىگىت شاۋدۇنغا ئوخشاش بۇركۇتنىڭ قاناتلىرى ئارىسىغا ئولتۇرۇپ «كۆھىقاپ»تىن ئۆتۈش ۋە ئېگىز ئاسماندىكى مۇئەللەق سارايدا تۇرغان مەلىكىنىڭ يېنىغا يېتىپ چىقىش ئۇنىڭ ئارزۇسى بولۇپ كەلدى . ۋەھالەنكى ، بۇنداق ئارزۇلارنىڭ ھەممىسى چۆچەكلەر دۇنياسىدىلا ئىدى . ئەمەلىيەتتە بولسا ئىككى قولىغا قۇشلارنىڭ قانىتىنى قاداپ ئېگىز ئۆگزىدىن ئۇچۇپ باقماقچى بولغانلارنىڭ ئاقىۋىتى پۇت-قوللىرىنىڭ سۇنۇشى بىلەن تۈگەللىنىپ كەلدى . سانائەت تەرەققىي قىلىپ ، ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېللار كەشىپ قىلىنغان 19 -ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا ئاندىن ئادەملەرنىڭ دىققىتى بىرقەدەر ئەمەلىيرەك بولغان ئۇچقۇلارنى ياساش ئۈستىگە مەركەزلەشتى ۋە قايتا-قايتا تەجرىبىلەر ئارقىلىق 20 -ئەسىرنىڭ بېشىدا ، يەنى 1903 -يىلى ئامېرىكىلىق ئاكا-ئۇكا رەيتلار تۇنجى ئۇچقۇدا بىرقانچە مىنۇتتا بىرقانچە يۈز مېتىر يەرگە ئۇچۇپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى . بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئاسماندا تۇنجى قېتىم پەرۋاز قىلىشى ئىدى .

شۇنىڭدىن كېيىنكى يىگىرمە-ئوتتۇز يىل ۋاقىت ئىچىدە ئىنسانىيەت قايتا ئۆزگەرتىشلەر ئارقىلىق ھەرخىل مىللەتلەر تىلىدا ھەرخىل ئاتالغان، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ئۇچقۇ، ھاۋاجاز، ئايروپىلان دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان رەسمىي ئۇچار ماشىنىنى ئىشقا كىرىشتۈردى. ئايروپىلان ھەربىي ئىشلار، قاتناش-ترانسپورت ساھەسىدە كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدىغان، ئىنسانىيەت بارماقچى بولغان مەنزىلگە ئۇچۇپ بارالايدىغان بولدى. بۇ ئاشۇ تەرەققىي قىلغان يات ئەللەردە بولغان ئىش ئىدى. ھاۋادا ئۇچىدىغان ئايروپىلانلارنىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بىزنىڭ تېخىچە ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلىرىمىز ئارىسىغا «پەرەڭلەر كۆك ئاسماندا غورقىراپ ئۇچارمىش» دېگەن نائېنىق تەسۋىر بىلەن يېتىپ كەلدى. 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا چەت ئەللەرگە چىققان سودىگەر ۋە تاۋاپچىلار ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپمۇ قايتىشتى.

ئەمما ئاشۇنداق ئايروپىلان ياساش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش، ئايروپىلانلارنى ياساش، ، ئۇنىڭدىن قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىدا پايدىلىنىش خىيالىمىزغا كىرىپ چىقمىدى. خىيال قىلغان بولساقمۇ پەن-تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىمىز بۇنىڭغا ئەسلا ئىمكان بەرمەيتتى. قارىغاندا بىز تېخى خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە يەنىلا ئات-ئېشەكلىرىمىز بىلەن سەپەر قىلىپ يۈرىدىغاندەك قىلاتتۇق. ئەمما كۈنسايىن ئىلگىرىلەۋاتقان سانائەت تەرەققىياتى ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قۇمساز تۇپراققا تەسىر كۆرسەتمەسلىكىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئايروپىلان دېگەن ئاشۇ ئۇچار ماشىنا تەكلىماكاننىڭ ھاۋا بوشلۇقىغىمۇ ئاستا-ئاستا كىرىپ كەلدى… ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، خوتەن جۇملىدىن چىرىيە ئاسمىنىغا تۇنجى ئايروپىلان

قاچان يېتىپ كەلدى؟ كىم تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۇچۇپ باقتى؟ خوتەنگە قاچان تۇنجى ئايروپىلان قوندى؟ خوتەندە قاچان ئايرودروم ياسالدى؟ — بۇ سوئاللارمۇ ئەلۋەتتە كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئوبدانلا قىزىقتۇرىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، خوتەن جۇملىدىن چىرىيە ئاسمىنىغا تۇنجى بولۇپ يېتىپ كەلگەن ئايروپىلانلار 1937-يىل 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربتىن ئۇچۇپ كېلىپ خوتەن شەھىرىدىكى ئەسكىرىي سېپىلنىڭ ئىچىگە ۋە چىرىيىدىكى «ئەشمەلەڭگەر»گە بومبا تاشلىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان قوش قاناتلىق، كۆك رەڭلىك ئۈچ ئايروپىلاندۇر. ئاشۇ قېتىم بۇ ئايروپىلانلار بومبا تاشلاپ، ئوققا تۇتۇپ، ما خۇسەننىڭ باندىت ئەسكەرلىرىنى قوغلىغاندا، خوتەنلىكلەر، چىرىيىلىكلەر ئايروپىلان دېگەن ئاجايىپ ئۇچار جىسىمنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى ۋە «سۇبھانالللا» ئېيتىشىپ ياقىلىرىنى چىشلەشتى. ئاشۇ قېتىم شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە ياردەملىشىپ ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنى قوغلاشقا كەلگەن سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ خوتەن ئەسكىرىي سېپىلىنىڭ غەربىدىكى (بۇگۈنكى بوستان يولى ئەتراپىدىكى) مەشىق مەيدانىغا قونىماقچى بولۇپ، سېپىل تۈۋىدىكى يار-ئازگاللىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار «لاسكۇي»نىڭ غەربىدىكى «تاسمىچى»نىڭ شىمالىدىكى «بالىماس» دېگەن يەرگە ئايرودروم ياسىغانىكەن. ئېگىز خادىلارغا ئالا خالتىلارنى ئېسىپ ئايروپىلانلارنىڭ قونۇش-ئۇچۇشىدا بەلگە قىلىغانىكەن. شۇڭا «بالىماس» بىر مەزگىل «ئالا خالتا» دەپمۇ ئاتالغانىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى پېشقەدەملەر سۆزلەپ يۈرگەن تارىخىي پاكىت. ئاشۇ قېتىم «بالىماس»قا قونۇپ-ئۇچۇپ يۈرگەن ئايروپىلانلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پېشقەدەملەرنىڭ بىر

قىسمى ھېلىمۇ ھايات . ما خۇسەن كېتىپ شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت ئىگىلىگەندىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە خوتەن تەرەپكە ئايروپىلان كەلگىنى مەلۇم ئەمەس . لېكىن پېشقەدەملەر لوپ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى ( بۇگۇنكى لوپ سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئەتراپىدىكى) سايغا گېرمانىيىنىڭ ئۈچ ماتورلۇق بىر ئايروپىلانى قونغانلىقىنى ، ئايروپىلان قېلىپ ئۇچقۇچىلارنىڭ ئۈرۈمچى تەرەپكە ئەكېتىلگەنلىكىنى ئەسلىشىدۇ . ئاشۇ گېرمانىيە ئايروپىلانى توغرىسىدا ئەسلىمە يازغۇچى مەمتىمىن توختى بۇ ۋەقە 1936 -يىلى بولغان دەيدۇ . باشقىلار بولسا ، بۇ ۋەقە 1945 -يىلى بولغان ، ئايروپىلان كاردىن چىققانلىقتىن ، قايتا ئۇچۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان ، شۇڭا ئۇچقۇچىلار كېتىپ ئايروپىلان قالدۇقلىرى قالغان ، كېيىن ئاشۇ ئەتراپتىكى دېھقانلار ئايروپىلان قانىتىنى ئاجرىتىپ كالا ئېغىلىنىڭ ئۈستىنى يېپىشقا ئىشلەتكەن دېيىشىدۇ . شۇ قېتىم يەنە ئاشۇ گېرمانىيە ئايروپىلانىنىڭ ئۇچقۇچىلىرىنىڭ زۇۋانىنى ھېچكىم ئۇقالمىغانمىش . خەنزۇچە ،ئۇيغۇرچە ، پارسچە ، ھىندى-ئوردۇچە سۆزلەيدىغانلار ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ ئۇلارغا گەپ ئۇقتۇرۇشقا ئىمكان بولماپتۇ . ئاخىرى خوتەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بۆلۈم ئەزاسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان نەن شۆسەن (روزى مەمەت بەگ) بېرىپ ئۇلار بىلەن قانداقتۇر بىر خىل زۇۋاندا سۆزلەشكەنمىش . شۇ سەۋەبلىك نەن شۆسەننىڭ ئىناۋىتى بىردىن ئۆسۈپ كېتىپ 46 -يىلىدىكى دېموكراتىك سايلامدا خوتەن ناھىيىسىگە ھاكىم ، كېيىن 1947 -يىل ئاخىرىدىكى ۋالىي سايلىمىدا خوتەن ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ سايلانغانمىش . بولمىسا ئەمدىلا ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرگەن ياش ئادەمنىڭ ۋالىي بولۇپ سايلىنىشى يوق ئىشمىش ··· بۇ گەپلەرنىڭ قانچىلىكى راست ، قانچىلىكى يالغان ؟ بۇنى ئېنىقلاشقا ئىمكان بولمىدى . ئەمما بىز

بۇ يەردە، بۇ يەرگە راستتىنلا بىر قېتىم گېرمانىيە ئايروپىلانى قونغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتقا ئېرىشىمىز. ئۇنداق بولسا، خوتەنلىكلەردىن كىم تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۇچۇپ باققان؟ «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» دېگەن قەرەلسىز مەجمۇئەدە ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ئەسلىمىگە ئاساسلانغاندا، خوتەنلىك ئەخمەت ئىسىملىك بىر يىگىت شېڭ شىسەي زامانىدا رۇسلار ئاچقان ئۇچقۇچىلار كۇرسىدا ئوقۇپ، ئايروپىلان ھەيدەشنى ئۆگەنگەنىكەن. شۇ كىشى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان تۇنجى ئۇچقۇچىلارنىڭ بىرى ئىكەن. بەلكىم يەنە شۇ كىشى خوتەنلىكلەر ئىچىدە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ باققان تۇنجى ئادەم بولۇشى مۇمكىن. 1947-يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەنجىڭ شەھىرىدە «گومىن داخۇي» ئاچقاندا، خوتەندىن ۋەكىل بولۇپ بارغانلار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بارغانمۇ، يوق؟ بىز بۇ ھەقتە ئېنىق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدۇق. «خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى»دىن پېنسىيىگە چىققان ھىدايەت تۇردى ھاجىنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، ئۇلار 1946-يىلى قانداقتۇر ئۆلكىلىك بىر يىغىنغا ۋەكىل بولۇپ بېرىپتۇ، كېيىن ئۇلارنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خوتەنگە قايتقۇسى كەلمەپتۇ. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» تەرەپكە—غۇلجىغا كېتىشنى پىلانلاپتۇ. ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلەشكەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ غۇلجىغا قايتىدىغان ئايروپىلانى بار ئىكەنلىكىنى، كىرا تۆلىسە شۇ ئايروپىلاندا غۇلجىغا بېرىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ 1947-يىلى ئۇلار ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا بېرىپتۇ ··· يۇقىرىقىلار ئايروپىلاندا ئۇچۇپ باققان خوتەنلىكلەر بولسا كېرەك. ۋەھالەنكى، مەيلى تۇنجى ئۇچقۇچى ئەخمەت بولسۇن، مەيلى «گومىن داخۇي»

ۋەكىللىرى بولسۇن ياكى ھىدايەت ھاجى ، مامۇتنىياز (قاغىلىقلىق ئادەم ، كېيىنمۇ خوتەندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان) قاتارلىقلار بولسۇن ، ئۇلار ياكى خوتەنگە ۋە ياكى خوتەندىن ئۇچقانلار ئەمەس . ئۇنداق بولسا خوتەنگە ئۇچقان تۇنجى خوتەنلىك ئادەم كىم ؟

ئاشۇ 1956 -يىل يازدا ، بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق ۋەكىللىرىمىز ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە قايتىشقا تەرەددۇتلەنگەن كۈنلەر ، خوتەندە دەل يېڭى ئايرودروم پۈتكەن كۈنلەرگە توغرا كېلىدۇ . ئېيتىلىشىچە ، ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە سىناق تەرىقىسىدە تۇنجى ئايروپىلان ئۇچماقچىكەن . پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئاپىرىپ قويۇشنى خالايدىكەن ، بۇنداقمۇ ئوبدان پۇرسەت بولامدۇ ! ؟ ۋەكىللەر شان-شەرەپ تۇيغۇسىغا چۆمدۇ . قەلبىدىن پارتىيە-ھۆكۈمەتكە ، يېڭى زامانغا رەھمەت-ھەشقاللىلار ئوقۇيدۇ . ئايروپىلاننىڭ شوتىسىدىن ئۆرلەپ سانائەت دەۋرىنىڭ بۇ ئاجايىپ مۆجىزىسىنىڭ ئىچىگە قەدەم قويغاندىكى ھاياجاننى بىر دېمەڭ . يۈرەكلەر پەخىرلىنىش ئىچىدە شادىيانە دۇپۇلدەيدۇ . ئىنسانىيەت نەچچە مىڭ يىل ئارزۇ قىلغان ئۇچۇشنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ نېسىپ بولغانلىقىدىن بېشى كۆكلەرگە يەتكەندەك بولىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ئىسمايىل ئەھمەد خوتەنگە ئۇچۇپ كەلگەن خوتەنلىكلەر قاتارىدا ئايروپىلانغا چىقتى . ئايروپىلاننىڭ ئىچى ئاجايىپ پاكىز ، ئورۇندۇقلىرى يۇمشاق ۋە ھەشەمەتلىك ئىدى . كىشىگە بىر خىل ئۆز ئۆيۈڭدە ، ماموق كۆرپە ئۈستىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرغاندەك تەسىرات بېرەتتى . بىئىختىيار ھالدا ئون نەچچە كۈن بۇرۇنقى قارا ماشىنىنىڭ كوزۇپىدا چېقىلىپ-چايقىلىپ ماڭغان سەپەرنى ئەسلىتىپ ئاسمان-زېمىن پەرق ھاسىل قىلاتتى .

ئۇ ئاشۇ 50-يىللارنىڭ بارلىق ئايروپىلانلىرىغا ئوخشاش ھېلى ئۆرلەپ، ھېلى پەسلەپ ئۇچاتتىكى، ئۇنىڭ ئۇچۇشلىرىنى بۈركۈتنىڭ پەرۋازلىرىغا ئەمەس، سۇندۇكنىڭ ئۇچۇشلىرىغا ئوخشاتقىلى بولاتتى. ئۇ ئاشۇنداق ئېگىز-پەس ئۇچۇشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ خوتەنلىك تۇنجى يولۇچىلىرىغا ئوبدانلا چاقچاق قىلىپ قويدى. باشلار تۇنجى قېتىم ئىلەڭگۈچ ئۇچقان قىزنىڭ باشلىرىدەك قايدى، كۆڭۈللەر چىۋىن يەپ سالغاندەك ئېلىشتى. ئاشقازاننىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئاچچىق قۇسۇق يېڭىلا تارقىتىپ بېرىلگەن قەغەز خالتىلارغا غارىلداپ تۆكۈلدى. «ھۆ، ھۆ» دېگەن چىڭقىلىپ چىققان ئاۋازلار ئايروپىلان ماتورىنىڭ گۈركىرەشلىرىنى بېسىپ كەتتى. ئاشقازاندىكى ئەتىگەن يېگەن نەرسىلەرلا ئەمەس، بارلىق ئىچ-باغرىڭ تۆكۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ چاقچىقى بۇلارلا ئەمەس ئىدى. ھەر قېتىم ئۆرلەپ-پەسلىگەندە يۈرەكلىرىڭ پۇلاڭلاپ ئاغزىڭغا تىقىلغاندەك بولاتتى. قورقۇنچتىن يۈرەكلىرىڭ جىغىلداپ كېتەتتى. «سۇبھاناللا» ئىختىيارسىز دىل ۋە تىللىرىڭغا جارى بولاتتى ... باشقىلارغا قانداق؟ ئەمما بىزنىڭ ئىسمايىل ئەھمەدكە مانا شۇ ھاۋادا ئۇچىدىغان مۆجىزىنىڭ ئەڭ ئېغىر چاقچىقى ئوتتۇز يىل ئۆتكەندە يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئۇچقاندىكىدىن كۆپ ئېغىر بولدى. بۇ 1985-يىل 12-ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمايىل ئەھمەد ئاپتونوم رايون رەئىسلىكىدىن مەركەزگە يۆتكەلگەنلىكى ئېلان قىلىنىۋاتقان كۈنلەردە يۈز بەردى. شۇ چاغدا ئۇ چەت ئەللەردىكى زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، پاكىستان ئارقىلىق ئېلىمىزگە قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئايروپىلاننىڭ ماي بېسىمى سىستېمىسىدا كاشىلا كۆرۈلدۇ. قاناتنىڭ ھەرىكەتچان قىسمىنى كونترول قىلىش

ئامالى بولمىغاچقا، پەسلەش ياكى ئۆرلەش مۇمكىن بولمايدۇ. قوندىغان چاغدا ئىشلىتىلىدىغان چاقلارنى چىقىرىشنىڭمۇ ئامالى بولمايدۇ. جۇڭگو ھاۋا بوشلۇقىغا كىرىپ بولغان ئايروپىلان يەنە كاراچى ئەتراپىدىكى دېڭىزنىڭ ئاسمىنىغا قايتىپ بارىدۇ. ئۇچقۇچىلار گۇرۇپپىسى قائىدە بويىچە ئايروپىلاندىكى مېھمانلارغا خەتەرلىك ئەھۋالنى ئۇقتۇرىدۇ ۋە ھەربىر يولۇچىغا ۋەسىيەتنامە يېزىشنى تاپىلايدۇ. ئويلاڭ، ئۆزىڭىزنىڭ بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن پاجىئەلىك ھالدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم قانداق ئەھۋالغا چۈشەر؟ قەلبىدە قانداق داۋالغۇشلار يۈز بېرەر؟ تا ھازىرغىچە ھېچكىم بۇنداق ئەھۋالنى — ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنى خاتىرىلەپ قويغان ئەمەس. ئايروپىلاندا قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ. ھەمسەپەر بولۇپ قايتىۋاتقان خەلق ئىشچىلىرى ۋارقىراپ-جارقىرىشىپ، چەت ئەلدىن سېتىۋالغان ئازغىنە نەرسىلىرىنى بەدەنلىرىگە تېڭىشقا باشلايدۇ. ئاق قەغەزدەك تاتىرىپ كەتكەن كىمدۇر بىرى ئايروپىلان ئورۇندۇقىغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ «ئەلھەمدۇ»نى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. كىمدۇر بىرى «مەن تېخى ياش تۇرسام ···» دەپ كىچىك بالىدەك يىغلاپ كېتىدۇ ···

شۇ قېتىمقى زىيارەتكە ھەمسەپەر بولغان داڭلىق شائىر، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ كېيىن ھېكايە قىلىشىچە، رەئىس ئىسمايىل ئەھمەد ئاشۇ دەھشەتلىك مىنۇتلاردا ئۆز ئورۇندۇقىدا تەمكىن ئولتۇرغان. ئاشۇ دەھشەتلىك دەقىقىلەردە رەئىس ئىسمايىل ئەھمەد نېمىشقا قورقۇپ-ھودۇقۇپ كەتمىدى؟ ئۇنىڭ بىر رەھبەرگە خاس سالاپەتلىك ئادىمىيلىك ماھىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەنمۇ؟ ۋە ياكى ئۇنىڭ قەلبى بۇنىڭ ئاشۇ ئايروپىلان دېگەن مۆجىزە قىلغان بىر قېتىملىق «ئېغىر چاقچاق»

ئىكەنلىكىنى سەزگەنمۇ؟

ۋەقەنىڭ ئاخىرى راستتىنلا «چاقچاق» تەك ئاياغلىشىدۇ. ئايروپىلان ھەممە ئىغىر يۈكلىرىنى ھەتتا مايغىچە دېڭىزغا تاشلاپ، چۈشۈپ كېتىشنى كۈتۈۋاتقاندا يەنە مۆجىزە يۈز بېرىدۇ. تۇيۇقسىزلا ئايروپىلاننىڭ ماي بېسىمى سىستېمىسى قايتا ئىشقا كىرىشىدۇ، ئۆرلەش-پەسلەش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ ۋە بىخەتەر ھالدا كاراچى ئايرودرومىغا قونىدۇ...

ئاشۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ بىر قېتىملىق «ئايروپىلان چاقچىقى» تەرىقىسىدە ئاياغلاشقانلىقىغا شۈكرى ئېيتىشىمىز كېرەك. ئەگەر راستتىنلا پاجىئە يۈز بەرگەن بولسا، بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولغان بولاتتى، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماقمۇ تەس ئىدى.

ئەمدى ئوتتۇز يىللار ئىلگىرىكى، 1956-يىل يازدا، خوتەنگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇنجى ئايروپىلان ئېچىگە قايتايلى. بىزنىڭ خوتەنگە ئۇچۇۋاتقان تۇنجى خوتەنلىك يولۇچىلىرىمىز شۇ زامانىنىڭ سۇندۇكىدەك گاھ ئۆرلەپ-گاھ پەسلەپ، داۋالغۇپ ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ «يېنىك چاقچاق»لىرى ئىچىدە خوتەن «تۇزلۇقساي ئايرودرومى»غا بىخەتەر قوندى. ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق ئۇچۇپ كەلگۈچىلەر باش قېيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇشلاردىن گاراڭ بولغان ھالەتتە ئايروپىلان ئىشىكىدىن چىققاندا، «تۇزلۇقساي» گۈل-چېچەكلىك بولۇپ كەتكەن، مىڭلىغان خوتەنلىك مىغىلداپ يۈرەتتى. بۇلار بىرەر تەشكىل ئۇيۇشتۇرغان پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋېلىشقا چىققانلار ئەمەس، بەلكى ئىستىخىيىلىك ھالدا ئايروپىلان دېگەن ئاشۇ ئاجايىپ پولات قۇشنى كۆرگىلى چىققانلار ئىدى. ئەلۋەتتە شۇ تاپتا پولات قۇشنى كۆرۈش بىلەن ۋەكىللەرنى قارشى ئېلىش ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە پولات قۇشنىڭ ئالدىغا دان

چاچىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرگىنى يوق . كۆرگىلى چىققانلار ئۇچۇپ كەلگەنلەرگە تۇگىمەس سوئاللارنى ياغدۇراتتى . «ئايروپىلاننىڭ ئىچى قانداقكەن ؟ » «ئىسسىقمىكەن-سوغۇقمىكەن ؟ » «قانداق ئۇچىدىكەن ؟ » ، «يېڭى كۆندۈرگەن تەخەيدەك ھالقىپ ئېتىپ چاقامدىكەن ؟ » «بۇلۇتلار ئارىسىدىن قانداق ئۆتىدىكەن ؟ » دېگەندەك سوئاللار كۆرمىڭ ئىدى . ئۇچۇپ كەلگۈچىلەر پەخىرلىنىش ئىچىدە بىر-بىرلەپ جاۋاب بېرەتتى . ھەقىقەتەنمۇ پەخىرلىنىشكە ئەرزىيتتى ، نەچچە يۈز مىڭ تۇتۇنلۇك خوتەن ئاھالىسى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ھاۋادا ئۇچۇش ھەقىقەتەنمۇ پەخىرلەنگۈدەك ئىش ئىدى . شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ ياش كادىرىمىز ئىسمايىل ئەھمەد تۇنجى بولۇپ خوتەنگە ئۇچۇپ كەلگەن بىر قانچە خوتەنلىكنىڭ بىرىگە ، تۇنجى بولۇپ ھاۋادا ئۇچقان چىرىيىلىك ئادەمگە ئايلاندى .

### سۇدىكى سەپەر

خوتەنلىكلەر «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىن سىندىباتنىڭ دېڭىز سەپەرلىرى ھەققىدە ئاڭلىغان . يەنە مەككە مۇكەررەم-مەدىنە مۇنەۋۋەرلەرگە سەپەر قىلىپ ، ھەج-تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلىپ كەلگەن ھاجىلارنىڭ «شور دەريا»دىن قانداق ئۆتكەنلىكى ، كېچىك ۋاقىتلىرىدا مۇشۇك ئۆلتۈرۈش گۇناھى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ «شور دەريا»غا قانداق غەرق بولغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنىمۇ ئاڭلاشقان . «شور دەريا» دېيىشكەنلىرى ھازىرقى تىلىمىزدىكى ھىندى ئوكيانى ، قىزىل دېڭىزنى ، پارس قولتۇقىنى كۆرسىتەتتى . سۇدا سەپەر قىلىش ئۇچۇن ئاشۇنداق دېڭىز-ئوكيان بولۇشى كېرەك ئىدى . قۇرغاق ، قۇمساز ، سۇغا تەشنا خوتەندە دېڭىز بولمىسا ، ئىسمايىل ئەھمەد قانداقسىگە سۇدا سەپەر قىلىدۇ ؟

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە بىرىنچى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان

ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق ۋەكىللەر تۇنجى ئايروپىلانغا ئولتۇرغۇچى بولۇپ خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوتەندە ئۇزۇن توختىمىدى. خوتەن يەرلىك پارتكومىنىڭ قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال ئۆز ناھىيىلىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. شەرقىي تۆت ناھىيە — لوپ، چىرىيە، كېرىيە، نىيە ۋەكىللىرى قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىپ يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىغا چىققاندىلا ئاندىن ئۆزلىرىنى يېڭى بىر مۇشكۇلات كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. شۇ يىلى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ كەلكۈن كەلگەندى. 1939-يىلى سېلىنغان ياغاچ كۆۋرۈكنى ئاللىقاچان ئېقىتىپ كەتكەن ئۇلۇغ سۇ يۇرۇڭقاشنىڭ كەڭ قىنىدا لىپمۇلىپ بولۇپ ئېقىپ تۇراتتى. كۈچلۈك دولقۇن ئۆگزىدەك ئېگىز ئۆركەشلەر ھاسىل قىلاتتى. كەلكۈننىڭ قاش-توسمىلارنى بۇزۇپ، «ئېگەرچى»، «ئارال» كەنتلىرىنى ۋە خوتەننىڭ كوناشەھەر رايونىنى بېسىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مىڭلىغان ھاشارچى دەريا قىرغاقلىرىدا ئىشلەۋاتاتتى. بۇنداق ئۇلۇغ سۇدىن قانداق ئۆتكۈلۈك؟

ئۈچ ئايلا كەلكۈن كېلىپ، باشقا چاغلاردا قۇرۇق دېگۈدەك بولۇپ قالىدىغان يۇرۇڭقاشنى ھەرگىز سەل چاغلىماڭ. ئۇنىڭ كەلكۈن ۋاقتىدىكى ئېقىنى شۇنداق تېز ۋە كۈچلۈككى، يوغان-يوغان قورام تاشلارنى، ھەتتا ئۆيدەك چوڭلۇقتىكى مۇز پارچىلىرىنى ئۆزى بىللە ئېقىتىپ ماڭالايدۇ. سۇغا پۇت تىقسىڭىزلا سۇنىڭ سوغۇقلۇقىدىن پەيلىرىڭىز تارتىشىپ قالىدۇ، ئېقىۋاتقان تاش-شېغىل ئېقىمى پۇتلىرىڭىزنى چېقىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېچىپ ئۆتۈشكە تەۋەككۇل قىلغانلارنىڭ ئوندىن توققۇزى جېنىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ ھەر يىلى يازدا تالاي قېتىم

تەكرارلىنىدىغان تراگېدىيە . شۇنداق ، يۇرۇڭقاشتىن ئۈزۈپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ، بولۇپمۇ يازدىكى ئۈچ ئايلىق كەلكۈن مەزگىلىدە كېچىپ ئۆتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . ۋەھالەنكى ، ئەقىللىق ، قورقماس خوتەن دېھقانلىرى بۇنداق قارا كەلكۈندىنمۇ ئۈزۈپ ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى تېپىشقان . مانا بۇ يۇرۇڭقاشقا «تۇلۇم» سېلىشتۇر . «تۇلۇم» دېگەن نېمە؟ قوي ياكى ئۆچكە تېرىسىنىڭ سويۇلغان چاغدا كېسىلگەن يەرلىرى يۇڭ يىپ بىلەن ئىنتايىن تۇجۇپىلەپ قايتا تىكىلىدۇ . ئىچىگە ئازراق سۇ ئېلىپ كېپەك تاشلاپ ، ئاشۇ كېپەك تىكىلگەندە ، قالغان تۆشۈكچىلەرنى تولۇق ھىمىلغۇچە سۇ تامچىلاپ ئاقىدۇ . تامچىلاش توختىغاندا ، ئىچىدە گۆشى يوق قوي ياكى ئۆچكە ھالىتىگە كەلگەن تېرىنىڭ ئىچىگە سۇ ئۆتمەيدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ . مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاخىرقى تۆشۈكىدىن پۈۋلەپ ئىچىگە يەل تولدۇرۇلىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەل پۈدەلگەن تۆشۈكچە (تولىراق تېرىنىڭ پاچاق قىسمى ئارقىلىق پۈۋدىلىدۇ) مەھكەم بوغۇپ تاشلىنىدۇ . مانا شۇ يەل بىلەن كۆپتۈرۈلگەن قوي ياكى ئۆچكە شەكىللىك توپ «تۇلۇم» دەپ ئاتىلىدۇ . ئاشۇ «تۇلۇم»نى تۆت پاچىقى كېسىۋېتىلگەن يوغان كارىۋاتنىڭ ئەتراپىغا باغلىسا ، سۇدا چۆكمەس بىر ئەسلىھە ھاسىل بولىدۇ . خوتەنلىكلەر قىسقارتىپ بۇنداق ئەسلىھەنىمۇ «تۇلۇم» دەپ ئاتايدۇ . بۇنداق «تۇلۇم» ھەرقانچە دولقۇنلۇق سۇدىمۇ چۆكۈپ كەتمەيدۇ ۋە ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ . مەخسۇس «تۇلۇم» سېلىپ ھاجەتمەنلەرنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان كىشىلەر بولىدۇ . ئۇلار ئۈزۈن خادا ياكى پالاقتەك بىر نەرسىگە تايىنىپ ، سۇ ئېقىنىنى بويلاپ ئۈزۈپ ئاستا-ئاستا قارشى قىرغاققا يېقىنلىشىشنى بىلىدۇ . ئۇلار «تۇلۇمچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ . بۇنداق «تۇلۇمچىلار» يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئادەم كۆپ ئۆتىدىغان

يەرلىرىدە، كەلكۈن مەزگىلىدە يولۇچى كۆتۈپ تۇرۇشىدۇ. ئالىدىغان ھەققى يۇقىرى ئەمەس، كۆپ ھاللاردا ئۇلار باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ ساۋاب تاپقانلىرى ئۈچۈنمۇ شۈكرى قىلىشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئاشۇ 1956-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا بىزنىڭ ئىسمايىل ئەھمەدكە ئاشۇنداق «تۇلۇم»غا ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ كەلكۈن ئېقىنۋاتقان يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالدى.

شۇ كۈنى ئاۋۋال «تۇلۇم»غا لوپ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ سۈي بىلەن مۇئاۋىن شۇجىسى مەمتىمىن توختى، نىيە ناھىيىسىدىن يەن زېپى شۇجى بىلەن ھاشىم تۇرسۇن ھاكىم چىقتى. ئالتە نەپەر «تۇلۇمچى» باشقۇرىدىغان «تۇلۇم» ئاران تۆت ئادەمنىلا ئېلىپ يۈرەلەيتتى. خۇداغا شۈكرى، ئۇلار شەرقىي قىرغاققا ساق-سالامەت ئۆتتۈۋالدى. «تۇلۇمچى»لار شەرقىي قىرغاقتىن يولۇچىلارنى ئېلىپ غەربىي قىرغاققا قايتىپ كەلگەندە ئەتىگەن سائەت ئون بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى نۆۋەت چىرىيە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۈي چىڭجاڭ بىلەن مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمايىل ئەھمەد، كېرىيە ناھىيىسىدىن لى يۈشەن شۇجى بىلەن قاسىم پاسار ھاكىمغا كەلدى. ئۇلار ئۇرۇمچىدىن يېڭى سېتىۋالغان كىيىملەرنى ۋە پارقىراپ تۇرغان بەتىنكىلىرىنى ئاۋايلىشىپراق «تۇلۇم»غا چىقىشتى. ئاۋايلىمىسا بولمايتتى. ھۆل، لاي بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە تېخى تومپىيىپ تۇرغان سومكىلىرىنىمۇ ئاۋايلىمىسا بولمايتتى، ئاشۇ سومكىلاردا قۇرۇلتاينىڭ ھۆججەتلىرى، قىممەتلىك كىتابلار، يەنە بولغۇسى خوتۇنلىرىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ئاتالغان سوۋغاتلارمۇ بار ئىدى. نېمىگە ئەنسىرىگۈلۈك؟ لوپ ۋە نىيىلىكلەرنى ئۆتكۈزەلىگەن

«تۆلۈم» چىرىيە ۋە كېرىيىلىكلەرنى ئۆتكۈزەلمەسمۇ؟ ۋەھالەنكى، تەقدىر-قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماس. خوتەنگە ئۇچقان تۇنجى ئايروپىلاننىڭ «چاقچىقى»غا ئۇچرىغان ئىسمايىل ئەھمەدكە «سۇنغۇ چاقچىقى» بار ئىكەن. سۇنغۇ ياش كادىرغا بىر قېتىم «چاقچاق» قىلىپ قويغۇسى كەپتۇ. قارا كەلكۈن «تۆلۈم»نى ئېقىتىپ كەتتى. ئەسلىي كۆۋرۈك بار يەردىن باشتىنراق سېلىنغان تۆلۈم ئېقىن سۈرئىتى ئاجىزراق جايلاردىن ئارىلاپ ئۇلۇغ ئېقىندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ شەرقىي قىرغاق تەرەپكە ئۆتۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. نېمە ئىش بولدى؟ تۇيۇقسىز ئۇلۇغ ئېقىنغا كىرىپ قالدى. بۇنداق چاغدا «تۆلۈم»چىلارنىڭ خادىسىمۇ، پالىقىمۇ كارغا كەلمەيتتى. ئېقىنغا بويسۇنۇپ ئاقماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. «تۆلۈم» ھەيۋەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە لەپىلدەپ كېتىپ باراتتى. ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق يولۇچىلار تۆلۈمنىڭ ئارقانلىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. قىرغاقتىكى ھاشارچىلار: «ئېقىپ كەتتى، ئېقىپ كەتتى» دەپ ۋارقىرىشاتتى. ۋەزىيەت ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىدى. شۇ مىنۇتلاردا ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىقلار قورقتىمۇ، يوق؟ شىددەتلىك دولقۇنلارنىڭ ھەيۋىسى ئالدىدا تەمكىن بولالىدىمۇ، يوق؟ بۇلار بىزگە نامەلۇم. ئۇلۇغ ئېقىن «تۆلۈم»نى ئېقىتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆرۈۋەتمىگەن، ئۇلارنى سۇغا غەرق قىلىمىغانىدى. بۇلارنى ئويلىغان بولسا، بەلكىم قورقمىغان بولۇشى، دەسلەپكى مىنۇتلاردىكى ھودۇقۇشنى ئۆزىدىن قوغلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسمايىل ئەھمەد سۇ ئۈزۈشنى ياخشى بىلەتتى. تېخى بەش يىل ئىلگىرىلا ئاشۇ «توپا» يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى «مۇساكامىنىڭ ئازمىسى»دا سۇغا چۈمۈلگەن چاغلاردا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئازمىنىڭ تاقىقىدىن موللاق

ئېتىشتە بولسۇن ، چوڭقۇر سۇغا شۇڭغۇپ ئۇزۇن تۇرۇشتا بولسۇن ، غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ ، ئازمىدىكى قايناملارنى يېرىپ ، بۇ قىرغاقتىن ئۇ قىرغاققا ئۆتۈشتە بولسۇن ، ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى . ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن ياش يىگىت بەلكىم شۇ مىنۇتلاردىمۇ قىلچە قورقماي ، «بۇنچىلىك سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ كېتىمەن» دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن . «مۇساكامىنىڭ ئازمىسى»دا ئۈزگەندەك يۇرۇڭقاشنىڭ دولقۇنلىرىدىمۇ ئۈزۈشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن .

ئاشۇ كۈنى يۇرۇڭقاشنىڭ كۆندۈرۈلمىگەن بۇقىدەك ھۆركىرەپ تۇرىدىغان دولقۇنلىرى ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىقلارغا چاقچاق قىلىپ ، ئۇلارنى تۆۋەن ئېقىنغا سۈرۈپ كەتتى . ئەلپازىدىن يىراقتىكى «قوشلاش» قا ، «مازارتاغ» قا ، ئاقسۇ ئاۋاتتا چوڭ دەريالارغا قوشۇلۇپ ، «تارىم» نى ھاسىل قىلىپ ، «لوپنۇر كۆلى» گە ئاپىرىپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتى . ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالىمۇ بولۇپ كەتمىدى . «ئېگەرچى» نىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ بارغاندا «تۇلۇم» دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تېيىز لايلاتمىغا چىقىپ قالدى . «تۇلۇم» ھارغاندەك ، شۇ يەردە بىر پەس دەم ئالماقچىدەك كۆرۈنەتتى . ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق «يولۇچىلار» غا پارقىراق بەتىنكىلەرنى ، ئىشتانلارنى سېلىپ تاشلاپ سۇغا چۈشۈشكە توغرا كەلدى . ئۇنىڭسىزمۇ بەتىنكىلەر ، ئىشتانلار ئاللىقاچان ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى . ئالتە نەپەر «تۇلۇمچى» يولۇچىلار ئولتۇرۇۋالغان «تۇلۇم»نى كۆتۈرەلمەيتتى . ئەمدى ئون كىشى تەڭ كۈچەپ «تۇلۇم»نى كۆتۈرۈپ چوڭقۇر ئېقىن بار يەرگە ئېلىپ مېڭىشتى ، «تۇلۇم» ئۆزى ئاققۇدەك چوڭقۇر سۇغا سېلىنغاندا ھەممەيلەن سەكرەپ ، يامىشىپ «تۇلۇم»نىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىشاتتى . تېيىز يەرگە كەلگەندە يەنە چۈشۈپ «تۇلۇم» نى

كۆتۈرەتتى ، سۆرەيتتى ياكى ئىتتىرەتتى . «ئېگەرچى» نىڭ ئاياغ تەرەپلىرىگە يەتكەندە يۇرۇڭقاشنىڭ قىنى تولىمۇ كېڭىيىپ كېتىدۇ . ئۇلۇغ ئېقىن چېقىپ-تۇرتۇپ ئېقىۋاتقان تارامىلار چوڭقۇر بولسىمۇ ، لېكىن كۆپ قىسىم دەريا قىنى تېيىز بولىدۇ . «تۇلۇم» مانا مۇشۇنداق يەرلەرگە كىرىپ قالغانىدى . «يولۇچىلار» نەچچە قېتىم «تۇلۇم» دىن چۈشتى ۋە يەنە نەچچە قېتىم «تۇلۇم» غا چىقتى . شۇنداق قىلىپ سۇ-دولقۇندا تۆت-بەش سائەتچە ئاققان «تۇلۇم» كەچ پېشىن ۋاقتىدا «جىيا» ، «سوي» دېگەن يەرلەرنىڭ ئايىغىدا «هېلىم ئاتامنىڭ قومى» نىڭ ئۇدۇلىدا شەرقىي قىرغاققا چىقتى . خۇداغا شۈكرى ، بىزنىڭ ئىسمائىل ئەهمەد قاتارلىق يولۇچىلىرىمىزنىڭ «سۇ سەپىرى» هەر هالدا بىخەتەر ئاياغلاشقان بولدى . كىچىككىنە دەريادىن ئىپتىدائىي تۇلۇم بىلەن ئۆتۈشنى «سۇدا سەپەر قىلىش» دەپ ئاتىساق قاملىشارمۇ ؟ بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولماسمۇ ؟ ئەمما شۇ كۈنى ئىسمايىل ئەهمەد يۇرۇڭقاشنىڭ دولقۇنلۇق سۈيىدە كۆپمۇ ئەمەس ، ئازمۇ ئەمەس ، تولۇقى بەش سائەت ئېقىپ يۈردى . ئەتىگەن سائەت ئونلاردا «تۇلۇم»غا چىققان ئادەم چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ-تۆتلەردە ئاران قارشى قىرغاققا چىقتى . بەش سائەت «تۇلۇم» بىلەن سۇ ئۈستىدە ئېقىپ يۈرسە ، بۇنى نېمىشقا سەپەر دەپ ئاتىغىلى بولمىغۇدەك ؟

سۇ-دولقۇننىڭ ئىسمايىل ئەهمەدكە قىلىدىغان چاقچاقلىرى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتىمۇ ؟ كېيىنكى يىللاردا تىكىلىك تېغى قاپتىلىدىكى «لاۋاس دەرياسى» ، «چۈكۈ دەرياسى» (چىرىيە دەرياسى) ، «نۇرى دەرياسى» ، «چاقار دەرياسى» ، «ئۇلۇغساي دەرياسى» ، «سايباغ دەرياسى» ، «بوزاڭ دەرياسى» ، «قاراسۇ دەرياسى» ، «ئاقساي دەرياسى» ، «يولۇڭ دەرياسى»نىڭ

سۇ-دولقۇنلىرى ئۇنىڭغا يەنە چاقچاقلار قىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، قۇرغاق، يامغۇر-يېغىنسىز چىرىيە ناھىيىسىدە رەھبەر بولغان ئادەم چوقۇم توختىماي سۇ مەنبەسى ئىزدىشى، دەريا-كۆللەر بىلەن توختاۋسىز ھەپىلىشىپ تۇرۇشى كېرەك. ئۆزى بىلەن ھەپىلەشكۈچىگە ئاشۇ سۇ-دولقۇنلار چاقچاق قىلماي قالارمۇ؟ ئۇنى ئېقىتماي، كېيىم-كېچەكلىرىنى ھۆل قىلماي قالارمۇ؟ ئەمما بىزگە مەلۇمكى، ئاشۇ سۇ-دولقۇنلارنىڭ چاقچاقلىرى بىزنىڭ ياش كادىرلىرىمىزنى ئۇبدانلا تاۋلاپ چىقتى. ئۇنى ئۆزىنىڭ قارام دولقۇنلىرىدا چېنىقتۇردى، يېتىشتۈردى. بەلكى سۇ بىلەن سىرلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلغاندەك بىزنىڭ ياش كادىرلىرىمىزغىمۇ پارلاق ئىستىقبال ئاتا قىلدى.

خېلى كېيىنكى چاغلاردا، يەنى ئىسمايىل ئەھمەد خوتەندىن ھالقىپ چىقىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ۋە مەركەزدە ئىشلىگەن چاغلاردا يەنە كۆپ قېتىم دەريا-دېڭىزلاردىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. كېمە-پاراخوتلار بىلەن سەپەر قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىز ئېرىشكەن ئۇچۇرلار دائىرىسىدە يەنە بىر دەريا ياكى دېڭىزنىڭ ئۇنىڭغا بەڭۋاش يۇرۇڭقاش دەرياسىدەك ئېغىر چاقچاق قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ھەتتا چاقچاقچىلار يۇرتىدىكى ئىلى دەرياسىمۇ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلمىدى. ئەشۇ 1983-يىل 7-ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان ئىسمايىل ئەھمەد خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تەڭرىتاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى يۇلتۇز، نارات يايلاقلىرىغا سەپەر قىلىدۇ. ئۇنىڭغا شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ، شارشىبەك سىدىق قاتارلىقلار ھەمراھ بولىدۇ. جەننەتتەك گۈزەل يايلاقلارغا سەپەر قىلغاندا ئەلۋەتتە شېرىن

سۆزلۈك ، خۇش چاقچاق ئاغىنىلەر ھەمسۆھبەت بولۇشى كېرەك ئىدى-دە . ئۇلار يۇلتۇز ، نارات ، كۇنەس ، تېكەس يايلاقلىرىنى ئارىلاپ ، تېكەستە ئىلى دەرياسى بويىدىكى «قاپچىغاي»غا يېتىپ كېلىدۇ . بۇ سال ياساپ دەريا ئارقىلىق تۆۋەنكى ئېقىندىكى غۇلجا شەھىرىگە ياغاچ توشۇيدىغان ئەڭ باشتىكى پرىستان ئىدى . بۇ يەردە ئاتا مىراس سالچىلار ھېلىمۇ سالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرەتتى . رەئىس ئىسمايىل ئەھمەد سالچىلار بىلەن مۇڭدۇشىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشىدۇ . ئاشۇ يەردە سالچىلار رەئىسكە ئۆزلىرىنىڭ مەرھۇم ئىنقىلابىي قۇربان ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ يولباشچىسى ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندى بىلەن بولغان ئاغىنىدارچىلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ . سالچىلىقنىڭ خەتەر ۋە شادلىقلىرىنى ھېكايە قىلىدۇ . ئاشۇ يەردە ، رەئىستە نېمىشقىدۇر سال بىلەن ئىلى دەرياسىدا سەپەر قىلىش ھەۋىسى ئويغىنىدۇ . چاقچاقچى تېيىپجان ئېلىيېۋ بولسا ، قىزىق سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ ھەۋىسىگە تېخىمۇ ئوت ياقىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ماشىنىلارنى تاشيول بىلەن ماڭدۇرۇۋېتىپ ئۆزلىرى ئاشۇ خۇش چاقچاق سالچىلار بىلەن سۇ ـ سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ .

سال دېگىنىمىز ياغاچلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ ياسىغان ئاددىي كېمە ئىدى . يورۇڭقاش دەرياسىدىن ئۆتكەن ھېلىقى «تۇلۇم»دىن «تۇلۇم»نىڭ يوقلۇقى بىلەنلا پەرقلىنەتتى . سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئاستا-ئاستا ئىلگىرىلىشى ، چۆكۈپ ياكى ئۆرۈلۈپ كەتمەسلىكى «تۇلۇم»غا ئەينى ئوخشايتتى . رەئىس ئىسمايىل ئەھمەد سال بىلەن كېتىۋېتىپ يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئاشۇ قېتىمقى چاقچىقىنى ئەسكە ئالىدۇ . بەلكىم ئۇ ئىلى دەرياسىنىڭمۇ شۇنداق چاقچاق قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى چوڭقۇر ، بورۇلمىلىرى كۆپ ئىدى . دەريا

دولقۇنلىرىنى چاقچاق قىلمايدۇ دەپ ھۆددە قىلغىلى بولمايتتى. ۋەھالەنكى ئۇلارنىڭ «قاپچىغاي»دىن باشلىنىپ ئىلقىدىكى «سۇ ئارىش»قىچە بولغان ئۈچ سائەتلىك سەپىرى تىنچ-ئامان ئاخىرلىشىدۇ. رەئىس ئىسمايىل ئەھمەد: «ئىلىلىقلار چاقچاقچى بولغىنى بىلەن ئىلى دەرياسى چاقچاقچى ئەمەس ئىكەن. ئۇ گويا چوڭقۇر خىياللارغا پاتقاندەك تىنچ ئاقىدىكەن، يورۇڭقاشنىڭ قاشتېشى چايقاپ ئاققان كەلكۈندەك بەڭۋاش ئەمەس ئىكەن...» دېگەن تۇيغۇدا بولىدۇ.

## قۇرۇقلۇقتىكى سەپەر

ئىنسان بالىسى ئاندىن تۇغۇلۇپ، بىرەر ياشقا كىرگەندە تايتاڭلاپ ماڭغاندىن باشلاپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆپرەك قۇرۇقلۇقتا سەپەر قىلىدۇ. بۇ ئىچكى قۇرۇقلۇقتا ياشىغانلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. قۇرۇقلۇقتا ئويناپ-تاقلاپ ماڭسىمۇ، سەكرەپ-يۈگۈرۈپ ماڭسىمۇ، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق ماڭسىمۇ، ھارۋا ياكى ماشىنىغا ئولتۇرسىمۇ، ھارغاندا توختاپ، دەم ئېلىپ، ھاردۇقى چىققاندا يەنە ماڭسىمۇ، ئۆمىلەپ، دومىلاپ ماڭسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

شۇ كۈنى بىزنىڭ ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق سەپەرداشلىرىمىز «جىيا»نىڭ ئايغىدا، «ھېلىم ئاتا»نىڭ ئۇدۇلىدا سۇدىن ساق چىقتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ سەپىرى قۇرۇقلۇقتا داۋاملىشاتتى. قۇرۇقلۇققا قەدەم قويغان تۇنجى مىنۇتلاردىلا ئۇلار ئۆزلىرىنى بارلىق خەتەرلەردىن قۇتۇلدىغاندەك ھېس قىلىشتى. راستتىنلا ھەممە خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندى. قارا يامغۇردا قالغان تاغلىقتەك ھۆل بولۇپ كەتكەن تۆت كادىر ئوخشاشلا ھۆل بولۇپ كەتكەن سومكا-خۇرجۇنلىرىنى يۈدۈشۈپ يولغا چۈشتى. خوتەن-چىرىيە تاشيولى ئون بەش كىلومېتىرچە

جەنۇبتا قالغانىدى . ئۇلار ئاشۇ يول بويىغا چىقىۋېلىشى كېرەك ئىدى . ئۇلار بىرەر كىلومېتىرچە مېڭىۋىدى ، ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىم-كېچەكلەر ، سومكا-خۇرجۇنلار ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلىدى . دەسلەپتىكى ئون كىلوگرام يۈك ئەمدى يىگىرمە كىلوگرامغا كۆپىيىپ قالغاندەك قىلاتتى . بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ باراتتى . ۋاي مانا ، قۇرۇقلۇق سەپىرىنىڭ خەتىرى بولمىغان بىلەن جاپاسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ ، ئادەمنى ھاردۇرۇۋېتىدىكەن ئەمەسمۇ ، ئەمما توختاپ قېلىشقا بولمايتتى . قورساقمۇ ئېچىپ ناغرا چېلىشقا باشلىغانىدى . بىرەر كىمنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماشىنا-ھارۋا ئەۋەتىشى ناتايىن ئىدى . ئىككى ناھىيىنىڭ شۇجى-ھاكىملىرى سۇدا ئېقىپ كەتسە ، ئۇلارنى قۇتقۇزغىلى ئادەم ئەۋەتىشمىگىنى قىزىق . نېمىگە ئەجەبلىنىمىز ؟ مەسئۇل ئورگانلار بەلكىم خەۋەر تېپىشمىغاندۇ . خەۋەرسىز قېلىش بولۇپ تۇرىدىغان ئىشقۇ ، مېڭىش كېرەك ، باشقىلار قۇتقۇزغىلى كەلمىسە ، ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇش كېرەك . باشقىلار ئەكەتكىلى كەلمىسە ، ئۆزۈڭ مېڭىپ چىقىشىڭ كېرەك... ئۇلار ماڭدى . خېلى ئۇزاق مېڭىپ كەچكى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى يۇرۇڭقاشنىڭ دولقۇنلىرى ئۇستىدە جىلۋە قىلىشقا باشلىغان گەزلەردە «سۇي» دېگەن كەنتكە يېتىپ چىقىشتى . بۇ تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى ئادەم ئولتۇراقلاشقان تۇنجى مەھەللە ئىدى . ئۇلار كەنت باشلىقىنى ئىزدىدى . بىزنىڭ سەپەرداشلىرىمىز ھۆل-لاي بولۇپ ھېرىپ-ئېچىپ چۆلدىن چىققان ئەرۋاھتەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، يەنىلا كادىرغا ئوخشايتتى . كادىرنى كۆرگەن كەنت باشلىقى دەرھال تۆت ئېشەك تېپىپ بەردى . ئەمدى سەپەر ئېشەكلىك داۋام قىلاتتى .

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئېشەككە مىنىپ «جىيا» يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان يەرگە يېتىپ چىقىۋېلىشتى . ئاللىقاچان كۈن

پېتىپ ، گۆگۈمنىڭ قارا پەردىسى يېيىلغان ، يۇرۇڭقاشنىڭ بەڭۋاش دولقۇنلىرى ئاشۇ قارا پەردە ئاستىدا شارقىراپ سۇرلۇك سادا چىقىراتتى . خۇداغا شۈكرى ، «جىيا» يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئۈچ ئات قوشۇلىدىغان هارۋا بار ئىكەن . ئۇلار كادىرلىرىمىزنى خوتەن-چىرىيە تاشيول بويىدىكى «يۇرۇڭقاش» قا يەتكۈزۈپ قويماقچى بولدى . قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ ماڭغان هارۋا «يۇرۇڭقاش» قا يېتىپ چىققاندا ، ۋاقىت خۇپتەندىن ئاشقانىدى . ئەمدى هارۋا ئېگەر-يۈگەنلىك ئاتقا ئالماشتۇرۇلدى . ئاتلار دۈپۈرلەپ مېڭىپ ، تۇلكىدەك يېنىك يورغىلاپ ، يۇرۇڭقاش بىلەن «چاھارباغ دۈشەنبىسى» ئارىلىقىدىكى «قاراسۇ» گازۇنغىچە يېتىپ بېرىشتى . ئاشۇ يەردە ئۇدۇلدىن كەلگەن قانداقتۇر بىر ئاپتوموبىلنىڭ كۆچلۈك چىرىغىدىن چىققان ئۆتكۈر نۇر تۆت كادىرىمىزنىڭ كۆزلىرىنى چېقىپ ئۆتتى ۋە ئاپتوموبىل ئاتلارغا ئۇدۇللاشقاندا خۇددى بىزنىڭ يولۇچىلىرىمىزدىنمۇ بەكرەك ھېرىپ كەتكەندەك ئېغىر ئۇھ تارتىپ توختىدى . ئاپتوموبىلنىڭ توختىغاندىكى پۇشۇلدىشى خۇددى ئۇھ تارتقاندەك ئاڭلىناتتى . مەلۇم بولدىكى ، لوپ ناھىيىسىدىكى ۋالىي سوي شۆجى بىلەن مۇئاۋىن شۆجى مەمتىمىن توختى ئۇلارنى ئەكېلىشكە ئاپتوموبىل ئەۋەتىپتۇ . خېلىلا كېچىكىپ ئەسكە ئېلىنشقان بولسىمۇ ، يەنىلا رەھمەت ئېيتماي بولمايتتى . شۇنداق قىلىپ ئۇلار لوپقىچە بولغان ئاخىرقى بىر بۆلۈك يولنى ئاپتوموبىلنىڭ كوزۇپىدا ئولتۇرۇپ تاماملاشتى .

شۇنداق قىلىپ ئاشۇ 1956-يىل يازنىڭ شامال ئادەمگە خۇشياقىدىغان بىر تىنچىق كېچىسى بىزنىڭ ھەمسەپەرلىرىمىز لوپ ناھىيىسىگە تىنچ-ئامان يېتىپ بېرىشتى . ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ شۇ كۈندىكى قۇرۇقلۇق سەپىرى ئاخىرلاشتى . قۇرۇقلۇق دېگەندە

ئاشۇنداق ھۆل ۋە لاي بولۇپ كەتكەن سومكا-خۇرجۇنلارنى كۆتۈرۈپ پىيادە سەپەر قىلسىمۇ، ئېشەكلىك، هارۋىلىق، ئاتلىق، ماشىنىلىق سەپەر قىلسىمۇ بولۇۋېرەتتى، ئارتۇق خەتەر چىقمايتتى. بىز ئۇنىڭ ئاشۇ قېتىم پىيادىلىق، ئېشەكلىك سەپەر قىلىشلىرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىغا، كېيىنكى يىللاردا ئازراق ۋاقىت ئاتلىق، كۆپ قىسىم ۋاقىتلاردا بولسا ماشىنىلىق ياكى ئايروپىلاندا سەپەر قىلغانلىقىغا شاھىتمىز. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ ماشىنىلىق سەپەرلىرىدە، ھاۋادا ئايروپىلاننىڭ، سۇدا «تۇلۇم» ۋە دولقۇننىڭ چاقچىقىغا ئۇچرىغاندەك، بىرەر قوپال چاقچاققا دۇچار بولغانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق. ئات بولسا ئاشۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئۇنىڭغا راسا كېلىشتۈرۈپ بىر چاقچاق قىلىپ ئۆتىدۇ. شۇ كۈنى ئۇ ئات باققۇچى بارات ئاخۇن بىللەن بىللە «نۇرى»، «چاقار» تەرەپتىن چىرىيە ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. بارات ئاخۇن مىنگەن سوكسوك ئات ھاكىم مىنگەن سۇر يورغىغا زادىلا يېتىشەلمەيدۇ. ئالدىراۋاتقان ھاكىم ئۇنىڭ يېتىشىپ ماڭالماسلىقىنى ئاتتىن ئەمەس، بەلكى ياخشى ھەيدىيەلمىگەنلىكتىن كۆرىدۇ. سەپەرنى تېزلىتىش ئۈچۈن چارە قىلماي بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئىسمايىل ھاكىم ئات باقارنىڭ «پۇتلىشىدىغان ئەيىبى بار» دەپ توسۇشلىرىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئېتىنى ئۆزى مىنىپ، سۇر يورغىغا ئات باقارنى مىندۈرۈپ قويىدۇ. قامچىغا چىدىمىغان سوكسوك ئات راستىنلا سۇر يورغىنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئۇ ياش ھاكىمغا ئەستىن چىقمىغۇدەك بىر چاقچاق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسا كېرەك. «چاقار دەرياسى» نىڭ ئۇلۇغ سۇيىدىن كېچىپ ئۆتۈۋاتقاندا ئۇ بىرىنچى قېتىم چاقچاق قىلىدۇ. سۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن مېڭىپ ئۇستىدىكى يۈكنى چۆكتۈرۈۋېتىشكە تاس

قالىدۇ . لېكىن ئۇستىدىكى يىگىتمۇ بوش ئادەم ئەمەس ئىدى . ئۇ سوكسوك ئاتنىڭ سىلىق يالىغا مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ ئۇلۇغ سۇدىن تىنچ - ئامان چىقىۋالىدۇ . سەپەر داۋام قىلىدۇ . سوكسوك ئاتنىڭ ئۆزۈن ساغرىسىدا قامچا ئويناپ تۇرىدۇ . قامچىغا چىدىمىغان سوكسوك ئات بارلىق سوكسوك ئاتلاردەك يورغىغا ئۆتەلمەي چېپىشقا باشلايدۇ . مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ كونا ئەيىبى ئاشكارا بولىدۇ . تاشقا پۇتلاشتىمۇ ياكى ئۆزلۈكىدىن پېلىشىپ كەتتىمۇ ، قاتتىق مۇدۇرۇپ كېتىدۇ . ئېگەردە ئولتۇرغان ياش ھاكىم بىردىن ئۇچقاندەك بولۇپ ، ئاتنىڭ بېشى ئۇستىگە سۇرۇلۇپ چۈشىدۇ . مەنچاناقتىن چىققان تاشتەك تېخىمۇ يىراققا چۈشكەن بولاتتى . لېكىن ئۆزەڭگۈدىن ئاجرىمىغان پۇتلار تۇتۇپ قالىدۇ . ئاخىرى ئات بىللە بىللە قاتتىق تاش-شېغىل ئۇستىگە يىقىلىدۇ . ئات خارتىلداپ ، تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ كېتىدۇ . ئەمما ئۇنىڭ ئۇستىدىن يىقىلغۇچى تۇرالمايدۇ . ئىنجىقلاپ يېتىپ قالىدۇ . ئات باقار بارات ئاخۇن چاقچاقچى ئادەم ئىدى . ئۇ ھاكىمنىڭ يېنىغا تىزلىنىپ سورايدۇ :

— يەردە بىرەر نەرسە كۆرۈنگەندەك بولغانمىدى كۆزلىرىگە ؟

— توشقان ئۇچرىغاندەك قىلىۋىدى ، شۇنى ئالاي دەپ… ،

جاۋاب بېرىدۇ ھاكىممۇ چاقچاق بىلەن . بىردەمدىلا مەلۇم بولىدۇكى ، ھاكىمنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ تىزى ئوسما قويغاندەك كۆكىرىپ ، تۇخۇمدەك ئىششىپ چىقىدۇ . ئەمما ھاكىم ئاشۇ چاقچاقچى ئات باقارنىڭ يەنە ئۇستۇن كېلىۋالماسلىقى ئۇچۇن چىداپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ…

ئاتنىڭ چاقچىقى مانا شۇ . 1960 -يىلىدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئات مىنىشكە توغرا كەلمىدى . ۋەھالەنكى ، ئاتنىڭ ئاشۇ بىر قېتىملىق چاقچىقى تا ھازىرغىچە ئەستىن چىقمىدى .

ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ھاۋادا، سۇدا ۋە قۇرۇقلۇقتا قىلغان سەپەرلىرى ئەنە شۇ، ھەممىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئارتۇقچىلىقىمۇ، خەتىرىمۇ كەلدى. ئۈرۈمچىدىن سۇندۇكتەك ئېگىز-پەس ئۇچىدىغان ئىپتىدائىي ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ تۆت سائەتتىلا خوتەنگە يېتىپ كەلگەن ئىسمايىل ئەھمەد خوتەندىن چىرىغچە بولغان يۈز كىلومېتىر يولنى تۆت كۈندە ئاران بېسىپ بولدى. تارتمىغان جاپاسى، ئۇچرىمىغان خەتىرى قالمىدى. نېمە دەيمىز، تەرەققىي قىلماسلىق دېگەن ئەنە شۇ. ئەگەر بۈگۈنكىدەك تەرەققىيات بولمىغان بولسا يەنىلا پىيادە، ئېشەكلىك، ئاتلىق سەپەر قىلىپ يۈرەرمىدۇق؟ ئەگەر ئاشۇ ئېسىل قاتناش قوراللىرى بولمىغان بولسا ئىسمايىل ئەھمەد دۇنيادىكى ئىنسان ئولتۇراقلاشقان بەش قىتئەنى كېزىپ چىقالايتتىمۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك «پەزىلەتلىك خوتۇن، ياخشى ئۆي ۋە مۇۋاپىق قاتناش قورالى ئىنسان بەختلىرى جۈملىسىدىندۇر».

## سەككىزىنچى باب

# قاينام-تاشقىنلىق يىللار

### 1 . 1958 -يىلدا

بىزنىڭ ئىسمايىل ئەھمەد ج ك پ چىرىيە ناھىيىلىك پارتكومدا مۇئاۋىن شۇجى (ئۇ چاغلاردا شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. كېيىنرەك مۇئاۋىن شۇجى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى) بولۇپ ئىشلىگەن 1956 -يىل 5 -ئايدىن 1959 -يىل 9 -ئايغىچە بولغان ۋاقىتتا پۈتۈن ئېلىمىز، جۈملىدىن چەت، يىراق چىرىيە ناھىيىسىمۇ ئاجايىپ داغدۇغىلىق چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى باشتىن كەچۈردى. بۇ يەردە ئاشۇ «چوڭ سەكرەپ» ئىلگىرىلەشنىڭ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دەپ ئاتىلىشىدىن ۋە ھۆججەتلەر ئارقىلىق بۇيرۇق بولۇپ چۈشۈرۈلۈشىدىن ئىلگىرىلا باشلانغانلىقىنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ «تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەپ سوتسىيالىزم قۇرۇش» شەكلىدە سىستېمىلىشىشى پارتىيە سەككىزىنچى نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى ئىككىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىكى ئىش. يەنى 1958 -يىلىدىكى ئىش. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كە تېززەك تەرەققىي قىلىش، تېززەك كوممۇنىزم قۇرۇپ بەخت-سائادەتلىك كۈنلەرگە ئېرىشىش ئارزۇسى، ياخشى نىيەت يوشۇرۇنغانىدى. بۇنى قەدىرلىمەي مۇمكىن ئەمەس. «تولۇق

غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەپ سوتسىيالىزم قۇرۇش» ئەمەلگە ئاشسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى، ئەمما خېلى ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، پارتىيىمىز ئاشۇ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش توغرىسىدا ئاخىرى يەنىلا توغرا يەكۈن چىقاردى. «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»دا: ئاشۇ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەققىدە «1955-يىلى يازدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش، قول سانائەتنى ۋە يەككە سودىنى ئۆزگەرتىشكە ئالدىراپ كېتىپ، خىزمەتنى تولىمۇ يىرىك ئىشلەپ قويۇش، تېز ئۆزگەرتىۋېتىش، شەكىلنى ئاددىي-بىر خىل قىلىۋېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بەردى»، «1958-يىلى پارتىيە 8-قۇرۇلتىيى 2-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان سوتسىيالىزم قۇرۇش باش لۇشيەنى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنىڭ توغرا تەرىپى شۇ بولدىكى، ئۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى جىددىي تەلەپ قىلغان ئومۇمىي ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇردى، ئۇنىڭ كەمچىلىكى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە سەل قارالدى» دەپ كۆرسىتىلدى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يىللىرىدا تۈزۈلگەن پىلانلاردىكى كۆرسەتكۈچلەر ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە خىلاپ بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەت يەنىلا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. چىرىيە دىيارى ئالغا بېسىۋاتاتتى. شۇ يىللاردا پىلانلانغان ھەتتا يولغا قويۇلغان بەزى ئىشلار ئادەمگە ئالدىراقسانلىقتەك تەسىرات بەرسىمۇ، ئۇلار شۇ مەزگىلدىكى جىسمانىي ھېرىپ-چارچاشنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىشلارنىڭ چىرىيە

دىيارىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا خېلىلا ئىجابىي رول ئوينىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىققا ئامال يوق. مەسىلەن: شۇ يىللاردا پىلانلىنىپ ئېلىنىشقا باشلىغان «ئاۋانگارت ئۆستەڭ»، «جەڭگىۋار ئۆستەڭ»، «نۇرى» دېگەن «سايىۋاغ ئۆستەڭ»، «دامكۇ» دېگەن «چىڭگىلىك يار سۇ ئامبىرى»، «مول ھوسۇل سۇ ئامبىرى»، «گۇلاخما» دېگەن «قارا سۇ ئامبىرى» قۇرۇلۇشلىرى كېيىنكى يىللاردا ھەتتا ھازىرمۇ چىرىيە دىيارىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مىسلىسىز مۇھىم روللارنى ئوينىدى ۋە ئوينىماقتا. يامغۇر-يېغىنى ئىنتايىن ئاز چىرىيە دىيارى ئۈچۈن ئاشۇ قۇرۇلۇشلار كەلگۈسىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ.

بىز ئاشۇ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يىللىرىدا بولۇپ ئۆتكەن باشقا ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىمۇ، كۈلكىلىك ئىشلارنىمۇ خاتىرىلەپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. كۈلكىلىك ئىشلارنىڭ بىرى «تۆت زىيانداش» نى يوقىتىش ھەرىكىتىدۇر. «بۇ ھەرىكەت 1958-يىل 4-ئاينىڭ 28-كۈنى ئۇرۇمچى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا باشلىنىپ، 4-ئاينىڭ 30-كۈنى كەچ سائەت توققۇزغىچە جەمئىي ئاتمىش سائەت داۋام قىلدى. چىرىيە خەلقىنىڭ ھەممىسى «تۆت زىيانداش»نى يوقىتىشقا ئاتلاندى. پاشا، چىۋىن يوشۇرۇنۇۋېلىشى مۇمكىن بولغان جايلار ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋېتىلدى. چاشقانلارنىڭ ئورىلىرى ئەشەددىي دۈشمەننىڭ گۆرىنى قازغاندەك قېزىۋېتىلدى. ئۇۋالغا قالغان ئاق قۇشقاچنىڭ بىرەر دەرەخ ياكى ئېتىزغا قونۇشىغا ئىمكان بېرىلمىدى. ئەگەر ئاشۇ ئىشلارغا بۈگۈنكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش بىلىملىرىمىز بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن كۈلكىلىك بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

ئاشۇ ئاتمىش سائەت ئىچىدىلا ئەمەس ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىمۇ پاشا-چىۋىن يوقىتىدىغان پالاق ، چاشقاننىڭ ئورىسىنى كولايدىغان گۇرجەك ، ئاق قۇشقاچنى قوغلايدىغان رەگەتكە ئۇلارنىڭ قولىدىن چۈشمىدى .

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يىللىرىدىكى يەنە بىر قىزىق ئىش : «تۆتلەشتۈرۈش» دەپ ئاتالغان ماشىنىلاشتۇرۇش ، يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش ، ئاپتوماتلاشتۇرۇش ، يېرىم ئاپتوماتلاشتۇرۇش نىشانىدىكى تېخنىكا يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئىنقىلابىدۇر . بۇمۇ يۇقىرىدىن چۈشكەن يوليورۇق بولۇپ ئىجرا قىلىنماي ، ئىزچىللاشتۇرماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بەلكى تېخى كۆچەپ يولغا قويۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى . لېكىن شۇ يىللاردىكى چىرىيە ناھىيىسىنىڭ شارائىتىدا ماشىنىلاشتۇرۇش ، ئاپتوماتلاشتۇرۇشقا شارائىت بارمىدى؟ ئاشلىق تېرىش بىلەن قوي بېقىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇشقا بولاتتىمۇ؟ ئەمما ئىزچىللاشتۇرماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇنىڭغىمۇ سەپەرۋەر قىلىندى . نەتىجىدە «يىگىرمە كۈن ئىچىدە بارلىق يارىيار ھارۋىلارنى ساقىلىق قازانلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى» .[1] ياغاچتىن ۋېلىسىپىت ياسىغانلار چىقتى . ياغاچتىن ئايروپىلان ياساشقا ئۇرۇنغانلارمۇ بولدى . ئەڭ نەتىجىلىك بولغىنى «دۆڭئېرىق» كەنتىدىكى ئېلى ئاخۇن دەرەخ (ئىسمايىل ئەھمەدكە ئازراق تۇغقان كېلەتتى) دېگەن ئادەمنىڭ شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ تۈگمەن چۆرۈگەنلىكى ئىدى . بۇ تۈگمەن خېلى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىدى ، بولۇپمۇ چىرىيە ناھىيىسىدەك سۇ قىس ، تۈگمەن ئاز رايوندا ئۇن تارتىش قىيىنچىلىقىنى ھەل

---

[1] «چىرا ناھىيە چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ، 37-بەت .

قىلىش رولى بار ئىدى . ئەمما ئاشۇ چاغلاردىكى پەن-تېخنىكا شارائىتى ، تۇگمەن ياسىغان ماتېرىياللارنىڭ چىدامسىزلىقى ، كۈچ ئۆزارتقۇچى قۇرۇلمىلار ۋە سىلىقلاشتۇرغۇچى قۇرۇلمىلارنىڭ چەكلىمىلىكلىكى تۇپەيلىدىن بۇ تۇگمەننى تولا رېمونت قىلىشقا توغرا كەلدى . چىقىم سەرپىياتى پايدىسىدىن ئۈستۈن بولۇپ قالدى... ئەمما بۇ بىزگە تەربىيە كۆرمىگەن ساددا خەلق ئىچىدىمۇ ئەقىل-پاراسەت جارى قىلدۇرۇلسا ، بەزى نەرسىلەرنى يېڭىلاشقا بولىدىغانلىقىنى ، يېڭى نەرسىلەرنى كەشىپ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى . مەسىلە شارائىتقىلا باغلىق ئەمەس ئىدى ، شارائىت دېگەننىمۇ ياراتقىلى بولاتتى بەزىدە .

ئاشۇ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يىللىرىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ نەتىجىلىك «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئەلۋەتتە مەدەنىيەت ، مائارىپ ، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە بولۇپ ئۆتتى . ئاشۇ چەت-يىراق ناھىيىدىمۇ مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلۇپ ، كۇتۇپخانا ئېچىلدى . دائىم كىنو قويۇلۇپ تۇرىدىغان كىنوخانا ياسالدى . ئەلۋەتتە بۇ كىنوخانىدا يەنە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىمۇ ئويۇن قويۇپ تۇراتتى . تەنتەربىيە ھەرىكىتىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانىدى . مەشھۇر چېلىشچى تۇرسۇن (تۆش) مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ ، باشقا يۇرتلۇق چېلىشچىلارغا يانپېشىنى يەرگە تەگكۈزمىدى . ئىبراھىم ئارتۇق تىكتاك توپ ئويناشتىكى نەتىجىسى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىسى نامىغا ئېرىشتى... «چىرىيە ناھىيىلىك بىرىنچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە نۇرى يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ چىرىيە ناھىيىسىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ بولماي كەلگەن تارىخقا خاتىمە بېرىلدى» . چىرىيە ۋە چاقارلاردا يەنە يېزا ئىگىلىك

ئوتتۇرا مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. پۈتۈن ناھىيىدە خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئاتمىش ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئەللىك تۆت مەكتەپنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەڭ يىراق تاغ ئارىسىدىكى كەنتلەردىمۇ بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ئۈچيۈز ئەللىك سەككىز ئورۇندا بالىلار يەسلىسى ۋە بالىلار باغچىسى قۇرۇلدى. يولداش ئىسمايىل ئەھمەد مۇئاۋىن شۇجى، ھاكىم بولۇپ تۇرغان 50-يىللاردا، جۇملىدىن 56-يىلىدىن 59-يىلىغىچە چىرىيىنىڭ مائارىپ-مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىشلىرى قالتىس جانلىنىپ كەتكەنىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرىغا كۆپلەپ مەبلەغ سالغان بولۇپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىقتىدارلىق زىيالىيلار-ئوقۇتقۇچىلار توپلاشقان بولۇپ، 56-يىلى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى باھالانغان. تىل-ئەدەبىيات، ماتېماتىكا قاتارلىق ئون نەچچە كۈرژۇك پائالىيىتى جانلىق ئېلىپ بېرىلغان. 56 ـ يىلىدىن ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە «بارماق بىلەن سانىلىۋاتقان» ئەمەلدارلار، زىيالىيلار، ئەدىب-سەنئەتكارلار شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئىسمايىل ئەھمەد مەكتەپلەرنىڭ، ئىدارە-جەمئىيەتلەرنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىنى تۇتقاندىن باشقا، مەدەنىيەت-تەنتەربىيە خىزمەتلىرىنى ئۆزى بىۋاستە تۇتاتتى. ھەر ھەپتىدە مەكتەپلەردە ئىدارە جەمئىيەتلەر، ھەربىيلەر، ھەر مىللەت خەلقى قاتناشقان چوڭ مۇسابىقىلەر بولۇپ تۇراتتى. ئىسمايىل ئەھمەد ئۆزى مەيدانغا چۈشۈپ توپ ئوينىغاچقا بۇ مۇسابىقىلەر ناھايىتى قىزىپ كېتەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا سىرتقى ناھىيىلەردىن ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى، توپچىلارنى ناھىيىگە يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەنىدى.

مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ناھايىتى جانلانغانىدى. ئەينى چاغدا ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ تەشەببۇسى، قاتنىشىشى بىلەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ تانسا زالىدا تانسا ئويۇشتۇرۇلۇپ تۇراتتى. پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە، ئەينى چاغدا بىر مەھەل «ۋالىس»، «تانگو» قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن. مۇشۇ پائالىيەتلەردە ئىسمايىل ئەھمەد تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل-تانسا ئوينايتتى. مائارىپ-مەدەنىيەت، تەنتەربىيە جەھەتتىكى بۇ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشلەر ئەلۋەتتە چىرىيە ناھىيىسىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات ئىشلىرىدا مۇھىم روللارنى ئوينىدى...

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نىڭ ئاخىرقى يىلى، يەنى 1959-يىلى يەنە «ناھىيە بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى» قانات يايدۇرۇلدى. بۇ پائالىيەتتە ئالتە يۈز سەكسەن ئالتە پارچە شېئىر، سەككىز دراما، ئون سەككىز پارچە ھېكايە، بىر پارچە سېنارىيە يېزىلدى، تۆت يۈز خەلق ناخشىسى ۋە ئۈچ پارچە خەلق چۆچىكى رەتلەندى. چىرىيە ناھىيىسىدە باسما زاۋۇتى بارلىققا كەلدى، «چىرىيە گېزىتى» چىقىرىلدى. ئۈچ يىل چىقىرىلغان بۇ گېزىت گەرچە 1961-يىل 4-ئايدا نەشردىن توختىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى رولى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى بولغانىدى.

1958-يىلى ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ھاياتىدا يەنە بىر مۇھىم ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. ئۇ شۇ يىلى ئىلغار ناھىيىلىك پارتكوم

شۇجىسى باھالىنىپ، ج ك پ 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشقۇچى ۋەكىل بولۇپ سايلاندى. ئۇ ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق شىنجاڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا ئۇچتى. ئايروپىلان ئۈرۈمچى-جيۇچۈەن، كوكخوت، باۋتۇ-بېيجىڭ لىنىيىسى ئارقىلىق ئۇچۇپ ئۇلارنى پايتەختكە يەتكۈزۈپ باردى. مۇشۇ قېتىملىق سەپەر ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ بېيجىڭغا تۇنجى قېتىم بېرىشى ھەم نامى تىللاردا داستان بولۇۋاتقان دۆلەت قۇرغۇچى داھىيلارنى تۇنجى قېتىم بىۋاستە كۆرۈشى ئىدى. 2-ئومۇمىي يىغىندا ماۋجۇشى ئارقىمۇئارقا بەش قېتىم سۆز قىلدى. ئۇ شۇ يىللاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشلەرنىڭ نەتىجىسىدىن مەمنۇن بولغاندەك ۋە خېلىلا ھاياجانلانغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭدىكى ھاياجان ياش ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىغىمۇ تەسىر قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ يىگىرمە ئۇچ ياشلىق ياش يىگىتنى ھاياجانغا سالغۇدەك ئۇلۇغۋار مىنۇتلار ئىدى. ئۇ يىللاردا ماۋ زېدوڭ، جۇ دې، ليۇ شياۋچى، جۇ ئېنلەي، چېن يۈن قاتارلىق داھىيلار بىلەن دىدار مۇلاقەت بولۇشنى كىم ئارمان قىلمىغان؟ تېخى ئۆتكەن يىلىلا «دامىكۇ»، «زىنىدانكۆل» كەنتلىك تۇرسۇن ئاخۇن بۇلبۇل ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ. بېيجىڭدا ماۋ جۇشىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ، پەخىرلىك ھېسسىياتلارغا چۆمۈلگەن ئەمەسمىدى! كېرىيىلىك قۇربان تۇلۇم داھىينىڭ دىدارىغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ ئوتلۇق سالاملار يازغان، ھەتتا ئاستانىگە بېرىش ئۇچۇن ئېشەككە مىنىپ يولغا چىققان ئەمەسمىدى! بىزنىڭ چىرىيىلىكلەر ئىچىدە ئاشۇ شان-شەرەپكە ئىككىنچى بولۇپ بىزنىڭ ئىسمايىل ئەھمەد ئېرىشتى. تېخى داھىيلار بىلەن ھەمىيىغىن، ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇرۇۋاتقاندا،

قانداقمۇ ھاياجان دېڭىزلىرىدا ئۈزمىسۇن! پەخىرلىك ھېسسىياتلارغا چۆممىسۇن!

بۇنىڭدىن ئۇزاق يىللار ئىلگىرى «قاراقاش» قا ھاكىم بولغان ھېزىمشاھ ھېكىمنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى مەھەممەت ئېلى ھېكىم نەشپۈت دەرىخىنى يوغان تەشتەككە كۆچۈرۈپ، «ياربيار ھارۋا» غا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاستانىگە ئېلىپ بارغانىمىش، شىمالىي ئاستانىگە يېتىپ بارغاندا پىشىپ تەييار بولغان نەشپۈت مېۋىسىنى تەڭرىقۇتقا سوۋغا قىلغانىمىش. بۇنداق شېرىن مېۋە تولىمۇ ياراپ كەتكەن پەغپۇرچىن مەھەممەت ئېلى ھېكىمگە «گۇك» لىق مەنسەپ ئاتا قىلغانىمىش. شۇنداق قىلىپ مەھەممەت ئېلى «گۇك» نىڭ ئۇزىدىن كېيىنكى سەككىز ئەۋلادى تاكى 1949-يىلىغىچە «قاراقاش» تا «گۇك» بولۇپ شۆھرەت سۈرگەنمىش. يەنە رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاشۇ قاراقاشلىق «ئېگىز ئېرىق خوجىلىرى» دىن تارىخان خوجا تەشتەككە قوغۇن تېرىپ، ھارۋىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ شىمالىي ئاستانىگە ئېلىپ بېرىپ تەڭرىقۇتنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەنمىش ۋە تەڭرىقۇت ئاتا قىلغان «بىر كالا تېرىسىچىلىك زېمىن» غا ئىگە بولغانىمىش، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد باي ئۆتكەنمىش... مانا بۇلار تەڭرىقۇت زىيارىتىگە بېرىشتىن خاتىرە. ئەمما چىرىيە دىيارىدىن بۇنداق شاھانە زىيارەتكە بارغان ھېچكىم يوق. چىرىيىلىكلەر بۇنداق تارىخ يارىتالمىغان، ئەمما بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، تەڭرىقۇتمۇ، ھاكىمبەگ ۋە «گۇك»، «خوجا» لارمۇ يوق بولدى. لېكىن چىرىيىلىكلەردىن ئاستانىگە بېرىپ، تەڭرىقۇتنىمۇ ئۇلۇغ داھىيلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان بىر ئوغۇل چىقتى. ئۇ پەخىرلىك ھېسسىياتلارغا چۆممىسۇنمۇ! چىرىيىلىكلەر ئۆز ئوغلانىنىڭ داھىيلار بىلەن بىر سورۇندا

بولغانلىقىدىن پەخىرلەنمىسۇنمۇ !
ئىسمايىل ئەھمەد 2-ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «تولۇق غەيرەتكە كېلىپ ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ ، كۆپ ، تېز ، ياخشى ، تېجەشلىك ئىشلەپ سوتسىيالىزم قۇرۇش» تىن ئىبارەت باش لۇشيەننى ئېلىپ چىرىيىگە قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ چېھرىدىن پەخىر-ھاياجان ، ۋۇجۇدىدىن كۈچ-جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى . ھەربىر باسقان قەدىمىدىن ئىشەنچ ۋە ئىرادە بىلىنىپ تۇراتتى . شۇنىڭدىن كېيىن چىرىيە دىيارىدا بولۇپ ئۆتكەن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» لەرگە تەئەللۇق ئىشلارنى تەپسىلىي يېزىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق . ئاشۇ ئاجايىپ جاپالىق ۋە داغدۇغىلىق ئەمگەك-قۇرۇلۇشلاردا ئىسمايىل ئەھمەد باشتىن-ئاخىر چىرىيە خەلقى بىلەن بىللە بولدى . دېھقانلارغا ئوخشاشلا داش قازاندىن ئۇماچ ئىچىپ ، دومىناپىچلارنىڭ يېنىدا ، چېپىلىۋاتقان ئۆستەڭلەرنىڭ قىرلىرىدا ، ياسىلىۋاتقان سۇ ئامبارلىرىنىڭ دامبىلىرىدا يېتىپ-قوپۇپ ، ئاددىي دېھقانلاردەك جاپا چېكىپ ئىشلىدى ، ئۇنىڭ ئالىقانلىرىمۇ ئوخشاشلا قاپاردى ، ئۇنىڭ چېھرىنىمۇ ئوخشاشلا سوغۇق شامال يالاپ ئۆتتى . ئۇمۇ ئوخشاشلا ئورۇقلىدى ، كۆيدى ، قارايدى ، بەلكى دېھقانلاردىن بەكرەك جاپا چەكتى . ئۇ يىللاردا كادىرلار ھەقىقەتەنمۇ ھەممە جاپادا ئامما بىلەن بىللە بولاتتى ، ئاممىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . خۇددى چاكاردەك ئاممىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى . ئەللىك يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ گەپلەرنى دېسەك ، نۇرغۇن كىشى ، جۈملىدىن ياش ئەۋلادلار ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن . لېكىن ئۇ چاغلاردا قۇرۇلۇش مەيدانىدا راستىنلا سالقىن چېدىر ئىچىدە ئولتۇرۇپ ، قوزا كاۋىپىدىن ھوزۇرلانغاچ بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان كادىرلار يوق ئىدى . ئۇلار قولىغا كەتمەن ، جوتو ئېلىپ دېھقانلارغا ئوخشاشلا

ئىشلەيتتى ، تېخى ھەممىسىنىڭ چوقۇم مەخسۇس كەتمىنى بولۇشى كېرەك ئىدى . ھەتتا كادىرلارنىڭ بىرئايدا قانچە كۈن جىسمانىي ئەمگەككە قاتنىشىشى توغرىسىدىمۇ ئېنىق ۋە قاتتىق بەلگىلىمە بار ئىدى ، ئاشۇ بەلگىلىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلماي بولمايتتى . بىزنىڭ ئىسمايىل ئەھمەد ئىسمى-جىسمىغا لايىق دېھقان ئوغلى تۇرسا ، دېھقانلار جاپالىق ئەمگەك قىلىشىۋاتسا ، قىر بېشىدا قاراپ تۇرالايتتىمۇ؟ ئىسمايىل ئەھمەدمۇ ئوخشاشلا جاپا چەكتى ، ئوخشاشلا ئورۇقلاپ كەتتى ، لېكىن ھەر ھالدا بىرەر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولماي ئاشۇ يىللاردىن تىنچ-ئامان ئۆتتى . بىز ئۇنىڭ ئاشۇ يىللاردا قاتتىق چېنىقىشىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز . بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئۆمرى ئۇچۇن سالغان مۇستەھكەم ئاساسى ئىدى .

شۇ يىللاردا ئىدىيىۋى تونۇشلار ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەردە ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئىپادىسى قانداق بولدى؟ ئاشۇ يىللاردا لۇشيەن مەسىلىسى ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ، ئەر-ئاياللار مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ، خىيانەتچىلىك مەسىلىسى ، چوڭ يەپ-چوڭ ئىچىش مەسىلىسى قاتارلىقلار ئېغىر گۇناھ ھېسابلىناتتى ، ئېغىر گۇناھ شەكىللەندۈرەتتى . ۋەھالەنكى ، مانا مۇشۇ مەسىلىلەردە ئىسمايىل ئەھمەد پاك ئىدى . بىر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسىغا نىسبەتەن بايراق روشەن بولۇش ، مەيدان قەتئىي بولۇش ، ھەق-ناھەق ئالدىدا ئىككىلەنمەسلىك ، دۈشمەن ۋە ناتوغرا ئىشلارغا قارىتا قەتئىي كۈرەش قىلىش— ئەڭ ئالدى بىلەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەقەللىي شەرت . ئىسمايىل ئەھمەد دۈشمەن ۋە ناتوغرا ئىشلارغا قارىتا ئىنتايىن قەتئىي ئىدى ، ھەرگىزمۇ مۇرەسسە قىلمايتتى ، ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە بەختەرلىكى خەۋپكە ئۇچرىغان ئەھۋالدىمۇ قەتئىي كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىقاتتى .

تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ ئاشۇ يىللاردا يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ۋەقەلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى .

## 2 . تىغمۇتىغ ئېلىشىش

مۇقىملىق — ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم . ھەرقانداق ھاكىمىيەتنىڭ بارلىق سىياسەتلىرى ، ھەرىكەتلىرى ، تەدبىرلىرى مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ ۋە يولغا قويۇلىدۇ . جەمئىيەتتىكى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يوقىلىشىمۇ شۇ ھاكىمىيەت سىياسەتلىرىنىڭ جەمئىيەتنىڭ قوبۇل قىلىش دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . شۇ سىياسەتلەرنى جەمئىيەت قوبۇل قىلالىسا ، مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى مۇقەررەر ئازىيىدۇ . سىياسەت ئاۋام كۆڭلىگە ياقمىسا مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى كۆپىيىدۇ . 1949 -يىلدىن 1955 -يىل كۈزگىچە چىرىيە ناھىيىسىدىكى ۋەزىيەت ئىنتايىن مۇقىم بولدى . چۈنكى ، كونا ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىش ، ئىجارە كېمەيتىش ، يەر ئىسلاھاتى ، ئومۇمىي سايلام ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق سىياسەت ۋە تەدبىرلەر ئاۋام كۆڭلىگە راسا ياقىدى . 1955 -يىل كۈزدىن كېيىن كوپىراتسىيىلىشىش ، كوممۇنالىشىش ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» قاتارلىق تەدبىرلەر يولغا قويۇلغان ۋە يولغا قويۇلۇۋاتقان چاغلاردا گەرچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى چىرىيە خەلقى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىنى خاتا يولغا باشلىمايدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ ، لېكىن ئانچە-مۇنچە غىدىڭ-پىدىڭلار پەيدا بولماي قالمىدى . غىدىڭ-پىدىڭ قىلغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى دۈشمەن

ئۇنسۇرلارغا ئەگىشىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلدى. بۇ خوتەندە «كوپېراتسىيە ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان كوپېراتسىيىنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلىش، ھەتتا كوپېراتسىيىنىڭ دەپتەر-ھېساباتلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋەقەسى سادىر بولغان، قاراقاش، لوپلاردا ھىممەت داموللا ئىسيان ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان، «تەتۈر» دېگەن يەردە خەدىچە ئىسىملىك ئايال مۇرىت توپلاپ ئەل كۆڭلىنى مالىمان قىلىۋاتقان يىللار ئىدى. ئاشۇ دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ يامان تەشۋىقاتلىرى چىرىيە ناھىيىسىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. بەزى چۆچۈرىنى خام سانايدىغانلار تەشكىللىنىشكىچە بېرىپ يەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ بىرىنچىسىنى ئىسمايىل ئەھمەد ئەينى يىلى يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا يېتەكچىلىك قىلغان «بادىغان» يېزىسىنىڭ «كۆككېر» دېگەن يېرىدىكى داڭلىق پومېشچىك مەھەممەت ھاللاڭنىڭ ئوغۇللىرى سادىر قىلدى. يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا ئاشۇ زومىگەرنىڭ ئون ئالتە جىڭ ئالتۇنى ۋە يەر-زېمىنلىرى مۇسادىرە قىلىنغان ئەمەسمىدى. كېيىن ئۆزلىرىگە قالغان مۈلۈكلىرىمۇ چارۋىچىلىق كوپېراتىپىغا قېتىۋېلىنغان ئەمەسمىدى؟ مانا ئەمدى ئاشۇ زومىگەرنىڭ مامۇتخان، ھۆسىيىنخان دېگەن ئوغۇللىرى قولدىن كەتكەن جەننىتىنى تىرىلدۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى. ئۇلار ناسىر ئاخۇن دېگەن كىشى بىلەن بىرلىشىپ چارۋىچىلىق كوپېراتسىيىسىگە تەۋە مال چارۋىلارنى بۇلاپ، تىبەت تەرەپكە — چېقىل ئارقىسىغا كىرىۋالدى.

«ئاقچىغ» دېگەن يەردىن قوزغالسا، كەچتە يۇرۇڭقاش دەرياسى ئاقىدىغان «جىپچاپ جىلغىسى»غا چۈشۈپ، ئىككىنچى كۈنى كەچتە «ئالۋاستى جىلغىسى» نىڭ تۈۋىدە قونۇپ، ئۈچىنچى كۈنى «چېقىل ئارقىسى» غا ئۆتۈپ كەتكىلى بولاتتى. «چېقىل

ئارقىسى»غا «قاينۇڭ دەرياسى» بويىدىكى «ئېزىقتى» غارى ئارقىلىق ئۆتەتتى. ئەمما يول ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. يۇرۇڭقاش دەرياسىدا يازلىقى قىرىق-ئەللىك غولاچ كەڭلىكتە، قىشلىقىمۇ يەتتە-سەككىز غولاچ كەڭلىكتە چوڭقۇر سۇ ئاقاتتى. قاتتىق سوغۇق شىۋىرغان بولۇپ، دەريادا مۇز توڭمىسا ئۆتكىلى بولمايتتى. ئەمما قىش كۈنلىرى ھەممە يەرنى قار-مۇز قاپلىغان، كىچىككىنە شامال ئۇرسىلا قار كۆچۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۆتۈشكە ئۇرۇنغانلارنىڭ ئوندىن توققۇزى قار كۆچكۈنى ئاستىدا قېلىپ ھالاك بولاتتى. مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك جايدىن قېرى زومىگەرنىڭ ئوغۇللىرى قانداق ئۆتكەن؟ بۇ نامەلۇم ئىدى. ئەمما ئۇلار راستتىنلا «چېقىل ئارقىسى» غا ئۆتۈۋالغانىدى. تېخى يوشۇرۇپ قويغان مىلتىقلىرىنى، بىرەر يىلغا يەتكۈدەك ئوزۇق-ئاشلىقلىرىنى ئېلىپ، بىرەر مىڭ تۇياق چارۋا ماللىرىنى ھەيدەپ ئۆتۈۋالغانىدى. ئۇلار ئاشۇ ئۆتمۈشتىكى ھۆكۈمەتمۇ دادىمىز مەھەممەت ھاللاڭنى ھېچنېمە قىلالمىغان، بىزنىمۇ ھېچنېمە قىلالمايدۇ. تاغ ئارىسىدىكى جەننىتىمىزنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرىمىز دەپ ئويلىشاتتى.

مەھەممەت ھاللاڭنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىشى ئاددىي ئىش ئەمەس ئىدى. ئەگەر بۇنىڭغا دەرھال چارە كۆرۈلمىسە ئاشۇلارغا ئوخشاش ئۆتمۈشتىكى جەننىتىدىن كۆڭۈل ئۈزەلمىگەن باشقا پومېشچىكلارمۇ، ھەتتا باشقا دۈشمەن ئۇنسۇرلارمۇ ئۇلارنى دورىشى، ئۇلارغا قوشۇلۇشى، ئۇلار كۈچىيىپ بىر ئۇيۇشقان كۈچكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. چىرىيە ناھىيىلىك پارتكوم بۇ ئىشقا تولىمۇ جىددىي قارىدى. ياش، جۇشقۇن ئىسمايىل ئەھمەدنى ئاشۇ قاچقۇنلارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بەلگىلىدى. شۇ قېتىم ئىسمايىل ئەھمەد «ئاقچىغ»،

«كىچىكساي» ، «چوڭساي» ، «يولۇڭ» دېگەن تاغ ئېچىگە ، يايلاقلارغا تۇنجى قېتىم قەدەم باستى . ئۇ ئاشۇ مامۇتخان ، ھۆسىيىنخان ، ناسىر ئاخۇن قاتارلىق بۇلاڭچى ، قاچقۇنلارنى تۇتۇپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى . لېكىن ئېگىز تاغ ، تار جىلغا ، خەتەرلىك ئۆتكەللەرنىڭ شارائىتى قاچقۇنلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى . «ئېزىقتىغارى» نىڭ ئاغزىدا مىلتىقلىق بىر ئادەم تۇرۇۋالسا ، ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ ئەسكەرمۇ ھۇجۇم قىلىپ ئۆتەلمەيتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە قىش ئۆتۈپ ، قارلار ئېرىشكە باشلىغان ، چوڭ-كىچىك دەريالارنىڭ سۈيى ئۆرلەپ كەتكەن چاغ ئىدى . ئۆتەي دەپمۇ ئۆتكىلى بولمايتتى ، قاراملىق بىلەن ھەرىكەت قىلغاندا ئادەم چىقىم بولۇش ئېھتىمالى بار ئىدى . ئىسمايىل ئەھمەد ياش بولۇشىغا قارىماي ئېغىر-بېسىق ئىدى . شارائىتقا قاراپ ئىش قىلىشنى بىلەتتى ، ئۇ مەجبۇرىي قول سالغاندا نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئىسمايىل قۇربان ، مەتتوختى نىزامىدىن ، مەھەممەت بەنجاڭ باشچىلىقىدا قوراللىق ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ «چېقىل ئارقىسى» غا ئۆتىدىغان بىردىنبىر يولنى قامال قىلىشنى قارار قىلدى . قامال قىلغاندا قاچقۇنلارنىڭ قايتىپ كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشىدىن ، شۇنداقلا ئۇلارغا ئەگەشمەكچى بولغان باشقا ئۇنسۇرلارنىڭ ئۇلارغا قوشۇلۇشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى . بۇ تاكتىكا قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدىكى قورغاننى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ئوخشايتتى . قورشاۋغا ئېلىپ تۇرۇلسا قاچقۇنلار بەرىبىر بىر كۈنى تەسلىم بولاتتى ، ئاش ئۈزۈكى تۈگىگەن چاغدا تەسلىم بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ بۇ تەدبىرىنى ناھىيىلىك پارتكوم مۇئەييەنلەشتۈردى . نەتىجىمۇ ئىسمايىل ئەھمەد كۆزلىگەندەكلا بولدى . ئۈچ-تۆت يىل ئۆتمەيلا ئۇلار تەسلىم

بولدى، كىيىملىرى يىرتىلىپ تۈگىگەن، ئەۋرەتلىرىنى بىر پارچە تېرە بىلەنلا توسۇۋالغان، چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ ئالۋاستىغىلا ئوخشاپ قالغان ئاشۇ قاچقۇنلارنىڭ سوراقتا ئىقرار قىلىشىچە، ئاش-ئوزۇقى تۈگەپتۇ، گۆشلا يەۋەرگەن بىلەن ئىچ سۈرۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولىدىغان گەپكەن. كېسەللىك، ئاچلىق، سوغۇق ۋە باشقا ئازابلارغا چىدىماي تەسلىم بولۇشۇپتۇ. ئۇ چاغلاردا سىياسەت خېلى كەڭ ئىدى. ئۇلارنىڭ «چېقىل ئارقىسى» دا قازغان ئالتۇنلىرى مۇسادىرە قىلىندى. باش جىنايەتچى مامۇتخانغا ئالتە يىللىق قاماق كېسىلگەندىن باشقا ھۆسىيىنخان بىلەن ناسىرئاخۇنغا كەڭچىلىك قىلىندى. ئۇلارغا قانۇنغا بويسۇنۇش، ئۆز كۈچى بىلەن ئەمگەك قىلىپ، تىنچ ياشاش توغرىسىدا تەربىيە بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ مەھەممەت ھاللاڭ ئوغۇللىرىنىڭ «چېقىل ئارقىسى» غا كىرىۋېلىش ۋەقەسى تىنچ بىر تەرەپ قىلىنغان بولدى.

ئاشۇ يىللاردا يۈز بېرىپ مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلغان ئىشلارنىڭ ئىككىنچىسى «ئىماملا» يېزىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ۋەقەسىدۇر. چىرىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، قاتمۇ قات قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدە «پوماسقىر»، «بۇزاڭقىر»، «كۆپەقىر» دېگەن تاغلارنىڭ يان باغىرىدا، «كۇراپ دەرياسى»، «قاچقۇنچى دەرياسى»، «قاراسۇ دەرياسى»، «ئاقساي دەرياسى»، «بۇزاڭ دەرياسى» قاتارلىق ئېقىنلارنىڭ بويلىرىدا «ئىماملا» دېگەن بىر تاغلىق يېزا يېيىلىپ ياتىدۇ. ھازىر «بوستان يېزىسى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئاشۇ قەدىمىي دىياردا «تۆت ئىمام زەبىيۇللانىڭ قەبرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر بىر مازار بار. چاقار يېزىسىدا ياشاپ ئۆتكەن شائىر، تارىخچى موللانىياز سابىرى (1771-يىلى

«چاقار» نىڭ «ئويۋاغ» مەھەللىسىدە تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىلى ئېنىق ئەمەس) نىڭ چوڭ ھەجىملىك «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىيۇللا» ماۋزۇلۇق داستانى ۋە باشقا تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە مىلادى بىرىنچى ئېرانىڭ ئاخىرى ۋە ئىككىنچى ئېرانىڭ باشلىرىدا خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرى بىلەن قەشقەر قاراخانىيلار ئىسلام قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا قىرىق يىلغا سوزۇلغان دەھشەتلىك ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتكەنىمىش. پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى قاراخانىيلار قوشۇنلىرىغا ھەمدەمدە بولۇپ، بۇخارايى-سەمەرقەندتىن، خۇراسانى-ئىراندىن، ئىراقۇ-ئەرەبىستاندىن پىدائىيلار ئەۋەتكەنىمىش. ئەكسىچە، بۇددىستلار ئالىمنىڭ ھېچقانداق ياردىمىگە مۇيەسسەر بولالمىغان خوتەن قوشۇنلىرى ئاخىرى چېكىنىپ-چېكىنىپ، چىرىيە تاغلىرى ئىچىدىكى «ھاسا قورغىنى»، «ھاشى قورغىنى» قاتارلىق قەلئەلەردە مۇداپىئەدە تۇرغانىمىش. ئۆزلىرىنىڭ داڭلىق سەركەردىلىرى نوقتىرىش، چوقتىرىشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە پىستىرما ئۇرۇشلىرى (ھازىرقى زامان ھەربىي ئىشلار ئىلمىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشى دېيىلىدۇ) نى قانات يايدۇرۇپ، غازاتچى قوشۇنلارغا زەربىلەر بېرىپ تۇرغانىمىش. ھازىرقى «بوستان» يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان يەر ئەتراپىدىكى «ئاقتۇز»، «قارادۆڭ» دېگەن يەرلەردە قۇرۇلغان پىستىرمىدا، نوقتىرىش-چوقتىرىشلار باشچىلىقىدىكى بۇددىست قوشۇنلىرى ئىرانۇ ئىراقتىن كەلگەن يەھياخان باغدادى، جالالىدىن باغدادى قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا يولغا سالغان، ئارقىدىنلا ئىمامى نەسىردىن، ئىمامى مۇئىددىن، ئىمامى زوھرىدىن، ئىمامى قەييۇمدىن قاتارلىق تۆت ئىمامنىمۇ ئوخشاشلا ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئۇزاتتى. بۇ تۆت ئىمام بىر ئاتا— ئىمامى

ئەپتەرنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ نەسەبى ئىمامى ئەسكرى ، ئىمامى مۇساكازىم ، ئىمامى جەئفىرىم سادىق ، ئىمامى مەھەممەت باقىر ، ئىمامى زەينىل ئابىدىن ، ئىمامى ھۇسەيىنلەر ئارقىلىق مەھەممەت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھىۋەسسالامغا تۇتىشىدىكەن . ئىسلام ئالىمىنىڭ مۇبارەك كاتتىلىرى ھېسابلىنىدىكەن . شۇ ۋەجىدىن قاراخانىيلارنىڭ كاتتا پادىشاھى يۇسۇپ قادىرخان ئۆزى كېلىپ ئۇلارنى يەرلىككە قويغانىمىش ، كاتتا گۇمبەز مەقبەرىلىك مازار بەرپا قىلىپ ، داش قازان ئېسىپ نەزىر-نۇزىرەتلەر ئۆتكۈزگەنىمىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى بىر قېتىم قەشقەردىن كېلىپ دۇئايى-تاۋاپلار قىلىپ تۇرغانىمىش . يۇسۇپ قادىرخان غازى بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي ، يەنە خىزىر بابا دىگەن ئادەمنى شەيخلىككە بەلگىلەپ ، قاراخانىيلار ئاستانىسى قەشقەرنىڭ قىرىق بىر كوچىسىدىن قىرىق بىر ئۆيلۈك ئادەمنى كۆچۈرۈپ ، ئۇنىڭغا جارۇپكەشلىككە قويغانىمىش . مانا شۇ ۋەجىدىن بۇ تاغلار ئارىسىدا يۇرت پەيدا بولۇپ ، بۇ يەر «ئىماملا» ياكى «ئىماملىرىم» دەپ ئاتالغانىمىش . كىمكى مۇشۇ «ئىماملىرىم» غا كېلىپ بىر قېتىم دۇئايى-تاۋاپتا بولسا ، كاتتا ساۋاب تاپارمىش ۋە ئۇنىڭ بۇ سەپىرى يېرىم ھەج قىلغانغا باراۋەر بولارمىش ...

بىزنىڭ زامانىمىزغا كەلگەندە ئاشۇ «ئىماملا» دېگەن يۇرتتا ئىككى-ئۈچ مىڭ نوپۇسلۇق كۆجۈم يېزا بەرپا بولغان ۋە ھەر يىلى كۈزدە يىرىقى قەشقەر-ئاقسۇدىن ، يېقىنى يەكەن-خوتەندىن نەچچە مىڭلىغان ئادەم بۇ يەردىكى «تۆت ئىمام زەبىيۇللا» مەقبەرىسىگە دۇئايى-تاۋاپ ، سەيلە-زىيارەتكە كېلىپ تۇراتتى . 1949-يىلىدىن كېيىن ھەممە يەردىكىگە ئوخشاش بۇ يەردىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى . پومېشچىكلارنىڭ يەر-زېمىنى مۇسادىرە قىلىندى . كەمبەغەل-نامراتلار يەر-زېمىنغا ، مال-مۈلۈككە ئىگە بولدى .

ئارقىدىنلا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كوپېراتسىيىلىرى قۇرۇلۇپ، مۈلۈك ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىندى. ئارقىدىنلا خەلق كوممۇنالاشتۇرۇلۇپ، داش قازاندىن تاماق يەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. دەل شۇ كۈنلەردە چىرىيە ناھىيىلىك پارتكومغا «ئىماملا» دېكى بىر تۇركۇم كىشىلەرنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى بۇزىدىغان جىددىي ئىش ئىدى. «ئىماملا» غا كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان ئادەم كۆپ بولغاچقا، دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ قولى يوق دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى مۇرەككەپ بولغاچقا جىددىي قارىماي بولمايتتى. ناھىيىلىك پارتكوم ئاشۇ «ئىماملا» غا بېرىپ توپىلاڭ چىقىشتىن ساقلىنىش ۋەزىپىسىنى ئىسمايىل ئەھمەدكە تاپشۇردى. يىگىرمە ئۈچ ياشلىق ياش ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تۇردى سەمەت ۋە ئىككى نەپەر قوراللىق ساقچىنى باشلاپ ئاتلىق يولغا چىقتى. «ئىماملا» بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ تۈز لىنىيە ئارىلىقى توقسان كىلومېتىر، «چاقار»، «نۇرى» ئارقىلىق ماڭسا بىر يۈز ئاتمىش كىلومېتىر كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ-تۆت مىڭ مېتىر ئېگىز تاغلىق رايونغا ئۆرلەش، يول بويى ئېگىز داۋانلاردىن، چوڭقۇر جىلغا، دەريالاردىن ئۆتۈش كېرەك ئىدى. ئۇلار ئەڭ يېقىن چىغىر يوللار بىلەن ئىلگىرىلىدى. توپىلاڭ بولماقچى بولغان يەرگە ئەڭ تېز سۈرئەتتە يېتىپ چىقىش كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايتتى. توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپلا قالىدىغان بولسا، ئىككى قوراللىق ساقچىنىڭ مىلتىقلىرىمۇ، ئىسمايىل ئەھمەد بىلەن تۇردى سەمەتنىڭ تاپانچىلىرىمۇ كارغا كەلمەي قالاتتى. كارغا كەلگەن ھالەتتىمۇ قان

تۆكۇلەتتى . كىمنىڭ قېنى تۆكۈلۈشىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى ، ئەڭ مۇھىمى قان تۆكۈلىدىغان ئىش يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال تۇسۇۋېلىش كېرەك ئىدى . ئاتلار بۆرە يورغىسىدا ئىلگىرىلەيتتى . ئىسمايىل ئەھمەد پات-پات تاپانچىسىنى تۇتۇپ قوياتتى . ئۇ ئاشۇ «ئىمام ملا» دېگەن جاينىڭ مىڭ يىللار بۇرۇن جەڭ مەيدانى بولغانلىقىنى ، ھېسابسىز قانلار تۆكۈلگەن جاي ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ، ئەمدى يەنە قان تۆكۈلۈشكە يول قويماسلىق كېرەك ئىدى ، قان تۆكۈلۈشكە يول قويماسلىق ئۈچۈن نېمىلەر قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلەتتى . ئۇلار شۇ كېچە شۇنداق جىددىي يۈرۈشتىكى ، ئاتلارنىڭ ھېرىپ-يېقىلىپ قالمىغانلىقىغا ، پەللەكلەرنىڭ سۇركىلىپ زېدە بولۇپ قالمىغانلىقىغا ھەيران قالاتتى كىشى . ئۇلار تاڭ ئېتىپ قۇياش «كۆرپەقىر»نىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا «ئىمام ملا» غا يېتىپ چىقتى . دەم ئېلىشقا ، بىردەم سوزۇلۇپ ئۇخلىۋېلىشقا نەدە چولا ؟ خىزمەت دەرھال باشلىنىپ كەتتى . كەمبەغەل-نامراتلار ئىچىدىكى قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار چاقىرىپ كېلىندى ، ئاشۇلارغا تايىنىش كېرەكلىكىنى ئىسمايىل ئەھمەد ئوبدان بىلەتتى . شۇلار بىز تەرەپتە تۇرسىلا بىر ئوچۇم دۈشمەن ئۇنسۇرلار چاتاق چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى . ئاشۇلار تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلانغان بىرقانچە ئۇنسۇر مەخپىي تۇتۇپ كېلىندى . سوراق نەتىجىسىدە ئايان بولدىكى راستىنلا شۇنداقراق پىتنە-پىتنە پارا ئىكەن ، تېخى كالتەك-چوماقلارنىمۇ تەييارلىشىپتۇ . مەقسىتى يېزىلىق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ ، كوپىراتسىيىنى ، كوممۇنانى بىكار قىلىش ئىكەن . توپىلاڭغا قاتناشماقچى بولغانلارنىڭ تىزىملىكى بىردەمدىلا تۈزۈپ چىقىلدى . ئوتتۇز-قىرىقتىن ئاشمايتتى ، ھەممىسى بىر-بىرلەپ چاقىرىپ كېلىندى ۋە سوراق قىلىندى . نەدىندۇر

كېلىپ كەتكەن بىر تاۋاپچىنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىغا ئىشىنىپ كالتەك-چوماق تەييارلاشقاندى. ئىسمايىل ئەھمەد ئۇلارغا ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى ئىكەنلىكىنى، خەلقنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغانلىقىنى، توپىلاڭغا قاتناشماقچى بولغانلار ئىقرار قىلسىلا كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقىنى، قارشىلىق قىلغانلارنىڭ قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى سۆزلىۋىدى، ھەممىسى بىردەمدىلا قايىل بولۇشتى، قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە تۆۋا قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ، «ئىماملا» دىكى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ۋەقەسى شۇ كۈنىلا بىر تەرەپ قىلىندى، مالىمانچىلىقمۇ چىقمىدى، قانمۇ تۆكۈلمىدى. پەقەت باش جىنايەتچىنى ئېنىقلاشتىلا ئازراق مەسىلە كۆرۈلدى. توپىلاڭغا قاتناشماقچى بولغانلار بىردەك «سېلىم ئەلەم» دېگەن بىر ئىسىمنى تىلغا ئېلىشاتتى، قايتا-قايتا سورالسىمۇ «باشلىقىمىز سېلىم ئەلەم ئىدى» دەپ تۇرۇۋشتى. شۇ چاغلاردا «ئىماملا» دا راستىنلا سېلىم ئەلەم دەپ ئاتىلىدىغان بىر زات ياشايتتى. كاتتا ئۆلىما ھەم شائىر بۇ ئادەمنىڭ نام-ئاتىقى يېقىنى چىرىيە، كېرىيىلەرگە، يىرىقى قەشقەر-خوتەنلەرگە مەشھۇر ئىدى. «تۆت ئىمام زەبىيۇللا» مەقبەرىسىگە تاۋاپقا كەلگەنلەر سېلىم ئەلەمنى زىيارەت قىلماي، ئۇنىڭ تەلىم-موكاللىمىلىرىنى ئاڭلىماي قايتىپ كېتىشمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن دىدار مۇلاقەت بولۇشقانلار كاتتا ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ قوبۇلىغا مۇيەسسەر بولغاندەك شان-شەرەپ ھېس قىلىشاتتى. ئىككى-ئۈچ يىل ئىلگىرى مۇشۇ «ئىماملا»غا خىزمەتكە چىققاندا ئىسمايىل ئەھمەدمۇ بۇ داڭدار ئادەم بىلەن دىدارلاشقان، سۆھبەت-ئەنجۈمەندە بولغانىدى. ئىسمايىل ئەھمەد ئۇنىڭغا پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلغان، سېلىم ئەلەم بولسا ئىسمايىل ئەھمەدكە ھايات سىرلىرى ھەققىدە دەرس مۇكالىم

قىلغانىدى . شۇ چاغدىكى سۆھبەتلەردىن قارىغاندا ، سېلىم ئەلەم ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغاندەك قىلاتتى ، مانا ئەمدى ئۇ «توپىلاڭنىڭ باش جىنايەتچىسى» سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىپ قالدى . بۇ راستىمىدۇ؟ «ئىمامىلا» دىكى نامرات-كەمبەغەللەر ئاكتىپلىرىدىن ، يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرىدىن سۈرۈشتۈرگەندە ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ھەزرىتىم ھەرگىزمۇ بۇنداق ئىشلارغا باش بولۇپ يۈرمەيدۇ» دېيىشتى . تېخى ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، سېلىم ئەلەم بۇنداق ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەن . ئۇ دائىم ئاللاتائالانىڭ بۈيۈك سۈپەتلىرىنى زىكرى قىلىش ، ھاياتنىڭ چوڭقۇر سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىكەن . ئىسمايىل ئەھمەد سېلىم ئەلەمنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈشنى لايىق تاپتى . توپىلاڭنىڭ باش جىنايەتچىسى ھەققىدىكى بۇ ئىشنى ئاخىرغىچە ئېنىقلىماي بولمايتتى . كۆرۈشۈشتە سېلىم ئەلەم قان تۆكۈشنىڭ ئېغىر گۇناھ بولىدىغانلىقى ھەققىدە شۇنداق ئۇزۇن ۋەز ئېيتىپ كەتتىكى ، ئۇ گويا ئەگەر مۇشۇنداق ئىشتىن خەۋەردار بولسا ، ھۆكۈمەتكە ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويىدىغان ئەلپازدا ئوتتۇرىغا چىقتى . «گۇرۇچتىن خەۋەر يوق ، سەۋزە دەم يەپ قاپتىمۇ ؟» دەپ سوئال قويدى . ئۆزىنىڭ توپىلاڭدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى زىنھار بوينىغا ئالمىدى . قارىغاندا ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىش باردەك ، توپىلاڭ قوزغىماقچى بولغانلار سېلىم ئەلەمنى سىرتتىن ئۆزىگە رەھبەر سايلىۋالغاندەك قىلاتتى . تارىختا بۇنداق ئىشلار ئاز بولغانمۇ ؟

شۇنداق قىلىپ باش جىنايەتچىنى ئېنىق بېكىتىش مۇمكىن بولماي قالدى . لېكىن ئاساسىي ۋەزىپە ئورۇندالغان ، توپىلاڭ چىقىشىنىڭ ئالدى ئېلىنغانىدى . ئەمدى توپىلاڭغا تەييارلىق

قىلغۇچىلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىلا قالغانىدى. ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ قارىشىچە، كۆتۈرۈلمىگەن توپىلاڭ ئۈچۈن جازا كېسىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق ئىشنى تۈگەتسىلا بولاتتى، لېكىن بۇ ئىشنى يۇقىرىدىن سورىماي، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى ئالماي بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايتتى. ئۇ شۇ كۈنى كېچە تۆردى سەمەت بىلەن ئىككى قورallىق ساقچىنى «ئىماملا» دا قالدۇرۇپ، ئۆزى يەنە ناھىيىگە ئاتلاندى. ئات يەنە بىر يۈز سەكسەن كىلومېتىر مۇساپىلىق تاغ يولىنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ كۆز يۇممىغىنىغا، بىر دەم يانپاشلاپ يېتىپ باقمىغىنىغا ئىككى سوتكا بولغانىدى. كۆز-قاپاقلىرى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ، ھېلىدىن-ھېلىغا يۇمۇلۇپ كېتەتتى. بەدەن-ئۇستىخانلىرى ئاغرىپ، پۇت-پاچاقلىرى چۆچۈپ تۇراتتى، ئەمما ئاتنى دېۋىتىشتىن توختىمايتتى. بىر يۈز سەكسەن كېلومېتىر يولنى بېسىپ ناھىيىگە تېزرەك يېتىپ بېرىش كېرەك ئىدى.

ئىككى سوتكا كۆز يۇمماسلىق، ئىككى سوتكا ئىچىدە بىر يۈز سەكسەن كىلومېتىر يولنى بېسىپ ئۆتۈش پەقەت ياش، ساغلام، نەۋقىران يىگىتنىڭ قولىدىنلا كېلىدىغان ئىش ئىدى. ئۇ ناھىيىگە يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم ئۇنىڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىنى قوبۇل قىلدى ۋە خوتەن يەرلىك پارتكومغا دوكلات قىلدى. يەرلىك پارتكوممۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلغانىدى. يەرلىك پارتكومنىڭ پىكرى يېتىپ كەلگۈچە راسا قېنىپ بىر ئۇخلىۋالغان ئىسمايىل ئەھمەد شۇ تۆت كۈن ئىچىدە ئۈچىنچى قېتىم «ئىماملا» سەپىرىگە ئاتلاندى. توپىلاڭغا تەييارلانغۇچىلارغا تەربىيە بېرىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى قويۇپ بېرىلدى. نەقەدەر جاپالىق يىللار ئىدى ئۇ-ھە؟ جاپامۇ

بار ئىدى ، ئىشلارنىڭ نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولاتتى...

ئاشۇ يىللاردا يۈز بەرگەن مۇقىمسىزلىقتا ئائىت ئىشلارنىڭ ئۈچىنچىسى «چاقار» رايونىدا چىقتى. «چاقار» دېگىنىمىز، چىرىيە ناھىيە بازىرىغا ئاتمىش كىلومېتىر كېلىدىغان، «چاقار دەرياسى» بىلەن «چىرىيە دەرياسى» نىڭ قىرغاقلىرىغا تارقىلىپ جايلاشقان بىر تاغلىق رايون ئىدى. تاغ خەلقى ئەركىن ياشاپ ئادەتلەنگەن، سەل يۈگەنسىز خەق ئىدى، ئىش چىقارغىلى ئارانلا تۇراتتى. ئاشۇ يىللاردا ئۇلار كوپېراتسىيىدە ئىشلەشكە، كوممۇنانىڭ داش قازىنىدىن ئۇماچ ئىچىشكە كۆنەلمەيۋاتاتتى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئاشۇ يەردە قانداقتۇر ئۆمەروپ، قاسىموپ، سايىموپ دېگەن ئادەملەرنىڭ پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەرگە ئېرىشتى. خەۋەردە مۇقىمسىزلىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان مىش-مىشلار، ئېگىز-پەس دەسسەشلەر ھەققىدىمۇ گەپ بار ئىدى، دەرھال تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەك ئىدى. ھۆكۈمەت دېگەن ئەل ئىچىدىكى بۇنداق مەخپىي ھەرىكەتلەردىن خەۋەرسىز قالسا بولمايتتى. ئىسمايىل ئەھمەد جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رۇستەم تۇرسۇننى باشلاپ رازۋېدكىغا ئاتلاندى. ئۇ چاغلاردا رەھبەرلەر بۇنداق ئىشلارنى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەيتتى. ئۇلار «قىزكۆتىكى»، «قىزىلىيول»، «لاڭسا» دېگەن يەرلەردە كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە يېتىپ-قوپۇپ خىزمەتلەرنى تاپات يايدۇردى، ئامما بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولغاندا مەسىلىلەرنى ئېنىقلىماق ئوڭاي بولاتتى، ئۇلار يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيتتى. سەن ئاشۇ يىپنى بويلاپ ئىلگىرىلىسەڭلا تۈگۈنچەكنى تېپىپ چىقالايتتىڭ ۋە ئۇنى يېشەلەيتتىڭ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، ھېلىقى «ئۆمەروپ، قاسىموپ، سايىموپ» دېگەنلەر

قانداقتۇر ئىللى-چۆچەك تەرەپتىن كېلىپ قالغان، «ئۈچ ۋىلايەتچىلەر» دىن ئەمەس ئىكەن، «چاقار» ئەتراپىدىكى يېزا ياشلىرى ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاشۇنداق «روپ، موپ» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشۇۋاپتۇ. كوپىراتسىيە قۇرۇلغىنىغا، يەر-زېمىن ۋە مال-ۋاراننى ئومۇمنىڭ قىلىشقا قارشى ئىكەن. شۇڭا تېخى ئۆزلىرىچە تەشكىلات قۇرۇپ، كوپىراتسىينى تارقىتىۋېتىش كۈرىشىگە ئاتلىنىشىپتۇ. ھېچكىمنىڭ تەشكىلات قۇرۇشىغا يول قويۇلمايتتى، تەشكىلات قۇرۇش ئەكسىلئىنقىلابىي قىلمىش ھېسابلىناتتى. تەشكىلات ئەزالىرى دەرھال قولغا ئېلىنىپ يېزا تەشكىلىگە قاماپ تۇرۇلدى. ئەمما «لاڭسا» دېگەن يەردە چاتاق چىقتى. ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ كاتتىۋېشى «قاسىموپ» تۇتۇشقا بارغانلارنى سېزىپ قېچىپتۇ ۋە «لاڭسا» نىڭ تۆپىسىدىكى بىر چېقىلغا چىقىۋاپتۇ. چېقىلنىڭ ئىگىزلىكى بىر يۈز ئەللىك-ئىككى يۈز مېتىرچە كېلەتتى، ئۇ ئاشۇ ئېگىزلىكتىن پايدىلىنىپ تۇتۇق بەرمەيۋېتىپتۇ. خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىسمايىل ئەھمەد بىلەن رۇستەم تۇرسۇن ئاتلىق يۈرۈپ «لاڭسا» غا يېتىپ باردى. مەلۇم بولدىكى «قاسىموپ»نىڭ نە ئاتقۇدەك مىلتىقى، نە ئادەم قورقۇتقۇدەك قورالى يوق ئىكەن. پەقەت تۇتماقچى بولغانلارغا «ئەگەر يېقىن كەلسەڭلار مۇشۇ يەردىن ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈپ بېرىمەن» دەپ قوقاق سېلىپتۇ. ئىسمايىل ئەھمەد ئۇنىڭغا ۋارقىراپ تۇرۇپ خىزمەت ئىشلىدى، ۋارقىرىمىسا، شۇنچە ئېگىز يەرگە ئاۋاز يەتمەيتتى. پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى چۈشەندۈردى، تەسلىم بولسا يەنە چىقىش يولى بولىدىغانلىقىنى، تەسلىم بولمىسا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن «قاسىموپ» دېگەن بۇ ئەبلەخ جاھىللىق قىلىپ چۈشكىلى ئۇنىمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

«مىلتىق بىلەن ئېتىپ چۇشۇرەيلى» دېگۈچىلەر بولدى ، لېكىن ئىسمايىل ئەھمەد قوشۇلمىدى . قورالسىز ئادەمنى ئاتساق قانداق بولىدۇ؟ ياكى جەڭ مەيدانى بولمىسا بۇ يەر؟ تۇتۇپ ، سوراق قىلىپ ئەمەلىي جىنايىتىگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىمامدۇق ، دېدى ئۇ . چېقىلغا چىقمۇالغان ئادەم بىلەن يېرىم كۈندەك ھەپىلىشىشكە توغرا كەلدى . ئاربدا پىسخىكا ئۆرۈشى كېتىۋاتاتتى ، كىم ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرالىسا شۇ غەلىبە قىلاتتى . ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىقلار خىزمەت ئىشلەشنى توختاتمىدى . ئاتا-ئانىسىنى ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ خىزمەت ئىشلەتكۈزدى ، چىقىش يولى بولىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا چۈشەندۈردى . جان دېگەن تاتلىق ئىدى . ئۆلەي دەپلا ئۆلۈۋالغىلى بولمايتتى . ئاخىرى كەچكە يېقىن قاسىموپ تەسلىم بولۇپ چېقىلدىن چۈشتى . بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا بىر-ئىككىسى قاماقتا ئېلىنغاندىن باشقا ، قالغان ياشلارغا تەربىيە بېرىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قايتۇرۇلدى…

چىرىيە ناھىيىسىدە ئاشۇ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يىللىرىدا يۈز بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىشلار ئاشۇ . بىز بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ياش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ خىيمخەتەرگە قارىماي ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغانلىقىنى ، جاپا-مۇشەققەتكە پىسەنت قىلمىغانلىقىنى ، مەسىلىلەرنى پىشقان كونا كادىرلاردەك ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى كۆرىمىز . ئاشۇ يىللارنىڭ ئىسمايىل ئەھمەد ھاياتىدا چېنىقىش جەريانى ، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ، پىشىپ قاتارغا قېتىلىش جەريانى بولغانلىقىنى كۆرىمىز . ھەقىقىي پولات پەقەت ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئوت ئىچىدىلا تاۋلىنىپ چىقىدۇ .

بۇ پاراگرافنىڭ ئاخىرىدا ھېكايە قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، چىرىيە ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن ئاشۇ ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم مۇقىمسىزلىق ۋەقەلىرىدىن كېيىن، ئەلۋەتتە بۇ ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى چوڭقۇر تەھلىل قىلىندى. ئوبيېكتىپ-سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى سەۋەبلەر ئاختۇرۇلدى، مەلۇم بولدىكى، كىشىلەر سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە ماسلىشىپ كېتەلمەيۋاتاتتى. كۈنسايىن يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلارغا ئىدىيە جەھەتتىن يېتىشىپ ماڭالمايۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇشقا نىسبەتەن كۆچلۈك پىكرى بار ئىدى، بۇ تەبىئىي ئىش ئىدى. نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى يەككە ئىشلەپ كەلگەن دېھقانلارنىڭ بىر كېچىدىلا كوللېكتىپ ئىشلەشكە كۆنۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىدىيىدىن-كاللىدىن ئۆتمىگەن ئىشلار ساماندەك تولا ئىدى. ئەگەر ئەھۋال بۇ تەرىقىدە كېتىۋەرسە يەنىمۇ كۆپ مۇقىمسىزلىق ۋەقەلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى.

چىرىيە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە شۇ يىنجاڭ شۇجى، ئىسمايىل ئەھمەدلەر مانا مۇشۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلقنى تەربىيىلەشنى قارار قىلدى. خەلقنى تەربىيىلەشتە ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرى تەربىيىلىنىشى كېرەك ئىدى. شۇ زامانلاردا خەلقنىڭ ئەمەلىيەتتىكى يولباشچىسى كىم ئىدى؟ ھەر دەرىجىلىك كادىرلاردىن باشقا ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى ئىمام-خاتىپلار، موللا-ئاخۇنلار ئىدى. ئاشۇلارنى تەربىيىلىگەندىلا ئاندىن خەلققە ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسەتكىلى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ «1959-يىل 3-ئاينىڭ 6-كۈنى چىرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ‹ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن خەلق ئىچىدە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى

يولىيورۇقى ،نىڭ روھىغا ئاساسەن ، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش مەركەز قىلىنغان كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىردى . دىنىي زاتلار ۋە سودا-سانائەتچىلەردىن بىر يۈز يەتمىش تۆت كىشى قاتناشتۇرۇلغان بۇ يىغىن بەش ئاي داۋام قىلىپ 8-ئاينىڭ 9-كۈنى ئاخىرلاشتى . »[1]

بۇ قېتىمقى ئۇزۇن يىغىنغا چىرىيە ناھىيىلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن ئىسمايىل ئەھمەد يېتەكچىلىك قىلدى . بۇ قېتىمقى يىغىنمۇ ھەممە سىياسىي ھەركەتلەرگە ئوخشاش ، ھۆججەت ئۆگىنىش ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش ، تەسىرات سۆزلەش ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى ئاشكارىلاش ، باشقىلارنى پاش قىلىش ، مەسىلىسى ئېغىر كىشىلەرنى ئوبيېكت قىلىش ، جاھىللىق قىلغانلارنى كۈرەش-پىپەن قىلىش ، ئاخىرىدا چارە كۆرۈش… قاتارلىق باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلدى . بىز ئاشۇ يىغىن ئارقىلىق ، قاتناشقۇچىلارنىڭ ئېڭىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى ، نېمىنى دېيىش ، نېمىنى دېمەسلىكنى ، نېمىنى قىلىش ، نېمىنى قىلماسلىقنى ئېنىق بىلىۋالغانلىقىنى ، پارتىيىگە ئەگىشىپ ، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىرادىسىگە كەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز . ئەمما قاراشلىرى چۆيۈندەك قېتىپ كەتكەن جاھىل كىشىلەرمۇ بار ئىدى . شۇ قېتىم چىرىيە يېزىسىدىن كەلگەن ھۆسۈيۈنخان ئىسىملىك موللىنىڭ مەسىلىلىرى كۆپرەك پاش قىلىندى . ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ پارتىيە ۋە سوتسىيالىزمغا ، خەنزۇ مىللىتىگە ، كوپېراتسىيە ۋە خەلق كوممۇنىسىغا ، باش لۇشيەنگە ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كە قارشى گەپ-سۆزلىرى خېلى جىق ئىدى . بۇنداق كىشىلەرگە ئوبدانراق تەنبىھ بەرمەي بولمايتتى . ئۇ

---

① «چىرىيە ناھىيە چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»دىن ئېلىندى .

چوڭ يىغىندا ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇلدى ، ئۇ بىر جاھىل موللا ئىدى ، باشقىلار بىلەن قارشىلىشىپ مۇنازىرىلىشەتتى . «ئۇنسۇر» دېگەن سۆز ئىستېمالغا يېڭى كىرىپ كېلىۋاتقان چاغلار ئىدى . ئامما ھۆسىيۇنخان موللامنى «سەن پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر» ، «مىللەتچى ئۇنسۇر» ، «كوممۇناغا قارشى ئۇنسۇر» دەپ پاش قىلاتتى . ھۇسىيۇنخان موللام بولسا ، «مەن ئۇنسۇر ئەمەس» دەپ قارشىلىشاتتى . قارشىلاشقانسېرى ، سەھنىگە يۇگۇرۇپ چىقىپ ، ھۇسىيۇنخان موللامنىڭ بۇرنىغا قولىنى چىنەيدىغانلار ، ئۇنى دوختايتىپ ، پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلايدىغانلار بولاتتى . ئاممىۋى ھەرىكەت ئەمەسمۇ ، بۇنداق ئىشلاردىن ساقلانغىلى بولمايتتى . شۇنچە قىلسىمۇ ھۆسىيۇنخان موللام يەنىلا «مەن ئۇنسۇر ئەمەس» دەپ قارشىلاشقىنى قارشىلاشقاندى…

شۇ قېتىمقى كۆرەش جەريانىدا ھۆسىيۇنخان موللام بىلەن كۆپرەك ھەپىلىشىشكە توغرا كەلدى . ئۇ كۆپ ۋاقىتنى ئىگىلەپ كېتىۋاتاتتى . بۇ ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە باشقىلارغا ۋاقىت قالمايتتى . كۆرسنى باشقۇرۇۋاتقان ئىسمايىل ئەھمەد بۇلارنى ھېس قىلدى . ھۆسىيۇنخان موللامنىڭ «ئۇنسۇر» دېگەن ئاشۇ سۆز بىلەن ئاتىلىشتىن بەك قورقىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدى . ئۇ ھۆسىيۇنخان موللام بىلەن ئايرىم سۆزلەشتى ، ئامما بىلەن ، سىياسەت بىلەن قارشىلاشماسلىق ، خاتالىقلارنى ياۋاشلىق بىلەن بويىنغا ئېلىپ تۈزىتىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى ، ئاشۇ سۆزلىشىشتە ھۆسىيۇنخان موللام نېمە دېدى دېمەمسىز ؟ ئۇ :

«مېنى پارتىيىگە ، سوتسىيالىزمغا قارشى دېسىمۇ مەيلى ، كوپېراتسىيە ، خەلق كوممۇنىسىنىڭ دۈشمىنى دېسىمۇ مەيلى ، ئەمما ئۇنسۇر دېمىسۇن» دېدى .

ئىسمايىل ئەھمەد كۈلۈپ كەتتى ، بۇ «ئىششەككە ئۇنىماي ، نىمشەككە ئۇناپتۇ» دېگەندەك گەپ ئىدى ، ئۇسكەك دېسىمۇ ، مۆڭگەك دېسىمۇ مەيلى ، ئەمما كالا دېمىسۇن دېگەن گەپ ئىدى . ئىسمايىل ئەھمەد ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئاتالغۇ مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ بېشىدىكى ئېنىقلىغۇچىسى بولمىسا ھېچقانداق يامان گەپ ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ باقتى . مىساللارنى كەلتۈردى ، ئەمما ھۇسىيۇنخان موللا زادىلا چۈشەنگىلى ئۇنىمىدى .

«يامان گەپ بولمىسا ، نېمىشقا ھاشىم بورىنىمۇ ئۇنسۇر دەيدۇ ، مەن ئاشۇ ھاشىم بورا بىلەن تەڭمۇ ؟» دەپ يالتىياتتى ھۇسىيۇنخان .

ئىسمايىل ئەھمەد ئۇنىڭ ئۆزىنى ھاشىم بورا بىلەن ئوخشاش دەپ قارىلىشتىن قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى . بۇ بىر ئەخمىقانىلىك ئىدى ، ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ كۈلگىسى كېلەتتى .

ئاشۇ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى چاغلاردا ، چىرىيىدە يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق ، تام تېشىپ ئوغرىلىق قىلغان ھاشىم بورا ئىسىملىك بىر داڭلىق ئوغرى بار ئىدى . توغراقتەك غولاسەن ، تۆت چىشلىق بوقىدەك كۈچلۈك نېمە ئىدىكى ، تۆت ئاتلىق ھارۋا-مەپىلەرنىڭ كەينىدىن ئېسىلىدىغان بولسا ، ئاتلار ھارۋىنى تارتالماي تىزلىنىپ قالاتتى ، چوڭ كالا-توپاقلارنىمۇ كۆتۈرۈپ بېسىپ ، پۈتىنى چۈشەپ بىردەمدىلا سويۇپ تاشلىيالايتتى . ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئوغرىنىڭ ئۆزى ئوغرىلىققا چۈشكەن ئۆيلەردىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى ئېلىپ ، تۇيغان-تۇيمىغان ئۆي ئىگىسىنى يوتقان-كۆرپىسى بىلەن قوشۇپ بورىغا يۆگەپ تامغا يۆلەپ قويۇپ چىقىپ كېتىدىغان ئادىتى بار ئىدى . شۇڭا ئۇنىڭغا «بورا» دەپ لەقەم سىڭىپ قالغان . ئۇنىڭ ئۆكۈز-توپاقلارنى ئوغرىلاپ ، مۈڭگۈزىگە ھېلىلا قوقاستىن ئېلىنغان كۆمەچ ياكى كاۋىنى كەيدۈرۈپ ، ئۆكۈز-توپاقنىڭ

مۇڭگۈزىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ، تونۇغۇسىز قىلىۋېتىدىغان قىلىقلىرى بار ئىدى . ئېشقىلىپ ، ئۇنىڭدىن ھەممە كىشى قورقاتتى ، سېسىق نامى پۈتۈن چىرىيىگە پۇر كەتكەنىدى . ئاتا-ئانىلار قەغىشلىك-گىجىڭلىق قىلغان بالىلىرىغا «ھاشىم بورا كەلدى» دەيدىغان بولسا ، يىغلاۋاتقان ئاشۇ كىچىك بالىمۇ قورقۇپ دەرھال زۇۋانىنى ئۆچۈرەتتى . ئازادلىقتىن كېيىن يېڭى ھۆكۈمەت ھاشىم بورىنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن . ئۇنىڭغا «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقى كىيدۈرۈپ ، رېجىمغا ئالغانىدى . ئەمدى كىشىلەر ئۇنى «ھاشىم بورا» دېمەي «ھاشىم ئۇنسۇر» دەپ ئاتاشقانىدى . بۇ داڭلىق ئوغرى «ئۇنسۇر» دېسىلا ياۋاشلاپ قالاتتى .

ئەمدى مانا ھۇسيۇنخان موللام ئۆزىنى ئاشۇ ھاشىم ئۇنسۇر بىلەن تەڭلەشتۈرۈشتىن ، ھاشىم ئۇنسۇر بىلەن ئوخشاش بولۇپ قېلىشتىن قاچۇرۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ جاھىللىقى مانا شۇ سەۋەبتىن ئىدى ، ئۇ ئۆزىنىڭ «كومپارتىيىگە قارشى ئەبلەخ» دەپ ئاتىلىشىغا رازى ئىدىكى ، «كومپارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر» دەپ ئاتىلىشىغا رازى ئەمەس ئىدى . بۇ باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەكلا ، ئاشۇ موللىنىڭ ئەخمەقلىقىدىن كېلىپ چىققانىدى .

ئىسمايىل ئەھمەد باشقۇرغان ئاشۇ قېتىملىق كۇرستا ، موللىلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەخمەقلەرچە كۈلكىلىك ئىشلىرىمۇ بولۇپ ئۆتكەنىدى . ئەمما شۇ قېتىملىق كۇرسنىڭ موللا-ئاخۇنلارغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەربىيە بولغانلىقىنى ، ئىنتايىن ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك . خۇددى «چىرىيە ناھىيە چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»دە خۇلاسە قىلىنغاندەك : «يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ سىياسىي ئېڭى ئۆستۈرۈلدى ، سوتسىيالىزم مەۋقەسى قەتئىيلەشتۈرۈلدى ، يەرلىك مىللەتچىلىك خاتالىقلىرى تەنقىد

قىلىندى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى » . بۇ قېتىمقى كۈرەشنىڭ كېيىنكى چاغلاردا چىرىينىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا رولى ئىنتايىن چوڭ بولدى .

## 3 . هاكىم

چىرىيە دىيارى ، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئايرىم ناھىيە بولغىنىغا دەل ئوتتۇز يىل توشقان ، شۇ ئوتتۇز يىل ئىچىدە ئايۇپ بەگ (ئادارېنمۇ دېيىلىدۇ ، ئاقسۇ بايلىق كىشى) ، يۈەن دارېن ، ئابدۇقادىر داموللا ، قاسىم بەگ پاتاڭ (لوپلۇق كىشى) ، توختى بەگ ، تاشتۆمۈر بەگ ، مەتتارى بەگ ، جاڭ دارېن ، يۈەن دارېن ، زەمىر (تاجىك ئامبالمۇ دېيىلەتتى) ، يۈي شۆسەن ، چوڭ ئاخۇن (قەشقەرلىك ، يەنە بىر ئىسمى چۈن جاۋلىن) ، ئازادلىقتىن كېيىن كەنجى ئىبراھىم (ئاقسۇ بايلىق) ، سۇلتان ھەسەن (بورتالالىق) ، مەتقۇربان تۇرسۇن قاتارلىق كىشىلەر ھاكىم بولۇپ ئۆتكەن . 1959 -يىل 9 -ئايدا بىزنىڭ ئىسمايىل ئەھمەد چىرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى . بۇ دەل ئۇنىڭ يىگىرمە تۆت ياشقا تولغان كۈنلىرى ئىدى . يىگىرمە تۆت ياشتا سەكسەن مىڭ نوپۇسلۇق بىر ناھىيىگە سەركەردە بولۇش نېمە دېگەن زور شان-شەرەپ ۋە نېمىدېگەن ئېغىر مەسئۇلىيەت-ھە ! نەۋقىران يىگىت ھاكىملىقتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ ؟ ئۇنىڭغا پارتىيە ئىشىنىدۇ ، ھۆكۈمەت ئىشىنىدۇ ، خەلق ئىشىنىدۇ . پارتىيىنىڭ ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويماسلىق كېرەك ، ئېغىر ۋەزىپىنى تىرىشىپ زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك . ئىسمايىل ئەھمەد ئەمەلىيەتتە ئاشۇ بىر ناھىيىنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى

ئارتقۇرالىغۇدەك تەجرىبىگە ، ئىرادىگە ، غەيرەت-جاسارەتكە ئىگە ئىدى . ئەمما ئۇنىڭغا خېلىلا ئېغىر كۈنلەردە ھاكىملىق قىلىشقا توغرا كەلدى . دۆلىتىمىز ئۈچ يىللىق ئېغىر تەبىئىي ئاپەتنىڭ سىنىقىغا دۇچ كېلىۋاتاتتى . ئەسىرلەردىن بېرى ، غەربتە خوتەننى ، شەرقتە كېرىيە ، نىيەلەرنى ، جەنۇبتا تاغلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئېشىنچا ئاشلىق ۋە ياغ بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان چىرىيە ناھىيىسىمۇ ئاچارچىلىققا دۇچ كېلىۋاتاتتى . كىشىلەر ئورۇقلاپ يادىغان ، لەۋلىرى ھېقىقتەك سوزۇلۇپ ، مەيدىلىرى چاك-چاك يېرىلغان . ئۇلار «شامال كېسىلى» دەپ ئاتىلىدىغان «چالاش» كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى . بۇ ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن پەيدا بولىدىغان كېسەل ئىدى . پوت-بەللىرىدە ماغدۇردىن ئەسەر يوق كىشىلەر شامالدا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ۋە ياكى شامال سوققان قومۇشتەك لەلەڭلەپ قالغان ئىدى . ئاچ قالغان ئادەم نېمىلەرنى قىلمايدۇ ، نېمىلەرنى يېمەيدۇ دەيسىز ؟ چىرىيە ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئالتە خىل دانلىق ۋە مايلىق زىرائەتنىڭ شاخ-شۇمبىسىدىن ماي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى ، ئارقىدىنلا يەنە شۇ ئاشلىق ئىدارىسى كۆممىقوناقنىڭ پۆپۈكى ۋە قوناق پوستىكىنى قايىنىتىپ كراخمال ئېلىشنى يولغا قويدى ۋە پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەممە كوممۇنالارغا كېڭەيتتى . كۆممىقوناق پوستىكىدىن كراخمال ئېلىش دېگىنىمىز ، كۆممىقوناقنىڭ بىر تالاي پوستىكىنى داش قازانغا سېلىپ ئۇزۇن قايىنىتىشنى كۆرسىتەتتى . قايناش جەريانىدا پوستەك يۇمشاپ ، ئېزىلىپ ، قازان تېگىدە چۆكمە پەيدا بولاتتى . مانا شۇ چۆكمە قۇرۇتۇلۇپ ، ئېزىپ-تالقان قىلىنسا ، ئۇمۇ ئاشلىق ھېسابلىناتتى . ئاشۇ نەرسىنى ئاشلىققا قوشۇپ ئىستېمال قىلىش كېرەك ئىدى . ئەمەلىيەتتە پوستەكنى ھەرقانچە قايناتقان بىلەنمۇ چىقىدىغان نەرسە

چاغلىق ئىدى . قالاپ كۆيدۈرگەن ئوتۇننىڭ ، قىلغان ئەمگەكنىڭ سەرپىياتىغا تەڭلەشكۈدەك ھېچنېمە چىقمايتتى ، ئەمما ئاچ قېلىپ ئۆلگەندىن ئاشۇ نەرسىنى بولسىمۇ يەپ ھايات قالغان ئەۋزەل ئىدى . بۇرۇنلاردا كىشىلەر كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدىغان قاغا جىگدىسى ۋە ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ شاتىراق گۈلىسى ئەمدى تۇتىيادەك ئەتىۋار بولۇپ كەتكەنىدى . پۈتۈن خەلقنىڭ ئەس يادى ئاچارچىلىقتىن ساق-سالامەت ئۆتۈۋېلىش ئىدى . خەلققە ئوخشاشلا ئورۇقلاپ ياداپ كەتكەن يېڭى ھاكىمنىڭ ئەس-يادىمۇ بىر ئىلاجىلارنى قىلىپ سەكسەن مىڭ نوپۇسلۇق چىرىيە خەلقىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشتا ئىدى . ئەمما ئەھۋال شۇ تۇرسا ، پوستەكتىن ، شاخ-شۇمبىدىن يېگۈدەك بىر نەرسە ئېلىشقا ئۇرۇنماي نېمە ئىلاج ؟ ئۇ ھاكىملىق كۇرسىغا ئولتۇرغان شۇ كۈنلەردە يەنە قېرىشقاندەك ناھىيە تەۋەسىدە قاراكېزىك تارقىلىپ كەتتى . قاراكېزىك — تېز تارقىلىدىغان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل ئىدى ، ناھىيە بويىچە بىر مىڭ يىگىرمە يەتتە نەپەر ئادەم كېسەل تېگىپ يېتىپ قالدى ، ئوتتۇز ئىككى ئادەم ئۆلدى ، كېسەل تەگكەن ۋە ئۆلگەنلەر بۇنىڭدىنمۇ جىق بولۇشى مۇمكىن . ئەمما مەلۇم قىلىنغانلىرى شۇ ئىدى . خۇددى «خۇدا ئۇرغاننى خۇداۋەندىكام قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتاتتى . شۇ كۈنلەردىكى ئالدىراشچىلىقنى بىر دېمەڭ . كېسەل تەگكەنلەرنى ئايرىپ تاشلاش ، يۇقۇش-كېڭىيىش يوللىرىنى ئۈزۈۋېتىش ، يىقىلغانلارنى داۋالاش كېرەك ئىدى . خەلق ئاش-ئاش-ئاش دەپ تۇراتتى . كېسەللەر دورا-دورا-دورا دەپ ئىڭرىشاتتى . ھاكىمنىڭ پۇتى تۆتكە ، قولى ئالتىگە كۆپىيىپ ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇلگۇرۇشى ، ھەممە ئىشلارنى ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى . ئۇنىڭغا بېشىنى قاشلىغۇدەك ، بىردەم ئارام ئېلىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقىت

يوق ئىدى . شۇ يىلى 12 -ئايدا گۇلاخما خەلق كوممۇناسىدىكى قاراسۇ ئېقىن سۇ ئامبىرى يار ئېلىپ كەتتى . ئامباردىكى بىر مىليون يەتتە يۈز يەتمىش مىڭ كۇب مېتىر سۇ تامامەن ئېقىپ تۈگىدى ، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ؟ كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئېتىزلارنى قايسى سۇ بىلەن سۇغارغۇلۇق ؟

شۇ يىللادا ياش بولۇشىغا قارىماي خەلقپەرۋەرلىكنى ئۆزىگە مىزان قىلىشقا ئۈلگۈرگەن ھاكىمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىشى خەلقنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇشقا مەركەزلەشكەنىدى . ئۇنىڭ ئاشلىق تەلەپ قىلىش ھەققىدىكى مىڭلىغان دوكلات-ئىلتىماسلارغا تېستىق سالغانلىقى ، يەنە مىڭلىغان چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ يېمەكلىكنى كۆپەيتىشكە ئۇرۇنغانلىقى ، ئاشلىق ۋە يېمەكلىك ھەل قىلىپ ، نۇرغۇن كىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغانلىقى تۇرغان گەپ . بۇ يەردە كىچىككىنە بىر ئىشنى ئەسلەپ ئۆتىمىز .

سوغۇق شامال ھۇۋلاپ تۇرغان بىر كۈنى ھاكىم چىرىيە ناھىيىسىدىكى ئاتا مىراس پوچتىكەش مۇسا باراتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىدۇ . بەلكىم ئاشۇ بىر يىلى چاقار بىلەن چىرىيە ئارىلىقىدا ئۆزىگە يول باشلاپ بەرگەن مۇسا باراتنى يوقلاپ كىرگەندۇ ، ئەمما ئۇ مۇسا باراتنىڭ ئۆيىدە ئاچلىقتىن نىمجان بولۇپ ، ئېچىنىشلىق ئىگرىشىۋاتقان ئالتە بالىنى كۆرىدۇ . باللارنىڭ ھالى راستىنلا خاراب ئىدى . ھاكىم مۇسا باراتنىڭ ئۆيىدە ئاشلىق تۈگىگەنلىكىنى ، باللارنىڭ ئىككى كۈندىن بېرى ئاغزىغا ھېچنېمە سالمىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ . مۇسا بارات— باللارنىڭ ئالدىدا تەڭلىكتە قالغان بىچارە ئاتا كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ ، خىجىلچىلىق ئىچىدە ئاشۇ ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىدۇ . ھاكىممۇ كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ . بۇنداق ئەھۋالغا چىداپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . باللار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە بولمايتتى . ھاكىم

شۇ يەردىلا مۇسا باراتنىڭ ئائىلىسىگە ئاشلىق ھەل قىلىپ بېرىدۇ… ئەشۇ ۋەقە تا ھازىرغىچە مۇسا باراتنىڭ چوڭ ئوغلى مەمتىمىن مۇسانىڭ ئېسىدە . ئۇ : «ئەگەر شۇ چاغدا ھاكىم ئاشلىق ھەل قىلىپ بەرمىگەن بولسا ، بىز ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتۇق» دەپ ئەسلەيدۇ ئاشۇ كۈنلەرنى… شۇ يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىككىنچى ۋەقە شۇكى ، چىرىيە دىيارىدا سايىت ساراڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىر ساراڭ ئادەم بار ئىدى . ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ئاشۇنداق دەلدۈش تۇغۇلۇپ قالغانمۇ ياكى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئېلىشىپ قالغانمۇ ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ئەمما ئۇنىڭ كوچا-كويلاردا يۈرگىنى يۈرگەنىدى . ئازادلىقتىن بۇرۇنقى يىللاردا كىشىلەر ئۇنى «ساراڭ» دېسە ، ئۇ خۇددى ئوڭ ئادەمدەك «مەن ساراڭ ئەمەس ئالەم ساراڭ» دەپ ۋارقىرايتتى . ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى توختاپ قالغان ، ئۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەردىن مەمنۇن بولغاندەك ئىدى . ئەمما يەنىلا كوچا-كويلاردا يۈرەتتى ، ھەممە قىلىقى ساراڭلارچە ئىدى . كىشىلەرنىڭ سەدىقىسىگە تايىنىپ جان ساقلايتتى . ئاشۇ ئاچارچىلىق يىللىرىدا ئۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى . باشقا چاغدا ئەمەس دەل تاماق ۋاقتىدا كېلەتتى . تاماق يەۋاتقانلارنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى . بىرىنچى قېتىمدا ئىسمايىل ئەھمەد ئۇنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا تامىقىدىن ئازراق بەردى . سايىت ساراڭنىڭ ئالدىغا تاماق ئېلىپ بېرىلگاندا ، ئۇ شۇنداق كۈلۈپ كەتتىكى ، ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ساراڭلارچە مەمنۇنلۇق قوشۇلغانىدى ، رازىمەنلىكمۇ بار ئىدى . ئەنە شۇ كۈندىن كېيىن سايىت ساراڭ ھەر كۈنى تاماق ۋاقتىدا ، دەل تاماققا ئۈلگۈرۈپ پەيدا بولىدىغان بولدى . ئىسمايىل ئەھمەد ھەر كۈنى تامىقىنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بېرەتتى . ھەر قېتىم تاماق ئالدىغا ئېلىپ

بىرىلغاندا سايىت ساراڭ مەجنۇنلارچە كۈلۈپ كېتەتتى ۋە تاماقنى ھۇزۇرلىنىپ يەيتتى...

شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ بىچارىمۇ ئاچارچىلىق يىللىرىدىن تىنچ-ئامان ئۆتۈپ كەتتى، يەنە خېلى يىللارغىچە ياشىدى... بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

بۇلارنى ھازىر ئەسلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما چىرىيە دىيارىدىكى پېشقەدەملەر بىلەن، ئەينى يىللارنىڭ شاھىدلىرى بىلەن پاراڭلاشقاندا، يەنىلا «ھاكىم ماڭا بىر چاپان ھەل قىلىپ بەرگەنىدى»، «ھاكىم ماڭا بىر ئاياغ بەرگەنىدى» «ھاكىم بىزنىڭ ئەترەتكە مىڭ جىڭ ئاشلىق ھەل قىلىپ بەرگەن ئىدى» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ئاشۇ يىللاردا بۇنچىلىك ھىممەتنى ھەرگىز كىچىك ئىش دېگىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. بۇ پەقەت خەلق ئىچىدىن چىققان، خەلققە ئىچ ئاغرىتالايدىغان ھاكىمنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئىدى.

شۇ يىللاردا، قىيىنچىلىقلار قاتمۇ قات يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما چىرىيە دىيارى ئاشۇ قىيىنچىلىقلار ئىچىدە يەنىلا ئالغا سىلجىۋاتاتتى. ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى ئېلېكتر سانائىتى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئىش قوشۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون ئۈچ زاۋۇت-كارخانا قۇرۇلۇپ، ئىش باشلىغانىدى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى بويىچە ئىلغار ئورۇن، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنلىرى ئېچىلىۋاتاتتى. بىر مىڭ ئىككى يۈز كىشىلىك سۇ قۇرۇلۇشى ئارمىيىسى «نۇرى» كوممۇنىسىنىڭ «بۇرانتاي» دېگەن يېرىگە يېتىپ بېرىپ سەكسەن

بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جەڭگىۋار ئۆستەڭنى چېپىشقا باشلىغانىدى . كوممۇنالارنى تەرتىپكە سېلىش باشلىنىپ ، مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شاملى ، «مۇبالىغە قىلىش شاملى» نى توسۇش ، «بىرىنچىدىن تەڭشەش ، ئىككىنچىدىن يۆتكەپ كېتىش» تىن ئىبارەت ئېغىشنى توسۇش قولغا ئېلىنغانىدى . «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشتىن پەيدا بولغان تۇمان ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈپ ، ئاسمان يۈزى ئېچىلىۋاتاتتى . ھاكىم كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش بىلەن بىللە چىرىيە دىيارىنىڭ يىراق كەلگۈسىنىمۇ ئويلىشى كېرەك ئىدى ، كەلگۈسى ئۈچۈن پىلان تۈزۈشى ، يىراق ، گۈزەل ، بەختلىك ، كەلگۈسى ئۈچۈن ئاساس سېلىشى كېرەك ئىدى . بۇرۇنقى زامانلاردا ئۆتكەن ھاكىملار ھاكىمىيەت تامغىسىنى تۇتۇپ ، ئەپيۈن غاڭزىسى ئالدىدا يېتىپ كۈن ئۆتكۈزۈدىغان ، خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالغان ، خەلقنى شىلىپ يەيدىغان ، چونتەك ۋە ساندۇقىنى تولدۇرىدىغان ھاكىملار ئىدى . ئەمدىكى ھاكىم بولسا ، خەلقنىڭ چاكىرى ، يۇرتنىڭ ئىگىسى ئىدى ، پۈتۈن يۇرتقا پۈتۈن خەلققە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى . ئىسمايىل ئەھمەد بۇنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى . ئۇ چىرىيە ناھىيىسىدە ھاكىملىق قىلغان قىسقىغىنە ئۈچ يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ، چىرىيە دىيارىنىڭ بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ئاز بولمىغان يۈرەك قېنىنى ، ئەقىل-زېھنىنى ، جىسمانىي كۈچىنى ، قان-تەرىنى سەرپ قىلدى . چىرىيە دىيارىغا ھاكىم بولغان ئادەم ئەڭ ئالدى بىلەن چىرىيە بوستانلىقىنى سۇغىرىدىغان سۇ ھەققىدە ئويلىنىشى كېرەك ئىدى ، سۇنى ھەل قىلماي بولمايتتى . شۇ يىللاردا ئىسمايىل ئەھمەد سۇ ئىزدەپ بارمىغان قايسى تاغ ، قايسى دەريا قالدى ؟

ئۇنىڭغا مەشھۇر سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى ، خوتەن خەلقى

ھېلىمۇ سىغىنىپ ئەسلەيدىغان خەنزۇ كادىر ۋاڭ ۋېي ۋە دەي زىيەنلەر ھەمراھ ئىدى . ئەپسۇسكى ، شۇنچە دەريا ، شۇنچە ئېقىنلار بىر يىلنىڭ سەككىز-توققۇز ئېيىدا قۇرۇق تۇراتتى . كۆل-بۇلاقلار تاغلار ئارىسىغا قاپسىلىپ قالغانىدى . يۇرۇڭقاش دەرياسى چىرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن شەرقتىن غەربكە قاراپ كېسىپ ئۆتىدىغان بولغاچقا ، قاراقۇرۇم ئېگىزلىكىدىكى قار-مۇزلۇق تاغلاردىن ئېرىپ چۈشىدىغان سۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىغا قۇيۇلۇپ ، لوپ-خوتەن تەرەپلەرگە ئېقىپ كىتەتتى . چىرىيىگە قالىدىغىنى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ-ئېدىرلاردىن ئېرىپ كېلىدىغان ئازلا سۇ ئىدى . ئاشۇ ئازراق سۇمۇ قار قېلىن ياغقان يىللىرى كۆپرەك بۇلاتتى . قىشتا قار ياغماي قالسا ، سۇمۇ بولماي قالاتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە تاغدىكى قارلاردىن ئېرىپ ئېقىپ چۈشكەن سۇلاردىن ھاسىل بولغان پەسىللىك دەريالارنىڭ سۈيى تەكلىماكان باغرىدىكى بوستانلىقلارغا يېتىپ بارغۇچە ئۇزۇن ساي-ئېدىرلاردا سىڭىپ تۈگەپ كېتەتتى ياكى ئازلاپ قالاتتى . «گۇلاخما» بىلەن «دامىكۇ» نى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ دەپ قارىلىدىغان «نۇرى دەرياسى» نىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى بىر يۈز يەتمىش ئىككى مىليون كۇب مېتىر بولسىمۇ ، سۇغىرىش رايونىغا يېتىپ بارالايدىغىنى ئاران ئىككى مىليون كۇب مېتىر سۇ بۇلاتتى . قالغان سۇ ئاشۇ پايانسىز ساي-ئېدىرلاردا سىڭىپ يوق بولۇپ كېتەتتى . يازنىڭ راسا ئىسسىق كۈنلىرىدە ، كەلكۈن راسا ئۇلغايغان ۋاقىتتا ئاندىن «گۇلاخما» بىلەن «دامىكۇ» غا كەلكۈن يېتىپ كېلەتتى ۋە يېرىم ئايچە ئاقاتتى . قالغان چاغلاردا بۇ بوستانلىقلار يار-گازۇنلارنىڭ تېگىدىن سىرغىپ چىققان ، زېمىنىنىڭ كۆز يېشىغا ئوخشايدىغان كىچىككىنە بولاق سۈيىگىلا قاراشلىق بولۇپ قالاتتى ··· كىشىلەر تاغ ئىچىدە غايەت چوڭ كۆل بار ، سۈيى يىل

بويى لىپمۇلىپ بولۇپ تۇرىدۇ ، ئەمما تېشىپ كەتمەيدۇ . ئاشۇ كۆل سۈيى چىرىيە دىيارىغا باشلاپ كېلىنسە ، چىرىيىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل بولىدۇ ، دېيىشەتتى . ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ سۇ ئىزدىشى ھاكىم بولۇشتىن ئىلگىرىلا ناھىيىلىك پارتكومدا مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلاردىلا باشلانغانىدى . ئاشۇ چاغدا ئۇ تولىراق چاقار يېزىسىدا نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەيتتى . ناھىيىدە جىددىي ھەل قىلىدىغان ئىشلار بولمىغان ۋە مۇھىم يىغىن ئېچىلمىغان چاغلاردا چاقاردا تۇراتتى . چاقار يېزىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى بىۋاستە تۇتۇپ ئىشلەيتتى . ۋەزىپە ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش ، مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە سۇ ئىزدەش ئىدى .

بىر قېتىم مۇھەممەت ناسىر ، تۇرسۇن نىياز روزى قاتارلىق بەش ئادەم تاغ ئىچىگە سۇ ئىزدەپ كىردى . ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاشۇ كىشىلەر ئېغىزىدىكى غايەت چوڭ كۆلنى تېپىش ئىدى . تاغ يوللىرى دېگەن چىغىردىنلا ئىبارەت بولاتتى . ئات بەزى يەرلەردە ماڭالايتتى ، بەزى يەرلەردە ماڭالمايتتى ، داۋانغا چىققان ۋە داۋاندىن چۈشكەن چاغلاردا ئاتنى يېتىلەشكە توغرا كېلەتتى . تاغ ئېگىز ، ھاۋا شالاڭ ئىدى . بىرىنچى قېتىم سۇ ئىزدەپ تاغ ئىچىگە كىرگەندە ، ئىسمايىل ئەھمەد باشلىق ھەمراھلار ئېگىز تاغ ئارىسىدا ئىسلاپ كەتتى ، ئىسلاپ كەتتى دېگىنىمىز ، ئوكسىگېن يېتىشمىگەنلىك ئىدى ، ئوكسىگېن يېتىشمىسە نەپەس ئېلىش تېزلىشىپ ، باش قېيىپ ، كۆز قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى . ئەگەر ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك ئۇزاقراق داۋاملاشسا ھايات خەۋپكە ئۇچرايتتى . شۇ قېتىم ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىدۇ . تاغ ئىچىدە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكتىن يىقىلىپ قېلىشقا تاس-تاماسلا قالىدۇ . ئاز ۋاقىت دەم ئېلىپ ، ئاران تەستە تاغدىن يېنىپ كېلىۋالىدۇ . ئەمما ئىشنى بۇنىڭ بىلەنلا

بولدى قىلىشقا، سۇ مەنبەسى ئىزدەشنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايتتى. ئىسمايىل ئەھمەد ھەمراھلىرىنى باشلاپ ئىككىنچى قېتىم، ئۈچىنچى قېتىم يەنە تاغ ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن قارىغاندا سۇ مەنبەسىنى تاپماي بولدى قىلمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۈچىنچى قېتىملىق سۇ ئىزدەش سەپىرى ئىككى ھەپتە داۋام قىلىدۇ، چاقار تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ چىقىدۇ، ئەمما سۇ مەنبەسى كۆزگە چېلىقمايدۇ. كىچىك-كىچىك جىلغىلاردىكى ئازغىنا سۇدىن باشقا خەلق ئاغزىدا دېيىلىۋاتقان «ساماۋى» كۆللەر تېپىلمايدۇ. ئېلىۋالغان ئوزۇقلۇق تۈگەۋاتاتتى، قايتماي ئىلاجى يوق ئىدى. ئاشۇ قايتىش سەپىرىدە ئىسمايىل ئەھمەد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەنە بىر قېتىم ئېغىر سىناققا دۇچ كېلىدۇ، بىر داۋاندىن ئېشىپ چىقىۋاتقاندا تۇيۇقسىز شىمالدىن جەنۇبقا سوققان قارا بورانغا دۇچ كېلىدۇ. ھەش-پەش دېگۈچە ئالەمنى چاڭ-توزان ۋە قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ھەمراھلار چېچىلىپ كېتىدۇ، بىر-بىرنى يوقىتىپ قويىدۇ، توۋلاپ-ۋارقىراپمۇ بىر-بىرنى تېپىشالمايدۇ. ئەمدى ئىسمايىل ئەھمەد يالغۇز قالغانىدى. ئۇ ئۆزى دائىم مىنىدىغان سۇر ئايغىرنىڭ يۈگەن بېغىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان، سۇر ئايغىر ئەمدى ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھىغا ئايلانغانىدى. ئىككى-ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن بوران سەل بېسىقىپ ئالەم ئازراق سۈزۈلگەندەك بولىدۇ، ئەمما گۇگۇم چۈشۈۋاتاتتى. ئىسمايىل ئەھمەد نەگە مېڭىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ تەرەپ يۆنىلىش سېزىمى تامامەن قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە بوۋىسى قۇناخۇن خەلپەم دائىم تىلغا ئالىدىغان «ئات ئازمايدۇ» دېگەن سۆز كېلىدۇ. قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئېيتىشىچە، ئات، ئېشەك، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلار يول بىلىدىكەن،

چۆل-جاڭگالدا ئېزىقىپ كەتكەندە ئۇلارنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتسە، ئۇلار يول تېپىپ مېڭىپ ئادەمنى سۇ بار ياكى ئادەم بار يەرگە باشلاپ كېلەلەيدىكەن...

ئىسمايىل ئەھمەد بوۋىسىنىڭ ئاشۇ سۆزىنى ئەسكە ئالدى. سۇر ئايغىرنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىدۇ. ئۇ ئۆزى ئون بەش قويغا تېگىشكەن، تالىلىۋالغان، كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ باققان مۇشۇ ھەمراھىنىڭ ئۆزىنى ئادەم بار يەرگە باشلاپ بارالىشىغا ئىشىنەتتى. كېچە، تاغ ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ، ئەتراپتىن ئادەم تېنىنى شۈركۈندۈرگۈدەك قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. ئىسمايىل ئەھمەد ملتىقىنى چىڭ تۇتۇپ ئات ئۈستىدە مەھكەم ئولتۇرۇۋېرىدۇ. ئات توختاۋسىز ئىلگىرىلەيدۇ. تاڭ ئېتىپ كۈندۈز باشلىنىدۇ. ئەمما يەنىلا ئاسماندا قۇياش كۆرۈنمەيدۇ. تېخىچە تولۇق توختىمىغان بوراندا كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان قۇياشنى توسىۋالغان، تەرەپنى پەرق ئېتىش مۇمكىن ئەمەس. سۇر ئايغىر بولسا مېڭىشنى توختاتمايدۇ. بۇ چاغدا ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ھېچنېمە يېمىگىنىگە، ئاغزىغا بىر بۇردا لوقما سالمىغىنىغا بىر سوتكا بولدى، ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كېتىدۇ. ئۇ توشقان ياكى كېيىك ئۇچرىسا ئېتىپ-ئوۋلاپ، پىشۇرۇپ يېيىشنى ئويلايدۇ، لېكىن بورانلىق ھاۋادا ئۇلارمۇ ئۇچرىمايدۇ. سۇر ئايغىرمۇ ئېچىقايدۇ. ئىسمايىل ئەھمەد ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ يۈگىنىنى ئېلىپ ئۇنى ئوتلىتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاچ قېلىشىغا چىدىسا چىدايدۇكى، ئاشۇ ئامراق ئېتىنىڭ ئاچ قېلىشىغا چىدىمايدۇ. نېمىشقىدۇر ئىسمايىل ئەھمەد مۇشۇ ئېتىنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا بەك ئىشىنەتتى. يازنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىدا ئاتنى سۇزۇك ئېقىنلارغا باغلاپ سەگىدىتەتتى. ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن يۈز سوپۇنى بىلەن ئاتنى يۇيۇپ-تاراپ، تۈكلىرىنى

پارقىرىتىۋېتەتتى . باشقىلار ياش شۇجى بىلەن چېقىشىپ : «بۇ ئاتقا شــۇنچە قىلىپ كەتكۇدەك يا ئۇ سىلىنىڭ مەھبۇبەڭلىمىدى··· » دېــيىشەتتى . ئىسمايىل ئەھمەد بولسا ، ئاتنى يۇيۇپ-تاراۋېتىپ : «ئات— بىزنىڭ قانىتىمىز ، قورالىمىز . جەڭچى بولغان ئادەم ئۆز قورالىنى ئاسرىشى كېرەك··· » دەپ جاۋاب بېرەتتى . مانا ئەمدى ··· جاپاكەش هايۋان باققانىنى ، ئاسرىغاننى بىلىۋاتاتتى··· ئىگىسىنى هايات-ماماتىنىڭ ئۆتكۈر بىسى ئۈستىدە ئەكېتىۋاتاتتى . ئۇ يەنە ئاتقا مــىنىپ ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىدۇ . ئايغىر ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويمايدۇ ، شۇ كۈنى كەچكە يېقىن هــەمــمــە ياقنى قاراڭغۇ مانان قاپلاپ كېتىدۇ . يېقىن يەردىكى تاغلارنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ . لېكىن ئايغىر ئۆز ئىگىسىنى بىر توپ قوي ئوتلاۋاتقان بىر يايلاققا باشلاپ كېلىدۇ . قوي بار يەردە قويچى بولىدۇ . دېمەك ، ئات ئىسمايىل ئەھمەدنى ئادەم بار يەرگە باشلاپ كەلگەنىدى ، ئەمما قويچى كۆرۈنمەيدۇ . ئىسمايىل ئەھمەد ئاتنى ئوتقا قويۇپ قوي ئىگىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ . گــۇگــۇم چــۈشــەي دېگەندە قويچى پەيدا بولۇپ كېلىدۇ . ئۇلار ســالامــلــىــشــىــدۇ . ئــىــســمايــىل ئەھمەد ئۆزىنىڭ سۇ ئىزدەپ چــىققانلىقىنى ، كىشىلەر تىلغا ئېلىپ يۈرۈشىدىغان غايەت زور كۆلنى ئىزدەش داۋامىدا ئېزىقىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ يەنىلا ئاشۇ كۆلنى سۈرۈشتە قىلىدۇ . قويچى چوڭ ياشلىق پېشقەدەم ئادەم ئىدى . مۇشۇ تاغلاردا ئۆزۈن يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى . ئىسمايىل ئەھمەد ئۇنى ئاشۇ غايەت چوڭ كۆل توغرىسىدا بىرەر نەرسە بىلىشى مۇمــكــىــن ، بــىــرەر ئــۇچــۇر بــىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدى . ئەمما پېشقەدەم قويچى : «كۆل ھەققىدە ئاڭلىغان ئادەم بار ، ئەمما كۆرگەن ئادەم يوق» دەيدۇ . ئۇ راست گەپ قىلغانىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئىسمايىل ئەھمەد قايتىش قارارىغا

كېلىدۇ . قويچى يولنى كۆرسىتىپ : «مۇشۇ چىغىر بىلەن مېڭىۋەرسىلە ئادەم بار يەرگە بارىدىلا » دەيدۇ . ئىسمايىل ئەھمەدكە پېتىر كۆمەچنىڭ يېرىمىنى يوللۇق تۇتىدۇ . شۇ قېتىم يېگەن پېتىر كۆمەچ شۇنداق تاتلىق تېتىيدۇكى ئىسمايىل ئەھمەد ئاشۇ كۆمەچنىڭ تەمىنى ئۆزۈنغىچە ئۇنتالمايدۇ .

چىغىر يول بىلەن ماڭغان ئايغىر ئۇچىنچى كۈنى كەچتە ، ۋاقىت ئەلياتقۇ مەھەلدىن ئۆتكەندە ، ئۇنى بىر مەھەللىگە ئەكىرىدۇ . ئىسمايىل ئەھمەد ئىشىك-دەرۋازىلارنى قېقىپ يۈرۈپ ، بىر ئائىلىنى ئويغىتىدۇ . ئۇ كۆكقىرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى «يۇلچىن » دېگەن تاغ جىلغىسىغا چۈشكەنىدى . ئات ئۇنى راستتىنلا ئادەم بار يەرگە— تېخى خېلى كۆجۈم مەھەللىگە باشلاپ كەلگەن ئىدى .

ئىسمايىل ئەھمەد خەتەردىن قۇتۇلىدۇ ، خېلى يىللارغىچە ئاشۇ «ئات ئازمايدۇ » دېگەن ھېكايىنى سۆزلەپ يۈرىدۇ . ئەمما ئۇنىڭ چىرىيە دىيارى ئۇچۇن سۇ ھەل قىلىش ئۈرۈنۈشى توختاپ قالمايدۇ ، كېيىنكى چاغلاردا يەنە داۋاملىق سۇ مەنبەسى ئىزدەيدۇ . ئەمما تەبىئەتنىڭ چىرىيە دىيارىغا ئاتا قىلغىنى ئەنە شۇنچىلىكلا سۇ ئىدى...

شۇنچە ئىزدەش ، تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن ، ئىسمايىل ئەھمەد چىرىيە ئۇچۇن ئاشۇ ئازراق سۇغا تايانماقتىن ، ئاشۇ ئازراق سۇنى تېجەپ ئىشلەتمەكتىن باشقا ئامال يوقلۇقىنى چۈشەندى . تېجەپ ئىشلىتىشنىڭ يولى— ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ياخشى ئېلىش ، بىر تېىمم سۇنمۇ زايە قىلماي ئىشلىتىش ، كەلكۈن ۋاقتىدا يېتىپ كېلىدىغان سۇنى قاچىلىۋېلىشنىڭ ئامالىنى تېپىش ، سۇ ئامبىرى ياساش ئىدى . بىر ئامالىلارنى قىلىپ «دامىكۇ » بىلەن «گۈلاخما » نى ، «چىرىيە يېزىسى » بىلەن «ناھىيە بازىرى » نى سۇغىرىپ

تۇرۇش كېرەك ئىدى. شۇ يىللاردا ھاكىمنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكى، سەپەرۋەر قىلىشى، قاتنىشىشى بىلەن «چىرىيە يېزىسى» ۋە ناھىيە بازىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان «چىرا ئۇق ئۆستىڭى» ئېلىندى. ئۆستەڭنىڭ بېشى يۇرۇقتاش دېگەن يەردىن باشلىنىپ چىرىيە بوستانلىقىغا كەلگۈچە يەتمىش كىلومېتىر ئۆستەڭگە تاش تىزىپ بولۇنغانىدى. ئەمدى ئون ئالتە كىلومېتىرلىق ئۆستەڭ ئېلىپ چىرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكۈزۈپ، ئاتمىش مىڭ مو يەر سۇغىرىلىشى كېرەك ئىدى. شۇ يىللاردا يەنە ئۈچ مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان «گۈلاخما قاراسۇ ئامبىرى»، «دامىكۇ مول ھوسۇل سۇ ئامبىرى» (بەش مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغىدۇ، بۇ ئامبارلار 58-يىللىرى ياسالغانىدى)، ئىككى مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان «پۇناق سۇ ئامبىرى»، «چىگىلىك يار سۇ ئامبىرى» (بىر مىليون بەش يۈز مىڭ كۇب مېتىر سۇ سىغىدۇ. بۇ ئامبارلار 58-يىلىدىن بۇرۇن ياسالغانىدى) قاتارلىق سۇ ئامبارلىرى ياسىلىپ بولغانىدى. ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ سۇ ئامبارلىرىغا سۇ قاچىلاپ بېرىدىغان، «گۈلاخما»، «دامىكۇ» بوستانلىقىغا سۇ باشلاپ كېلىدىغان ئۆستەڭ ئېلىش كېرەك ئىدى. «نۇرى دەرياسى» نىڭ كەلكۈن ۋاقتىدىلا يېتىپ كېلىپ يېرىم ئايچە ئاقىدىغان سۈيىگە قاراپ تۇرۇشقا بولمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئىسمايىل ئەھمەد ھاكىملىقتا تەيىنلەنگەن دەسلەپكى ئايلاردىلا بۇ قۇرۇلۇش قولغا ئېلىندى. «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» دەپ ئىسىمۇ قويۇلدى. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى شۈي چىڭجاڭ بىلەن ئىسمايىل ئەھمەد بىۋاستە تۇتتى. ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلىرىنى يولداش ۋاڭ ۋېي، يولداش دەي زىيەنلەر پىلانلىدى. ناھىيە بويىچە بىر مىڭ ئىككى يۈز

كىشىلىك «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» نى ئېلىش سۇ قۇرۇلۇشى ئارمىيىسى تەشكىللىنىپ، ئالدىنقى قېتىملىق ھاكىم مەتقۇربان تۇرسۇننىڭ باشچىلىقىدا «نۇرى» يېزىسىنىڭ «بۇرانتاي» دېگەن يېرىگە يۇرۇپ كەتتى.

مۇشۇ مەتقۇربان تۇرسۇن دېگەن ئەزىمەت توغرىسىدا ئازراق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

چىرىيە ناھىيىسىنىڭ «ئۇچقۇن سەگۇ» دېگەن يېرىدە، دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1950-يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، كىتابىمىزنىڭ باش پېرسوناژى ئىسمايىل ئەھمەدنى خىزمەتكە قوبۇل قىلغان، چىرىيە ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇنجى چىرىيىلىك ھاكىمى بولغان مۇشۇ ئەزىمەت پۈتۈن ئۆمرىنى، پۈتۈن زېھنىنى، پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋىتىنى چىرىيە ناھىيىسىنىڭ گۈللىنىشىگە بېغىشلىغان ئادەم ئىدى، تۆگىدەك، ئاتتەك جاپاغا چىداشلىق ئىدى.

1959-يىلى يولداش ئىسمايىل ئەھمەد چىرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەندە، ئالدىنقى نۆۋەتلىك ھاكىم مەتقۇربان تۇرسۇن ھاكىملىقتىن قالدۇ. تەشكىل ئۇنى ياكى يۆتكەپ ئىشلەتمەيدۇ، ياكى باشقا بىر ۋەزىپىگە قويمايدۇ. ئۇ چاغلاردا ۋەزىپىسىدىن قالغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغان «ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى» ۋە «سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك كومىتېتى» دېگەندەك ئورگانلارمۇ يوق ئىدى. بارلىقىنى چىرىيە ناھىيىسىنىڭ گۈللىنىشىگە بېغىشلىغان بۇ كەڭ قورساق ئادەم ئۆزىنىڭ ھاكىملىقتىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئانچە ھار ئېلىپمۇ كەتمەيدۇ. بەلكى تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى دەپ قارايدۇ. دەل شۇ كۈنلەردە ناھىيىدە بىر مىڭ ئىككى يۈز كىشىلىك سۇ قۇرۇلۇشى ئارمىيىسى (بەزى

مەنبەلەردە سۇ قۇرۇلۇشى پولكى دەپ ئاتىلىدۇ) تەشكىل قىلىنىپ «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىدۇ. ناھىيە رەھبەرلىكى مەتقۇربان تۇرسۇننى ئاشۇ سۇ قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى رازىمەنلىك بىلەن ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل، يىگىرمە يىل، ئوتتۇز يىل ۋاقىت ئاشۇ «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» بويلىرىدا ئۆتىدۇ. مەتقۇربان تۇرسۇن چىرىيە خەلقىنىڭ سۇ ئىشلىرى ئۈچۈن تىللاردا داستان بولغۇدەك تۆھپىلەرنى يارىتىدۇ. مۇشۇ يىللاردا ئۇ گۇلاخما رايونىنىڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، چاقار «توتماق» ئۆستىڭىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، چىرىيە دەرياسىنىڭ «ئاۋانگارت» ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، چىرىيە يېزىسىنىڭ «ئوقئۆستەڭ» قۇرۇلۇشى، «نۇرى دەرياسى»نىڭ بورانتاي باش ئارىش قۇرۇلۇشى، ئوتتۇز يىل داۋام قىلغان مەشھۇر «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» قۇرۇلۇشى، «غالىبىيەت سۇ ئامبىرى»نىڭ سۇ باشلاش، سۇ چىقىرىش ئۆستىڭى قۇرۇلۇشى، «چاغىلىقاي» سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق زور قۇرۇلۇشلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. چىرىيە ناھىيىسىدىكى بارلىق ئۆستەڭ-سۇ ئامبارلىرى قىرلىرىدا ئۇنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى قالىدۇ. ئۇ ئاشۇ جەڭگىۋار ئۆستەڭ قىرلىرىدىلا ئون سەككىز يىل گەمىدە يېتىپ قوپىدۇ، ئىسسىقنى-ئىسسىق، سوغۇقنى-سوغۇق دېمەي، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ، دېھقانلار بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭمۇ ئوخشاشلا قوللىرى تارىشىدەك قاتىدۇ، چىرايى سوغۇق شامالدا چاك-چاك يېرىلىدۇ، قۇرۇلۇشلاردا تەشكىللىگۈچىمۇ ئۆزى، تېخنىكمۇ ئۆزى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچىمۇ ئۆزى بولىدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يۈز بەرگەن يىللاردا بىر ئۆمۈر

چىرىيە خەلقى ئۈچۈن جاپا چەككەن مۇشۇ ئەزىمەتمۇ تارتىپ چىقىرىلىپ ، ئۇستەڭ قىرلىرىدا كۈرەش-پىپەن قىلىنىدۇ . مەتقۇربان تۇرسۇن ئاخشىمى كۈرەش-پىپەن قىلىنسا ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا يەنە ئۆزىنى كۈرەش قىلغانلارنى جەڭگىۋار ئۇستەڭنىڭ ئەمگەكلىرىگە تەشكىللەيدۇ . «مېنى قانچە كۈرەش قىلساڭلار مەيلى ، ئەمما ئۇستەڭ قۇرۇلۇشى توختاپ قالسا بولمايدۇ ، گۇلاخما بىلەن دامىكۇغا سۇ لازىم ، سۇ…» دەيدۇ ئۇ .

بىر ئۆمۈر چىرىيە ناھىيىسىنىڭ سۇ ئىشلىرى ئۈچۈن جان پىدا قىلغان بۇ ئەزىمەت تاكى جەڭگىۋار ئۇستەڭ پۈتۈپ ، گۇلاخما بىلەن دامىكۇغا سۇ بارغۇچە ئىش ئورنىدىن ئايرىلمايدۇ ، يەنە خېلى ئۇزۇن يىللار ياشاپ ، چىرىيە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئۈچ قارار مۇدىر بولۇپ ، 90-يىللاردا دەم ئېلىشقا چىقىدۇ ۋە 1995-يىل 6-ئاينىڭ 4-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ . ئۇ چىرىيە ناھىيە تارىخىدا مەڭگۈلۈك خاتىرە مۇنارى تىكلەپ ئەسلەپ تۇرغۇدەك تۆھپىلەرنى يارىتقان ئەزىمەتتۇر . چىرىيە خەلقى ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ .

ئەمدى بىز ئۇ بىر مىڭ ئىككى يۈز كىشىلىك چىرىيە ناھىيىلىك سۇ قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنى باشلاپ نۇرى دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا يۈرۈپ كەتكەن ئاشۇ كۈنلەرگە قايتىشىمىز كېرەك . ئەلۋەتتە بۇ قۇرۇلۇشتا پۈتۈن چىرىيە خەلقىنىڭمۇ ، ھەر مىللەت كادىرلارنىڭمۇ ، شۇي چىڭجاڭ شۇجى بىلەن ئىسمايىل ئەھمەدنىڭمۇ تېگىشلىك تۆھپىسى بار . شۇ چاغلاردا «نۇرى» دەرياسى بويىدىكى ئاشۇ «بۇرانتاي» دېگەن يەردە تاغ ئاستىدىن تونىل تېشىپ سۇ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى . يەنە ئاشۇ تاغ-داۋانلار ، پايانسىز شېغىللىق ئېدىرلار ئارىسىدىن سەكسەن يەتتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۇستەڭ چېپىشقا توغرا كېلەتتى . «جەڭگىۋار

ئۆستەڭ» قۇرۇلۇشى يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ پىلانلىغانلىقى، ئىش باشلاشقا رەھبەرلىك قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، شۇنداقلا ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقى، جاپالىقلىقى، بۈيۈك ۋە ھەيۋەتلىكلىكى نۇقتىسىدىن چىرىيە تارىخىدىكى ئەڭ كاتتا ئابىدە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق كاتتا ئەمگەك ئالدىدا نېمە ئۇ پەرھاتنىڭ بىستون تېغىنى يېرىشى دېگەن؟ نېمە ئۇ مىڭئۆيلەرنى قېزىپ، مۇزئارت دەرياسىنىڭ سۈيىنى شايار، كۈچالارغا باشلاش دېگەن؟ ھايھاي، «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» قۇرۇلۇشى 1959-يىل 6-ئاينىڭ بېشىدا باشلىنىپ، 1990-يىل 9-ئاينىڭ 7-كۈنىگىچە جەمئىي ئوتتۇز بىر يىل ئۈچ ئاي داۋام قىلدى. چىرىيىلىكلەرنىڭ ئۈچ يۈز يەتمىش بەش ئاي، ئون بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك كۈن، ئىككى يۈز يەتمىش مىڭ سائەت ۋاقتى ئاشۇ جەڭگىۋار ئۆستەڭ قىرلىرىدا ئۆتتى. ئالتە مىليون ئادەم / كۈن ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىندى. تۆت مىليون كۇب مېتىردىن ئارتۇقراق تاش-توپا قېزىلدى··· بۇ گەپلەرنى يازماق نېمىدېگەن ئوڭاي-ھە! ئەمما قار-شىۋىرغان گۈركىرەپ، تومۇز ئىسسىق ھوۋۇلداپ تۇرغان ئون بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك كۈننى ئۆتكۈزمەك ئاسانمۇ؟ تۆت مىليون كۇب مېتىر تاش-توپىنى قازماق ئاسانمۇ؟ بۇ ئىشلارنى باتۇر، جاپاكەش، چىدامىلىق چىرىيىلىكلەر ھېچقانداق زامانىۋى قېزىش-يۆتكەش قورالى بولمىغان ئەھۋالدا تاكان كەتمەن، چۆلاق جوتوغا تايىنىپ ئورۇندىدى. يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك ئورۇندىدى. ئەمەلىيەتتە قېزىلغان قورام تاشلارنى قول بىلەن بىر-بىرلەپ كۆتۈرۈپ، ئېگىز قاش ئۈستىگە ئاچىقىپ ئىرغىتىپ تاشلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇ قورۇق قول بىلەن، بەش بارماقنىڭ تىرناقلىرى بىلەن ئۆستەڭ قازغانغا ئوخشاش ئىش ئىدى. قانچىلىك تەر،

قانچىلىك قان ئاققانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىنمۇ؟
1960-يىلىدىكى نەۋقىران يىگىتلەر ئاشۇ ئۆستەڭ قىرلىرىدا قېرىدى. ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ئاشۇ ئۆستەڭ قىرلىرىدا ئوتتۇرا ياشقا ئۇلاشتى. نەۋرىلەر ئاشۇ ئۆستەڭ قىرلىرىدا ياشلىقىنى ئۆتكۈزدى. گۇلدەك سۇتۇن چىرايلارنى چىبەرقۇتتەك قورۇق باستى. نوتىدەك يۇمران قوللار قاپىرىپ، تارىشىدەك قاتتى، يەنە نېمىلەرنى دەيمىز؟ ئاشۇ ئۆستەڭ قىرلىرىدا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغانلار ئازمۇ؟ ئاشۇ ئۆستەڭ قىرلىرىدا تەۋەللۇت بولغانلار ئازمۇ؟ «چىرىيە ناھىيە چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ ئاخىرىدا، ئاخىرقى بەتلىرىدە ئاشۇ «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» قىرلىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئاتمىش تۆت نەپەر مەرھۇمنىڭ ئىسمى تۇرۇپتۇ. ئاتمىش تۆت نەپەر مەرھۇمنىڭ تىزىملىكىنى ئوقۇغاندا، ئادەمنىڭ گېلى بوغۇلۇپ، كۆزلىرىگە ياش تولىدۇ. ۋۇجۇدۇڭ شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ كېتىدۇ. ئەلۋىدا، ئۇلارنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن! ھەيھات، جاپاكەش چىرىيە خەلقى ئۆلۈمدىن قورقمىدى. باتۇر چىرىيە خەلقى يۇرتىغا سۇ باشلاپ كېلىش نىيىتىدىن يانمىدى. بوۋىلارنىڭ ئىزىنى ئوغۇللار، ئاتىلارنىڭ ئىزلىرىنى نەۋرىلەر بېسىپ، سەكسەن يەتتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاغ ئىدىرلارنى يېرىپ «دامىكۇ» بىلەن «گۇلاخما»غا سۇ باشلاپ كەلدى. يۇرتنى گۇللەندۇرۇشكە ئاساس سالدى. نېمىدېگەن باتۇرانە روھ-ھە؟ توم-توم كىتابلارنى يېزىپ تارىخ قالدۇرۇشقا ئەرزىيدۇ. ئۇزۇن شېئىر-داستانلارنى يېزىپ مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. ئەپسۇس، ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېۋ «كۇرەش ئۆستىڭى، كۇرەش داستانى»ناملىق لىرىك داستاننى يېزىپ قالدۇرغاندىن باشقا، چىرىيە دىيارىنىڭ ئوت يۈرەك شائىرلىرى كۆپ ئىش قىلالمىدى. يەنە ئەپسۇس، ئاشۇ

«جەڭگىۋار ئۆستەڭ» قىرلىرىدا ۋاپات بولغانلارنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرى كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەتلىرىگە قىستۇرۇپ قويۇلغانلىقىغا… ئۇلار كىتابنىڭ ئەڭ باش قۇرلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك ئەمەسمىدى؟! ئەپسۇس …

شۇي جىڭجاڭ شۇجى بىلەن ئىسمايىل ئەھمەد ئاشۇ بۈيۈك قۇرۇلۇشنى باشلىغۇچى، تۇنجى كەتمەننى سالغۇچى، تۇنجى جوتونى ئۇرغۇچى، تۇنجى تاشنى يۆتكىگۈچىدۇر. ئىسمايىل ئەھمەد گۈزەل، لېكىن تار چىرىيە دىيارىدىن ھالقىپ چىقىپ، خوتەننىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ، مەملىكەتنىڭ كەڭ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغان، ئاشۇ يەرلەردە مەسئۇل ۋەزىپىلەردە بولغان كېيىنكى يىللاردىمۇ ئاشۇ قۇرۇلۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇنى ھەر دائىم سوراپ سۈرۈشتۈرۈپ تۇردى، تېگىشلىك ياردەمدە بولدى. «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» پۈتۈپ رەسمىي سۇ باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن 1990-يىل 9-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۇنىڭ ئالاھىدە بېيجىڭدىن تېلېگراممىا ئەۋەتىپ ئۇتلۇق ھېسسىيات بىلەن تەبرىكلىگىنى ئەنە شۇ ۋەجىدىن. ئۇيلاپ كۆرۈڭ، ئىككى-ئۈچ مىڭ ناھىيە بار جۇڭگودا گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ھەربىر ناھىيىدىكى قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن تېلېگراممىا ئەۋەتىشكە ئۈلگۈرەلەمدۇ؟ بۇ يەردىكى گەپ «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» نىڭ چىرىيە تارىخىدىكى ئابىدىلىك رولىدا، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارىنىڭ قەلبىدە تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىدا.

ئىسمايىل ئەھمەد چىرىيە دىيارىنىڭ ھاكىملىقىنى ئۇبدانلا ۋايىغا يەتكۈزدى، ئىلگىرى ئۆتكەن ھاكىملاردىن ئاشۇرۇپ ھاكىملىق قىلدى. بۇنىڭغا پۈتۈن چىرىيىلىكلەر شاھىت. يىراق ئۆتمۈشتە، گومىنداڭ ۋاقتىدا ھاكىملىق قىلغانلار چىرىيە دىيارى ئۈچۈن، چىرىيە خەلقى ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن؟

بولاپ ـ تالاشتىن ئۆزگە بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ باققانمۇ ؟ يوق . چوڭ ئاخۇن ھاكىملىق قىلغان يىللاردا «ئىمامى جەئفىرىم تەيران مازىرى» يېنىدىكى «جۇمە مەسچىتى»نىڭ سىلىنغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسى دېيىشكە بولمايدۇ . «جۇمە مەسچىتى» نى سالدىغان پۇل-تىللانى چىرىيە خەلقى چىقاردى ئەمەسمۇ ؟ چوڭ ئاخۇن قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرىپتۇ ؟ ئازادلىقتىن كېيىن كەنجى ئىبراھىم ، سۇلتان ھەسەن ھاكىملىق قىلغان يىللاردا دەرۋەقە كونا ھاكىمىيەت ئۆزگەرتىلدى ، ئىجارە ھەققى كېمەيتىلىپ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى . مەتقۇربان تۇرسۇن ھاكىملىق قىلغان يىللاردا (ئۇ ۋاقىتتا ئىسمايىل ئەھمەد مۇئاۋىن شۇجى ئىدى) تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» بولۇپ ئۆتتى . پولات تاۋلاش ، كوممۇنالىشىش ، ئاشخانىلىشىش ، ھەممىنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېلىشتەك بىھۇدە ئىشلار بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ ، لېكىن چىرىيە دىيارىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ ئامبارلىرىنى ياساش ، ئۆستەڭلەرنى چېپىش-پىلانلاشتەك ئەھمىيەتلىك ئىشلارمۇ بولۇپ ئۆتتى . ئازادلىقتىن كېيىنكى بۇ ھاكىملارنى خەلق ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ . ئىسمايىل ئەھمەد ھاكىملىق قىلغان يىللاردا بولسا ، قىلىنغان كەتكەن ئىشلار تۈزىتىلىپ ، ياخشى ئىشلار داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتاتتى . مەشھۇر «جەڭگىۋار ئۆستەڭ»نى پىلانلاش ۋە ئىش باشلاش ئەنە شۇ ياخشى ئىشلار جۈملىسىدىن ئىدى . ئىسمايىل ئەھمەد ھاكىملىق قىلغان يىللاردا ئىشلەنگەن ياخشى ئىشلارنىڭ يەنە بىرى ، چىرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش پىلانىنى لايىھىلەش ، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان «چىرىيە ئوق ئۆستىڭى»نى ياساش بولۇپ 1959 -يىل 11 -ئايدا داغدۇغىلىق ئىش باشلاندى . شۇ يىلى بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈپ ، كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا ئۆستەڭ قىرلىرىغا ياڭاق

كۆچەتلىرى سىلىندى . ھازىر ئاشۇ ياڭاقلار ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە يوغىناپ كەتتى ، چىرىيە بازىرىنىڭ كۆركىگە ئايلاندى ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولدى .

بىز بۇ چەكلىك سەھىپىلەردە ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ چىرىيە ناھىيىسىدە ھاكىملىق قىلغان چاغلاردا ئىشلىگەن ياخشى ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە ئامالسىزمىز . قانداقلا بولمىسۇن ئۇ بۇ يىللاردا پارتىيىنىڭ ، خەلقنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىدى ۋە ئۆزىنىڭ يەنىمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا لاياقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . پارتىيە تەشكىلىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىلىسە كەلگۈسىدە تېخىمۇ يارامل‍ىق كادىر بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى . شۇنى نەزەردە تۇتۇپ ، 1960 -يىل 3 -ئايدا ئۇنى مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى . بۇ «توپا» يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئامراق نەۋرىسىنىڭ «توپا» دىنلا ئەمەس ، بەلكى چىرىيە دائىرىسىدىنمۇ ھالقىپ چىقىۋاتقانلىقى ئىدى . بىز بۇنى كېيىنكى بابتا ئايرىم بايان قىلىمىز . ۋەھالەنكى ، چىرىيە خەلقى ئۆزىنىڭ ياش ، ئىجتىھاتلىق ، تىرىشچان بۇ رەھبىرىگە بولغان ئىخلاسىنى ئۇنىڭ ئوقۇشقا كېتىشى بىلەنلا ئۇنتۇپ كەتمىدى . كېيىنكى يىلى 1961 -يىل 2 -ئاينىڭ 28 -كۈنى چىرىيە ناھىيىلىك تۆتىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ئۇنى سىرتتىن يەنىلا چىرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا سايلىدى .

## 4 . پايتەختتە

پارتىيە تەشكىلى يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنى 1960 -يىل

3-ئايدا بېيجىڭدىكى مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتى»
غا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ چاغلاردا ھازىرقى «مەركىزىي پارتىيە
مەكتىپى» ئەنە شۇنداق «مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم
ئىنستىتۇتى» دەپ ئاتىلاتتى. ئاشۇ يىلى مەركىزىي
ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا تۆتىنچى قارار «شىنجاڭ
كادىرلار سىنىپى» ئېچىلىدۇ ۋە قىرىق نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى پارتىيە-
ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئاساسلىق مەسئۇل ۋەزىپىلەرنى
ئۆتەۋاتقانلاردىن يولداش سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوف،
ئەنۋەر جاكولىن، ماموتوف قۇربان قاتارلىقلار، ھەرقايسى
نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرى، شۆبە ھەربىي رايونلاردا مۇئاۋىن
قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقانلاردىن موسايۇپ ھاشىم، خەسەن
قاتارلىقلار؛ موڭغۇللاردىن تۆربايىر، بادەي، قازاقلاردىن قىدىر
باي قاتارلىقلار كۇرسانت بولۇپ ئوقۇشقا بارىدۇ. خوتەن
ۋىلايىتىدىن شۇ چاغدىكى ۋالىي ئەنۋەر نۇرىيوف، يولداش
ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق ئىككى كىشى بارىدۇ. بۇ قېتىمقى
«شىنجاڭ كادىرلار سىنىپى» ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق
يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار سىنىپى بولۇپ تەشكىللەنگەنىدى.
قىرىق نەپەر كۇرسانت ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلاردىن ئاران
ئالتە-يەتتە نەپەرچە كىشى بار ئىدى. شۇنىڭ بىرى بىزنىڭ چىرىيە
ناھىيىسىدىن بارغان ئىسمايىل ئەھمەد ئىدى. پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى «شىنجاڭ كادىرلار سىنىپى»دىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا
تۇردۇش، ئابدۇكېرىم (ئاۋېنخۇا) قاتارلىق بىرقانچە تەرجىمان ھەم
ئاشپەز ۋە باشقا خىزمەتچىلەرنى سەپلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ
چاغلاردىمۇ «مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتى»دا

دەرسلەر پۈتۈنلەي خەنزۇچە ئۆتۈلەتتى، دەرسلەرنى داڭلىق پەيلاسوپ ياڭ شيەنجېن، ئەي سىچى، فەن رويۇ قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر سۆزلەيتتى. ئەكسىچە، «شىنجاڭ كادىرلار سىنىپى»غا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى. شۇڭا تەرجىمان بولمىسا بولمايتتى، بولۇپمۇ «شىنجاڭ كادىرلار سىنىپى» ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان «پەلسەپە»، «سىياسىي ئىقتىساد» (يەنى «كاپىتال»)، «جۇڭگو تارىخى»، «پارتىيە تارىخى»، «خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخى»، «پارتىيە قۇرۇلۇشى»، «خەلقئارا سىياسى»، «ئىلمىي كوممۇنىزم»، «مىللەت ۋە دىنىي مەسىلە»، «تەبىئىي پەنلەردىن ئومۇمىي ساۋات» قاتارلىق دەرسلەردىكى ئۆزگىچە تېرمىن ۋە مۇرەككەپ قائىدە-قانۇنلارنى تەرجىمانسىز چۈشىنىپ كەتكۈدەك خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى كۇرسانتلارنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق ئىدى، شۇڭا مەخسۇس تەرجىمان سەپلەپ بەرمەي بولمايتتى.

ئۇ يىللاردا مەملىكىتىمىز تەبىئىي ئاپەت ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تارتىۋاتاتتى، شۇنداقلا ئۇ چاغلاردا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە كىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە، بولۇپمۇ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ئۆرپ-ئادىتىگە بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. پارتىيە تەشكىلى مانا شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كۇرسانتلارنىڭ تاماق شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىشنى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئايرىم ئاشپەزمۇ سەپلەپ بەرگەنىدى.

ئوقۇشقا كەلگەن كۇرسانتلار مەكتەپكە كىرىشنىڭ ئۆزلىرىگە كەلگەن ئېسىل پۇرسەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى ۋە تىرىشىپ ئۆگىنەتتى. بۇ قېتىملىق «شىنجاڭ كادىرلار سىنىپى»

دىكى كۆرسانتلارنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيەت بىلىملىرى ئاساسىمۇ تەكشى ئەمەس ئىدى . ئۇلار ئارىسىدا سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىگە ئوخشاش چەت ئەلدە ئوقۇغان ئالىي مەلۇماتلىقلارمۇ ، ئارانلا ئىپتىدائىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان خەت-ساۋاتلىقلارمۇ بار ئىدى . ئالدىنقىلار ئاسانلا چۈشەنگەن ۋە ئۆزلەشتۈرگەن بىلىملەرنى كېيىنكىلەر ھەسسىلەپ تىرىشىپ چۈشىنىشكە ۋە ئۆزلەشتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى . باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، بىزنىڭ ئىسمايىل ئەھمەد «توپا»دا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا خىزمەتكە قاتنىشىپ كەتكەنىدى . بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ تىرىشىپ ئوقۇشقا توغرا كەلدى . بىز ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدىكى تىرىشچانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىز . بىزگە ناھايىتى ئېنىق بولغان بىر نۇقتا شۇكى ، ئۇ شۇ قېتىملىق «شىنجاڭ كادىرلار سىنىپى»دىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى ، ئەندىلا يىگىرمە بەش ياشقا قەدەم قويغانىدى ، ئەستە ساقلاش ۋە چۈشىنىشنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە تۇرۇۋاتاتتى . ئەقلىي ئىقتىدارى ، يەنى چۈشىنىش ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى راسا كامالەتكە يەتكەن چاغ ئىدى . بىز ئۇنىڭ ئاڭلىغان دەرسلەرنى ئۇڭايلا ئەستە قالدۇرالىغانلىقىغا ۋە چۈشىنىپ يېتەلىگەنلىكىگە ئىشىنىمىز . يەنە بىر ئامىل شۇكى ، ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىلىم - پەن بىلىملىرى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئوتتەك كۈچلۈك بىر ئىشتىياق بار ئىدى . ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش نېسىپ بولمىغىنىغا ئۆكۈنەتتى . خىزمەتنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنىمۇ توختاتمىغان ئىدى . ئەمدى مانا پۇرسەت كەلگەندە ، ئۇ ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي تۇرالامدۇ ؟ ئۇ مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا بەكلا تىرىشىپ ئوقۇدى ، نەتىجىسىمۇ تېز ئۆرلىدى ، ئوقۇشنىڭ

ئىككىنچى يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئاشۇ «شىنجاڭ كادىرلار سىنىپى»دىكى بىر گورۇپپىغا گورۇپپا باشلىقى بولۇپ سايلانغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئۆگىنىش باشلىقىغا تەڭ ۋەزىپە ئىدى.

ئىسمايىل ئەھمەد ماركسىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان يىللاردا كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلى بەك ئەلا ئىدى. بارلىق ئوقۇغۇچىلار خەلق ئۈچۈن، كەلگۈسى ئۈچۈن، پارتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلاتتى. قانچە كۆپ بىر نەرسە ئۆگەنسەم، پارتىيە ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم-كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن شۇنچە نۇرغۇن ھەسسە قوشالايمەن دەپ ئويلايتتى. ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك ئۆگىنىش قىلاتتى. بولۇپمۇ ئىسمايىل ئەھمەدتە ئۆگىنىش مەقسىتى بەكلا ئېنىق ئىدى. ئۇ سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش غايىسىنى تۇرغۇزغانىدى. خۇددى ۋىلادىمىر ئىلئىچ لېنىن «ساۋاتسىز ئەلدە سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەندەك، ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ھەسسىلەپ تىرىشىپ ئۆگىنىشىگە ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆگىنىش ئىستىلىنىڭ توغرىلىقى، ئۆگىنىش مەقسىتىنىڭ توغرىلىقى سەۋەب بولغان دېسەك، ھەرگىز مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

ئىسمايىل ئەھمەد ماركسىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا جۇڭگو تارىخىدىن، پارتىيىمىزنىڭ قىرىق يىللىق ئەگرى — توقاي ۋە شانلىق كۈرەش مۇساپىسىدىن، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ يۈز نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتى. «پەلسەپە» ۋە «سىياسىي ئىقتىساد»

ئىلمىنى ئۆگىنىپ ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە قارىتا چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلدى ، خەنزۇ تىلى ئۆگەندى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرىدە بەك ئەسقاتتى . بىز بۇ چەكلىك سەھىپىلەردە ئۇنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى ، ھېس قىلغانلىرىنى ، تەسىراتلىرىنى بىر-بىرلەپ خاتىرلەپ چىقىشنى ئارتۇقچە دەپ قارايمىز . ئەمما بۇ يەردە بىز ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان داڭلىق پەيلاسوپ ياڭ شيەنجېننىڭ دەرسىنى بىۋاسىتە ئاڭلىغانلىقى ، ياڭ شيەنجېن ئەپەندىنىڭ «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى ۋە ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى » توغرىسىدىكى داڭلىق نەزەرىيىسىدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئۆتسەك ئارتۇق بولماس . ئاشۇ يىللاردا ھەقىقەتەنمۇ ياڭ شيەنجېن ئەپەندى پەلسەپە ساھەسىدە ئۆزىنىڭ «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى ۋە ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى كۆچەپ تەرغىپ قىلىۋاتاتتى ، ئاشۇ يىللاردىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەكمۇ ، خوتەنگە كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن ياڭ شيەنجېن ئەپەندى ھەتتا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ خام كېسەكتىن سېلىنغان زالىدىمۇ ئاشۇ نەزەرىيىسىنى شەرھلەپ ئۆتكەنىدى . ئۇنىڭ «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى ۋە ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى » دېگەن بۇ نەزەرىيىسى ماۋ جۇشى تەشەببۇس قىلىۋاتقان «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى » نەزەرىيىسى بىلەن قارىمۇقارشىدەك تەسىرات قالدۇراتتى . پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە ، ئىسمايىل ئەھمەد بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان يىلدىمۇ ياكى يېڭىلا قايتىپ كەلگەن يىلدىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى گېزىت-ژۇرناللاردا ئاشۇ «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى » نەزەرىيىسى بىلەن «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى » نەزەرىيىسى

توغرىسىدا جىددىي ۋە كەسكىن بەس-مۇنازىرە قانات يايدۇرۇلغانلىقى مەلۇم . ھەتتا بۇ پەلسەپۋى بەس-مۇنازىرىگە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمۇ سەپەرۋەر قىلىنغان ۋە قاتناشتۇرۇلغانىكەن . ئەگەر بىز ئىسمايىل ئەھمەدنىمۇ ئاشۇ مۇنازىرىگە قاتناشتى دەپ پەرەز قىلساق ، بۇ بەس-مۇنازىرىلەردە ئۇنىڭ مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا ئۆگەنگەن پەلسەپە بىلىملىرىنىڭ بەك ئەسقاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز . ئەمەلىيەتتىمۇ پەلسەپە دېگەن بۇ پەننى بەس-مۇنازىرىسىز ئۆگەنگىلى بولمايتتى ۋە پەلسەپۋى بىلىم پەقەت بەس-مۇنازىرە ئارقىلىقلا چوڭقۇرلىشاتتى . ئاشۇ قېتىملىق مۇنازىرە ئارقىلىق ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ پەلسەپۋى بىلىملىرىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ . ئىسمايىل ئەھمەد بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان يىللار خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ لۇشيەنى مەسىلىسىدە ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ ، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا بەس-مۇنازىرە بولۇۋاتقان ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىدە يېرىكلىشىش كۆرۈلگەن مەزگىل ئىدى . پارتىيىمىز ئومۇمىي خەلقنىمۇ تەربىيىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇۋاتاتتى . ئەلۋەتتە مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان «شىنجاڭ كادىرلار سىنىپى» دىكىلەرمۇ بۇ تەربىيە ھەرىكىتىنىڭ سىرتىدا قالالمايتتى . ئىسمايىل ھاكىم قاتارلىقلارمۇ ئاشۇ شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تەربىيىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ «خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخى» ۋە «خەلقئارا سىياسى» توغرىسىدىكى بىلىملىرى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشقان . «مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا «تەبىئىي پەنلەردىن ئومۇمىي

ساۋات» ۋە «مىللەت ۋە دىنىي مەسىلە» دېگەن دەرسلەرمۇ ئوقۇتۇلاتتى. ئاشۇ دەرسلەر ئارقىلىق دۇنيانىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىرى ۋە دىن، مىللەت مەسىلىلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولاتتى. ئەلۋەتتە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قانچىلىك ئۆزلەشتۈرۈش ئوقۇغۇچىنىڭ تىرىشىش دەرىجىسىگە ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىغا باغلىق ئىش. ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ تىرىشچانلىقى، ئۆگىنىش مەقسىتىنىڭ توغرىلىقى، ئەقلىي ئىقتىدار ۋە ياش جەھەتتىكى شارائىتىنىڭ تولۇقلىقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ بۇ دەرسلەردىنمۇ ئوبدان بىلىم ئالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

شۇ چاغلاردا مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىلمىي، سىياسىي دوكلاتلار، قىزغىن ۋە جەلپ قىلارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى، ئېكسكۇرسىيە ۋە سەيلە-ساياھەتلەرمۇ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇراتتى. بىز ياش، جۇشقۇن ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئاشۇ پائالىيەتلەرگە، بولۇپمۇ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز مۇمكىن. ئۇ ۋاسكېتبول، ۋالىبول ۋە تېكتاك توپ ئويناشقا بەك ئامراق ئىدى. بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارەتلىرىنىڭ خېلىلا ئۆسۈپ كەتكەنلىكى، ۋاسكېتبول ۋە ۋالىبولنى بەك چىرايلىق ئوينايدىغانلىقى ھېلىمۇ پېشقەدەملەرنىڭ ئېسىدە. ئەمدى بىز بۇ يەردە يەنە ئۇنىڭ باشقا پائالىيەتلىرى توغرىسىدا — يەنى بېيجىڭدىكى خان سارىيىغا ئېكسكۇرسىيىگە بارغانلىقى، مەشھۇر سەددىچىن سېپىلىدە تۇرۇپ، گۈزەل تاغ-دەريالارنى تاماشا قىلغانلىقى، يىخېيۈەن، شياڭشەن ۋە باشقا باغچىلاردا ساياھەتتە بولغانلىقى،

بازار ئارىلىغانلىقى قاتارلىقلار توغرىسىدا يېزىپ يۇرسەك ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويىمىز .

ئىشلىگەندىمۇ راسا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۇنۇملۇك ئىشلەش ، ئوينىغاندىمۇ راسا قىيامىغا تولدۇرۇپ كۆڭۈللۈك ئويناش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ تۇرمۇش پرىنسىپى ئىدى . ئىسمايىل ئەھمەد ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىشلەشنى ، ئويۇننى چاڭ چىقىرىپ ئويناشنى تەشەببۇس قىلاتتى . بىكار يۈرۈشنى ياخشى كۆرمەيتتى . ئۇ بەلكىم مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان يىللاردىمۇ بۇ پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان بولۇشى مۇمكىن .

بىز مانا شۇ پاراگرافتا سۆزلىگەن ھالدا قىستۇرۇپ ئەمەس تەبىئىي ھالدا ئۇدۇل كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى ھەققىدىمۇ ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك . يىرىقى غىياسىدىن بەگدىن ، يېقىنى قۇناخۇن خەلپەم ، ئەھمەد خەلپىلەردىن ئۆلىشىپ كەلگەن ئائىلە نەسەبىنى داۋاملاشتۇرغۇچى مۇشۇ ئوغلان پايتەختكە ئوقۇشقا بېرىشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى توي قىلغانىدى . ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك يولدىشى سەلىمە خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ ، تېخى ئاشۇ چىرىيە ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە خېلى كۆچلۈك تايانچ ئوقۇتقۇچى ئىدى . كېيىنمۇ بىر ئۆمۈر مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن تۆھپىلەرنى قوشقان . ئەينى چاغدىكى ئاشۇ ياش مۇئەللىمە ئىسمايىل ئەھمەد بېيجىڭغا ئوقۇشقا مېڭىشتىن ئالتە ئاي ئىلگىرى ، يەنى 1959 -يىل 8 -ئاينىڭ ئاخىرىدا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا كەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا 1960 -يىل 3 -ئايدا ئىسمايىل ئەھمەدنىڭمۇ بېيجىڭغا ئوقۇشقا كېلىشى ئاددەمدە گويا قوغلىشىپ كەلگەندەك

تەسىرات قالدۇراتتى . ۋەھالەنكى ، بۇ بىر تەسادىپىي ماس كېلىپ قىلىش ئىدى . سەلىمە مۇئەللىم بېيجىڭغا ئوقۇشقا ماڭغاندا ، ئىسمايىل ئەھمەدنىڭمۇ ئاشۇ تەرەپكە ئوقۇشقا بېرىشىدىن دېرەك يوق ئىدى . تەشكىلنىڭ كۆڭلىدە سان بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن بۇنى ئىسمايىل ئەھمەد بىلمەيتتى . بۇنى توي قىلغىنىغا ئۇزاق بولمايلا ئايرىلىپ ئىككى جايدا تۇرۇۋاتقان ياش ئەر-خوتۇنلار ئۈچۈن ئامەت دېيىشكىمۇ بولاتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئاستانىدە ئۇلارنىڭ ياشلىق چاغلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەسلىمىلىرى قالدى . مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئىسمايىل ئەھمەد دەم ئېلىش كۈنلىرى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئايالىنى يوقلاپ تۇراتتى . سەلىمە مۇئەللىممۇ شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى «ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتى»غا چىقىپ يولدىشىنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى . بەزىدە ئىككى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشلىرىدىمۇ ئۇچرىشىپ قالاتتى ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەر-خوتۇن ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە سەزدۈرۈشمىدى . ئىككىلا تەرەپنىڭ ساۋاقداشلىرىمۇ سەزمىدى ، بۇ ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئۆگىنىشكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ، باشقىلاردا غەيرىي تەسىر قالدۇرماسلىق ئۈچۈن كېلىشۋالغان ئىشى ئىدى . سەلىمە مۇئەللىمنىڭ ئوقۇشى تۈگەپ بېيجىڭدىن قايتقاندا ، ئىسمايىل ئەھمەدكىمۇ تەتىل بولدى . بۇ لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈريولى پۈتۈپ ئۇرۇمچىگە پويىز قاتنىغان تۇنجى يىلدىكى ئىش ئىدى . ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ساۋاقداشلىرىمۇ ، سەلىمە مۇئەللىمنىڭ ساۋاقداشلىرىمۇ بىر پويىزغا چىقىپ قالدى . مانا مۇشۇ يەردە ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ئەر-خوتۇن ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ھەيران قالدى . ئۇلار سەلىمە مۇئەللىمگە

«ئېرىگىمىزنى بىزدىن يوشۇرۇپسىز» دەپ چاقچاق قىلدى . سەلىمە مۇئەللىم بولسا : «ھەممىلىرى ياشتا چوڭ ، سالاھىيەتلىرى ئۇستۇن ئادەملەر ئىكەنلا ، ھەر قايسىلىرىنىڭ ئالدىدا سەت بولمىسۇن دەپ ئاشكارىلىمىغانتۇق» دەپ چۈشەنچە بەردى . ساۋاقداشلار بۇ چۈشەندۈرۈشتىن رازى بولدى ۋە ئۇلارنىڭ تولىمۇ ئەخلاقلىق ياشلاردىن ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى . ئاشۇ 60 -يىللارغا تەۋە بۇ ھېكايە ئەلۋەتتە بۈگۈنكى ياشلارنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ ، ئەمما بۇ راستتىنلا بولغان ئىش . بۇ ئاشۇ يىللاردىكى ئومۇمىي ئەخلاقنى ، ياشلارنىڭ تۇرمۇش قارىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ئىسمايىل ئەھمەد بىلەن سەلىمە مۇئەللىمنىڭ كېيىنكى قىرىق نەچچە يىللىق ھاياتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەندە ، يادىمىزغا ھېلىقى «مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر ئەرنىڭ ئارقىسىدا ئۆزىنى قۇربان قىلغان بىر پىداكار ئايال تۇرىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆز كېلىدۇ . بۇ ئىككىيلەننىڭ ھايات يولى ئاشۇ سۆزنى پولاتتەك پاكىت بىلەن ئىسپاتلايدۇ . دېمىسىمۇ سەلىمە مۇئەللىم يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ خىزمىتىنى باشتىن-ئاخىر قوللاپ كەلدى ، ئارقا سەپ — ئائىلە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ، ئۇنى خاتىرجەم خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى . قۇناخۇن خەلپەم كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان نەۋرە-ئىزباسارلاردىن تۆتنى قاتارغا قوشتى . يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ، ئەلۋەتتە ، سەلىمە مۇئەللىمنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ . بۇ ئۇن-تىنسىز ، داۋراڭسىز ، داغدۇغىسىز قوللاش . ئېيتىش كېرەككى ، ئانىلار ئەنە شۇنداق ئۈن-تىنسىز تۆھپە قوشۇشقا يارىتىلغان…

خۇلاسە شۇكى ، يولداش ئىسمايىل ئەھمەد 1963 -يىل 3 -ئايدا مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىنى ئەلا دەرىجىدە

پۈتتۈرۈپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى . بۇ چىرىيە ناھىيىنىڭ «توپا» يېزىسىدا تۇغۇلغان ، ئاشۇ تەكلىماكان باغرىدىكى يېزىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان بىر دېھقان ئوغلىنىڭ ھازىرقى زامان زىيالىيسىغا ئايلىنىشى ئىدى . دېمىسىمۇ ئۇ ئۈچ يىللىق ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە ، ئۇنىڭ كىيىنىش-ياسىنىشىمۇ ، يۈرۈش-تۇرۇشىمۇ ، گەپ-سۆزلىرىمۇ ، پىكىر-تەپەككۇر قىلىشلىرىمۇ زىيالىيلارچە تۈس ئالغانىدى . ئۇ مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا بۇگۈنكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي مائارىپ ۋە تارىخ كەسىپلىرىدە ئوقۇلىدىغان دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ تۈگەتتى . ئۇنى پارتىيىمىز ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى . ئۇ پارتىيىمىزنىڭ ، پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئۆز زىيالىيسى ئىدى...

## 5 . تەشۋىقات بۆلۈمىدە

ئىسمايىل ئەھمەد مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن 1963 -يىل 2 -ئاينىڭ 18 -كۈنى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قارار چىقىرىپ ، ئۇنى چىرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىدىن ج ك پ خوتەن يەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا يۆتكىدى . ناھىيىنىڭ جىڭ ھاكىملىقىدىن يەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا يۆتكىلىش بىزنىڭ بۇگۈنكى ئىنتايىن كۈچلۈك دەرىجە قارىشىمىز بويىچە ئالغاندا ئەلۋەتتە تۆۋەنلەش بولاتتى . لېكىن ئەينى يىللاردا كادىرلاردا بۇنداق بىنورمال دەرىجە قارىشى تېخى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشمىگەنىدى . تەشۋىقات خىزمىتى— پارتىيە خىزمەتلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم

خىزمەت دەپ قارىلاتتى . ئۇ چاغلاردا تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ئەمەس، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى پارتكوم ھەيئەتلىكىگە كىرگۈزۈلەتتى . شۇڭا ئىسمايىل ئەھمەد تەشكىلىنىڭ بۇ يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ھېچقانداق غەيرىيلىك ھېس قىلمىدى ، ئەكسىچە بۇنى ئۆزىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويغانلىق ، بىر ناھىيىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ئىشىنىپ تاپشۇرغانلىق دەپ قارىدى . ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ چاغلاردا ، كادىرلار قانداق ئورۇندا ئىشلەشكە ئەمەس ، قانداق نەتىجە يارىتىشقا ، پارتىيە تەشكىلىنى ، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى . ئىسمايىل ئەھمەد مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ، قايتىپ كېلىپلا تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى يېڭى خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتمىدى . ئۇنى تېخىمۇ يېڭى ۋەزىپە كۈتۈپ تۇراتتى . ئۇ يېڭى خىزمەتكە قاتناشقان چاغلىرىدىكىدەك ، يەنە بىر قېتىم «خىزمەت گۇرۇپپىسى» نىڭ كادىرىغا ئايلىنىپ چىرىيە ناھىيىسىنىڭ «گۇلاخما خەلق كوممۇنىسى» دا بىرىنچى قارارلىق «تۆتنى ئېنىقلاش ھەرىكىتى» (كېيىن «سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتى» دەپ ئاتالدى) گە قاتناشتى . «تۆتنى ئېنىقلاش ھەرىكىتى»گە خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ بارغان كادىرلارنىڭ تۈزۈم-ئىنتىزامى بەكلا چىڭ ئىدى . دېھقانلار ئاممىسى بىلەن «ئۈچتە بىرگە بولۇش»ى كېرەك ئىدى . «ئۈچتە بىرگە بولۇش»— ئەمگەكتە بىرگە بولۇش ، يېتىپ-قوپۇشتا بىرگە بولۇش ، تاماقتا بىرگە بولۇش دېگەن گەپ ئىدى ، دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ-قوپۇشى ، دېھقانلار نېمە يېسە شۇنى يېيىشى كېرەك ئىدى ، ئالاھىدە بولۇۋېلىشقا قەتئىي يول قويۇلمايتتى . مەخپىي بىر نەرسە سېتىۋېلىپ يېيىشكىمۇ يول قويۇلمايتتى . ئاشۇنداق

ئىشلارنى قىلىپ، سېزىلىپ قالغان كادىرلار قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىشقا دۇچ كېلەتتى. «تۆتتىن ئىنقىلاش ھەرىكىتى» شەھەر-بازارلاردا ئەۋجلەيدىغان، «خىزمەت گۇرۇپپىسى» غا تاللانغان كادىرلار ئۈچۈن بىر قېتىملىق جاپالىق چېنىقىش بولغانىدى.

ئىسمايىل ئەھمەد «گۇلاخما خەلق كوممۇناسى» دا بىر قارار «تۆتتىن ئىنقىلاش ھەرىكىتى»گە قاتناشقاندىن كېيىن، خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە رەسمىي خىزمەتكە چۈشتى. ئۆيىنى خوتەن ۋىلايەتلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ قورۇسىدا تۇتتى. چۈنكى، سەلىمە خانىمنىڭ ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىغا يۆتكىلىپ كەلگەنىدى. باشتا بايان قىلىپ ئۆتكەن، ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ توپىلىق مەيدانلىرىدا ۋالىبول ۋە ۋاسكېتبول ئويناپ يۈرگەنلىكىدىكى سەۋەب مانا شۇ ئىدى. ئۇ بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ قورۇسى بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم قورۇسى ئارىسىدا پىيادە بېرىپ-كېلىپ ئىشلەيتتى، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى كۆپرەك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ قورۇسىدا، ئوغلىنى ئوينىتىپ، ئۆزىمۇ توپ ئويناپ ئۆتكۈزەتتى. شۇ چاغلاردا ئىسمايىل ئەھمەد بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە خوتەن دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئاغىنە ئىدى. شۇلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىشاتتى. چۈنكى ئۆزىمۇ ئاللىقاچان زىيالىيغا ئايلانغانلىقتىن زىيالىيلار ئىچىگە سىڭىپ كېتەلەيتتى. ئۇنىڭدا يېزا-بازارلاردىكى موللا-ئۆلىمالار بىلەن سىردىشىشقا تىل بولغاندەك زىيالىيلار بىلەن سىردىشىشقىمۇ تىل تېپىلاتتى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىسمايىل ئەھمەد يەنە نېمە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى؟ بۇ يىللاردا تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى نېمە ئىدى؟ بۇلارنى

ئەلۋەتتە شۇ مەزگىللەرنىڭ رېئال ئارقا كۆرۈنۈشى ئارقىلىقلا يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ .

ھازىر ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق ، ئاشۇ 1960 -يىللارنىڭ دەسلەپكى بەش يىلىدا ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ھەتتا كىيىنىش ، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىغىچە بىر خىل يۈكسەك بىردەكلىكنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى ھېس قىلىمىز . بولۇپمۇ تۇرمۇش سەۋىيىسى ، ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا ، بىر خىل تەڭلىك ، باراۋەرلىك ئىشقا ئاشقانىدەك كۆرۈنىدۇ . كىشىلەر ئوخشاش كۆك ، قارا رەڭدە كىيىم كىيەتتى ، يېمەك-ئىچمەكلىرىمۇ ئوخشاش ئىدى . دېھقانلارمۇ ، كادىرلارمۇ ئوخشاشلا غورىگىل ، ئەمما ئۈمىدۋار تۇرمۇش كۆچۈرەتتى . پەرق چوڭ ئەمەس ئىدى . دېمەك ، ئاشۇ يىللاردا كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا ، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىدا پەرق چوڭ ئەمەس ئىدى ، شۇڭا شۇ يىللاردا ، مەيلى چىرىيە دىيارىدا بولسۇن ، مەيلى خوتەن ۋىلايىتى ياكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدە بولسۇن ۋە ياكى مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدا بولسۇن ، چوڭ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر مۇقىمسىزلىق ۋەقەلىرى كۆرۈلمىگەنىدى ، لېكىن سىنىپىي كۈرەش ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىش دېگەن بىر نەزەرىيە ھۆكۈم سۈرەتتى . ئاللىقاچان سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلغان ئەزگۈچىلەرنىڭ تىرىلىش تەھدىتى ھە دەپ يۇقىرى مۆلچەرلىنەتتى . شۇ يىللاردا يەنە قانداقتۇر كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ھوقۇقدارلار مەسىلىسىمۇ تىلغا ئېلىنىۋاتاتتى . قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «تۆتنى ئېنىقلاش ھەرىكىتى» مۇ ، ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك ئېلىپ بېرىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتىمۇ ئەنە شۇ كاپىتالىزم

يولغا كېتىۋاتقان ھوقۇقدارلارنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى ياكى ئېلىپ بېرىلماقچىدى . ئىشقىلىپ ، يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيە جەھەتتە ، قاراڭغۇدا قوش كۆرۈنگەندەك ئىش بولۇۋاتاتتى ، ئەمما ئومۇمىي ۋەزىيەت يەنىلا چوڭ ياخشى ئىدى . ئىقتىساد يۈكسىلىۋاتاتتى ، جەمئىيەت كەيپىياتى ياخشى ئىدى . ماركسىزم-لېنىنىزملىق دۇنيا قاراش ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاق-پەزىلەت ئومۇملىشىۋاتاتتى . ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ، ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى . كىشىلەردە بىر خىل ئىشەنچ ، ئۈمىدۋارلىق بار ئىدى ، جەمئىيەت تىنچ ، مىللەتلەر ئىتتىپاق ، خەلق خاتىرجەم ئىدى .

شۇ يىللاردا ئىسمايىل ئەھمەد ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىگە ، ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى . ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى كونسۇلتاتسىيە قىلىش دوكلاتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى . خىزمەت ۋەزىپىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا بۇ چوقۇم ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەر ئىدى . ئۇنىڭ ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش ، ئىلغارلارنى تەشۋىق قىلىشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ، گېزىت-ژۇرناللاردا خوتەننى تونۇشتۇرۇشقا ، خوتەننى تەشۋىق قىلىشقا ئېتىبار بەرگەنلىكى ئالاھىدە دىققىتىمىزنى جەلپ قىلىدۇ . بىر مىسال شۇكى ، شۇ يىللاردا قاراقاش ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ، كېيىنكى يىللاردا ئۆزىنى كۆرسەتكەن شائىر ، دراماتورگ ، ئىقتىدارلىق ئەدىب مەمتىمىن قۇربان ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئۆزىنى چاقىرتقان ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالىدۇ . ئۇ تەشۋىقات

بۆلۇمگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنى ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئۆزى كۆتۈۋالدۇ ۋە يىپەكچىلىك فابرىكىسىدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار توغرىسىدا بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر يېزىشنى ئورۇنلاشتۇردۇ. ئۇ چاغلاردا ھەقىقەتەنمۇ خوتەندە ئەدەبىي ئەسەر يازالىغۇدەك ئادەملەر ساناقلىقلا ئىدى، خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە قاھار جېلىل بىلەن ئىمىن راشىدىن، قاراقاش ناھىيىسىدە مەتىمىن قۇربان، خوتەن ناھىيىسىدە مۇسا سالىجان ··· ئاشۇلار ئىدى. «خوتەن گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئانچە-مۇنچە بايراملىق شېئىرلارنى ئېلان قىلىپ يۈرگەنلەر خوتەندىن مەتتۇردى نايۇپ، چىرىيىدىن ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بىلەن ئابدۇللا سۇلايمان، كېرىيىدىن مەمەتئەيسا قۇربانلار تېخى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. كېيىنكى چاغلارنىڭ داڭلىق شائىرى روزى سايىت بولسا، «سىپسىقئوت» دېگەن يەردىكى يېڭى ئېچىلغان بوز يەردە، قوناقلىقتا تاجاۋۇز قىلغان ياۋا توڭگۇزلارنى قوغلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى. خوتەندە ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات مۇھىتى كەمدىن-كەم ئىدى. ئاشۇ ساناقلىق بىرقانچە ئەدىبنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى ۋە تونۇمايتتى، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك ئادەممۇ يوق ئىدى. ئەدەبىيات دېگەن قورساق تويغان، ماددىي ئېھتىياج قانغان ئەھۋالدا شۇغۇللىنىدىغان مەنىۋىيەتكە دائىر پائالىيەت بولغاچقا، ئاشۇ غورىگىل يىللاردىكى بۇنداق ئەھۋالدىن ئاغرىنىپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەتىمىن قۇرباننى نەدىن تاپقانلىقى، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەر يازالايدىغانلىقىنى كىمدىن ئاڭلىغانلىقىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. ئىشقىلىپ، ئۇ مەتىمىن قۇرباننى تاپقاندى، ئۇلار تونۇشۇپ مۇڭدىشىدۇ. مەتىمىن قۇربان ئىسمايىل ئەھمەد تاپشۇرغان ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ چاغلاردا

رەھبەرلىك تاپشۇرغان ئىشنى رەت قىلىدىغان خاھىشمۇ يوق ئىدى. مەمتىمىن قۇربان زىيارەت قىلىپ، تۇرمۇش ئۆگىنىش ۋە ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن غەربىي شىمالدىكى بۇ ئەڭ چوڭ يىپەكچىلىك كارخانىسىغا كېلىدۇ. فابرىكا باشلىقلىرى ئۇنى دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئاللىقاچان يىپەكچىلىك فابرىكىسىغا تېلېفون بېرىپ، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. فابرىكا رەھبەرلىرىنىڭ ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىشى، سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىشى ۋە تۇرمۇشنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئىقتىدارلىق ئەدىب مەمتىمىن قۇربان يىپەكچىلىك كارخانىسىدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ھەققىدە «يىپەكچىلىك فابرىكىسىدىكى ئاچا-سىڭىللار» سەرلەۋھىلىك ئەدەبىي ئاخباراتنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەدىبلىرى يازغان تۇنجى ئەدەبىي ئاخبارات بولۇپ قالىدۇ. ئەسەر كۆپ ئۆتمەي شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنال— «تارىم» دا ئېلان قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ھاۋالىسى، ئىلھام بېرىشى بىلەن مەرھۇم يازغۇچى قاھار جېلىلمۇ ئىككى پارچە نەسر يېزىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر يازغۇچىلار يازغان تۇنجى ئەدەبىي ئاخبارات ۋە نەسرىي ئەسەر بولغانلىقى، شۇنداقلا ئەسەرلەر تولىمۇ پاساھەت بىلەن يېزىلغان بولغاچقا، جەمئىيەتتىكى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. ئىسمايىل ئەھمەدمۇ خۇشال بولىدۇ...

بىز يۇقىرىدىكى تەپسىلاتتىن ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ جەمئىيەتتىكى ياخشى ئىش، ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى تەشۋىق قىلىشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى بىلەن بىر قاتاردا يەنە ئۇنىڭ شائىر-يازغۇچىلارنىڭ قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىشقىمۇ ماھىر

بولغانلىقىنى كۆرىمىز . ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئەمەلىيىتىمۇ ئۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر مەرىپەتپەرۋەر رەھبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . بىز ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ شائىر ، دراماتورگ ، تەزكىرەشۇناس مەمتىمىن قۇربان بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتلەرگە كىتابىمىزنىڭ داۋامىدا يەنە قايتا توختىلىمىز . ھازىر بولسا ، ئىسمايىل ئەھمەد ئەينى يىللاردا ، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن چاغلاردىكى باشقا تەپسىلاتلارغا نەزەر ئاغدۇرايلى .

ئاشۇ چاغلاردا ئىسمايىل ئەھمەد ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئىچكى ۋەزىيەت ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا مول مەزمۇنلۇق ، شۇنداقلا جەلپ قىلارلىق دوكلاتلارنىمۇ بېرىپ تۇراتتى . 1964 -يىل كۈزدە ، ئۇنىڭ خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ خام كېسەكتىن سېلىنغان زالىدا خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا دوكلات بەرگەنلىكى پېشقەدەملەرنىڭ يادىدا . ئۇ ئىسمايىل ئەھمەد مەركەز تەشكىللىگەن بىر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە ، سوۋېت ئىتتىپاقى ، بۇلغارىيە ، رۇمىنىيىگە زىيارەتكە بېرىپ قايتىپ كەلگەن چاغ ئىدى . دوكلاتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتكە دائىر گەپلەر كۆپرەك خرۇششىۋ باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى شيۇجېڭجۇيىچىلىرى توغرىسىدا بولغانىدى . دوكلاتتىن ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يۇمۇرىستىك تۇيغۇ بالقىپ تۇراتتى . ئاشۇ دوكلاتتا ئىسمايىل ئەھمەد سوۋېت ئىتتىپاقى شيۇجېڭجۇيىچىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئون نەچچە پارچە سىياسىي يۇمۇرنىمۇ قوشۇپ سۆزلىگەنىدى . سىياسىي مۇلاھىزىلەردىن كۆرە ، يۇمۇر كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بەكرەك ساقلىنىپ قالىدۇ . ئاشۇ

يۇمۇرلارنىڭ بىرى مانا مۇنداق ئىدى :

نىكتاسىرگىيۋىچ ئامېرىكىغا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىگە بارغاندا ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كېننىدى بىلەن پو ئېتىشىپ قاپتۇ . كېننىدى پو ئېتىپ :

— ئامېرىكىنىڭ پەن-تېخنىكا ئىشلىرى شۇنچە تەرەققىي قىلدىكى ، بىز ئۆلگەن ئادەمنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدىغان دورا ياساپ چىقتۇق ، — دەپتۇ . خىروششۇنىڭ ئۇنىڭدىن قېلىشقۇسى كەلمەي :

— بىزنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىمىز شۇنداق تەرەققىي قىلدىكى ، بىز سائىتىگە يۈز كىلومېتىر يۈگۈرەلەيدىغان ئادەمنى يېتىشتۇرۇپ چىقتۇق ، دەپ لاپ ئۇرۇپتۇ .

خىروششۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي كېننىدىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا جاۋابەن زىيارەتكە كېلىدىغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەپتۇ . خىروششۇ ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ . ئەگەر كېننىدى ھېلىقى سائىتىگە يۈز كىلومېتىر يۈگۈرەلەيدىغان ئادەمنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈپ باقاي دەپ قالسا قانداق قىلارمىز دەپ ئويلاپتۇ . بىشى قاتقان خىروششۇ مىكويانغا مەسلىھەت ساپتۇ . مىكويان نېمە دەپتۇ دېمەمسىز ؟

— كېننىدىگە تېلېگراممىا بېرەيلى ، ئۇ ھېلىقى ئۆلگەن ئادەمگە يېگۈزسە تىرىلدۈرەلەيدىغان دورىدىن ئالغاچ كەلسۇن . ستالىنغا يېگۈزەيلى ، ستالىن تىرىلىدىغان بولسا ، سىزمۇ سائىتىگە يۈز كىلومېتىر يۈگۈرەيدىغان بولىسىز…

مانا بۇ ، خىروششۇنىڭ شيۇجېڭجۇيىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ماركسىزم-لېنىنىزمنى بۇرمىلىغان ، ستالىننىڭ نامىنى خۇنۇكلەشتۇرگەن ، ئاخىرى مۇپتىلا بولىدىغان كۇنىگە ئىشارە قىلىنغان سىياسىي يۇمۇر ئىدى . ئاشۇ يۇمۇرلارنىڭ يەنە بىرى

مۇنداق ئىدى :

كېنىندى سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە كەلگەن كۈنلەردە ، بىر ئايدىڭ ئاخشىمى خرۇششىۋ بىلەن كېنىندى خرۇششىۋنىڭ داچىسى يېنىدىكى ئورمانلىقتا سەيلى قىلىۋېتىپ قاراقچىغا ئۇچراپ قاپتۇ . قاراقچىلار ئۇلارنى قوغلاشقا باشلاپتۇ . قورقۇپ كەتكەن كېنىندى يېنىدىكى دوللارنى ، ئالتۇنلارنى تاشلاپ بېرىپتۇ ، ئاخىرى ئالتۇن سائەت ، ئالتۇن ئۈزۈكلىرىگىچە تاشلاپ بېرىپتۇ ، لېكىن قاراقچىلار قوغلاشتىن توختىماپتۇ . قېچىپ كېتىۋاتقان خرۇششىۋ بىردەققە توختاپ كىچىككىنە قەغەزگە بىر نەرسىلەرنى يېزىپتۇ-دە ، يول ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ قېچىپتۇ . كېنىندى بىلەن خرۇششىۋ بىر چاغدا كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا ، ھېلىقى قەغەزدىكى خەتنى كۆرگەن قاراقچىلار قارشى يۆنىلىشكە قاراپ ئۆلەر-تىرىلىشىگە باقماي قاچقۇدەك . كېنىندى ھەيران بولۇپ :

— قەغەزگە نېمە دەپ يازغان ئىدىڭىز ؟— دەپ سوراپتۇ . ئىككىتا سىرگىيۋىچ . خرۇششىۋ نېمىدەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېمەمسىز ؟

— ئەگەر يەنە قوغلاۋېرىدىغان بولساڭ سوۋېت ئىتتىپاقىچە كوممۇنىزمغا بېرىپ قالىسەن ، دەپ يازغانىدىم ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

مانا بۇ خرۇششىۋنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا «قورداق كوممۇنىزمى» نى يولغا قويغانلىقىنى مەسخىرە قىلىدىغان يۇمۇر ئىدى .

ئاشۇ يۇمۇلارنىڭ يەنە بىرىدە شۇنداق دېيىلەتتى :

بىر كۈنى خرۇششىۋ ، سوسلوۋ ، مىكويان ئۈچى تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ موسكۋا ئاسمىنىدا ساياھەت قىپتۇ . كېتىۋاتسا ، موسكۋا كوچىلىرىنىڭ بىرىدە نەچچە مىڭ ئادەم

ئۈچىرەتتە تۇرغۇدەك . خروششۇ :

— بۇ نېمىگە ئۈچىرەتتە تۇرغان ئادەملەر ؟— دەپ سوراپتۇ ئۇچقۇچىدىن .

— قارا بولكىغا ! — جاۋاب بېرىپتۇ ئۇچقۇچى .

— خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىشىم كېرەك ،— دەپتۇ خروششۇ ۋە دەرھال تېلېفون بېرىپ ، باشقا ئايروپىلان بىلەن قارا بولكا ئەكەلدۇرۇپ ، ھەر بىر كىشىگە بىردىن يەتكۇدەك قارا بولكا تاشلاپ بېرىپتۇ . ئۇلار ساياھەتنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ . باشقا بىر كوچىنىڭ ئۇستىگە كەلگەندە يەنە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۈچىرەتتە تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۇشۇپتۇ .

— بۇ نېمىگە ئۈچىرەتتە تۇرغان ئادەملەر ؟— دەپ سوراپتۇ سوسلوۋ ئۇچقۇچىدىن .

— سۇتكە ! — جاۋاب بېرىپتۇ ئۇچقۇچى .

— خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىشىم كېرەك ، — دەپتۇ بۇ ئىدېئولوگىيىگە مەسئۇل سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارى ۋە دەرھال تېلېفون ئۇرۇپ ، باشقا بىر ئايروپىلان بىلەن سۇت ئەكەلدۇرۇپ ھەربىر ئادەمگە بىر بوتۇلكىدىن سۇت تاشلاپ بېرىپتۇ .

ساياھەت داۋاملىشىپتۇ . يەنە بىر مەھەللىنىڭ ئاسمىنىغا يەتكەندە ئۇ يەردە يەنە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۈچىرەتتە تۇرۇشقانلىرىنى كۆرۇشۇپتۇ .

— بۇ نېمىگە ئۈچىرەتتە تۇرغان ئادەملەر ؟— دەپ سوراپتۇ مىكويان ئۇچقۇچىدىن .

— ياغيۇغا ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇچقۇچى .

— خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىشىم كېرەك ، — دەپتۇ بۇ تولىمۇ كېلىشكەن ، شاپ بۇرۇت مەسلىھەتچى ۋە دەرھال تېلېفون ئۇرۇپ ، بىر ئايروپىلان ياغيۇ ئەكەلدۇرۇپ ئۈچىرەتتە تۇرغانلارغا

تاشلاپ بېرىپتۇ . ئاسمان ساياھىتى داۋاملىشىپتۇ . خىروششۇ ئۇچقۇچىغا چاقچاق قىلىپ :

— بىز ئۇچىمىز خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلدۇق ، سەنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغاندىكىن ، خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ ، ئۈچىرەتتە تۇرغانلارغا بىرەر نەرسە تاشلاپ بەرمەمسەن ؟ خەلقنى رازى قىلمامسەن ؟ — دەپتۇ . ئۇچقۇچى نېمىدەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېمەمسىز ؟

— خەلق ئۇچۇن ھەقىقىي خىزمەت قىلىدىغان ، ئۇلارنى رازى قىلىدىغان ئىش بولسا ، مۇشۇ ئايروپىلاننى سىلەر بىلەن قوشۇپ يەرگە موللاق ئاتقۇزسام بولىدۇ ، — دەپتۇ .

بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ خىروششۇ قاتارلىق شيۇجېڭجۇيىچىلارغا بولغان نەپرەت-ئۆچمەنلىكىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان يۇمۇر ئىدى .

ئىسمايىل ئەھمەد شۇ قېتىم سۆزلىگەن دوكلاتتا بۇنداق سىياسىي يۇمۇرلار خېلى بار ئىدى . قىرىق يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېسىدە قالغانلىرى ئاشۇ بىرقانچىسىلا . ئاشۇ قېتىملىق دوكلاتنى ئاڭلىغانلار ئۇزۇن يىللارغىچە ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ دوكلاتىدىكى قىزىق ۋە مەزمۇنلۇق يۇمۇرلارنى ئەسلىشىپ يۈردى . مەلۇمكى ، سىياسىي تەشۋىقاتنىڭ ۋاستە ، ئۇسۇللىرى كۆپ خىل بولىدۇ . مەزمۇنىمۇ كۆپ خىل بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پارتىيىنىڭ سىياسەت ، فاكجېنلىرىنى بىۋاستە تەشۋىق قىلىدىغان ئۇدۇل تەشۋىقاتتىن باشقا ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش ئۇسۇلى ، كىشىلەر كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئۇسۇلى ، كىشىلەر قەلبىدە نەپرەت پەيدا قىلىش ئۇسۇلى ، كىشىلەردە سىرلىق تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئۇسۇلى ، كىشىلەر قەلبىنى

يېتەكلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئادەتتە كۆپ قوللىنىلىدۇ . كىشىلەر قەلبىدە نەپرەت پەيدا قىلىش ئۇسۇلى دۈشمەن ، رەقىبلەرگە قارىتا توغرا چۈشەنچە پەيدا قىلىشنىڭ بىر خىل ئەپلىك چارىسى بولۇپ ، يۇمۇر ئەنە شۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىدۇر . ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيە-تۇيغۇسىغا تەسىر قىلىشى خېلىلا مەخپىي بولغاچقا ، ئۈنۈمى تولىمۇ ئوبدان بولىدۇ .

ئىسمايىل ئەھمەد خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە خوتەندە يەنە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىگۈدەك ئىككى مۇھىم ئىش بار ئىدى . بۇنىڭ بىرىنچىسى ، خوتەن «تۇزلۇق ساي» ئايرودرومىنىڭ زامانىۋى ئايرودروم قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ ئايرودرومغا چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانلار بىۋاسىتە قونۇپ ئۇچالايتتى . بۇ ئايرودروم بەلكىم 1962 -يىلىدىكى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى پەيدا قىلغان ھەربىي ئېھتىياج سەۋەبلىك ياسالغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇ چاغلاردا بۇنداق چوڭ تىپتىكى زامانىۋى ئايرودروم ئۈرۈمچى-قەشقەردىمۇ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىمۇ يوق ئىدى . شۇڭا ئايرودوروم پۈتۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، ئۇ شىنجاڭغا كېلىدىغان چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانلار قونىدىغان بىردىنبىر ئايرودرومغا ئايلانغانىدى . 1963 -يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزغا كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن رەئىس ليۇ شاۋچى ، باش مىنىستىر جۇ ئېنلەي ، مۇئاۋىن باش مىنىستىر قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى مارشال چېن يى ، مۇئاۋىن باش مىنىستىر مارشال خې لۇڭ ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش شتاب باشلىقى گېنېرال ئارمىيە لو رۈيچىڭ قاتارلىقلارنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانلىرى مۇشۇ ئايرودرومغا كۆپ قېتىم قونغانىدى . ئۇلار بۇ يەردە چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانلاردىن

كىچىك تېپتىكى ئايروپىلانلارغا ئالمىشىپ، ئاندىن قەشقەرگە، ئۈرۈمچىگە باراتتى، قايتىشتا يەنە خوتەن ئايرودرومى ئارقىلىق قايتاتتى. ئاشۇ دۆلەت رەھبەرلىرى كەلگەندە ئاجايىپ داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش مۇراسىملىرى ئۆيۈشتۇرۇلاتتى. «تۇزلۇق ساي» ئايرودرومىدىن خوتەن شەھىرىگىچە بولغان يەتتە كىلومېتىرلىق توپىلىق يولغا دېھقانلار كېچىچە سۇ سېپىپ چىقاتتى. ئون مىڭلىغان ئادەم يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ قارشى ئالاتتى. خوتەن شەھىرىنىڭ توپىلىق كوچىلىرىمۇ پاكىز ۋە سۇ سېپىلگەن بولاتتى، شەھەر دۆلەت رەھبەرلىرى بىمالال دەم ئالالىغۇدەك تىنچ ۋە پاكىز بولۇپ قالاتتى. 1965-يىل يازدا، باش مىنىستىر جۇئېنلەي، مۇئاۋىن باش مىنىستىر، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى، مارشال چېن يى قاتارلىقلار ئاسىيا-ئافرىقا دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىغا بېرىش يولىدا خوتەنگە چۈشتى. ئوخشاشلا مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان ئادەم قارشى ئېلىشقا چىقتى. قارشى ئالغىلى چىققانلار ئىچىدە، ئۈرۈمچىدىن كېلىپ كۈتۈپ تۇرغان ئەينى چاغدىكى ئاپتونوم رايون باشلىقلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار بار ئىدى. مېھمانلار ئايروپىلاندىن چۈشۈپ كەلگەندە، ئاپتونوم رايوننىڭ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاشۇ كۆرۈشۈش جەريانىدا، چېكىلىكسىز ئىسپانچە شەپكىنى بىر يانغا چىرايلىق باسۇرۇپ كىيىۋالغان، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان مارشال چېن يى بىر ئايالنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى… ھېچكىم ئاشكارا سورۇنلاردا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەيدىغان، بىر-بىرىگە لەۋ تەككۈزمەيدىغان ئاشۇ يىللاردا مارشال چېن يىنىڭ بۇ ھەرىكىتى خوتەنلىكلەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغانىدى. پېشقەدەملەر ئاشۇ ئاجايىپ كۆرۈشۈشنى

ۋە ھاڭ-تاڭلىقنى ھازىرمۇ تەئەججۇپ بىلەن ئەسلىشىدۇ . ئۇلار كېيىن ئۇقسا ، ھېلىقى ئايال— مارشالنىڭ ئايالى ئىكەن . ئۇ خوتەنگە ئالدىن كېلىپ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن ... شۇ قېتىم خوتەندىكىلەرنى ھەيران قالدۇرغان يەنە بىر ئىش ، خىزمەتچىلەر ئايروپىلاندىن چۈشۈرگەن يېپيېڭى قوغۇن-تاۋۇزلار ئىدى . ئەتىياز كۈنلىرىدە خوتەندە ئالدىنقى يىلدىكى قوغۇن-تاۋۇزلار ئاللىقاچان تۈگەپ كەتكەن بولاتتى . ئۇلار يەنە دۇنيانىڭ كىلىمات رايونلىرىغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى ، ئىسسىق بەلۋاغ رايونلىرىدا بۇنداق چاغدىمۇ قوغۇن-تاۋۇز پىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى ۋە چۈشەنمەيتتى . بىلمەيدىغان ۋە چۈشەنمەيدىغان ئادەم دائىم ھەيرانلىق ئىچىدە يۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەتىياز كۈنلىرىدە قوغۇن-تاۋۇز كۆرۈپ ھەيران قېلىشى— ئەنە شۇ بىلمەسلىكىدىن ئىدى .

ھەر قېتىم دۆلەت رەھبەرلىرى خوتەنگە چۈشكەندە ، خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى مېھمانلار ئۈچۈن مول مەزمۇنلۇق ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . بىزنىڭ ئاشۇ يىللاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىگۈدەك ئىش دېگىنىمىزنىڭ ئىككىنچىسى مانا شۇ خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە مۇناسىۋەتلىك ، لېكىن بىز خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى ، خوتەن «تۇزلۇقساي ئايرودرومى» ئارقىلىق خوتەن ۋە ئاپتونوم رايونىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ئەزىز مېھمانلارنى قارشى ئېلىش ۋە كۈتۈۋېلىش سورۇنلىرىدا يۈرگەن ئىسمايىل ئەھمەدكە بىر قۇر نەزەر ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك . ئىسمايىل ئەھمەد ئاشۇ سورۇنلارنى تەشكىللىگۈچى ۋە ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى . شۇ يىللاردا خوتەن ۋىلايەتلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى

رەتلىك ، چىرايلىق ، يارىشىملىق كىيىنگەن ئىسمايىل ئەھمەد مەكتەپ قورۇسىغا كېلىپ ، يەنە ئالدىراش كېتىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇراتتى . بۇنداق مېھمان كەلگەن چاغلاردا ھەقىقەتەن ئالدىراشلىق بولاتتى . ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇنداق ئىشلارغا ئوبدانلا ئېپى بار ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ چاغلاردا يەرلىك پارتكومدىكى شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئىچىدە ئەڭ ئىناۋەتلىكى ئىسمايىل ئەھمەد بولغانلىقتىن ، ئۇنىڭ كۇتۇۋېلىش خىزمەتلىرىنىڭ بىر قىسمىغا يېتەكچىلىك قىلىشى تەبىئىي ئىش ئىدى . بىز ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا ئاشۇ ئىشلارنى ناھايىتى ياخشى ئىشلىگەنلىكىنى ، شۇ ئارقىلىق مېھمانلار ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدە ناھايىتى ياخشى تەسىرات قالدۇرغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز .

ئەمدى بىز گېپىمىزنى ئاشۇ يىللاردىكى كۇتۇۋېلىش خىزمەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينىغان خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە خوتەننىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا يۆتكىشىمىز كېرەك . ھەممىگە مەلۇمكى ، خوتەن ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ يەنە بىر بۆلىقى . «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ شەكىللىنىشى ، ۋايىغا يېتىشى ۋە ساقلىنىشىدا ئەڭ مۇھىم رول ئوينىغان زېمىنلارنىڭ بىرى . خوتەنلىك مەشھۇر مۇزىكانت ، مۇزىكا تارىخچىسى ئىسمىتۇللاخان مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق مەشھۇر كىتابى بىزگە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» توغرىسىدىكى شۆھرەتلىك تارىخنى يەتكۈزۈپ كەلدى ۋە ئىپتىخار بەخش ئەتتى . ئىسمىتۇللاخان مۆجىزىدىن كېيىن ، بۇ زېمىندا يەنە ساۋۇتخان ، ئايىمخان ھاجىم ، تەمبۇرچى قادىرەم ، شېرىپ بەگ ، تاراخۇن ، سۇلايمان ئاخۇن قالۇن ، بۇلبۇل ئاخۇن ، توختاخۇن قالۇنچى ، يۈسۈپ تەمبۇرچى ، مەڭلەشخان تەمبۇرچى ، تۇرسۇن ئاخۇن سائەتچى قاتارلىق مەشھۇر سەنئەتكارلار ئۆتتى . بولۇپمۇ

چـــرىيلىك سۇلايمان ئاخۇن قالۇننىڭ ئـۆتـكـەن ئـەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا «ئون ئىككى مۇقام» نى لېنتىغا ئېلىش، ساقلاپ قېلىش خىزمەتلىرىدە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. سۇلايمان ئاخۇن ئاكا يەكەنلىك مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ دەۋردىشى، ئاغىنىسى ھېسابلىنىدۇ. مەرھۇم سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ ئەسلىشىچە، ئاشۇ يىللاردىكى مۇقامنى لېنتىغا ئېلىش ـ ساقلاپ قېلىش خىزمەتلىرى داۋامىدا، سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنىڭ ئاۋازى ياش ۋاقىتلىرىدىكىدەك ساز بولمىغاچقا، لېنتىغا ئېلىشتا تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئاۋازى لېنتىغا ئېلىنغان. لېنتىغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىقلارنى شۇ موقامچى ئۇستازلار بىللە ئېلىپ بارغان. بىز يۇقىرىقى پاكىتتىن خوتەن رايونىنىڭ ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە «ئون ئىككى مۇقام» نى ساقلاپ قېلىشتا تۇتقان ئورنىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. خوتەندە سەنئەت ئىشلىرىنىڭ مۇنتىزىملىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ۋاقتى 1938 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. شۇ يىللاردا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى «سانايىنەپىسە» تەشكىللەپ، ئويۇن ۋە درامىلارنى قويىدۇ. تالىپ ئاخۇن، ئابدۇرېھىم لېتىپ، ئابلىز، ئوبۇل، نادىرخان قاتارلىقلار سازچى بولىدۇ. قاھارجان، ئەمەت ئۆمەر، ھاجى خانىم، جۇرئاي، ئابلىز ھاجى، زىيائىدىن، روزى قارى قاتارلىقلار ئارتىس بولىدۇ. يەنە 1940 ـ يىللارنىڭ بېشىدا خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى مۇزىكا كۇرسى ئاچىدۇ. مۇزىكا كۇرسىدا كېيىنكى چاغلارنىڭ داڭلىق مۇزىكانتلىرىدىن نادىرخان، مىززەپشاھ شاھ، دېمىن ئاخۇن، مەخمۇتجان، تۇرسۇن توختى، ئابدۇقادىر خوجى قاتارلىقلار ئىسكىرىپكا، نەي، چاڭ، تەمبۇر، داپ قاتارلىقلارنى چېلىشنى ئۆگىنىدۇ. ھاجى مەمەت ئاكا

(تاشكەنتتە ئوقۇغان ئادەم ئىدى) ئۇستاز بولىدۇ. خوتەندە ھازىرقى زامانچە سەنئەت ئۆمەكلىرىنى قۇرۇش شارائىتى ئاستا-ئاستا پىشىپ يېتىلىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئاشۇ «سانايىنەپىسە» ئاساسىدا خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلىدۇ ۋە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەت-فاڭجېنلىرىنى تەشۋىق قىلىشتا، سەنئەت قورالىدىن پايدىلىنىپ ياخشى ئۈنۈم يارىتىدۇ. ئىسمايىل ئەھمەد خوتەن يەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقاندا خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتىدۇ. خادىملارنى تولۇقلاشتىن تارتىپ، يېڭى نومۇرلارنى ئىجاد قىلىش، يېڭى نومۇرلارنى رەپتىس قىلىشقىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئارىلىشىدۇ. سەنئەت ئۆمىكى تېخىمۇ كاپالەت تاپىدۇ. خوتەن «تۇزلۇقساي ئايرودرومى» ئارقىلىق داڭلىق رەھبەرلەر خوتەنگە، شىنجاڭغا كېلىۋاتقان يىللار ئاشۇ خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى راسا گۈللەنگەن، روناق تاپقان، داڭ چىقارغان مەزگىل، شۇنداقلا ئۇستا سەنئەتكارلار، ھەقىقىي سەنئەت تالانتى بارلار، سەھنىگە گۈلدەك يارىشىدىغانلار جەم بولغان مەزگىل ئىدى. داڭلىق ناخشىچى سالامەت خانىم، داڭلىق لەپەرچى سۇلايمان روزى، داڭلىق ئىسكىرىپكىچى نادىرخان ۋە سايىپجامال خانىم، ھەجەرخانىم، ئامىنە خانىم، گۈلنار خانىم، كېرىموللاخۇن، تۇردى ئەخمەت، مۇختار ئىمىن ھاجىم، زىياۋۇدىن، ئوبۇلھەسەن، ھەسەنجان، ئابلىمىت ئەھەت، ئىنگەمبەردى، سودىيە خانىم، رىزۋان خانىم قاتارلىقلار گويا ئاسماندىكى ساناقسىز يۇلتۇزلار سامانيولىغا جەم بولغاندەك خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە جەم بولغانىدى. داڭلىق سەنئەت تەشكىلاتچىسى ئابدۇقادىر ئوسمان (ھاجىم) ئۆمەك باشلىقى ئىدى. شۇ يىللاردا خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى جەنۇبىي شىنجاڭ

ۋە ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرەكلىرىدە نەچچە قېتىم بىرىنچى بولۇپ داڭ چىقارغانىدى . ئۇ چاغلاردا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى «ئۇلانمۇچىر سەنئەت ئۆمىكى» دىن ئۆگىنىپ ، سەنئەت ئىشلىرىنى يېزا-قىشلاقلارغا ، تاغ-يايلاقلارغا يۈزلەندۈرۈش تەشەببۇس قىلىناتتى . شۇ سەۋەبلىك ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى سەييارە ئويۇن قويۇپ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ چەت يېزا-كەنتلىرىنىمۇ قويماي ئارىلاپ چىققان ، ھەقىقەتەنمۇ ھەم قىزىللاشقان ، ھەم ئىختىساسلاشقان سەنئەت ئۆمىكىگە ئايلانغانىدى .

بىز تەسۋىرلەۋاتقان دەۋرگە كەلگەندە ، ئاشۇ سەنئەت ئۆمىكى راسا قىرانىغا تولۇپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەن بىرگە ، مېھمانلارنى قارشى ئالىدىغان ئايرودرومدا كوچا ئۇسسۇلى ئويناپ ، مېھمانلار ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن كەچكى كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشلىرىدا ئويۇن قويۇپ يۈرەتتى . ئۇلارنىڭ يۇقىرى ماھارەتلىك ئويۇنلىرىنى كۆرگەن باش مىنىستىر جۇ ئېنلەي ئىنتايىن ھاياجانلانغان ۋە ئۇلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئۆتۈپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپمۇ قىلغانىدى . 1965 -يىل 10 -ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىق بايرىمى يېتىپ كەلدى . مەركەز مارشال خې لۇڭ باشچىلىقىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆمەك ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن ھال سورىدى . مارشال باشچىلىقىدىكى ئۆمەك ئاۋۋال خوتەنگە كەلدى ، ئاندىن قەشقەر ، ئۈرۈمچى تەرەپكە ئۆتتى . داغدۇغىلىق قارشى ئېلىشلار ، يىغىلىشلار ، ئېكسكۇرسىيىلەر بولدى ، تەبىئىي ھالدا ئويۇنمۇ قويۇپ بېرىلدى ، ئويۇننى تەشكىللەش ئىشلىرىغا ئىسمايىل ئەھمەد مەسئۇل بولدى . ئويۇن باشلانغاندا ، ئۇ ئىككىنچى رەتتە— مارشال خې لۇڭنىڭ ئارقىسىدىلا

ئولتۇرۇپ ، ئويۇن مەزمۇنلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى . يۇقىرى سەۋىيىلىك ئويۇننى كۆرۈپ ، مارشالمۇ ، ئۆمەكنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ بەك خۇشال بولدى . ئىسمايىل ئەھمەد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، 6-ئايدا جۇ ئىنلەي زۇڭلىنىڭمۇ بۇ ئويۇننى كۆرگەنلىكىنى ، خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنى بېيجىڭغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى . ئويۇن ئاخىرىدا مارشال سەھنىگە چىقىپ ، سەنئەتچىلەر بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ، ئويۇننىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە ئاخىرىدا خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنى رەسمىي تۈردە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئۆتۈپ ، ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلدى .

ئەستە ئېنىق ساقلانغىنى شۇكى ، مارشال ئۆزىنىڭ چىرايلىق هاسىسىنى شورباغلىق بوۋاي مەتمۇسا ئاكىغا تەقدىم قىلدى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنى رەسمىي تۈردە بېيجىڭغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلدى . بۇ باش مىنىستىر جۇ ئېنلەيگە ۋاكالىتەن قىلىنغان تەكلىپ ئىدى . بۇ خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئۈچۈن ، خوتەن خەلقى ئۈچۈن كاتتا چوڭ ئىش ئىدى . مەركىزنىڭ خوتەن خەلقىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ، غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى . دەل شۇ كۈنلەردە بىزنىڭ ئىسمايىل ئەھمەدنى ئۇرۇمچىگە—ئاپتونوم رايونغا يۆتكىگەنلىك توغرىسىدا گەپلەر تارقالغان ۋە ئۆزگىمۇ ئۇقتۇرۇلغانىدى . 10-ئاينىڭ 15-كۈنى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنى بېيجىڭگە كېلىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلغانلىقى توغرىسىدا ئالاقە يېتىپ كەلدى . ئارقىدىنلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى گۇڭ كې يولداش ئىسمايىل

ئەھمەدنى ئاپتونوم رايونغا ۋاكالىتەن خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنى بېيجىڭغا باشلاپ بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى . بۇ خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئاپتونوم رايونغا ۋاكالىتەن ئويۇن قويۇشقا بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى . شۇنداق قىلىپ ئىسمايىل ئەھمەد خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە مۇۋەققەت تۇەنجاڭ بولۇپ ئىچكىرىگە ئاتلىنىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى .

بېيجىڭدەك كاتتا ئاستانىگە بېرىپ ئويۇن قويۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىش كېرەك ئىدى . ساز-چالغۇ ، سەھنە كىيىمى ، كۆرسىتىدىغان نومۇرلارنى يېڭىلاش كېرەك ئىدى . پايتەختتە ئويۇن قويغاندا ، ئويۇن كۆرىدىغانلار كۆپ ئەللەرنىڭ ، كۆپ مىللەتلەرنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرگەن ، يۇقىرى سەۋىيىلىك تاماشىبىنلار بولاتتى . شۇڭا ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى . ئىسمايىل ئەھمەد تەييارلىققا ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى ، ئالدى بىلەن شائىر ، دراماتورگ مەمتىمىن قۇربان ئەپەندىنى قاراقاشتىن يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ ، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئويناۋاتقان نومۇرلارنىڭ تېكىستىنى تەرتىپكە سېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى ، يېڭى ناخشا ، يېڭى نومۇرلارنى يازدۇردى . نومۇرلارنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ، رەپتىسلەرنىڭ ئاياغلىشىشىغا ئەگىشىپ باشقا تەييارلىقلارمۇ پۈتۈپ قالغانىدى . ئۇلار بېيجىڭغا قاراپ ئاتلاندى . شۇ چاغدا ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ شائىر ، دراماتورگ مەمتىمىن قۇربانىمۇ ئۆمەككە قوشۇپ ، ئىچكىرىگە بىللە ئېلىپ بارغانلىقىنى ئۇنىڭ بۇرۇندىنلا شائىر-يازغۇچىلارغا يېقىن تۇرىدىغان مەرىپەتپەرۋەرلىكىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ .

## 6 . خوتەندىنمۇ ھالقىپ چىقىش

خوتەن ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىدىغان پاراگرافقا «خوتەندىنمۇ ھالقىپ چىقىش» دەپ قويىغان سەرلەۋھىمىز ھەرگىزمۇ ئاشۇ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى يولداش ئىسمايىل ئەھمەدكە قارىتىلغان . ئىسمايىل ئەھمەد ئاشۇ ئۇچقانچە ئەمدى خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتىدۇ . چىرىيە ئۇچۇن ، خوتەن ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان ئادەمدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇچۇن ، پۈتۈن جۇڭگو ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىدۇ . چىرىيىگە ، خوتەنگە قايتىپ كەلمەيدۇ ، خىزمەت تەكشۈرۈش ۋە تۇغقان يوقلاش ئۇچۇن كەلگەن ھالەتتىمۇ ئەمدى ئۇنىڭ تەشكىلى تەۋەلىكى باشقا ياقلاردا بولىدۇ .

ئىسمايىل ئەھمەد خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنى باشلاپ پايتەخت بېيجىڭغا يېتىپ باردى . گەرچە بۇ چاغلاردا بېيجىڭغا بىرىپ-كېلىش ئىسمايىل ئەھمەد ئۇچۇن قوغۇنلۇقنىڭ يولىدا قاتىنىغاندەك ئىشقا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ ، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار ئۇچۇن تۇنجى قېتىم ئىدى . پايتەختنىڭ گۈزەل كوچا-رەستىلىرىنى ، كەڭ ۋە ھەيۋەتلىك تيەنئەنمېن مەيدانىنى ، ئاجايىپ جەزبىدار ئۇسلۇبتا سېلىنغان خەلق چوڭ سارىيىنى كۆرگەندىكى ھاياجانىنى بىر دېمەڭ . ئارتىسلار ھاياجانغا ، خۇشاللىققا چۆمگەندى . جۇڭنەنخەيدە ئويۇن قويغاندا ھاياجان ۋە خۇشاللىق ئەڭ ئەۋجىگە چىقتى . دۆلەت قۇرغۇچى مەشھۇر رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى كەلگەن ، داڭلىق مارشاللار ، گېنېراللار تاماشىبىن ئىدى . ئارتىسلار ئاشۇنداق مەشھۇر كىشىلەرگە ئويۇن

كۆرسىتىش پۈرسىتىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىدىن ھاياجانلانسا ، تاماشىبىنلار كۆرسىتىلىۋاتقان يۇقىرى سەۋىيىلىك نومۇرلاردىن ھاياجانلىناتتى . شۇ كۈنى ئەڭ قىزىقىش بىلەن ئويۇن كۆرگەن كىشى باش مىنىستىر جۇ ئېنلەي بولۇشى مۇمكىن . ئالدىنقى رەتتىن ئورۇن ئالغان بۇ مەشھۇر سىياسىئون ۋە دىپلومات پات-پات ئورنىدىن قوزغىلىپ ئىسمايىل ئەھمەدتىن نېمىلەرنىدۇر سورايتتى ، ئۇزمەي چاۋاك چالاتتى . ئۇ خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇنلىرىنى ئىلگىرىمۇ كۆرگەن ، ئارتىسلار بىلەن ئىلگىرىمۇ ئۇچراشقان بولغاچقا ، كىمنىڭ كېلىپ ، كىمنىڭ كېلەلمەي قالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرەتتى . ئۇ ئىسمايىل بۇجاڭدىن : «سىلەردە ئانا-بالا بىر جۈپ ئارتىس بولىدىغان ، ئۇلار كېلەلدىمۇ ؟ » دەپ سۈرۈشتۈردى . بۇ ھەجەرخانىم ، گۈلنار خانىم ئانا-بالىغا قارىتىلغان سوئال ئىدى . ئىسمايىل ئەھمەد ئەھۋالنى چۈشەندۈرەتتى . باش مىنىستىر باشقا سوئالغا ئۆتەتتى . شۇ كۈنى باش مىنىستىر يەنە خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يېڭى ئىسىم قويۇپ بەردى . ئۇ ئىسمايىل ئەھمەدكە : «سەنئەت ئۆمىكىڭلەرنىڭ ئىسمى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى بولسۇن ، خوتەن قاشتېشى بەك مەشھۇر ، سىلەر ئاشۇ قاشتېشىدەك جۇلالاڭلار » دېدى . ئىسمايىل ئەھمەد بۇ مۇبارەك ئىسىمغا دەرھال ھەشقاللا ئېيتتى ، لېكىن ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ بولغان باش مىنىستىر يەنە ھايالشمايلا ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ يېنىغا كېلىپ «يېڭى قاشتېشى بولسۇن ، سىلەر يېڭى زاماننىڭ ياشلىرى بولغاندىكىن ، سەنئەت ئۆمىكىڭلەرنىڭ ئىسمىنى يېڭى قاشتېشى دەپ ئاتاڭلار » دېدى . باش مىنىستىرنىڭ بىر ۋىلايەتلىك كىچىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئاتايىتەن ئىسىم قويۇپ بېرىشى ، ئىسمىنى يەنە قايتا ئۆزگەرتىشى ئۇنىڭ كۆرسىتىلگەن ئويۇندىن بەكلا رازى

بولغانلىقىنى ، كىچىك بىر سەنئەت ئۆمىكىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى .

شۇ قېتىم ئىسمايىل ئەھمەد باشلاپ بارغان خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى يەنى «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» بېيجىڭ ، تيەنجىن ، شاڭخەي ، نەنجىڭ ، چاڭشا ، گۇاڭجۇ قاتارلىق شەھەر ۋە قىسمەن ئۆلكىلەردە يەتمىش مەيداندىن ئارتۇق ئويۇن قويدى . چېگرا رايوندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىي تۇرمۇشىدا مەيدانغا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى سەنئەت شەكلى بىلەن مەركەزگە ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەر خەلقىگە دوكلات قىلدى . مەركەزدىكى رەھبەرلەر ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا يۇقىرى باھا بەردى . ئۇلارنى «يەنە بىر 〈ئۇلانمۇچىر〉چە سەنئەت ئۆمىكى» دەپ ماختىدى . ئويۇن ھەقىقەتەنمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانىدى .

1965 -يىلىنىڭ 11 -ئايىدىن 1966 -يىلىنىڭ 6 -ئايىغىچە داۋاملاشقان ئىچكىرى ئۆلكىلەر سەپىرى جەريانىدا ، ئىسمايىل ئەھمەد ئىلگىرى يېزا ئىگىلىك خىزمىتىنى ، سىياسىي خىزمەتنى ، تەشۋىقات خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا لاياقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندەك يەنە مەدەنىيەت-سەنئەت خىزمەتلىرىنىمۇ باشقۇرۇشقا لاياقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى . ئۇنىڭ ھەر ساھەدىكى تەشكىللەش ، ئۇيۇشتۇرۇش ، ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى قايىل قىلاتتى .

شۇ قېتىملىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قىلغان سەپەر جەريانىدا ، ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ھايات يولىدا يەنە بىر قېتىم چوڭ ھالقىش-سەكرەش بولدى . سەنئەت ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە ئىسمايىل ئەھمەدنى ئەمدى يېڭى خىزمەت ئورنى كۈتۈپ تۇراتتى .

شۇنداق قىلىپ، قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئاشۇ چاپتىكەش نەۋرىسى ئۇتتۇز ياشتىن ئەمدىلا ھالقىغان چاغدا، خوتەن دىيارىدىنمۇ ھالقىپ چىقىپ كەتتى. نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ ھايات يولى ئۇمۇمەن ئاسفالت يولدەك تۈز ۋە تەكشى بولدى. ھايات يولىدا پۇتلىشىدىغان، يىقىلىدىغان ئىشلار ئاساسەن كۆرۈلمىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ كۆرگەن تەربىيىسىمۇ، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىمۇ رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىككىسى قوشۇلسا، ھايات يولى ئەنە شۇنداق پارلاق بولىدۇ.

1966-يىلى سەنئەت ئۆمىكى بىلەن ئىچكىرىگە قىلغان سەپەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەدەنىيەت-مائارىپ سىياسىي بۆلۈمىگە مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى (ئۇ چاغدا بىرىنچى شۇجىدىن باشقىلار شۇجى دەپ ئاتىلاتتى، مۇئاۋىن سۆزى قوشۇلمايتتى)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت كومىسسارى قاتارلىق يۇقىرى ۋەزىپىلەردە بولغانلىقى ھەممەيلەنگە مەلۇم. ئۇ يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 10-، 11-، 12-، 13-، 14-، 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغان. ئۇ ھازىر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ خوتەن دىيارىدىن ھالقىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى توپتوغرا قىرىق يىللىق ھاياتىنىڭ تەپسىلاتلىرى بىزگە

مەلۇم ئەمەس . بىز پەقەت يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇنىڭ ئالدىنقى ئوتتۇز يىللىق ھاياتىنىڭ تولۇقسىز كارتىنىلىرىنىلا سۈرەتلەپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئالدىمىزغا قويغانلىقىمىز ئۈچۈن ، كېيىنكى ئىشلارنى ئېنىقلاشقا زور ۇقۇپمۇ كەتمىدۇق . ئەمما بۇ يەردە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى ، بىر ئادەمنىڭ ئالدىنقى ئوتتۇز يىللىق ھاياتى— ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل ھېسابلىنىدۇ . ئاشۇ ئالدىنقى ئوتتۇز يىلدا ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى تۇرغۇزۇلۇپ ، كېيىنكى ھاياتىغا ئاساس سېلىنىدۇ . كېيىنكى ھاياتى ئاشۇ پوندامېنت ئۈستىدە قەد كۆتۈرىدۇ . مۇشۇ نۇقتىدىن تۇرۇپ ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتى ئاشۇ ئالدىنقى دۇنيا قاراش ئاساسى ، بىلىم قۇرۇلمىسى ئاساسى ، ئىقتىدار-قابىلىيەت ئاساسى ، ئەدەپ-ئەخلاق ئاساسى بويىچە داۋاملىشىدۇ . بىز يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىمۇ ئالدىنقى ھاياتى ئاساسىدا ئۇلۇغۋار تۆھپە-نەتىجىلەردىن بېزەندى ، ھايات يولىدا ئېگىز-پەسلىكلەر كۆرۈلمىدى ، ھايات شان-شەۋكىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلدى دەپ ئېيتالايمىز . كىتابىمىزنىڭ كىرىش قىسمىدىكى ھالقىش مۇھاكىمىسىگە قايتىدىغان بولساق ، ئۇنىڭ ھاياتىغا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ھاياتىنى ، ئۇنىڭ نەتىجىلىرىگە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى ، ئۇنىڭ شان-شۆھرىتىگە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ شان-شۆھرىتىنى تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس . قۇناخۇن خەلپەمنىڭ ئاشۇ نەۋرىسى ھەقىقەتەنمۇ ئالەمشۇمۇل ھالقىشنى ئورۇندىدى . بەلكى كاتتا بىر دۆلەتنىڭ ، بىر مىليارد ئۈچ يۈز مىليون خەلقنىڭ ئوغلانىغا ئايلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى . چەت - ياقا ، گۈزەل ، كىچىك بىر يۇرتتا دۇنياغا كۆز ئاچقان بىر ئوغلان ئۈچۈن بۇنى ھەقىقەتەنمۇ كاتتا نۇسرەت دېمەي مۇمكىن ئەمەس .

## توققۇزىنچى باب

# يۇرت سۆيگۈسى ۋە باشقىلار

### 1 . ئىسمايىل ئەھمەد ۋە مەرىپەت

مەرىپەتپەرۋەرلىك دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مائارىپقا ، ئىلىم-پەنگە ، ئەدەبىيات-سەنئەتكە يېقىن تۇرۇش ، ئۇلار بىلەن شۇغۇللىنىش ، شۇغۇللانغۇچىلارنى قوللاش ، ئالىم ، ئۆلىمالارغا ، ئاقىل-دانىشمەنلەرگە تايىنىش دېمەكلىكتۇر . تارىختا خانۇ-خاقانلارنىڭ ، بەگ-ھاكىملارنىڭ ، ئەمەلدار-ھوقۇقدارلارنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىرىدىن ياخشى نام قالغان ۋە ئۇلار ئۆز دائىرىسىنى روناق تاپقۇزۇپ شۆھرەتكە ئېرىشكەن . مەرىپەتسىز نادانلاردىن بولسا يامان نام قالغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى تېزلا خارابلىققا يۈزلەنگەن . بۇ ھەقتە مەشھۇر ئۆلىما كۈڭزى : «شاھلارنىڭ ئىچىدە جۇۋېنۋاڭدىن يۇقىرى تۇرىدىغىنى يوق . ھاكىمبەگلەرنىڭ ئىچىدە چى خۇەنگۇڭدىن يۇقىرى تۇرىدىغىنى يوق . لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى دانىشمەنلەرگە تايىنىپ شۆھرەت قازانغان . ھازىر جاھاندا ئەقىل-پاراسەتلىك دانىشمەنلەر تولۇپ ياتىدۇ ··· گەپ ۋەلى بولغۇچىلارنىڭ ئۇلار بىلەن ئەسرا بولماسلىقىدا» دەپ ھەسرەت چېكىدۇ . ۋەھالەنكى ، دۇنيا تارىخىدا ، ۋەلىيلەرنىڭ دانىشمەنلەر بىلەن ئەسرا بولغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەرمۇ كۆپ . مەشھۇر سەركەردە ئالېكساندىر ماكودونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ، بەزى مەنبەلەردە مۇگگۇزلۇك ئىسكەندەرمۇ دېيىلىدۇ) نىڭ

جالىنۇس كەلبىنى ئىزدەپ بارغانلىقى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى . شۇ قېتىم ئەسكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان جۇلجۇل كىيىملىك جالىنۇس ئاشۇ قەھرلىك ئىمپېراتورغا «ئاپتىپىمنى توسما !» دېگەن مەشھۇر سۆزنى ئېيتقانىمىش ۋە كېيىن ئىمپېراتورنىڭ قايتا-قايتا ئىلتىماس قىلىشى بىلەن ئۇنىڭغا جاھاننى ئىشغال قىلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكەنىمىش ... جۇڭگو ھېكايىلىرىدە بولسا ، پادىشاھ لىيۇ بېينىڭ جۇگېلىياڭنى ئۈچ قېتىم ئىزدەپ بارغانلىقى ھەممە كىشىنىڭ ئېسىدە . ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا ، ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر كوراگانى ( ئاقساق تۆمۈر ، تۆمۈرلەڭمۇ دېيىلىدۇ) نىڭ جاھاندىكى شائىر-دانىشمەنلەرنى سەمەرقەند ئوردىسىغا يىغقانلىقى ۋە ئۇلارغا قانات ياپقانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ . ئوخشاشلا دۇنيا تارىخىدىن چىن شىخۇاڭدەك ئالىم-ئۆلىمالارنى تىرىك كۆمۈپ ، كىتاب-دەستۇرلارنى كۆيدۈرگەنلەر ، چار پادىشاھتەك شائىر-يازغۇچىلارنى سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلغانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىمۇ مىسال كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن . خۇلاسە شۇكى ، ئالدىنقىلار مەرىپەتپەرۋەرلەر بولۇپ ، ئۇلار ھەققىدە توم-توم كىتابلار ، ئۇزۇن داستانلار ، غەزەل-قەسىدىلەر پۈتۈلگەن . كېيىنكىلەر بولسا ، مەرىپەتسىزلەر بولۇپ ، ئۇلار تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكلىرىگە مىخلانغان .

ئىنسانىنىڭ ئەقلى خالىغان شەكىلگە ، خالىغان رەڭگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان تۇپراقتىن ئېلىنغانلىقتىن ، ئۇنى تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە ۋە يۈكسەلدۈرۈشكە بولىدۇ . تىرىشىپ ئۆگەنگەنلەر ئەڭ ئاخىرىدا مەرىپەت باسقۇچىغا يېتىپ بارالايدۇ . مەيلى ۋەلىيلەر بولسۇن ، مەيلى ئاۋام بولسۇن ، ئۇلاردىن مەرىپەت باسقۇچىغا ئۇلىشالىغانلارنى ئوخشاشلا ئىككىگە بۆلۈشىمىز مۇمكىن . بىرى ، مەرىپەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ،

يەنە بىرى بولسا، مەرىپەتتىن ھۇزۇرلانغۇچىلار ۋە پايدىلانغۇچىلاردۇر. كېيىنكىلىرى بولمىسا، ئالدىنقىلىرىنىڭ ئەمگىكى ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيدۇ ۋە ئۇنۇمگە ئېرىشمىگەن بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەرىپەت باسقۇچىغا ئۇلىشالىغانلارنىڭ ھەر ئىككى تەبىقىسى ئوخشاشلا مۇھىم. بەلكى كېيىنكى تەبىقىنىڭ مەرىپەتتىن ھۇزۇرلىنىش ۋە پايدىلىنىش ئارقىلىق ئالدىنقى تەبىقىگە ئايلىنىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. مەرىپەت بىلەن بىۋاستە شۇغۇللانمىغان ھالەتتىمۇ، ئۇلار يەنىلا جەمئىيەتنىڭ بىلىملىكلەر قاتلىمى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىمۇ مەرىپەتلىك ئادەملەر دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. مەرىپەت كۆپ ھاللاردا جەمئىيەت كاتتىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. جەمئىيەت كاتتىلىرىنىڭ مەرىپەتچىلىكنى قوللىشى مەرىپەتپەرۋەرلىك دېيىلىدۇ.

ئىسمايىل ئەھمەد بىر مەرىپەتپەرۋەر زاتتۇر. بىز كىتابىمىزنىڭ بېشىدىلا، ئۇنىڭ بالىلىق يىللىرىدا بوۋىسى قۇناخۇن خەلپەمدىن تەلىم ئېلىپ، ئازراق ساۋاتى چىققاندىن كېيىنلا «مۇبەييان»، «سوپى ئاللايار»، «خوجاھاپىز» سەرلەۋھىلىك دىۋانلارنى ئوقۇغانلىقىنى، ئاشۇ كىتابلاردىن يادلىغان شېئىر-غەزەللەرنى ھازىرمۇ يادلاپ بېرەلەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالغاندۇق. ئاشۇ دەسلەپكى تەربىيىلەرنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى كېيىن ئەمەلىي خىزمەت، مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا كۆرگەن تەربىيىسىدىنمۇ، ئۆگىنىش جەريانىنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئىسمايىل ئەھمەد ئەدەبىيات ۋە كىتاب-دەستۇرلارغا يېقىن ئادەم بولۇپ ئۆستى. ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى سەپداشلىرى، 50- ۋە 60-يىللاردىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «دولقۇن» ۋە «سۇنئىي ھەمراھ ئۇچۇرۇش»

ئالدىراشلىقلىرى ئىچىدىمۇ، ئۇنىڭ كىتاب ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ يۇرگەنلىكىنى ئەسلىشىدۇ. تېخى ئاشۇ يىللاردىلا، ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنمىغان «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىنى باشقىلارغا خەنزۇچە ئوقۇتۇپ ئاڭلىغانلىقىنى ھېكايە قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ج ك پ چىرىيە ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن يىللاردا قىلغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىنىڭ يەنە بىرى، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈشتۇر. شۇ يىللاردا ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ «سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش» چاقىرىق قىلىنغانىدى. 1958-يىلى ئىسمايىل ئەھمەد مۇنەۋۋەر پارتكوم شۇجىسى بولۇپ باھالاندى. پارتىيە 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2-ئومۇمىي يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشقۇچى ۋەكىل (شىنجاڭدىن بارغان رەسمىي ۋەكىل ئون ئۈچ نەپەر، سىرتتىن قاتناشقۇچى ۋەكىل تۆت نەپەر ئىدى) بولۇپ بارغاندا، ماۋ جۇشىنىڭ: «جۇڭگو دېگەن شېئىر دۆلىتى، ئەدەبىيات دۆلىتى، بىز ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ سۈنئىي ھەمراھ ئۇچۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن سۆزىنى بىۋاستە ئاڭلىغانىدى. ماۋ جۇشىنىڭ بۇ سۆزلىرى كېيىن رەسمىي ھۆججەت بولۇپمۇ تارقىتىلغانىدى. ئىسمايىل ئەھمەد ماۋ جۇشىنىڭ ئاشۇ يوليورۇقىنى ئەمەللىيلەشتۇرۇش ئۈچۈن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چىرىيە دىيارىدا بىر قېتىم قويۇق ئەدەبىيات ھاۋاسى بەرپا قىلدى. ئۇنۇمىمۇ ياخشى بولدى. شۇ قېتىم چىرىيە دىيارىدا «ئالتە يۈز سەكسەن ئالتە پارچە شېئىر، سەككىز پارچە دراما، ئون سەككىز پارچە ھېكايە، بىر پارچە كىنو سېنارىيىسى يېزىلدى. تۆت يۈز خەلق ناخشىسى، بىرمۇنچە خەلق چۆچىكى رەتلەندى». ئىسمايىل ئەھمەد ئاشۇ قېتىم يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ ئۆزى بىۋاستە كۆرۈپ چىقىپ، ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا

ئىشلەيدىغان مۇسا تۇرسۇنغا ئىككى توپلام قىلىپ تۇپلەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە، خېلىلا چىرايلىق يېزىلغان غەزەللەر، جۇملىدىن ئىسمايىل ئەھمەد ئۆزى يازغان ئىككى پارچە شېئىرمۇ بار ئىدى. ئەپسۇسكى ئاشۇ توپلاملار كېيىنكى يىللاردا يوقىلىپ كەتتى. ئىسمايىل ئەھمەد مەركىزىي ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ماڭىدىغان چاغدا ئۇنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى مەتسىدىق قۇربان نىيازغا بېرىپ كەتكەنىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە «سېرىق شېئىر»، «سېرىق ھېكايە» قالپىقى كېيدۇرۇلگەن چاغدا، ئۇنى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» غا تاپشۇرۇشقا توغرا كەلدى. «قىزىل قوغدىغۇچىلار» نادانلىق بىلەن كىتاب كۆيدۇرگەن چاغدا، ئاشۇ ئىككى توپلاممۇ كۇلگە ئايلاندى.

توپلاملار يوق بولغان بىلەن ئاشۇ يىللاردا بەرپا قىلىنغان ئەدەبىيات ھاۋاسى داۋاملىشۋەردى. كېيىنكى يىللاردا چىرىيە دىيارىنىڭ خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى ئەڭ جۇش ئۇرغان ناھىيىگە ئايلىنىشىنى، ئاشۇ دىياردىن مەتقۇربان ئىسمايىل، روزىتوختى داۋۇت، مەھەممەتجان ئىسمايىل، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابدۇللا سۇلايمان، مەمتىمىن ئابدۇۋەلى، ئەزىزى، ئابدۇقادىر مەتسىدىق، مەخمۇت سىدىق، ساۋۇت روزى، ئابدۇكېرىم سۇلايمان، ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، دولقۇن جاپپار، مەھەممەتسالىھ مەتروزىدەك شائىر-يازغۇچىلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى ھەرگىزمۇ ئاشۇ مەزگىللەردىلا باشلانغان ئەدەبىيات قىزغىنلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى پوندامىنىت ھامان بىنا گەۋدىسىدىن بۇرۇن سېلىنىدۇ ئەمەسمۇ.

ئىسمايىل ئەھمەد چىرىيە دىيارىدىن ھالقىپ چىقىپ خوتەندە

ئىشلەۋاتقان مەزگىللىرىدە، مەرىپەت ئىگىلىرى، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى بىلەن دوستلارچە ئالاقە قىلىدۇ. مەرھۇم شائىر جاپپار ئەمەت، ئاسار ئەتىقىلەر تەتقىقاتچىسى رەجەپ يۈسۈپ، يازغۇچى قاھار جېلىل، شائىر ئىمىن راشىدىنلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىيات ۋە شائىر-يازغۇچىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىگە دائىر تۇنجى ھېكايە شائىر، دراماتورگ، تەزكىرىشۇناس مەمتىمىن قۇربان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدۇر. ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى ئەدەبىي ئاخباراتنى يازدۇرغانلىقى ۋە ئۇنى خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوشۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدا باشتىكى بابلاردا توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئىسمايىل ئەھمەد ئۈرۈمچىگە — ئاپتونوم رايونغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. كېيىنكى يىللاردىمۇ ئىسمايىل ئەھمەد خوتەن تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالسا ياكى مەمتىمىن قۇربان ئۈرۈمچى تەرەپكە ئۆتۈپ قالسا، ئاتايىتەن ئىزدىشىپ، كۆرۈشۈپ تۇردى. دوستلۇق-ئاغىنىدارچىلىق دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، ئىزدىشىش ئارقىلىق كۈچىيىدۇ. بىز بۇ پاكىتتىن ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ خېلى بۇرۇنقى چاغلاردىن باشلاپلا ئەدەبىيات سېپىدىن دوست ئىزدەشكە كىرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت مەرىپەتپەرۋەرلىكىنى كۆرىمىز. ئۈرۈمچىدە، ئاپتونوم رايونغا رەھبەر بولۇپ تۇرغاندا يەنە نۇرغۇن ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىلەن دوست-ئاغىنە بولۇپ ئۆتتى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن مائارىپ-مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بولغاچقا، مۇقەررەر ھالدا ئاشۇ ساھەلەردىكى ئالىم-ئۆلىمالار بىلەن ئالاقىلىشىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۇلار

بىلەن بولغان دوست-ئاغىنىدارچىلىقى ئاستا-ئاستا كۈچەيدى . ئۇ يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلار بىلەن يېقىن ھەمكارلاشتى ، ئۇلارغا ئىلھام بەردى ، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ قەلبىدە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن قالغان يارىلارنى داۋالاشتا ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ مەرھۇم ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئاقلاشتا ئىشلىگەن خىزمەتلىرى تېخىمۇ بەكرەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ھەتتا ئۇ مەرھۇم ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يىغىنىنى ئۆزى باشقۇرغان ، ھەتتا مۇھىم سۆز قىلغانىدى .

بۇ يەردە يەنە يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ داڭلىق خەنزۇ يازغۇچىسى ۋاڭ مېڭ بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كېرەك . بۇمۇ ئاشۇ «سول» چىل يىللاردىن قالغان يارىلارغا مەلھەم سۈرۈش ھېسابلىنىدۇ .

1957-يىلى «ئوڭچى» قىلىنىپ ، شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان ۋاڭ مېڭ شىنجاڭدا ئون ئالتە يىل تۇرىدۇ ، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىدۇ ، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى يېتىلدۈرىدۇ . ۋاڭ مېڭ غۇلجا باياندايدىكى ئەمگەك قىلىشقا يېرىدىن يېرىم ئازاد بولۇپ ، ئۈرۈمچىگە — شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە قايتىپ كېلىپ ئىشلىگەن 1970-يىللاردا شۇ چاغدا ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت ، مائارىپ ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ئىسمايىل ئەھمەد بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتىدۇ . ئۇلار ئىككىسىنىڭ خىزمىتى مەركەزگە يۆتكەلگەندىن كېيىنمۇ بىر-بىرىنى ئىزدىشىپ تۇرىدۇ . ۋاڭ مېڭنىڭ بىر ئەسلىمىسىدە تىلغا ئېلىنىشىچە ، مەركەز بىر قېتىم شىنجاڭ ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇشىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن

بېيجىڭدا تەبرىكلەش يىغىنى ئاچقاندا ، يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنى تەبرىك نۇتقى سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ . يولداش ئىسمايىل ئەھمەد بۇ يىغىندا ئەلۋەتتە دۆلەت تىلىدا سۆزلىشى كېرەك ئىدى . ۋەھالەنكى ، ئاشۇ يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان ۋاڭ مېڭ ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ . ئۇنىڭ ئىسمايىل ئەھمەدكە تەرجىمان بولغۇسى ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا بىلدۈرگۈسى باردەك قىلاتتى . يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ۋاڭ مېڭنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇيغۇرچە سۆزلەيدۇ ، ۋاڭ مېڭ راسا پاساھەت بىلەن تەرجىمە قىلىدۇ… بىز بۇ تەپسىلاتتىن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىقنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز . ئەلۋەتتە شۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقانلار ، ئۇلار ئارىسىدىكى يېقىنچىلىقىمۇ ، ۋاڭ مېڭنىڭ ئۇيغۇرچە بىلىدىغانلىقىغىمۇ ھەيران قالىدۇ . شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىر شۇجىسى «سەن ئۇيغۇر تىلىنى نەدە ئۆگىنىۋالغانتىڭ ؟» دەپ سورايدۇ ۋاڭ مېڭدىن . ۋاڭ مېڭ «ئوڭچى قىلىنىپ شىنجاڭغا پالانغاندا ئۇيغۇرلار ماڭا قانات يايتى ، شۇ چاغدا ئۆگەنگەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . ھېلىقى شۇجى «يەنە بىر قېتىم ئوڭچىل بولۇپ ، پالىنىشىڭغا توغرا كەلسە شىزاڭغا پالانسۇن ، بىزمۇ ساڭا زاڭزۇ تىلىنى ئۆگىتىپ قويىمىز» دەيدۇ . «خۇدا ساقلىسۇن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋاڭ مېڭ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا . ئەمدى بۇ سۆزنى ئىسمايىل ئەھمەد خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ . چاقچاقلاردىن كۆڭۈللەر يايراپ كېتىدۇ .

ئۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ تۇرمۇش ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەرگە يار-يۆلەكتە بولغانلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن پاكىتلار بار . ئۇ ئۆتكۈر ئەپەندى ، تېيىپجان ئېلىيېۋ ، ئابدۇكېرىم

خوجايوف ، ئىمىن تۇرسۇن ھاجىم ، قېيۇم تۇردى ، زوردۇن سابىر ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ، ئابدۇشۇكۇر تۇردى قاتارلىقلار بىلەن يېقىن سىرداش بولۇپ ئۆتتى . بىز بۇ يەردە پەقەت رەئىسنىڭ شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر بىر ھېكايىنى ئەسلەپ ئۆتىمىز . بۇ ھېكايىمۇ 1983 -يىلى يۇلتۇز ، نارات ، كۈنەس ، تېكەس يايلاقلىرىغا قىلغان سەپەرگە تەئەللۇق ، شۇ قېتىمقى سەپەرگە تېيىپجان ، شارشىبەك سىدىق قاتارلىقلار ھەمراھ بولىدۇ . ئۇلار قاراشەھەر تەرەپتىن كىرىپ ، يۇلتۇز يايلاقلىرىنى كۆرۈپ نارات (نار ئارت-تۆگە داۋان دېگەن مەنىدە) داۋاندىن ئېشىپ كۈنەس يايلاقلىرىغا چۈشىدۇ . ئەل-ئاغىنىلەر بىرگە بولسا ، كۈنلەر نەقەدەر خۇشال ئۆتىدۇ-ھە ! يول بويى كۆلكە-چاقچاق ئۈزۈلمەيدۇ ، لەقەملەر چىشلەپ تارتىلىدۇ . چاقچاقنىڭ تولىسىنى تېيىپجان قىلاتتى ، نېمىنى كۆرسىلا «ئاچچىقكەن» دەپ تۇرۇۋالاتتى . رەئىس ۋە باشقىلار كۆپ چاغلاردا مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى . ۋەھالەنكى ، رەئىسكىمۇ راسا بىر پاس چىقىدۇ . يولدا قاراشەھەر تەرەپكە يۆتكىلىۋاتقان كالا پادىسى ئۇچراپ قالىدۇ . رەئىس پادىچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ بېقىشنى باھانە قىلىپ ، ماشىنىنى توختاتقۇزىدۇ . ھەممەيلەن ماشىنىدىن چۈشىدۇ . تۇلۇمدەك سېمىز ، ئارى مۈڭگۈزلۈك كالىلار يوغان كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىن ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆتۈشكە باشلايدۇ . تېيىپجان كالىلارنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ . مانا شۇنى كۈتۈپ تۇرغان سۈرەتچى قولىدىكى رەسىم ئاپپاراتنى چاسىدە بېسىپ سۈرەتكە تارتىۋالىدۇ . تېيىپجان مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىگە چاقچاق كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارايدۇ ۋە «ئاچچىقىمنى كەلتۈرمەڭلار» دەيدۇ . رەئىس كەينىگە بۇرۇلغان

تېيىپچاننى كالىلار بىلەن قوشۇپ يەنە بىر پارچە رەسىمگە تارتىۋالدۇ. بۇ يەردە مەرھۇم شائىرنىڭ لەقىمىنىڭ «كالا»، رەئىسنىڭ لەقىمىنىڭ «ئاچچىق» ئىكەنلىكىنى ئەستە تۇتۇش لازىم. تېيىپچاننىڭ «ئاچچىقىمنى كەلتۈرمەڭلار» دېگىنىمۇ رەئىسكە قىلغان چاقچىقى ئىدى. رەئىس تارتقان سۈرەتلەرگە بولسا «كالا پادىسى» ياكى «ئوڭدىن سانىغاندا تۆتىنچىسى تېيىپچان» دەپ ماۋزۇ قويۇشقا بولاتتى، كۈلكە-چاقچاقلار كالا پادىسى ئۈزاپ كەتكۈچە داۋام قىلىدۇ...

بۇ چاقچاقنىڭ داۋامى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە بولىدۇ. رەئىس ھېلىقى سۈرەتلەرنى يۇيدۇرىدۇ. تېيىپچاننىڭ كالا پادىسى ئىچىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىغاندىكى سۈرىتى بەك ئېنىق تارتىلغاندى. رەئىسنىڭ بۇنى كۆرۈپ ئىلھامى قوزغالدىمۇ، سۈرەتلەرنىڭ كەينىگە تۆۋەندىكىچە قوشاق يېزىپ قويىدۇ.

«پادا ماڭسا ئۇياققا،
سىز قارايسىز بۇياققا.
تاش-شېغىللار پاتتىمۇ،
ياكى ئاچا تۇياققا،
غۇنجىنىدىن چوڭقىيىپ،
ئايلىنىپسىز توрپاققا.
ئاچچىقىمنى كەلتۈرمەڭ
تويغۇزارمىز تاياققا»

رەئىس سۈرەتلەرنى ئۆزى ساقلاشقىمۇ، تېيىپچانغا بېرىشكىمۇ يۇيدۇرغاندى. ۋەھالەنكى، بۇنداق چاقچاق مەنىلىك سۈرەتنى ئىگىسىنىڭ قولىغىلا تۇتقۇزۇپ قويۇشقا بولمايتتى. بۇنداق قىلغاندا چاقچاق پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالاتتى. رەئىس پۇرسەت

كۇتۇپ ، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى ياسىن خۇدابەردى ، ئابلىز نازىرى قاتارلىق كاتتىلار جەم بولغان بىر سورۇندا ئاندىن ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ ، يەنە كۇلكە-چاقچاقلار قىزىپ كېتىدۇ . ھەمسۆھبەتلەر ئاخىرىدىراق سۇرەت كەينىدىكى قوشاقنى كۆرۈپ تېخىمۇ كۇلكە قىلىشىدۇ . چاقچاق ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان مەرھۇم شائىر : «يېزىشامدۇق ؟ » دەپ ھەيۋە قىلىدۇ چاقچاق تەلەپپۇزىدا رەئىسكە ۋە ئارقىدىنلا : «ئاچچىقىمنى بېسىۋالاي جۇمۇ » دەپ يەنە رەئىسكە چاقچاق قىلىشقا ئۆتىدۇ…

يات ، كۆڭلى يىراق ئادەملەر بىر-بىرىگە چاقچاق قىلىشمايدۇ . چاقچاق ئەڭ يېقىن ئاغىنىلەر ئارىسىدا بولىدۇ . بىز يۇقىرىقى ھېكايىدىن رەئىس بىلەن تېيىپجان ئارىسىدىكى تەڭ باراۋەر ئاغىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرۈپ يېتىمىز . رەئىس بەلكىم يەنە باشقىلار بىلەنمۇ ئەنە شۇنداق چاقچاقلىشالىغۇدەك يېقىن مۇناسىۋەتلەرنى ئورناتقان بولۇشى مۇمكىن .

رەئىس ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ داڭلىق خەلق شائىرى مەرھۇم روزى سايىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئۇزۇن بىر ھېكايە . 1980 -يىلى ، ئىسمايىل ئەھمەد شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە بىر قېتىم خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن خوتەنگە قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ . شۇ قېتىم بىر سورۇندا — بەلكىم سۆھبەت يىغىنى بولۇشى مۇمكىن — مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىش ئەھۋالىنى ، تەھرىر كۈچى يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى رەئىسكە دوكلات قىلىدۇ . رەئىس تۇساتتىن «سىلەردە روزى سايىت دەيدىغان بىر شائىر بولىدىغان ، ھازىر نەدە ؟ » دەپ سورايدۇ . سورۇندىكى رەھبەرلەر دۇدۇقلاپ قالىدۇ . نەق مەيداندىكى داڭلىق لەپەرچى سۇلايمان روزى ( ئۇ روزى

سايىتنىڭ ئوغلى ئەمەس) : «ئۇنى تاغقا — لاگېرۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە پالىۋېتىشتى ، شۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ » دەپ جاۋاب بېرىدۇ . رەئىس : «ئىختىساسلىقلار يوق ، ئىختىساسلىقلار يوق دەپ قاقشايسىلەر ، ئۆزۈڭلەردە بار ئىختىساس ئىگىسىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەيسىلەر ، ئۇنىڭ نېمە كەمچىلىكى بار ئىدى ؟ » دەپ سورايدۇ سەل كايىغاندەك تەلەپپۇزدا . سورۇندىكى رەھبەرلەرنىڭ روزى سايىتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا يەنىلا دۇدۇقلاپ قالىدۇ . جاۋابنى يەنىلا سۇلايمان روزى بېرىدۇ : «چوڭ كەمچىلىكى يوق ، لۇشيەن تەربىيىسى ۋاقتىدا لۇشيەندە خاتا تۇرغان دەپ يەكۈن چىقىرىلغانىكەن ، شۇڭا ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدىن لاگېرۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىۋەتتى » دەپ تونۇشتۇرىدۇ . رەئىس : « ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ›دىكى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ، ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەيلى ، روزى سايىتنى يۆتكەپ كېلىپ ، ‹يېڭى قاشتېشى › ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەھرىر كۈچىنى تولۇقلاڭلار » دەپ يوليورۇق بېرىدۇ نەق مەيداندا . مانا شۇ يوليورۇقنىڭ شاراپىتى بىلەن — گەرچە كېيىن بىر تالاي ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىشقا توغرا كەلگەن بولسىمۇ — يەنىلا شۇ يىلى 12-ئايدا شائىر «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ . ۋەھالەنكى ، تېخى بۇ چاغدا رەئىس روزى سايىتنى تونۇمايتتى . روزى سايىتنىڭمۇ رەئىسنى تونۇشى ناتايىن ئىدى . تېخى تېلېۋىزوردىن ئىبارەت «جاھاننەما ئەينىكى» خوتەنگە يېتىپ كەلمىگەن بولغاچقا ، روزى سايىت رەئىسنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى . شۇنداق ئىكەن ، ناتونۇش شائىرغا شاراپەت يەتكۈزۈش نېمە ۋەجىدىن ؟ بۇنى مەرىپەتپەرۋەرلىك دەپ چۈشەندۈرمەكتىن ئۆزگە ئامال يوق . بۇ

يەردە بىز رەئىسنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنى دائىم ئوقۇپ تۇرغانلىقىنى، روزى سايىتنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرگەنلىكىنى، ھەتتا شۇ ئارقىلىق شائىرنىڭ ئىسمىنىڭمۇ يادىدا قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز مۇمكىن. روزى سايىتنى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكەپ كېلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەنلىكىنى بولسا، خوتەننىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، شائىر روزى سايىتقا كۆڭۈل بۆلۈش، پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈش دەپ چۈشەنسەك ھېچقاچان خاتا بولمايدۇ.

رەئىس بىلەن شائىر سەل كېيىنرەك رەسمىي تونۇشىدۇ. 1981-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى رەئىسنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، ئالدىنقى ئوتتۇز يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش-مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرىدۇ. روزى سايىت ئاشۇ ئەسەرلەرنى تاللاش-باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا كىرگۈزۈلۈپ، تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە بارىدۇ. بىر كۈنى ئۇ مەرھۇم شائىر جاپپار ئەمەت، مەرھۇم تەتقىقاتچى مەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇنلار بىلەن بىرگە رەئىسنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ چىقىدۇ. مانا شۇ قېتىم ئۇلار تۇنجى قېتىم دىدارلىشىدۇ. تۇنجى كۆرۈشۈش بولسىمۇ، شائىر شائىرلىقىنى قويمايدۇ، ئەمدىلا قايسىدۇر بىر دۆلەتتىكى زىيارەتتىن قايتىپ كەلگەن رەئىسكە ئېغىر بىر سىياسىي چاقچاق قىلىدۇ. شائىرنىڭ ئىككى ئېھتىياتچان ھەمراھى قورقۇپ كېتىدۇ. لېكىن رەئىس چاقچاقنى چاقچاققا چىقىرالىغۇدەك، ئۇنى كۆتۈرەلىگۇدەك ئادەم ئىدى. ئۇ قىلچە ئېغىر ئالمايدۇ. شۇ كۈنى ئۇلار چاقچاق قىلىشقاچ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى ئۈستىدە پاراڭلىشىدۇ. مانا شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن رەئىس بىلەن شائىر

روزى سايتىنىڭ باردى-كەلدىلىرى باشلىنىپ كېتىدۇ . ئاشۇ تۇنجى دىدارلىشىشتىن كېيىن رەئىس بىلەن شائىر پات-پات يۈز كۆرۈشۈپ تۇرىدۇ . رەئىس خوتەن تەرەپلەرگە خىزمەت تەكشۈرۈپ ياكى تۇغقان يوقلاپ بېرىپ قالسا ، شائىر رەئىس ئىشلەۋاتقان ئاستانىلەرگە ئۆتۈپ قالسا ئالايتەن ئىزدىشىدۇ . بولۇپمۇ رەئىس خوتەن تەرەپلەرگە ئۆتۈپ قالغان كۆپ چاغلاردا شائىرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ . بۇ يەردە ھۆسەيىن بايقارا بىلەن ئەلشىر نەۋائى مۇناسىۋەتلىرىدىكىدەك بىر خىل ھەم ئۆزئارا قايىللىق ، ھەم ئۆزئارا ھۆرمەت ، ھەم ئۆز ئارا پەرق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . شائىر رەئىس بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا پات-پات ھازىر جاۋاب شېئىرلارنى يېزىپ ئوقۇپ تۇرىدۇ ، سورۇنلارنى جانلاندۇرىدۇ . رەئىسمۇ شائىرنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ . 1990 -يىل يازدا بىر قېتىملىق سۆھبەتتە شائىر ئۆزىنىڭ تېخىچە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . رەئىس چاقچاق ئارىلاش : «تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىز ئىكەنسىلەرغۇ سىلە ، بۇ بولماپتۇ ، شائىر دېگەن كۆرمىسە ، تەسىرلەنمىسە قانداق يازىدۇ» دەيدۇ ۋە شۇ 1990 -يىل 10 -ئايدا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ قىرىق بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان «مەملىكەتلىك چېگرا ناھىيىلەر ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى» گە شائىرنى چاقىرىدۇ . يۇقىرىدىن چۈشكەن شۇ ھەقتىكى ئۇقتۇرۇشقا — خوتەنگە تەقسىملەنگەن سانغا شائىرنىڭ ئىسمى قوشۇپ چۈشۈرۈلگەنلىكى مەلۇم . شۇنداق قىلىپ شائىر ئاشۇ 1990 -يىلنىڭ 10 - ۋە 11 -ئايلىرىدا بېيجىڭ ، تيەنجىن ، نەنجىڭ ، سۇجۇ ، شاڭخەي قاتارلىق بەش شەھەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولىدۇ . ئۇ ئاشۇ زىيارەت توغرىسىدا يازغان «ئاستانە سۈرەتلىرى» ماۋزۇلۇق چوڭ ھەجىملىك سەپەرنامىسىنىڭ

بېشىدىلا :

«— ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ باققانمۇ ؟
— بۇ شەرەپتىن خالىي ئىنىمىز ...
— يۇرۇڭقاشتىن قاشتېشى سۈزۈپ ،
ئۆتتى كۈنىمىز ؟
ئىش بوپتۇ بۇ ئەپسۇسلانغۇدەك ،
«ئىچكىرى» نى ئايلىنىپ كېلىڭ ،
ئېچىلىدۇ ئىلھام كۆزىمىز ،
جاراڭلايدۇ تېخىمۇ ياڭراق ،
ئاۋازىمىز - ئۈنىمىز ...

بىر قېتىملىق قىسقا سۆھبەتتە ،
شۇنداق دېگەن رەئىس ئىسمايىل .
چىللىغاندا جۇشقۇن باغرىغا ،
ۋەتەنىنىڭ تويى ،
قىرىق بىر يىللىق مەرىكە - كۆرەك ،
ۋەكىللەرنىڭ قاتارىدا مەن .
جەۋلان قىلدىم مۇراد كۆكىدە ،
رېئاللىققا ئايلىنىپ تىلەك .
قۇچاق ئاچتى ئاستانە باغرى ،
قەدىم دىيار - نۇرانە ساھىل .»

دەپ كۈيلەپ ، رەئىسنى تىلغا ئالىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ . 1994 -يىل يازدا رەئىس خوتەن ۋە چىرىيىگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندىكى بىر قېتىملىق

ئۆچرىشىشتا، شائىر ئىسمايىل ئەھمەدكە خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزى «گۈلباغ»دىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ھال ئېيتىدۇ. بۇنى بەلكىم شائىر تەۋە بولغان ئىدارە شائىرغا تاپشۇرغان بولۇشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ 1956-يىلى سېلىنغان، مىللىي ئۇسلۇبتىكى بۇ ئابىدە شەكىللىك بىنا كونىراپ قالغاچقا يىقىۋېتىلىپ، ئورنىغا يېڭى بىنا سېلىنىۋاتاتتى. مەبلەغ يېتىشمىگەچكە قۇرۇلۇش توختاپ قالغان، شەھەرنىڭ سۈپىتىگە ئېغىر دەخلى يەتكەنىدى. شائىر ئىلتىماسنى شېئىر قىلىپ يېزىپ چىقىدۇ ۋە ئاخىرىنى:

«يىقار چاغدا پەرمان كۆچلۈك توپنىڭ ئوقىدەك،
ئاللاكىملەر ھەيۋە قىلغان ئۈسكەك بوقىدەك.
سالار چاغدا چىقماي قالدى ھاتەملەر-سېخىي،
تۇرۇپ قالدى «گۈلباغ»دا ئۇ مايماق چوققىدەك.
ياردەم قىلىڭ، بىنا پۈتسۇن، ئىسمايىل ئاكا،
سىز تۇرغاندا نېمە غەم بار، پۇلدىن قورققۇدەك؟»

دەپ چۈشۈرىدۇ. رەئىس شېئىردىكى پاساھەتكە قايىل بولىدۇ. 1995-يىل كۈزدە رەئىس ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ قىرىق يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەركەزنىڭ ھال سوراش ئۈمىكىنى باشلاپ خوتەنگە كەلگەندە، «پات-پات كېلىپ تۇراي دېگەن ئويۇم بار ئىدى. لېكىن روزاخۇننى پۇل تۆلىمىدىكىن دەپ قورقۇپ كېلەلمىدىم، ئىككى مىليون تۆت يۈز مىڭ يۈەن ئەۋەتكەنىدىم، تاپشۇرۇۋالدىڭمۇ، روزاخۇن» دەپ چاقچاق قىلىدۇ. روزاخۇن تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە دەرھاللا پۇلنىڭ يەنىلا يېتىشمىگەنلىكىنى، بىنانىڭ پۈتمىگەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ

«پۈتمىدى» رادىفلىق بىر شېئىر يېزىپ ئوقۇپ بېرىدۇ، چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ پۇل تۆتىۋەرگەنلىكتىن رەئىسنىڭ كۆڭلى غەش بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن يەنىلا شېئىردىن خۇشال بولىدۇ، چاقچاقلار قىزىيدۇ. كېيىنچە ئاشۇ بىنانىڭ پۈتۈشى ئۈچۈن رەئىس يەنە پۇل ھەل قىلىپ بەردىمۇ-يوق؟ بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ. ئەمما ئاشۇ بىنا ئۇزۇن قالماي پۈتتى. ھازىر بىنانىڭ ئۆگزىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۈچ يۈز مىڭ سوملۇق سائەت، ھەر سائەتتە بىر قېتىم ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىر باش مۇقامىغا مۇزىكا ئۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنى جاكارلاپ تۇرۇپتۇ. بىنا ئىچىدە ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىراتى، رەسىم-ھۆسنخەت كۆرگەزمىلىرى، مۇزىكا، ئۇسسۇل ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئىشلەپ تۇرۇپتۇ. بىز ئاشۇ بىنانى ھەر قېتىم كۆرگىنىمىزدە، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئاشۇ ئابىدىسىگە كۆز سالغىنىمىزدا، رەئىس بىلەن شائىر ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ ئاجايىپ مۇناسىۋەتنى ئەسلىمەي تۇرالايمىزمۇ؟ رەئىس ھەر قېتىم خوتەن تەرەپكە ئۆتكەندە ھەرگىز قۇرۇق قول كەلمەيدۇ. شائىرمۇ رەئىس تەرەپكە ئۆتكەندە قۇرۇق قول ياندۇرمايدۇ. سوۋغات دېگەن خالىغان ئادەمگە بېرىلىۋېرىدىغان نەرسىلەر ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىز ئۇيغۇرلاردا ئۇ ئەڭ يېقىن تۇغقانلارغا، ئەڭ يېقىن ئەل-ئاغىنىلەرگىلا بېرىلىدۇ. رەئىسنىڭ روزى سايىت ئۈچۈن قۇرۇق قول كەلمەسلىكى ئەلۋەتتە بۇ ئارىدىكى تولىمۇ زىچ بولغان كۆڭۈل يېقىنلىقىنىڭ ئىپادىسى. 1997-يىلىدىمۇ ياكى 1998-يىلىدىمۇ، بىر قېتىم خوتەن تەرەپكە ئۆتكەندە، رەئىس ھەر دائىمقىدەك روزاخۇنغا كۆڭلەك ۋە گالىستۇك سوۋغا قىلىدۇ، يەنە بىر دانە كونۋېرتمۇ تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. روزاخۇن ئۆيىگە قايتىپ كونۋېرتنى ئېچىپ كۆرسە، پۇل ئىكەن ··· كېيىن روزاخۇن رەئىستىن «بۇ

نېمە قىلغانلىرى؟» دەپ سورىسا، رەئىس «قەلەم ھەققى!» دەپ چاقچاق قىلىدۇ. قەلەم ھەققى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان شېئىرلار ئۈچۈن بېرىلىدۇ. سورۇندا ئوقۇلغان شېئىرلار ئۈچۈن قەلەم ھەققى ئېلىنمايدۇ. بۇنى ھېچ كىشىمۇ كۆرگەن ئەمەس. رەئىسنىڭ «قەلەم ھەققى» دېگىنى چاقچاق، ئەلۋەتتە. ۋەھالەنكى، رەئىس پۇل سوۋغا قىلىشتا نېمىنى نەزەردە تۇتتى؟ بەلكىم رەئىس ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ «قەلەم ھەققى»، «تىراژ ھەققى» دېگەنلەر بىلەن باي بولالمايدىغانلىقىنى، روزاخۇننىڭ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتىپ قالماسلىقىنى ئويلاشقاندۇ ۋە يەنە ئۆزى ئەكەلگەن سوۋغاتلارنى ئاددىي كۆرۈپ قوشۇپ قويغاندۇ، روزاخۇن ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىنى ئۆزى ئېلىۋالسۇن دەپ ئويلىغاندۇ. شائىر رەئىسنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ رەئىس ھەققىدە ئىككى پارچە مۇۋەششەھ يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا رەئىسكە بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت چاقناپ تۇرىدۇ.

## بىرىنچى مۇۋەششەھ

ئېسىمدە ھەرقاچان ئەل يادى، ئەل يادى،
غېمىمدە ھەم شۇ ئەلنىڭ كۆلكە-پەريادى.
«سەنەم» بىرلە «غېرىب» غوۋغايى ئەپسانە،
بىراق راستلىقتا سەن جۇنەيدى باغدادى.
مېھىرلىك باقمىشىمدىن يايرىدى جان-تەن،
كۆزى ياشلارغا كۆلكەڭ بولدى دىل شادى.
ئارامىڭنى بېغىشلاپ يار ئارامى چۈن،
دېدىڭ: ئارمان ماڭا يار بەختى، ئابادى.
ياقاڭنى ئەيلىدىڭ چاك ۋەسلى شېرىن دەپ،

ئىدىڭ خاقانى چىنىنىڭ ئوغلى — پەرھادى .
لەھەل سۇندۇڭ نىگارغا سۇيى بىستوندىن ،
سۆيۈندى شەھرىيار — گۈل ئاچتى چۆل-ۋادى ...
ئەجىر-تۆھپەڭگە بالبال ئاز ئىدى بىلسە ،
ئىچۈردى ئوغا خىسراۋ-مىكر سەييادى .
ھەسەتنىڭ تاشلىرى باش ياردى-جان ئالدى ،
بۇ جاننى ئالمىدى ، بىل ، ئوغا-پەۋادى .
مۇزەررەتلىك بولامدۇ ئاشىقى دەۋران ،
پەلەك چەپ ئايلىنامدۇ دائىما زادى ؟
ئەيا ، رەببىم ، نەھال بۇ ؟ ... ئېيتتى ئەل شۇنداق ،
زېمىننى تۇتتى پىغان بىرلە ئاھ-دادى ...
تۈمەن يىل ئۆتتى بۇ كەچمىشكە ، ياق ، بىر كۈن ،
قىلار ياد ئەمما پەرھاتنى ئەۋلادى ! ...

مۇۋەششەھتىكى بۇنداق گۈزەل پاساھەت ، چوڭقۇر ۋە سىرلىق ئىشارە ، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ئۇچۇر موللۇقى-ئاددىي ، ئادەتتىكى ھۆرمەتتىن پەيدا بولالمايدۇ . بۇنىڭ ئۇچۇن دېڭىزدەك ، ئوكياندەك چوڭقۇر ھۆرمەت ، باھار باغلىرىدىن ئالغاندەك گۈزەل تەسىرات كېرەك . شۇندىلا قەلەم ئاشۇنداق گۈزەل مىسرالارنى تۆكەلەيدۇ . باھار بولمىسا ، بۇلبۇلگويانىڭ قەھقەھلىرىدىن نەدىمۇ گۈل تۆكۈلسۇن ؟ !

## ئىككىنچى مۇۋەششەھ

ئىشق يېلىنجاپ ئىككى دىلنىڭ پارىسىدىن ،
ئۇلغىيىپ ئوت ئىككى سۆيگۈ ئارىسىدىن .

سەندىلىدە تىندى بازغان ئىشتىياقىنىڭ ،
كۆلدى ئىقبال بۇ ۋىسالىنىڭ بائىسىدىن .
مىڭ يۇسۇپ ، كۆرمىڭ زۇلەيخا چىقتى يولغا ،
ئىشتىكىلى ئەپسانە ئىلچى دارىسىدىن .
ئاچتى چولپان بىرلە زۆھرا چۈمبىلىنى ،
ھۆر-پەرىلەر چۈشتى پەسكە مارىسىدىن .
يەتتى ئىقلىم ئەھلى تەھسىن ئېيتتى بىردەك ،
سۆيۈنۈپ پەرھادى-شىرىن ۋارىسىدىن .
ئېتىخاردا باغۇ ـ گۈلشەن تۈزدى مەشرەپ ،
ياڭرىتىپ شاد كۈي ۋاپانىڭ تارىسىدىن .
لالە ـ سۇمبۇللار دىماغقا چاچتى خۇش ھىد ،
ياغدى جىلۋە ئەتىرىنىڭ بەرگ ، خادىسىدىن .
«ئەشىرە قەتمەن ...»گە نەۋائى ئۇشلىدى تىل ،
«يار ئەكسىن مەيدە كۆر»مەك چارىسىدىن .
ھەممىسىنىڭ لەۋزىدە غوۋغايى مۇھەببەت ،
دىل ساقايغاچ بىمۇراتلىق يارىسىدىن .
مۇلكى ئالەمگە بۇ سۆيگۈ كەتتى تارقاپ ،
جۇپ قۇياش چاقناپ جىمى كۆز قارىسىدىن .
ئەھلى ئاشىق ۋەسلى دىلدارغا مۇشەررەپ ،
غېمى يوق خىسراۋ-ستەمكار ھارىسىدىن .
تەكتى مىڭ داستانغا لايىق بۇ نەزمىنى ،
يازدى روزى چىن مۇھەببەت كارىسىدىن .

شائىر روزى سايىتنىڭ رەئىس ھەققىدە يازغان شېئىرلىرى يۇقىرىقى ئىككى مۇۋەششەھلا بولماسلىقى مۇمكىن . ئەپسۇسكى ، بىز مەرھۇمنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي ئىزدەپ كۆرۈشكە

مۇۋەپپەق بولالمىدۇق .

2001 -يىلى باش ئەتىيازدا مۇدھىش كېسەل شائىرغا پەنجە ئۇردى . ئۇنىڭ جاپا ، كۇلپەت ، شۇنداقلا شان-شەرەپلەر بىلەن تولغان ھاياتى بىمەھەل ئاخىرلىششقا يۈزلەندى . شۇ كۈنلەردە رەئىس يىراقتىكى ئاستانىدىن پات-پات تېلېفون ئۇرۇپ ھال سوراپ تۇردى . رەئىس ئاشۇ مۇدھىش كېسەلدىن خالاس بولماقنىڭ بەسى مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ، شائىرنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەسەرلىرىنى رەتلەپ چىقىشنى ، تۈرلەر بويىچە توپلام تۈزۈپ قايتا نەشر قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى . شائىر ئېغىر كېسەللىك ئازابى تارتىۋاتقان بولسىمۇ ، يەنىلا رەئىسنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى ، دوستلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئەسەرلىرىنى تۈرلەر بويىچە توپلام قىلىشنى ئورۇنىدى ۋە نەشرگە تاپشۇردى .

شۇ يىلى 8 -ئاينىڭ 19 -كۈنى رەئىس يەنە بىر قېتىم خوتەنگە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى . شۇنىڭ ئالدىدا يەنى 8 -ئاينىڭ 14 -كۈنى رەئىس ئۈرۈمچىدىكى ئۆيىگە يوقلاپ چىققان يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىغا خوتەنگە بېرىشتىكى مەقسىتى ، خوتەننىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ، ئون بىرىنچى نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى تارقىتىش يىغىنىغا ئىشتىراك قىلىپ شائىر-يازغۇچىلار بىلەن دىدارلىشىش ، كېسەل شائىر روزى سايىتنى يوقلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى . رەئىس لەۋزە قىلغىنىدەكلا ، شۇ قېتىم شائىر روزى سايىتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوقلىدى . ئۇ شائىرنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «روزى سايىت شېئىرلىرى» ماۋزۇسىدا يېڭىلا نەشر قىلىنغان : «غەزەللەر» توپلىمى بىلەن «مۇخەممەسلەر» توپلىمىنىڭ ئۆرنەك نۇسخىسىنى ئالغاچ

كەلگەندى . 8-ئاينىڭ 20-كۈنى چۈشتىن كېيىن ، خوتەن مېهمانخانىسىدا « ‹خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى › نى تارقىتىش ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى »غا قاتنىشىۋاتقان ئەدىبلەر ئالدىدا ئاشۇ ئىككى توپلامنى شائىرغا تەقدىم قىلدى . بۇ شائىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئېرىشكەن ئەڭ زور خۇشاللىقى بولۇپ قالدى . شۇ كۈنى رەئىس يەنە شائىر بىلەن قايتا-قايتا مۇڭداشتى ، سۈرەت - سىنئالغۇلارغا چۈشتى . ئاشۇ قېتىم تارتىلغان كۆرۈنۈشلەر كېيىن تىرىشچان يىگىت مۇختار بۇغرانىڭ هىممىتى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا مەخسۇس فىلىم قىلىپ تارقىتىلدى . ئاشۇ فىلىمدىكى ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر كۆپلەرنىڭ ئېسىدە . ئاشۇ كۆرۈنۈشلەردىن رەئىس بىلەن شائىر ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە يېقىنلىق بالقىپ تۇرىدۇ . ئاشۇ ئىشلاردىن ئون ئالتە ، ئون يەتتە كۈن ئۆتۈپ 9-ئاينىڭ 8-كۈنى شائىر روزى سايىت مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى . شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۈنجى قېتىم تېلېفون ئۇرۇپ شائىرنىڭ بالا-چاقىلىرىدىن هال سورىغانمۇ ، ئالايىتەن تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتكەنمۇ يەنىلا رەئىس بولدى . رەئىس بىلەن شائىر روزى سايىتنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئەنە شۇ . بىز بۇ يازمىمىزدا يەنە نۇرغۇن تەپسىلاتلارنى چۈشۈرۈپ قويغان بولۇشىمىز ، رەئىس بىلەن شائىر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن بولۇشىمىز مۇمكىن . قانداقلا بولمىسۇن ، تىلغا ئېلىنغان تەپسىلاتلاردىنلا خوتەندىن چىققان بۇ ئىككى گىگانت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەنىلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ . ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قان بىلەن گۆشتەك يېقىن ئىدى ، بىلىق بىلەن سۇدەك ئايرىلماس ئىدى ، دەپ تەسۋىرلىسەك هەرگىزمۇ مۇبالىغا بولمايدۇ .

رەئىسنىڭ دوستانە مۇئامىلىسىگە مۇيەسسەر بولغان، ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە، ياردەم بېرىشىگە ئېرىشكەن شائىر ئەلۋەتتە بىر يالغۇز روزى سايىتلا ئەمەس، رەئىسنىڭ تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، ئۆتكۈر ئەپەندى، قەييۇم تۇردى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، زوردۇن سابىر قاتارلىقلار بىلەن بولغان ئاغىنىدارچىلىقى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابدۇللا سۇلايمان، غەيرەت ئابدۇللالاردەك ياشلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتلىرى كۆپلەرگە ئايان. ئۇ باشقا شائىرلارغىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. «خوتەن گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى ئوبۇلقاسىم مەتنىيازنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 1997-يىلى «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى تەھرىراتى ئۆزىنىڭ ئا. راخمان، م. زۇنۇن قاتارلىق بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئاپتورلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ پايتەخت تەرەپكە ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ بارغاندا، رەئىس ئۇلارغا كۆتۈۋېلىش زىياپىتى بېرىپتۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا كەڭ-كۇشادە سۆزلىشىپتۇ. شۇ سورۇندا زامانىمىزنىڭ يەنە بىر داڭلىق شائىرى مۇھەممەتجان راشىدىنىنى ئەسكە ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭ نېمىشقا كېلەلمىگەنلىكىنى سورۇشتۇرۇپتۇ. شائىر، يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەت مۇھەممەتجاننىڭ سالامەتلىكىدە ئازراق چاتاق كۆرۈلگەچكە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. رەئىس مۇھەممەتجاننىڭ كېلەلمىگەنلىكىدىن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا سالاملار يوللاپتۇ. رەئىسنىڭ ئۇنىڭ كېلەلمىگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭمۇ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بولسا كېرەك. بەلكىم «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى رىداكسىيىسىگە ئۇنى بىللە ئەكېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك. رەئىس شائىرغا ئەنە شۇنداق كۆڭۈل بۆلەتتى.

1985-يىلى خوتەندە ئۇيغۇر شائىر-يازغۇچىلىرىنىڭ يىگىرمە كۈنلۈك كاتتا ئەنجۇمەنى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەركە رولىنى ئويناۋاتقان كاتتا شائىر-يازغۇچىلىرى — زۇنۇن قادىرى، تۇردى سامساق، قەييۇم تۇردى، قاھار جېلىل، زوردۇن سابىر، جاپپار ئەمەت، روزى سايىت، مەمتىمىن ھوشۇر، مەھەممەتجان راشىدىن، ئوسمانجان ساۋۇت، توختى ئايۇپ، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، ئايشەم ئەخمەت، ئەھەت تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئېزىز ساۋۇت، تاھىر تالىپ، مۇھەممەت شانىياز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىراك قىلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە خوتەننىڭ ئۆزىدىن بولۇپ تەكلىپ قىلىنغان شائىر - يازغۇچىلارنىڭ سانى سەكسەن نەپەردىن ئاشاتتى. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق ۋاقتى ئۇزۇن، كاتتا يىغىلىشنىڭ بارلىق تەييارلىق ئىشلىرىنى پەقەت «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىراتىلا ئىشلەپ يۈرەتتى. باشقۇرغۇچى مەمۇرىي ئورگان ھېسابىدا مائارىپ-مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن باشلىقىلا ئانچە-مۇنچە ھە-ھۇ دېيىشىپ يۈرەتتى. خوتەن يىغىنىنىڭ مۇھىملىقىنى، كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ھېس قىلالمىغاندەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى خوتەندە بۇنداق ئەدەبىيات ئەنجۇمەنى بولۇپ باقمىغاچقا رەھبەرلەردە تەسىراتمۇ، تەجرىبىمۇ يوق ئىدى. يىغىن باشلىنىشنىڭ ئالدىنقى كۈنلىرى ئەزىز مېھمانلار ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، ئاپتوبۇسلاردا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققىدىغانلار، كۈتۈۋېلىپ ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرىدىغانلار يەنىلا ئاشۇ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكى بىرقانچە جاپاكەش ئىدى. ئەتە ئەنجۇمەننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ دېگەن كۈنى شۇ چاغدىكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى نۇرمۇھەممەت خۇدابەردى

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەھەممەت توختىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. مەلۇم بولدىكى، كېچە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمايىل ئەھمەدتىن تېلېفون كەپتۇ. رەئىس تېلېفوندا، بۇ قېتىم خوتەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەدەبىيات ئەنجۇمەنىنىڭ مۇھىملىقىنى، بارىدىغان مېھمانلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئەڭ كاتتا شائىر-يازغۇچىلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ئادەتتە تەكلىپ قىلىپمۇ ئەكەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ كاتتا كۈتۈۋېلىش لازىملىقى توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپتۇ. ئاشۇ يەتكۈزۈلمە مەھەممەت توختىنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە. ئاشۇ گەپلەردىن كېيىن نۇرمۇھەممەت ۋالىي بىلەن ئىككىسىنىڭ ياتاقمۇ ياتاق كىرىپ شائىر-يازغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋال سورىغانلىقىمۇ ئېسىدە. رەئىسنىڭ ئاشۇ يوليورۇقىدىن كېيىن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە دائىم ھەمراھ بولۇپ، ئەنجۇمەن ئىشتىراكچىلىرىنى شۇنداق ياخشى كۈتۈۋالدىكى، ئۇلار ئىززەت-ھۆرمەت كۆرستىشتە قىلچە كېچىكمىگەندى. ئاشۇ كۈتۈۋېلىش ۋە ئىززەت-ئىكراملار شائىر-يازغۇچىلارنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. شۇ يىللاردا ئۆتكۈزۈلگەن تۇرپان، خوتەن، غۇلجا ئەنجۇمەنلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شۇنداق يۈكسىلىشلەر بولدىكى، ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ھېچكىم كۆز يۇمالمايدۇ. رەئىس خوتەندىكى يىغىن ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، باشقا جايلاردا ئېچىلغان يىغىنلارغا كۆڭۈل بۆلمەي قالغانمىدۇ؟

باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، 2001-يىل 8-ئايدا خوتەندە «11-نۆۋەتلىك ‹خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى› نى تارقىتىش ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلغاندا، رەئىس خىزمەتلىرىنىڭ ئالدىراش بولۇشىغا

قارىماي يىغىنغا كېلىپ قاتناشتى ۋە نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش توغرىسىدا ئەھمىيەتلىك نۇتۇق سۆزلىدى، يىغىن ئارىلىقلىرىدا شائىر-يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى، مۇڭداشتى. «لايقا» يېزىسىنىڭ ئەنجۈرلۈك بېغىدا ئۇلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشتىمۇ بىللە بولدى. ئەگەر بىز يۇقىرىقىلارغا رەئىسنىڭ 1990-يىلى 11-ئاينىڭ 17-كۈنى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىشىپ چاقىرغان 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بويىچە باھالاش-مۇكاپاتلاش پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلىپ نۇتۇق سۆزلىگەنلىكىنى، 1993-يىل 10-ئاينىڭ 5-كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلغان «6-نۆۋەتلىك ‹خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش› ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا قەدەم تەشرىپ قىلىپ نۇتۇق سۆزلىگەنلىكىنى، 1995-يىل 10-ئايدا ۋە 1996-يىل 5-ئايدا ئارقىمۇ ئارقا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمەت يىغىنىغا كېلىپ مۇھىم يوليورۇق بەرگەنلىكىنى، 1997-يىل 5-ئاينىڭ 21-كۈنى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىشلىرىغا مۇھىم كۆرسەتمىلەر بەرگەنلىكىنى ··· قوشساق قانداق تەسىرات پەيدا بولىدۇ؟ ··· ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يالقۇنلاپ تۇرغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان يېقىندارچىلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىز ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىللەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدا كاتتا يۈكسىلىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى، «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى»، «شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى»

قاتارلىق نەشرىياتلارنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغانلىقىنى ، ھەرقايسى ۋىلايەت ، ئوبلاستلاردا «يېڭى قاشتېشى» ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ، «بوستان» ، «تورپان» ، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ، «تەڭرىتاغ» ، «مايبۇلاق» ، «ئىلى دەرياسى» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى ، ئۇرۇمچىدە نەشر قىلىنىدىغان ژۇرناللارنىڭ بىرلا «تارىم» ژۇرنىلى بولۇشتىن «دۇنيا ئەدەبىياتى» ، «بۇلاق» ، «مىراس» ، «تەرمىلەر» ، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىقلارغا كۆپەيگەنلىكىنى ، ئەدەبىي ژانىرلاردا ئۆزگىرىشلەر بولۇپ پوۋېستچىلىق ، رومانچىلىقلارنىڭ مىسلى كۆرۇلمىگەن دەرىجىدە گۈللەنگەنلىكىنى نەزەرگە ئالىدىغان بولساق ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىكى ئەدەبىياتقا بولغان يېقىنچىلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز .

بۇ يەردە يەنە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشى توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۇش زۆرۇر . يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا بولغان مۇھەببىتى ئالاھىدە چوڭقۇر ئىدى . ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن كىچىك چاغلىرىدىلا ، يەنى بوۋىسى قۇناخۇن خەلپەمنىڭ تەربىيىسىدە چاغدىلا ئۇچرىشىشقا باشلىغان رەئىس ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەھمىيىتىنى ، ئۇنى قايتا نەشر قىلىشنىڭ ، تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى ، ئۇ كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى دائىم كۆرۇپ-ئوقۇپ تۇرغانىدى . خوتەندىكى پېشقەدەم كادىر ئەبەيدۇللا ھاشىم ئۆزىنىڭ 1966 -يىلى ، يەنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يېڭى باشلانغان چاغدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋالىيسى ئەنۋەر نۇرىيوف ئەۋەتكەن بىر ساندۇق كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر كىتابلارنى ئۇرۇمچىدىكى ئىسمايىل ئەھمەدكە يەتكۈزۇپ

بەرگەنلىكنى ھېكايە قىلىدۇ . داۋاملىق كۆرۈپ ئوقۇپ تۇرمىسا ئۇلارنى خوتەندىن ئەكەلدۈرۈپ نېمە قىلىدۇ ؟ روشەنكى ، ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن بىر خىل يېقىنچىلىق بار ئىدى . 1979 -يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاساسلىق مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە نەشرىيات خىزمىتى ساھەسىدىكى رەھبەرلەرگە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى توپلايدىغان ، قايتا نەشر قىلىدىغان ، تەتقىق قىلىدىغان بىر مەخسۇس ژۇرنال چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ . رەئىسنىڭ بۇ تەكلىپى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ياغدەك ياقىدۇ . بۇ ئۇلار ئۇزاقتىن بېرى ئارمان قىلىپ كېلىۋاتقان ئىش ئىدى . ۋەھالەنكى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ »نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكىنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان نەشرىيات ساھەسىدە تېخى ئاشۇ سول سىياسەت بويۇنتۇرۇقلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىغۇدەك جۈرئەت يوق ئىدى . مانا ئەمدى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبىرى يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىۋاتسا ئۇلار قانداقمۇ دادىل ئاتلانماي تۇرالىسۇن ؟ ئۇلار كلاسسىك ئەدەبىيات مەجمۇئەسى چىقىرىشقا دەرھال قوشۇلىدۇ . مەجمۇئەنىڭ ئىسمى توغرىسىدا رەئىسكە مەسلىھەت سالىدۇ . رەئىس نەخ مەيداندىلا «نامى بۇلاق بولسۇن ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىر ئۇزۇلمەس بۇلاق ، ئۇ مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ . نامىنى بۇلاق قويۇڭلار » دەپ يوليورۇق بېرىدۇ ، شۇنداق قىلىپ «بۇلاق » ژۇرنىلى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . ئۇنىڭ تۇنجى سانىنى ئەينى چاغدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلەۋاتقان ئاتاقلىق ژۇرنالىست ئابدۇۋەلى خەلپەت ۋە ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر قاتارلىقلار تەييارلايدۇ ۋە رەئىستىن تۇنجى سان ئۇچۇن بېغىشلىما يېزىپ

بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. رەئىس خۇشاللىق بىلەن تۆۋەندىكىچە «بېغىشلىما» يېزىپ بېرىدۇ:

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى ‹بۇلاق›نىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەن، بىزنىڭ گۈللەپ-ياشناۋاتقان ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارىمىزغا يېڭى ھۆسن قوشۇلغۇسى. خەلقىمىز ئۇچۇن يەنە بىر مەنىۋى ئوزۇق مەنبەسى كۆپەيگۈسى. مەن بۇلاقنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

‹تۆت كىشىلىك گۇرۇھ› تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر مىللىتى— مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە، مول ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىغا ئىگە، بۇ ئەدەبىي مىراسلار پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى ئېسىل بايلىق. پارتىيىمىزنىڭ ‹كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىسىنى يارىتىش›، ‹قەدىمكىنى بۈگۈن ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش›، ۋە ئەدەبىي مىراسلارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ ھەمدە ئۇنى بېيىتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۇچۇن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆپچىلىكنىڭ ۋە بۇ ساھەدە ئۇزاقتىن بۇيان ئەجىر قىلىپ كېلىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ دادىل ئاتلىنىپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇپ كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشىنى ھەم بۇ جەھەتتىكى

تەتقىقات خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، ئۇنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشمىزغا خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا يېڭى تۆھپە يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

«بۇلاق»نىڭ توختىماي بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرۇشىغا، ياخشى چىقىشىغا تىلەكداشمەن.

ئىسمايىل ئەھمەد

1980-يىل 9-ئىيۇن»

«بېغىشلىما»دا رەئىسنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ مەجمۇئەدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرى، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا بولغان ئىنتىلىش، كلاسسىك ئەدەبىياتنى مەنبە قىلغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە بولغان تىلەكلىرى ئەكس ئېتىدۇ، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئۇ «بېغىشلىما»سىنى «بۇلاق»نىڭ توختىماي بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرۇشىغا، ياخشى چىقىشىغا تىلەكداشمەن دەپ ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

«بۇلاق» رەئىسنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىگە لايىق تا ھازىرغىچە توختاپ قالماي يىگىرمە ئالتە يىل نەشر قىلىندى، تويتوغرا يۈز سان چىقتى. تالاي كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى خوتەن قەغىزىنىڭ سارغىيىپ-يىرتىلىپ كەتكەن ۋاراقلىرى ئارىسىدىن قۇتقۇزۇپ، يورۇقلۇققا چىقاردى. كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى تارىختا كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇردى. ژۇرنالنى ئۈزۈلدۈرمەي چىقىرىشتا، ياخشى چىقىرىشتا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ رەھبەرلىرى، قۇربان بارات، مەتتۇرسۇن باۋۇدۇن، مەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، ئابلەت ئىمىن قاتارلىق مۇھەررىرلەر ئالاھىدە تۆھپە قوشتى ۋە يۈرەك قېنىنى

سەرپ قىلدى . خەلقىمىز ئۇلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ . رەئىس ئىسمايىل ئەھمەدمۇ ئۇلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ .

بىز ئاشۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىنى ، باشقا بىر تالاي ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنىشىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بويىچە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى ئەلۋەتتە پارتىيە 11 -نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 -ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يېتىپ كەلگەن ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ، گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخىي يۈزلىنىشنىڭ تۆھپىلىرى قاتارىغا تىزىشىمىزمۇ مۇمكىن . ۋەھالەنكى ، خۇددى «تارىخ قەھرىمانىنى يارىتامدۇ ياكى قەھرىمان تارىخنى يارىتامدۇ» دېگەن مۇنازىرىنىڭ خۇلاسىسىدە ئېيتىلغاندەك ، قەھرىماننىڭ رولىغا ئەلۋەتتە سەل قاراشقا بولمايدۇ . ئەگەر رەئىس پارتىيە 11 -نۆۋەتلىك 3 -ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلمىسا ، تەستىق ۋە يوليورۇقلارنى چۈشۈرمىسە ، ئىلھام بەرمىسە ، ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمىسە ، ئاشۇنداق زور ئەدەبىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى ، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس ، ئەلۋەتتە . ئەگەر ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ماھىيىتى بىلەن شۇنچىۋالا مەرىپەت نەتىجىلىرىنى بىر يەرگە قويىدىغان بولساق ، بۇ يەردە رەئىسنىڭ تۆھپىلىرى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . بۇ خۇددى گۈل سۆيەر باغۋەننىڭ باغنى تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلغىنىغا ، ئۇنىڭ ئەجرىگە يارىشا باغنىڭ گۈلزارغا ئايلانغىنىغا ئوخشاش ئىش . مەرىپەتپەرۋەر رەھبەر مەرىپەتكە ھامىي بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئەجرىگە يارىشا مەرىپەت گۈللىنىدۇ . مەرىپەت ئەھلى مەرىپەتپەرۋەر رەھبەرنى ئەلۋەتتە ئۇنتۇمايدۇ . ئۇنىڭ نامى تارىخنامىلەردە ساقلىنىدۇ . بىز بۇ پاراگرافنىڭ ئاخىرىدا شائىر ئابدۇللا سۇلايمان

رەئىسكە بېغىشلاپ يازغان «مۇۋەششەھ» نى كۆچۈرۈپ قويايلى .
بۇ ئەلۋەتتە مەرىپەت ئەھلىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر رەھبەرگە سۇنغان
بىر دەستە رەھمەت گۈلدەستىسىدۇر .

## ئىنسان

(مۇۋەششەھ )

ئىنسانلىقىم ئىمتىھانىغا چۈشتى سوراقلار چەمبىرى ،
بىر سوئال ئەرشىئەلادا ، تەھتىسىرادا ھەم بىرى .

سىز بولۇپ ئەندىزە—مىزان ، جىڭ-جالىقىمغا شۇدەقىق ،
ئۆتتى ئالدىمدىن ھاياتىمنىڭ غۇبارسىز تەسۋىرى .

ماڭا ئەڭ دەسلەپكى پەيتتە بولغان نىسىپ ساددا ئاۋام ،
بالىلىق ئارزۇمدا كۈلگەن ياشلىق بېغىمنىڭ سەمبىرى .

ئاقتۇرۇپ سۈيى ، ئوتىدا كۆيدۈردى ئۇنتۇلمايدىغان ،
چىڭىتىپ يىلتىز-غولۇمنى تاۋلاپ ئانا تۇپراق-يېرى .

يېڭىلاش خىيال-ئويىدا بولمىدىم چىن ئېتىقادنى ھەم ،
ئەلنى دەپلا شادلىقىم ، قايغۇمنىڭ تەلەپكار مۇشتەرى .

ئىلغاپ بىلىپ ، ئىشلەپ بىلىپ ، ئاڭلاپ بىلىپ دىل سەمرىدى ،
كۆرسەتتى ئارزۇم نۇرىنى مەنزىل دالاسىنىڭ قىرى .

لىللالىقىم — تىللالىقىم بولغاندا ئەلنىڭ قەلبىدە ،
تەڭلەندى گاھ قىش كۈندە مۇز ، گاھى تەشەككۈر كەۋسىرى .

ئەگدى باش مۇشكۇل يولۇمدا ، ئاشتىم داۋان يەلكەمدە يۈك ،
چاغلىدىم شۇندا ئۆزۈمنى ھىجران جىڭىنىڭ لەشكىرى .

ھىلىھەم تۇرسام ئىگىزدە ، ئەل ئىشقى كۆكسۈمدە يانار ،
ھەقىرغىمۇ ، خاقانغىمۇ بىردۇر جاھان ھىكمەت - سىرى .

مەڭگۈلۈك بولماس نىمەرسە ، بۇ گول ئۆمۈرمۇ شۇ سۈپەت ،
پاك-ساپلىقىمنى يورۇتۇپ تۇرغاي مۇساپەم ئەختىرى .

ئەمەل قىلغۇم ، كەلگەندەك بوياقسىز كەتسەممۇ ئوخشاشلا ،
بولمايىن كۆز باغلىبان جىن ، جادۇ-سېھىرگەرلەر پىرى .

تېتىتىپ ئۆتتى ماڭا زەپ ، ئاچچىق-چۈچۈكنى بۇ ھايات ،
ئۆتىمەن ئىمتىھانىسىدىن ، ئىلكىمدە ئەل ئەڭگۈشتىرى .

يولداش ئىسمايىل ئەھمەد كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىدىن تولىمۇ سۆيۈنەتتى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۇنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى . ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى مۇدىرى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ، مۇقامشۇناسلارنىڭ ، مۇقام تەتقىقاتچىلىرىنىڭ 12 مۇقامنى رەتلەش ، تويلاش ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت قارىمىقىدا «12 مۇقام ئىشخانىسى»

نى تەسىس قىلغان . بۇ ئىشخانىنىڭ قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بوران چاپقۇنلىرىدا يوقۇلۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان يىتۇك سەنئەت 12 مۇقامنى ساقلاپ قېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويـنـىـغـان ئـىـدى . بـۇنـىـڭـدىـن باشقا ئۇ يەنە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدى ... . بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ، بۇ ھەقتە تەپسىلىي تـوخـتـىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى . رەئىسنىڭ كېيىنكى ھاياتى توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنىڭ بۇ تېمىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە تەپسىلىي يورۇتۇپ بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل .

## 2 . ئىسمايىل ئەھمەد ۋە مىللىي خىزمەت

يولداش ئىسمايىل ئەھمەد شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك رەئىسى بولۇپ ، بۇ ۋەزىپىنى ئاز كەم يەتتە يـىـلـدەك ئۆتىدى . يۇقىرىقى بىرىنچى سەرلەۋھىدە بىز يولداش ئـىـسـمـايـىـل ئـەھمەدنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكىنى ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئـەدەبـىـيـاتـى ۋە شـائىر-يازغۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئـارقـىـلىق ئىسپاتلاپ ئۆتكەنىدۇق . بۇ يەردە يەنە ئۇنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى بابىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئارقىلىقمۇ بۇ نۇقتىنى قايتا ئىسپاتلاپ چىقىشقا بولىدۇ .

يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى 1955 -يىلىدىن ، يەنى ئۇ جـۇڭـگـو دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى چىرىيە ناھىيىلىك كـومـىـتـېتىدا شۇجى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلىدە باشلانغان . پېشقەدەملەر ئۇ يازغان «ئۆزگەرمەس ئون ئۈچ» دېگەن ماقالىنىڭ ئـەيـنـى چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغانلىقىنى

ئەسلىشىدۇ . بۇ ئىتتىپاق خىزمىتىدىكى تۇرغۇنلۇق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە قارىتىلغان تەتقىقات ماقالىسى بولۇپ ، كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىتتىپاق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينايدۇ . پېشقەدەملەر يەنە ئۇنىڭ چېرىيە ناھىيىلىك پارتكومدا شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى ، چېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋە خوتەن يەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن يىللاردا «چېرىيە گېزىتى» ، «خوتەن گېزىتى» قاتارلىقلاردا ماقالىلەر ئېلان قىلغانلىقىنى ، 70 -يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇ ئېنلەي زۇڭلىنى ئەسلەپ يازغان خاتىرىلىرى ( «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان) نى ئەسلىشىدۇ ، لېكىن ئۇ چاغدىكى ماتېرىياللار كېيىنكى قاينام-تاشقىنلىق يىللارنىڭ ئالدىراشچىلىقى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قالايمىقانچىلىقىدا پەرسۇدە بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىزدەپ تېپىشىمىزغا ئىمكان بولمىدى . يېرىم ئەسىردەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەچكە ئۇ ماقالىلەرنىڭ سەرلەۋھە ۋە مەزمۇنىنىمۇ ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىدى . قانداقلا بولمىسۇن يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئاشۇ دەۋرلەرنىڭ قەلەم تۇتالىغۇدەك ئاز ساندىكى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا ، بىز ئۇنىڭ ماقالىلەر يازغانلىقىغا ، گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلغانلىقىغا ئىشىنىمىز . يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى ، ئۇ چېرىيە دىيارىدىن ھالقىپ چىققاندىن كېيىن گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن . مىللەتلەر نەشرىياتى 1998 -يىلى «مىللىي خىزمەتكە دائىر ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت» سەرلەۋھىسىدە ئۇنىڭ ئىككى توملۇق ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلغان . توپلامغا يەتمىش توققۇز پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن ، بۇنىڭ ئەللىك بىر پارچىسى نۇتۇق شەكلىدە بولۇپ ، يىگىرمە سەككىز پارچىسى گېزىت-ژۇرناللاردا

ئېلان قىلىنغان. ۋاقىت جەھەتتە 1986-يىل ئاۋغۇستتىن 1997-يىل 9-ئايغىچە بولغان ئون بىر يىل جەريانىدا ئېلان قىلغان ماقالىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەل يولداش ئىسمايىل ئەھمەد دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شۇ مەزگىللەردە ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىسىگە لايىق، ئۇنىڭ ماقالىلىرىمۇ مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتىنى مەزمۇن قىلغان.

ئەمدى بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقلىرىنى شېپى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكىنى ئىسپاتلاشتىن، ئۇنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشىگۈچى، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىغۇچى، ئاز سانلىق مىللەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلىك رولىنى ئىسپاتلاشقا ئۆتۈشىمىز كېرەك. بۇ شۇنداق مۇھىم بىر ساخاۋەتلىك ئىشكى، ھاياتىدا كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولغىنىدەك، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك كاتتا نۇسرەتلىك ئىشمۇ ئۇنىڭغا نېسىپ بولدى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى تارىخىي مەسىلىگە بىر قۇر قاراپ چىقساقلا، ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى، يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ بۇ جەھەتتە قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشەنگىلى بولىدۇ.

دۇنيادا مىللەت قاچان ۋە قانداق پەيدا بولدى؟

تارىخىي ماتېرىيالىزم مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە دەپ قارايدۇ. دېمەك، مىللەتلەر ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇپ ۋە ئۆزلۈكسىز يوقىلىپ تۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، بىز بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان مەسىلە بۇ ئەمەس، بەلكى ئاشۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پەيدا بولغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. دۇنيادا مىللەت پەيدا بولغاندىن بېرى مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت دۇنيانىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. دۇنيا قەبىلىلەر ئۇيۇشۇپ مىللەتنى، مىللەت ئۇيۇشۇپ دۆلەتنى تەشكىل قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن مىللەتلەر ئارىسىدىكى تالاش-تارتىش، جېدەل-ماجىرا زادىلا توختىمىدى. ئاشۇ جېدەل-ماجىرالار نەتىجىسىدە يەككە مىللەتلىك دۆلەتلەر ۋە كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر پەيدا بولدى. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردىكى مىللەتلەر يەنە بېتەكچى مىللەت ۋە ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئورۇندىكى مىللەتلەرگە ئايرىلدى. ئەمدى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى شۇ دۆلەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئاساسىي مەسىلىگە ئايلاندى. مىللەتلەر ئارا مەنپەئەت توقۇنۇشى ئۆزلۈكسىز بولۇپ تۇردى. نەتىجىدە ھەتتا ئۇرۇقنى قۇرۇتۇۋېتىش خاراكتېرلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە مىللىي قىرغىنچىلىقلارمۇ يۈز بەردى، بۇ دۇنيا تارىخىدىكى ئەھۋال ئىدى، بەلكى ئاشۇنداق ئەھۋاللار بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ يۈز بېرىۋاتاتتى.

كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىزنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، تارىختىن بېرى توققۇز مىليون ئالتە يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق مۇشۇ زېمىندا ئەللىك ئالتە مىللەت بىللە ياشاپ كەلدى. بىللە ياشىغانىكەن، مەنپەئەت توقۇنۇشى يۈز بەرمەسلىكى

مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا كەمسىتىش ، بوزەك قىلىش ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشتەك ئەكسىيەتچىل سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكتىن مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى يىرىكلىشىپ كەتكەنىدى . ئەگەر مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشى ھەل قىلىنمىسا ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى . جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىنقىلاب ۋە ئىنقىلابىي ئۇرۇش ئارقىلىق ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن ، كۆپ مىللەتلىك جۇڭخۇا ئېلىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى . ماۋ جۇشى ۋە ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىملىقىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى . شۇنداق قىلىپ ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ، تەدرىجىي ھالدا مىللەتلەر مەسىلىسىگە دائىر سىياسەت ، قانۇن ، تۈزۈم ، پرىنسىپ ۋە بەلگىلىمىلەر شەكىللىنىپ ئوتتۇرىغا چىقتى . مانا بۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىدۇر . پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى لېنىن تەكىتلىگەن مىللىي باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇ مىللەتلەر چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت جەھەتلەردە باراۋەر بولۇش ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ، ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، تەدرىجىي ھالدا ئىلغار مىللەتلەر

بىلەن بولغان پەرقنى تونۇتۇش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاتىغا ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش ، ھەممە مىللەت ئورتاق گۈللىنىش قاتارلىق كۆپ خىل مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مانا شۇ سىياسەتلەرگە تايىنىپ جۇڭگو زېمىنىدىكى ئەللىك ئالتە مىللەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يېتەكلەۋاتاتتى ، ھەممە ئىشلار ياخشى كېتىۋاتقاندەك ، ھەممە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولىدىغاندەك قىلاتتى . ھەممە مىللەت ئىتتىپاق ، تىنچ ، مۇقىم بولۇپ ، ئورتاق گۈللىنىش ئىشقا ئاشىدىغاندەك قىلاتتى . ئەمما ئاشۇ 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ بېشىدا ، دۇنيا يەنە بىر قېتىم چوڭ پارچىلىنىش ، چوڭ بۆلۈنۈش باسقۇچىغا قەدەم قويدى . كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلەتلەر پارچىلىنىپ ، كىچىك دائىرىلىك يەككە مىللەتلىك دۆلەتلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى . 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇلۇغ پېتىر دىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغان روسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئون ئالتە مىللىي دۆلەتكە پارچىلاندى . سلاۋيانلار قۇرغان يەنە بىر دۆلەت يۇگوسلاۋىيە بەش مىللىي دۆلەتكە پارچىلاندى . چېخ-سىلوۋاكىلار بۆلۈنۈپ ئايرىم-ئايرىم دۆلەت قۇردى ، ۋە باشقىلار . مىللىي كەيپىيات ئۇلغىيىپ ، مىللەتچىلىك دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى . دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ئاشۇ ئەھۋاللارنىڭ ئېلىمىزگە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ، ئۇچۇر-ئالاقە راۋانلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا ، چەت ئەللەردىكى ئىشلار ئەلۋەتتە ئاڭلىناتتى ۋە تەسىر كۆرسىتەتتى .

ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەللەردىكى ئاغدۇرمىچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ بار ئىدى. دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم، ئىچكى ئامىل ئاساس، تاشقى ئامىل قوشۇمچە، تاشقى ئامىل پەقەت ئىچكى ئامىل ئاساسىدىلا رول ئوينىيالايدۇ دەپ قارايدۇ. سىرتتىن تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان ئاغدۇرمىچى كۈچلەرنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىش ۋە يوق قىلىش ئۈچۈن ئىچكى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىگە ئايلانغانىدى. بۇ مۇھىم ۋەزىپە يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. ئۇ دۆلەتنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان ئاشۇ 90-يىللاردا ئىشلىگەن خىزمەتلەرنى، ھەل قىلغان مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ ئەسلەپ چىقىشقا بىزنىڭ چامىمىز يەتمەيدۇ. ۋەھالەنكى، بىز ئۇنىڭ ئىككى توپلام قىلىپ، نەشر قىلىنغان ماقالىلىرىگە نەزەر سالساقلا ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى، تۆھپىلىرىنى تولۇق ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

يولداش ئىسمايىل ئەھمەد پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى، سىياسەتنىڭ ياخشىلىقىنىمۇ، ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرمىغاندا كېلىپ چىقىدىغان مەسىلىلەرنىمۇ ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇ مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئارىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتكە تولىمۇ ئەستايىدىل قارايتتى. دېمىسىمۇ ئىش شۇنداق ئىدى. مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئىشقا ئاشمىسا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى كاپالەتكە ئىگە بولالمىسا،

مىللەتلەر باراۋەرلىكىدىن ئىبارەت ئاچقۇچلۇق بولمايتتى. بۇ يەردىكى ئاچقۇچ — مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىدى. گەرچە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولىدىغانلىقى جاكارلانغان بولسىمۇ، لېكىن تارىختىن قالغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى پەرقلەر مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. مىللەتلەرنى باراۋەرلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش هوقۇقىنى كۆچەيتىشكە، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. سىياسىي جەھەتتە ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش هوقۇقىنى كۆچەيتىش «ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆچەيتىش، مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش يەنە نۇرغۇن-نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ساھەدە ئىشلەيدىغان خىزمەتمۇ شۇنداق نۇرغۇن ئىدى.

يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئاشۇ پۈتكۈل 90-يىللاردا ئۆزىنى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆچەيتىشكە، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا بېغىشلىدى. «مىللىي باراۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە»[1] دەپ كۆرسەتتى ئۇ ماقالىلىرىنىڭ بىرىدە، «سوتسىيالىزم مىللەتلەرنى ئورتاق

[1] «مىللىي خىزمەتكە دائىر ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت»، 93-بەت

گۈللەندۈرۈشى لازىم. بۇ مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويغان ئاساسىي تەلەپ. سوتسىيالىزمنىڭ مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تۈپ مەيدانى»[1]، «ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش كېرەك، يەنى ‹ئاپتونومىيە قانۇنى›دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئىشقا قويۇش ۋە يېتىشتۈرۈش، ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆز رايونىنىڭ مىللىي مائارىپ، ئەدەبىيات، سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش، مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش دېگەنگە ئوخشاش ھوقۇقلىرىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش لازىم.»[2] «بىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مىللىي مۇناسىۋەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز لازىم» دەپ كۆرسىتىدۇ.

يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ماقالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسىگە ئالاھىدە توختىلىدۇ. دېمىسىمۇ بىر كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىنتايىن مۇھىم ۋە سەزگۈر مەسىلە ئىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولمىغاندا، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە باراۋەرلىكىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

---

① «مىللىي خىزمەتكە دائىر ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت»، 97-بەت

② «مىللىي خىزمەتكە دائىر ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت»، 99-، 100-بەتلەر

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر بىر مىللەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ كونكرېت ئىش-ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر يىغىلما جەريان-توپلانما جەريان ھېسابلىناتتى . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەربىر پۇقرا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ، ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولۇشى ، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇشى لازىم بولاتتى . ئەگەر بىرەر مىللەتنىڭ بىرەر ئەزاسى باشقا بىر مىللەتنىڭ بىرەر ئەزاسىدا ياخشى تەسىر قالدۇرمىسا ، بۇ ئىش توپلىنىپ-جۇغلىنىپ ، پۈتۈن ئىككى مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتەتتى .

بۇ جەھەتتە يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىشلىرىمۇ بار ئىدى . پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلەپ ھېكايە قىلىشىچە ، يولداش ئىسمايىل ئەھمەد چىرىيە ناھىيىلىك پارتكومدا مۇئاۋىن شۇجى بولۇۋاتقان يىللاردىمۇ ياكى چىرىيە ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان يىللاردىمۇ ، ئىشقىلىپ ، بىر كۈنى ئۇ ، قورۇدا تىكتاك توپ ئويناۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كېلىدۇ . ئۇ يەردە باشقا مىللەتتىن بولغان ئىككى ياش تىكتاك توپ ئويناۋاتقانىكەن . «مەنمۇ ئويناي ، كىم يېڭىلسە شۇنىڭ ئورنىغا چۈشەيلى» دەيدۇ ئىسمايىل ئەھمەد . ياشلار قوشۇلىدۇ . لېكىن ئۇدا ئىككى قېتىم يېڭىلگەن ئادەم تىكتاك توپ شىرەسى ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتسۇن دەپ شەرت قويىدۇ ئۇلار . ئىسمايىل ئەھمەد بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ . ئويۇن ئەمەسمۇ ، ئويۇن دېگەننىڭ مۇكاپات-جازاسى بولمىسا قىزىمدۇ ؟ شۇنداق قىلىپ ئۇلار مۇسابىقىلىشىشكە كىرىشىدۇ . باشقا مىللەتتىن بولغان ياشلار بۇ ناتونۇش كادىرنى سەل چاغلاپ قالغان بولسا كېرەك ، ئويۇن داۋامىدا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تىكتاك توپ شىرەسى ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . بۇ چاغدا تىكتاك توپ شىرەسى ئەتراپىغا باشقا كىشىلەرمۇ ئولاشقانىكەن .

ئۇلار ئۆملەپ ئۆتۈشلەرنى كۆرۈپ كۈلۈشىدۇ . ياشلارنىڭ بىرىگە ئۆملەپ ئۆتۈش ئار كەلدىمۇ ۋە ئاڭلىماس دېدىمۇ ، يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنى ئىمالاپ : «نەدىن كەلدى بۇ چۈشەن ؟» دەيدۇ سەپدىشىگە . بۇ گەپ ئىسمايىل ئەھمەدكە خېلىلا ئېغىر كېلىدۇ . ئۇ : «ھېچ يەردىن كەلمىدىم ، مۇشۇ يەرلىك چۈشىنىمەن» دەيدۇ ۋە تىكتاك توپ پالىقىنى قويۇپ ، ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىدۇ . كېيىن تىكتاك توپ شىرەسى ئەتراپىدىكى كىشىلەر ياشلارنى تەنقىد قىلدىمۇ ياكى يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ سالاھىيىتىدىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلدىمۇ ، ئەتىسى ھېلىقى ياشلار ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈشنامىلىرىنى كۆتۈرۈپ ، ئىسمايىل ئەھمەدنى ئىزدەپ كېلىدۇ ۋە ئەپۇ سورايدۇ ، ئىش چىرايلىقچە ھەل بولىدۇ…

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ، مىللەت ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەنە شۇنداق نازۇك بىر ئىش . كىچىككىنە سۆز ، كىچىككىنە ھەرىكەت غەشلىك پەيدا قىلالىتى ۋە بۇ جۇغلىنىۋەرسە ئىككى ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى دائىرىسىدىن ھالقىپ ، ئىككى مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتەتتى . بۇ نۇقتىنى يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى ، شۇڭا ئۇ كېيىنكى چاغلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى دائىم تەكىتلەشنى زادىلا ئۇنتۇماي كەلدى .

مەيلى ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرىدە بولسۇن ، مەيلى سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدا بولسۇن ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ھەر دائىم باش تېما ، ئاساسىي مەزمۇن بولدى .

يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ نۇتۇق ۋە ماقالىلىرىدە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن يەنە بىر مۇھىم مەسىلە دۆلەت قارىشى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسىلىسىدۇر . ھەرقانداق بىر كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە ، ھەربىر مىللەت ۋە شۇ مىللەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىدا توغرا

دۆلەت قارىشى ۋە توغرا ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشى تۇرغۇزۇش ئىنتايىن مۇھىم. يولداش ئىسمايىل ئەھمەد «نۇر» گېزىتىنىڭ 1995-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە: «ھەربىر ئادەم بىرەر دۆلەتكە مەنسۇپ بولمىسا، ئۇنىڭ پۈت تىرەپ تۇرىدىغان يېرى بولمايدۇ»، «شۇڭا ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن دۆلەت مىللەتتىن مۇھىم»، «كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ»، «شۇڭا ھەربىر ئادەم دۆلەت ھەممىدىن ئەلا…، ھەرقانداق مىللەت ھەرقانداق چاغدا دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشى، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇنۇشى كېرەك دېگەن ئېتىقادنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى شەرت» دەپ كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقىنى توغرا دۆلەت قارىشى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشىدۇر. بۈگۈنكى دۇنيادا دۆلەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتۇر. بىر كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە توغرا دۆلەت قارىشى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشى تۇرغۇزۇلمىسا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەزالىرىدا دۆلەتنى سۆيىدىغان، دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، دۆلەت ئۈچۈن ھەممىنى بېغىشلايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ يېتىلمىسە، بۇنداق دۆلەتنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم بولمايدۇ ۋە ئۇ ئۇزاققا بارمايلا پارچىلىنىپ كېتىدۇ. بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدىغان يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ھەممە مىللەتلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بولۇشىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئۆزىمۇ بىر پىشقان ۋەتەنپەرۋەر. ئۇ ۋەتىنىمىزنى ناھايىتى قىزغىن سۆيىدۇ، ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە. لۇشۈن ئەپەندى: «بۇلاقتىن سۇ چىقىدۇ، تومۇردىن قان» دەپ ئېيتقان.

ئەگەر يولداش ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوتلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بولمىسا، ئۇنىڭ دىلىدىن ماقالىسىدە ئېيتىلغاندەك كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك چاقىرىقى جاراڭلايتتىمۇ؟ بىز يۇقىرىدا يولداش ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى، ئۇنىڭ ماقالە-ئەسەرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەسلەپ ئۆتتۇق. ياخشى سىياسەتنى ياخشى ئىجرا قىلىدىغان، ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ياخشى كادىر بولمىسا، ھېلىقى ياخشى سىياسەتمۇ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. سىياسەت بەلگىلەنگەندىن كېيىن كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىلغا ئايلىنىدۇ. مۇشۇ كېيىنكى ئون نەچچە يىل جەريانىدا ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئەلۋەتتە يولداش ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنى كۈچەپ ئىزچىللاشتۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ھەقىقەتەنمۇ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ نامى تارىخنىڭ ئالتۇن بەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

يولداش ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى ئەلۋەتتە مىللەتلەر خىزمىتى مەزمۇنى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بىز يەنە ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا ماۋ جۇشى توغرىسىدىكى، جۇ ئېنلەي زۇڭلى توغرىسىدىكى، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى پېشۋاسى، دۆلىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋۇ لەنفۇ توغرىسىدىكى، بۆرھان شەھىدى توغرىسىدىكى، ھەزرىتى بەنچەنئېردەنى توغرىسىدىكى، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى ماركسىزمچى سەيپىدىن ئەزىزى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنى ئۇچرىتىمىز.

ئەلۋەتتە ئالدىنقى پېشۋالارنى ئەسلەش، ئۇلارنى ياد ئېتىش، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىگە ئوبيېكتىپ ۋە توغرا باھالارنى بېرىش — كېيىنكىلەرنىڭ ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى، بولۇپمۇ يولداش ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى توغرىسىدىكى ئوبيېكتىپ باھاسى ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. بىز بۇ يەردە ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنىڭ خېلىلا يۇقىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىمىز. بۇ ئەلۋەتتە دۆلەت دەرىجىلىك بىر رەھبەر چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك سۈپەت ۋە ساپا.

يولداش ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ ماقالىلىرى يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات (بەش پارچە)، نەشرىيات (ئۈچ پارچە)، مەدەنىيەت (ئىككى پارچە)، مائارىپ (ئۈچ پارچە)، تىل-يېزىق، تېبابەتچىلىك قاتارلىق ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. مىللىي رايونلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىش يولىغا باشلاش، مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، مىللىي خىزمەت تەتقىقاتى، ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق كۆپ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى قايتا-قايتا ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان قىزغىن كۆيۈنۈشىنى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى يۇقىرى تىرىشچانلىقىنى، ئېلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش جەھەتتىكى كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى كۆرۈپ يېتىمىز. دۆلەت دەرىجىلىك بىر رەھبەردە بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت-مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى، خەلق ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئايىمايدىغان پىداكارلىقنى، كوممۇنىستلارچە ئىلغارلىقنى ھېس

قىلىمىز .

ئەگەر بىز يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ماقالىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق ، بۇ يەردە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە بىردەكلىككە مۇيەسسەر بولغانلىقىنى كۆرىمىز . ئۆزىنى خەلق ئىشلىرىغا ئاتىغان رەھبەردىلا مۇشۇنداق بىردەكلىك ئەمەلگە ئاشىدۇ ، پەقەت ھەقىقىي كوممۇنىستلا بۇنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ .

بۇ پاراگرافنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويىدىغان مۇھىم مەزمۇن شۇكى ، بۇگۈنكى دۇنيادا ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇقەررەر دۆلەت تەۋەلىكى بولغاندەك ، مىللەت تەۋەلىكىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس . بەلكى ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ كىملىكىگە ، كىم بولۇشىغا ، كىم دەپ ئاتىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم بىر سالاھىيەت بەلگىسى . ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ يىلتىز-ئەجدادىغا ياكى كېيىنكى تاللىشىغا ئاساسەن ، مەلۇم بىر مىللەتكە تەۋە بولىدۇ ، ۋە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى شۇنىڭغا ئاساسەن تونۇيدۇ ، بېكىتىدۇ . ئۇنىڭ تەقدىر-قىسمىتى ، ھايات-كەچۈرمىشى ، تۇرمۇش-مەدەنىيىتى ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ ئومۇمىي سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن بىردەك بولىدۇ . ھەرقانداق ئادەم ئاتا بوۋىسى تەۋە بولغان تۇرمۇش شارائىتى چەمبىرىكىدىن ، مۇلازىمەت چەمبىرىكىدىن ، ھەتتا ئىدىيە-ئېتىقاد چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقالىشى مۇمكىنكى ، ئەمما ئاشۇ ئومۇمىي ئېتنىك سەرگۈزەشتە چەمبىرىكىدىن ، ئومۇمىي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن تولۇق ھالقىپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ، ئۇ ئاشۇ مىللەتكە تەۋە بولىدۇ ۋە تەۋە دەپ قارىلىدۇ .

ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنى

ئالساق ، ئۇ يىلتىز-ئەجداد نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگو پۇقراسى بولغانلىقىدىن پەخىرلەنگەندەك ، ئۇيغۇر ئوغلى بولغانلىقى بىلەنمۇ پەخىرلىنىدۇ . ئۆزى تەۋە بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇزاق تارىخىدىن ، ئېسىل مەدەنىيىتىدىن ، پاكىز تۇرمۇش ئادىتىدىن پەخىرلىنىدۇ ، مانا شۇ پەخىرلىنىش— ئۇنىڭدا ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش ، ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچلەندۈرگەن . ۋەھالەنكى ، ئۇ ھەرگىزمۇ تار مىللەتچى ئەمەس ، ئۇ ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش بىلەن بىرگە ، باشقا مىللەتلەرنى ھۆرمەتلەشنى بىلىدۇ . باشقا مىللەتلەرنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرەلەيدۇ . بىللە ياشاش ، ئورتاق گۈللىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدۇ . ئەلۋەتتە مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇزاق تارىخىي جەريان شەكىللەندۈرگەن پەرقلەرنىمۇ چۈشىنىدۇ . بىر ئادەم ئەگەر ئۆزىنىڭ مىللىتىنى سۆيمىسە ، ئۆزىنىڭ مىللىتىنى چۈشەنمىسە ، مىللەتلەر ئۆزئارا تەسىرىنى چۈشەنمىسە ، ئۇنىڭ باشقا مىللەتلەرنى چۈشىنىشى ۋە ھۆرمەت قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس . يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ئىشلەپ كېتەلىگەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش ۋە چۈشىنىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ . ئۇ يىگىرمە يىللىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا ئۆز مىللىتىگە بولغان چۈشىنىشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان ، باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان پەرقلەرنىمۇ تېپىپ چىققان ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى بىلىشى ۋە چۈشىنىشى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىمۇ ھېس قىلغان . بىر مىللەتنى باشقا مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش— ئەلۋەتتە مىللەتلەر ئارا چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى ، ئۆزئارا چۈشىنىش بولغاندىلا ، ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق بولىدۇ . ئۇ مىللەتلەر خىزمىتىنى

ئىشلەش جەريانىدا باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ شۇنداقلا ، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ھەققىدىكى بىلىشى ۋە چۈشىنىشىنىڭ بەكلا يۈزەكى ئىكەنلىكىنى ھەتتا ھېچنېمە بىلمىگىدەك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان . ئەمەلىيەتتىمۇ كۆپلىگەن خەلقلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ، ئۆرپ-ئادىتى ، ئىدىيە-ئېتىقادى ، ئارزۇ-ئىنتىلىشلىرى توغرىسىدا ئانچە كۆپ نەرسە بىلمەيتتى . بۇ ئەلۋەتتە ئۇزاق تارىخقا ئىگە ، ئېسىل مەدەنىيەتلىك ، تىنچلىق سۆيەر ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى خالايدىغان ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشىنىشكە نىسبەتەن پايدىسىز ئەھۋال ئىدى . مانا شۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ، ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ۋە دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، يولداش ئىسمايىل ئەھمەد 1990 -يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا «ئۇيغۇرلار » دېگەن تېمىدا بىر پارچە رىسالە يېزىپ چىقتى . ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ، ئۆرپ-ئادىتى ، دىنىي ئېتىقادى ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ، ئەدەبىيات-سەنئىتى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلدى . ئۇ بۇ رىسالىنى قېرىنداش مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ ، كۆپلەپ باستۇرۇپ تارقىتىشنى ، ئىمكان بولسا چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ نەشر قىلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى . كىتابنىڭ ئىلمىيلىكىنى يەنىمۇ دەلىللەش ئۈچۈن ، ئاشۇ يىللىرى بېيجىڭغا يىغىنغا بارغان ئۆتكۈر ئەپەندى ، ئىمىن تۇرسۇن ھاجىم ، ئىبراھىم مۇتىئى قاتارلىق ئالىملارغا كۆرسىتىپ پىكىر ئالدى ، تۈزىتىش كىرگۈزدى . ۋەھالەنكى بۇ ئەھمىيەتلىك رىسالىنىڭ كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى ، تەسادىپىي بىر ۋەقە تۈپەيلىدىن راسا ئوڭۇشلۇق بولماي قالدى . ئۇنى بىر ئۆمۈر

ئۇيغۇر تارىخى بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن ليۇزىشاۋ ئەپەندى ئاخىرقى نۇسخىسىنى بېكىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەكەتكەنىدى. ئايلار، يىللار ئۆتىدۇ، ليۇ زىشاۋ ئەپەندىدىن «ئۇيغۇرلار» دېگەن ئاشۇ رىسالە توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئۇچۇر كېلىدۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئاخىرەتكە كېتىۋاتقان ئادەمدىن تاۋۇتىغا ئېسىلىپ قەرز تۇتقىلى بولمىغاندەك، كىتابنىمۇ سۈرۈشتۈرگىلى بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ ئەھمىيەتلىك رىسالە غايىب بولىدۇ. كېيىنكى خىزمەت ئالدىراشلىقلىرى يولداش ئىسمايىل ئەھمەدكە بۇ تېمىدا قايتا قەلەم تەۋرىتىشكە پۇرسەت بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىز ئۈمىدۋار بولۇشىمىز كېرەك، مەرھۇم ليۇ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ بالا-چاقىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە مەرھۇمنىڭ كىتاب-خاتىرىلىرىنى رەتلەشكە تۇتۇش قىلغاندا، ئاشۇ رىسالىنى تېپىۋېلىپ ئەسلي ئاپتورغا ئەۋەتىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس ۋە بەلكىم يولداش ئىسمايىل ئەھمەد كېيىنكى چاغلاردا يەنە ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئاشۇ تېمىغا قايتا قەلەم تەۋرىتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى باشقا مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، «ئۇيغۇرلار» دېگەن تېمىدا كىتاب يازغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت— ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىنى سۆيۈدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئۇنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە قوشقان يەنە بىر تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك چۈشىنىش بولغاندىلا ئىتتىپاقلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ گەپلەرنى يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋاپىقىيەتلىرى بايان قىلىنغان پاراگرافقا قوشۇپ قويۇشىمىزدىكى سەۋەب شۇ.

## 3 . ئانا يۇرتقا مۇھەببەت

بۇ مۇشۇ كىتابىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مەزمۇن . چىرىيە ناھىيىسىنىڭ گۈزەل «توپا» بوستانلىقىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ، كېيىنكى يىللاردا چىرىيە ۋە خوتەن دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي ئورگانلىرىدا ، يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەردە بولغان يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئۆز ئۆمرىنىڭ كېيىنكى قىرىق يىلىدىن ئارتۇق ۋاقتىنى چىرىيە دىيارىنىڭ ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سىرتىدا ئۆتكۈزدى . ئۇنىڭ چىرىيە ۋە خوتەندە ئۆتكۈزگەن ھاياتى ( ئوتتۇز يىل) دىن ئۇزۇمچى ۋە بېيجىڭدا ئۆتكۈزگەن ھاياتى ئۇزۇن بولدى . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىقاندا پۈتكۈل جۇڭگو— ئانا ۋەتەن ۋە ئانا يۇرت ھېسابلىنىدۇ . ۋەھالەنكى ، بىز بۇ يازمىمىزدا ئانا يۇرت سۆزىنى كىچىكرەك جۇغراپىيىلىك دائىرە مەنىسىدە قوللاندۇق . تۇغۇلغان يۇرت ئەلۋەتتە خىزمەت قىلغان ، ياشىغان يۇرتلاردىن پەرقلىنىدۇ . ئېنىكى ، جەدۋەللەر كاتەكچىسىدىكى «يۇرتى» دېگەن سۆز ۋە كىشىلەر ئادەتتە تىلدىن چۈشۈرمەيدىغان «يۇرتۇم» دېگەن سۆز ، پۈتۈنلەي ئاتا-ئانىسى تۇغۇلغان ، ياشىغان ۋە يەرلىككە تەگكەن جاينى كۆرسىتىدۇ . ئەگەر ئاتا-ئانىنىڭ تۇغۇلغان يېرى باشقا ، ياشىغان يېرى باشقا ، پەرزەنتلىرىنىڭ تۇغۇلغان يېرى ئاتا-ئانىسى كېيىن ياشىغان جاي بولسا ، بۇ يەردە شۇ پەرزەنتنىڭ «يۇرتى» ۋە «تۇغۇلغان يېرى»نى ئايرىم ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ . يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئەجدادى— باقى ھاجىم ، قۇناخۇن خەلپەم ، ئەھمەد خەلپىلەر ياشىغان ۋە يەرلىككە تەگكەن جاي ئىسمايىل

ئەھمەد ئۈچۈن «ئانا يۇرت» بولىدۇ . گەرچە ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى باشقا شەھەرلەردە ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ، يەنىلا ئىسمى-جىسمىغا لايىق چىرىيلىك ھېسابلىنىدۇ . «ئانا يۇرت» نىڭ قىممىتى ھەرگىزمۇ جۇغراپىيىلىك دائىرىنىڭ كىچىكلىكى سەۋەبلىك تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ . بەلكى ئوغۇلنىڭ قەلبىدە تۇتقان ئورنى ، بالىلىق-ئۆسمۈرلۈك ئەسلىمىلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك تېخىمۇ قەدىرلىك بولىدۇ . ئوغۇل مەيلى قەيەردە ياشىسۇن ، قەيەردە خىزمەت قىلسۇن ،قەيەردە قانچىلىك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشسۇن ، ئۇنىڭ قەلبى دائىم ئانا يۇرتقا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ . «ئانا يۇرت» ئوغۇل قەلبىنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ . ئىنسان تۇيغۇلىرىنىڭ سىرلىقلىقى مانا شۇ ئانا يۇرت سۆيگۈسىدە بەكرەك ئەكس ئېتىدۇ .

يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ تۇغۇلغان ۋە ئۆسۈپ چوڭ بولغان جايى ئاتا-ئانا ئەجدادىنىڭ تۇغۇلغان ، ياشىغان جايى بىلەن بىردەك بولغانلىقى سەۋەبلىك ، ئۇنىڭ ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ ئوتلۇق . ئۇ باشقا شەھەرلەردە ياشىغان ۋە خىزمەت قىلغان كېيىنكى قىرىق نەچچە يىل جەريانىدا ئانا يۇرتنى زادىلا ئەستىن چىقارمىدى ، بەلكى ئوتلۇق سېغىنىش بىلەن دائىم ئەسلەپ تۇردى ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى . ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا مەسئۇل خىزمەتلەردە بولغان مەزگىلىدە ، خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئانا يۇرتى — خوتەن دىيارىغا پات-پات كېلىپ تۇراتتى . كېيىنكى يىللاردا ، خىزمىتى مەركەزگە يۆتكەلگەندىن كېيىنمۇ پۇرسەت چىقسىلا ئانا يۇرتنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى قولدىن بەرمىدى . ھەر يىلى كېلەلمىسىمۇ ، پات-پات كېلىپ تۇردى . ھەر قېتىم كەلگەندە ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ، دوست-يارەنلارنى ، ئۆسمۈرلۈكتىكى ئۇستاز-ئوقۇتقۇچىلارنى ، چىرىيە ۋە خوتەندە

خىزمەت قىلغان يىللاردىكى سەپداش-خىزمەتداشلارنى، ئەل-جامائەتنى يوقلاپ تۇردى. ئۇ چىرىيە دىيارىنىڭ ئۆرۈكلۈك-ئانارلىق باغلىرىنى، «چاقار»، «نۇرى» تەرەپلەردىكى سالقىن يايلاقلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەلۋەتتە ئۇ ئانا يۇرتىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا، ئانا يۇرت خەلقىنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقىغا تېگىشلىك ياردەمدە بولدى ۋە ئۇنى قوللىدى. دەرۋەقە، ئۇ يالغۇز ئۆز يۇرتىغا ياردەم بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. دۆلەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر بولغان يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا ئوخشاش كۆڭۈل بۆلۈش، ئوخشاش ياردەمدە بولۇش، ئوخشاش قوللاش مەجبۇرىيىتى بولغاچقا، مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا كۆرسەتكەن ياردەملىرىمۇ سان-ساناقسىزدۇر. چىرىيە دىيارىغا كۆرسەتكەن ياردەملىرى ئەنە شۇلارنىڭ بىر تامچىسىدۇر.

دۆلەت دەرىجىلىك ئورگانلاردا، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، دۆلەت كومىسسارى، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق مەسئۇل ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئاشۇ مەزگىللەردە چىرىيە ۋە خوتەن دىيارىغا كۆرسەتكەن ياردەم ۋە غەمخورلۇقلىرىنى بىر-بىرلەپ تىزىمغا ئېلىشتىن كۆرە «خوتەن گېزىتى» نىڭ تىرىشچان مۇخبىرى ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يازغان يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ 1995-يىل 4-ئايدا خوتەنگە قىلغان بىر قېتىملىق سەپىرى توغرىسىدىكى «ئانا يۇرتقا مۇھەببەت» سەرلەۋھىسىدىكى تەپسىلىي خەۋەرنى كىتابىمىزغا كىرگۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. ئەلۋەتتە ئوبۇلقاسىم مەتنىيازنىڭ رۇخسىتى ئېلىندى. «تامچە سۇدىمۇ قۇياش ئەكس ئېتىدۇ»، «ھەر بۇلاقتا

بىر ئاي» دېگەن گەپلەر بار . ئوقۇرمەنلەر ئاشۇ تەپسىلىي خەۋەردىن يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئانا يۇرتىغا نەقەدەر كۆڭۈل بولىدىغانلىقىنى ، بىزە بولسىمۇ بىلىۋالسا ئەجەب ئەمەس . تەپسىلىي خەۋەرنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە : («خوتەن گېزىتى» گە بېسىلغان نۇسخا ئەمەس ، ئەسلىي ئورىگىنال ئاساس قىلىندى) .

1

1995-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى . باش باھار تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى چىرىيە بوستانلىقىنى خۇددى قانات-قۇيرۇقلىرىنى يايغان گۈزەل توزدەك ياساندۇرغانىدى . ئېتىز-داللار يېشىل مەخمەلدىن لىباس ئارتقان ، يول بويىدىكى قويۇق سۇۋادان تېرەكلەر «چاشقان قۇلىقى» دەك ياپراق چىقارغان ، مەجنۇنتاللار «شەتلەڭ گويەك» بولۇپ ، چوكان چاچلىرىدەك يېشىلگەنىدى . ئاپئاق چېچەكلىگەن ئۆرۈك-شاپتۇللار «ئاق رومallıق پەرىزات» سىياقىغا كىرگەن ، باغلاردىن قۇشلارنىڭ باھار ناۋاسى ئاڭلىناتتى . مەيىن باھار شامىلى چېچەكلەرنى ئۇچۇرۇپ گۈل چاچقۇ چاچاتتى . باغلار ۋە كۆچىلار مەھەللىلەردىن تارقالغان ئىپارۇ ئەنبەردەك خۇش پۇراق چېچەك ھىدى دىماغلارنى يايرىتاتتى . ھەممە ياق گۈزەل ، ئىللىق ، پاكىز ئىدى . كىشى كۆڭلىگە تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ھۇزۇر-راھەت بېغىشلاپ تۇراتتى…

ئەتىگەن سائەت ئوندىن ئون سەككىز مىنۇت ئۆتكەندە دۆلەت كومىسسارى ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەد يېڭى پۈتكەن چىرىيە ناھىيىلىك يىپەكچىلىك فابرىكىسىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى . بۈگۈن مانا مۇشۇ يەردە

فابرىكا پۈتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلماقچى، ئىش باشلىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كېسىلمەكچىدى. ئۇنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى فابرىكا هويلىسىغا بېسىلغاندا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئۇرغان گۈلدۈراس چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى. دۆلەت كومىسسارى ئاۋۋال ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى. ئۇ ئانا يۇرتىغا، ئانا خەلقىگە هۆرمەت بىلدۈرۈۋاتاتتى، خۇشال، كۆتۈرەڭگۈ روهلۇق كۆرۈنەتتى. تېتىكلىشىپ قالغاندەك، نېمىگىدۇر شادلىنىۋاتقاندەك تەسىرات بېرەتتى. ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر نەرسە شىپالىق دورىدەك خۇشاللىق ۋە تېتىكلىك ئاتا قىلغانىدى. نېمىشقا تېتىكلەشمىسۇن!؟ ئۇ مۇشۇ زېمىننىڭ، مۇشۇ خەلقنىڭ ئوغلى. ئاتمىش يىل مۇقەددەم مۇشۇ زېمىندا تۇنجى قېتىم كۆز ئاچقان، مۇشۇ زېمىندا تۇنجى قېتىم ئاۋازى ياڭرىغان، مۇشۇ زېمىنغا تۇنجى قېتىم قەدەم باسقان. مۇشۇ زېمىندا… ئۇنى قاتارغا قوشقىنى مۇشۇ قۇمساز تۇپراق، مۇشۇ توپىلىق يول، مۇشۇ جەننەت كەبى باغلار. ئۇ مۇشۇ زېمىننىڭ ئىپار كەبى هاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ قاتارغا قېتىلمىدىمۇ؟ مۇشۇ زېمىننىڭ زەمزەم كەبى سۇلىرىدىن ئىچىپ، مۇشۇ خەلقنىڭ قۇياشتەك ئوتلۇق مېھرىدىن نۇر ئېمىپ قاتارغا قېتىلمىدىمۇ؟ ئوغۇل ئۈچۈن ئانا يۇرت هاۋاسى «داۋايى مىشكى» دەك شىپا. ئوغۇل ئۈچۈن ئانا يۇرت سۈيى «ئابىهايات» تەك داۋا. ئوغۇل ئۈچۈن ئانا خەلق مېھرى هايات بەخش نۇر-زىيا، ئۇ نېمىشقا تېتىكلەشمىسۇن!؟

فابرىكىنىڭ پۈتكەنلىكى تەبرىكلەندى، لېنتا كېسىلدى. سېخلار ئېكسكۇرسىيە قىلىنىپ يېڭىلا سانائەت ئىشچىسىغا ئايلانغان دېھقان بالىلىرىغا ئىلھاملار بېرىلدى. چىرىيە تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. چىرىيە گۈللىنىۋاتاتتى، دۆلەت كومىسسارىنىڭ

ئېسىگە بۇرۇنقى ئىشلار كەلدى . قىرىق يىل بۇرۇن ، ئۇ چىرىيە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چاغدا ، ئوتتۇز بەش يىل بۇرۇن چىرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى چاغدا ، مۇشۇ فابرىكا ئورنى تېخى شېغىل تاشلىق قاقاس ساي ئىدى . ئۆتكەن يىلى ئۇ مۇشۇ فابرىكىنىڭ پوندامېنتى ئۈچۈن ئۇل سېلىپ بەرگەندە ، بۇ يەر تېخى ئېتىزلىق ئىدى . مانا ئەمدى زامانىۋى زاۋۇت قەد كۆتۈردى . خام ئەشيا — پىلىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئاساس تۇرغۇزۇلدى . نۇرغۇن ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . بۇ تەرەققىيات-گۈللىنىش بولماي نېمە ؟ چىرىيە چەت-يىراق ، نامرات رايون . ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ئەگرى-بۈگرى ۋە تار كوچىلاردىن قۇرۇلغان چىرىيە ناھىيە بازىرى غېرىب-غۇرۋانىڭ كەپىسىدەك تولىمۇ ۋەيرانە ھالەتتە ئىدى . كىچىكلىكىنى «بازارغا كىرگەن خورازنىڭ شەرقتىن قۇيرۇقى ، غەربتىن تاجىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى» دەپ تەسۋىرلەشكە بولاتتى . «كوچىلاردىن چاڭ-توزان ئۇچۇپ تۇراتتى .» نامراتلىق ، بىچارىلىك بۇخسۇپ تۇراتتى . مانا ئەمدى ئاسفالت ياتقۇزۇلغان كەڭ ۋە ئازادە كوچىلاردا زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرى قاتناپ تۇرۇپتۇ . كوچا ياقىلىرىغا قەۋەت-قەۋەت بىنالار چۈشۈپتۇ . سودا-سېتىق قايناپ تۇرۇپتۇ . چىرايلىق ، رەتلىك ۋە پۇزۇر كىيىنگەن يۇرتداشلار تەرەپ-تەرەپكە ئۆتۈشۈپ تۇرۇپتۇ . بۇلار تەرەققىيات-گۈللىنىش بولماي نېمە ؟ ! دۆلەت كومىسسارىنىڭ مېھرىبان چىرايىدىن مەمنۇنىيەت ، رازىمەنلىك ۋە خۇشاللىق بالقىپ تۇراتتى . ئانا يۇرت روناق تاپسا ، ئوغۇل قەلبى قانداقمۇ شادلانماي تۇرالىسۇن ! ؟

شۇ كۈنى دۆلەت كومىسسارى يەنە يېڭىدىن سېلىنىش ئالدىدا تۇرغان چىرىيە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ

بالنىست-كېسەللەر ياتاق بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ، مۇراسىم ئاخىرىدا ئۇل تاشنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان قىزىل يوپۇقنى ئاچتى ۋە ئۇل قۇرۇلۇشىغا سىمۋول خاراكتېرىدە سەككىز گۇرجەك توپا تاشلىدى . ئۇنىڭ قەلبىدە ئانا خەلقىم ئامان بولسۇن ، ئانا خەلقىم سالامەت بولسۇن ، ھەممە ئادەم ساغلام بولسۇن ! دېگەن گۈزەل تىلەك ئۇرغۇيتتى . ئاھ ، سالامەتلىكتىن مۇھىم يەنە نېمە بار ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدا ؟ مۇشۇ يۇرتنىڭ ھەر چىمدىم تۇپرىقى ، ھەر تال تاش - شېغىلى ، ھەر توپ دەرەخ گىياھى ، ھەربىر ئادىمى ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى . ھەربىر تونۇش نەرسە ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرىنى قوزغىتاتتى . يىراق ئەسلىمىلەرنى ئېسىگە سالاتتى . ئۇنىڭ ئېسىدە ، يەتتە ياشتىكى ئىش ئەستە مۆھۈردەك ساقلىنىدۇ : ئاشۇ يىلى مۇدھىش كېزىك چىرىيىلىكلەرنىڭ ھاياتىغا چاڭگال سالدى ، تالاي ئادەم يىقىلدى . ئۇمۇ يېتىپ قالدى . يالغۇز سىڭلىسى بۇۋىگۇلمۇ يىقىلدى . بۇۋىگۇل شۇ يىقىلغانچە مەڭگۈ ئورنىدىن تۇرالمىدى . مۇدھىش كېسەل ئۇنىڭ ھاياتىنى ئەكەتتى . ئۇ چاغدا چىرىيە دىيارىدا زامانىۋى دوختۇرخانا تۇگۇل ئاددىي داۋالاش پونكىتىمۇ يوق ئىدى . دوختۇرخانا بولغان بولسا ، ئاشۇ ئوماق سىڭلىسىنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولاتتى ئەمەسمۇ ؟ 1959 -يىل 9 -ئايدا ، ئۇ ئەمدىلا چىرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن ئايدا «ناھىيە مىقياسىدا قاراكېزىك كېسىلى تارقىلىپ كەتتى… ناھىيە بويىچە بىر مىڭ يىگىرمە يەتتە ئادەم كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئوتتۇز ئىككى ئادەم ئۆلۈپ كەتتى» ئۇ چاغدا ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئىمارەتلىرى ، ئۈسكۈنىلىرى تولىمۇ ئاددىي ئىدى . دوختۇر-سېستىرالارنىڭ سانى بەك ئاز ، شارائىت ناچار ئىدى . ئەگەر داۋالاش شارائىتى يېتەرلىك بولغان بولسا ئاشۇ ئوتتۇز ئىككى ئادەم ئۆلۈپ كەتمەيتتى

ئەمەسمۇ؟ دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارىنىڭ قەلبىنى ئاچچىق بىر نادامەت بېسىپ كېلەتتى، ئۆتكەن ئىشلارغا ئېچىناتتى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن — يىراق ئۆتمۇشتە قالغان ئىشلار ئىدى. مانا ئەمدى ھەممە ئۆزگەرگەندى. يورۇق-ئازادە، ئۇسكۇنىلىرى تولۇق دوختۇرخانا سېلىنىۋاتاتتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت چىرىيە خەلقىنىڭ ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئەكەلگەن ئېسىل پۇرسەت ئەنە شۇنداق زامانىۋى دوختۇرخانا سېلىشقا ئىمكان يارىتىپ بېرىۋاتاتتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى بولغان دۆلەت كومىسسارى ئانا يۇرتىنىكى بۇنداق كاتتا ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ خۇشال بولماي تۇرالامسۇنمۇ؟ مەمنۇن بولماي تۇرالامسۇنمۇ؟ ئۇنىڭ چېھرىدە رازىمەنلىك كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى، كۆزلىرىدىن رازىمەنلىك ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

4-ئاينىڭ 7-كۈنى. بۈگۈن قۇياش شۇنچە پارلاق، شۇنچە ئوتلۇق ئىدى. ئەتىگەن بولسىمۇ ئىللىق باھار شامىلى يەنىلا ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلىغاندەك تۇيۇلاتتى. دۆلەت كومىسسارى خانىمىنى ئەگەشتۈرۈپ چىرىيە ناھىيىلىك يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزىنىڭ قورۇسىدا پەيدا بولدى. قورۇ بىردىنلا شاد-خۇراملىق دېڭىزىغا ئايلاندى. بۇ يەردە، ئۈچ قەۋەتلىك كۆركەم بىنا ۋە ئازادە قورۇدا يەتمىش نەپەر قارا يېتىم پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا يېتىملىك، ئۆگەيلىك دەردىنى تارتماي شاد-خۇرام ياشاۋاتاتتى. ئاتا-ئانىلىق بالىلارغا ئوخشاشلا ئوقۇش، ئۆگىنىشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق ئىدى. بۈگۈن دۆلەت كومىسسارى ئەنە شۇ بالىلارنى يوقلاپ كەلگەنىدى. ئۇ ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن بالىلارنىڭ ھەربىرىدىن ھال سوراپ چىقتى، بىرلىرىنىڭ بېشىنى، يۈزىنى سىلايتتى، يەنە

بىرلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ سەمىمىي پاراڭلىشاتتى . مەھەممەت تۇرسۇن دېگەن بالىدىن ئۇلارنىڭ پاراۋانلىق ئورنىدىكى تۇرمۇشىنى تەپسىلىي سوراپ چىقتى . ياتاقلىرىغا كىرىپ بالىلارنىڭ رەتلىك ۋە بىر خىل يوتقان-كۆرپىلىرىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقتى . ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى نەۋرىلىرىنى يوقلاپ كەلگەن مېھرىبان چوڭ دادىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايتتى ، ھەربىر سۆزىدىن مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى . مۇشۇنداق ئېسىل ۋە خاتىرجەم يېتىم بالىلار ئۆيى قۇرۇش ئۇنىڭ ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى ، مۇشۇ چىرىيە دىيارىدا ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدىكى ئارزۇسى ئىدى . بۇ ئارزۇ ئۇنىڭ قەلبىدىن زادىلا ئۆچمىدى . ئالدىنقى يىلى چىرىيە ناھىيىلىك يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئارزۇسى يەنە بىر قېتىم لاۋۇلداپ كەتكەندەك بولدى . ئۇمۇ تېگىشلىك ياردەم قولىنى ئۇزاتتى . مانا ئەمدى بۇ يەردە يەتمىش نەپەر قارا يېتىم يېتىملىكنى ھېس قىلماي ياشاۋاتاتتى . ساخاۋەتنىڭ دەرىجىسى يوق ، ئەمما يېتىم بالىلارغا ساخاۋەت قىلىش — ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىش ھېسابلىناتتى . ئۇلارمۇ ئوخشاشلا كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى ئەمەسمۇ ؟ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىلىرى ئەمەسمۇ ؟ ئاددىي ئەمما ، ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسى لېي فېڭمۇ يېتىم بالا ئىدىغۇ ، يەنە تالاي يېتىم بالىلار ئىنقىلابىي ئۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يىللىرىدا قانداق زور تۆھپىلەرنى قوشمىدى دەيسىز ؟ بۇلارمۇ شۇنداق ئادەملەردىن بولۇپ چىقالايدۇ . بۇلارمۇ ئاشۇنداق ئۇلۇغۋار تۆھپىلەرنى يارىتالايدۇ . مۇھىمى بۇلارغىمۇ ئوخشاش كۆڭۈل بۆلۈش ، بۇلارنىمۇ ئوخشاش تەربىيىلەش كېرەك . دۆلەت كومىسسارى مانا مۇشۇنداق ئويلايتتى . ئۇ پاراۋانلىق مەركىزىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى

كۆرۈپ چىقتى، پاراۋانلىق مەركىزىگە ئائىت چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنى تەپسىلىي ئوقۇدى. ھەر بىر ناھىيە دەرىجىلىك كادىرىنىڭ بىردىن يېتىم بالىغا ئاتا ئورنىدا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقىنىنى، ئۇلارنى ئۆز پەرزەنتى قاتارىدا كۆرۈپ، كەلگۈسىدىكى ئوقۇتۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقىچە بولغان مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى رازى بولدى.

«سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلار ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بىز بۇ بالىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى يەتكۈزۈشىمىز، سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى ئۇ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇۋاتقان يۇرت رەھبەرلىرىگە، پاراۋانلىق مەركىزىدىكى يېتىم بالىلارغىمۇ ئاتىلارچە نەسىھەت قىلدى:

«ناھىيىنىڭ شارائىتى شۇنچە جاپالىق، ناھىيە مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ ئۇلار بۇ پاراۋانلىق مەركىزىنى قۇرۇپ، سىلەرنى ئۆز ئائىلەڭلەرگە ئىگە قىپتۇ. سىلەرگە بەختلىك تۇرمۇش، خاتىرجەم ئوقۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىپتۇ. سىلەر بۇنداق ياخشى شارائىتنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار، تىرىشىپ ئوقۇڭلار، كەلگۈسىنىڭ ياراملىق ئىز باسارلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىڭلار…»

بالىلار قىزغىن چاۋاك چالدى. ئاشۇ چاۋاكتا بوۋىسىدىن، ئاتىسىدىن رازى بولغان بالىنىڭ مەمنۇنىيىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ۋەتەنگە، پارتىيىگە بولغان رەھمەت تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى دۆلەت كومىسسارى يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەركىزىگە ئاتاپ: «ھەممىمىز يېتىم بالىلارغا كۆڭۈل بۆلەيلى. ئۇلارنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسرايلى، يېتىم بالىلارنىڭ

كەلگۈسى تېخىمۇ گۈزەل بولسۇن !» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى . يېتىم بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن يەنە ئون مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى .

دۆلەت كومىسسارىنىڭ چېھرىدىكى مەمنۇنلۇق ئىپادىلىرى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ باراتتى ، مېھرىبان كۆزلىرىدىن نۇر ئۇچقۇنداپ تۇراتتى . ئۇ چىرىيە دىيارىنىڭ تەرەققىياتىدىن ، گۈللىنىشىدىن ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەم ۋە بەختلىكلىكىدىن ، بالىلارنىڭ گۈزەل كەلگۈسىدىن مەمنۇن ئىدى . بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت رەھبىرىنى خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ، ئەلنىڭ گۈللىنىشىدىن ئۆزگە خۇشال قىلالىغۇدەك يەنە نېمە بولسۇن ؟

شۇ قېتىم دۆلەت كومىسسارى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىدا ئاران تۆت-بەش كۈنچە تۇردى . ئۆزى ياش ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان يېزا-كەنتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ، دوستلىرىنى ، تونۇش-بىلىشلىرىنى يوقلىدى ، دۇنيادىن ئۆتكەنلەرنىڭ قەبرىسىگە تاۋاپ قىلدى . بارمىغان «دامكۇ» ، «گۇلاخما» ، چىقمىغان «چاقار» ، «ئۇلۇغساي» ، «نۇرى» ، «بوستان» تاغلىرى قالمىدى . دۆلەت كومىسسارى كۆرۈپ قانايتتى ، ئۇزاق يىللارنىڭ نېرىسىدا قالغان تونۇش مەنزىرە ، تونۇش كۆرۈنۈشلەرنى ئىزدەيتتى ، ئەمما ئۆزگىرىش-تەرەققىيات تولىمۇ چوڭ ئىدى . چىرىيە دىيارى خۇددى قاراقۇرۇم بوركۇتىدەك تەرەققىياتنىڭ كۆكىدە پەرۋاز قىلغان ، ھەربىر قەدەمدە يېڭىلىقلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . ئۇ ئاشۇ ھەربىر يېڭىلىقتىن مەمنۇن ۋە خۇشال ئىدى . «ئاھ ، ئانا يۇرت ، سېنىڭ باھار نۇرىغا چۆمگەن ، باھار گۈزەللىكىگە تويۇنغان سىمايىڭنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بارمۇ ؟ گۈل پۇرىقى قوشۇلغان ساپ ھاۋايىڭدىن نەپەسلىنىشتىنمۇ ،

شېرىن ـ شەربەت سۆلىرىڭنى ئىچىشتىنمۇ ئارتۇق لەززەت بارمۇ ؟ ئەبەدىي سېنىڭ باغرىڭدا ، ئەبەدىي سېنىڭ قۇچاقلىرىڭدا قالغۇسى كېلىدۇ كىشىنىڭ . ئەمما ئوغلۇڭ ئاللىقاچان سېنىڭ تار دائىرەڭدىن هالقىپ چىققان ، ئاتا-ئانا، ئەجدادىنىڭ تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ، مۇلازىمەت چەمبىرىكىدىن ، ئارمان-غايە چەمبىرىكىدىن هالقىپ چىققان ! ئۇ هازىر كاتتا دۆلەت جۇڭگونىڭ ، جۇڭگودىكى ئەللىك ئالتە مىللەتنىڭ ئوغلى . ئۇ پۈتۈن جۇڭگو ئۈچۈن ، دۇنيا ئۈچۈن ، گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . ئۇ ئاللىقاچان پۈتۈن دۇنياغا تونۇشلۇق دۇنياۋى ئادەمگە ئايلاندى . ئوغلۇڭنىڭ شان ـ شۆھرىتىدىن پەخىرلەنمەسەن چىرىيە ؟ پەخىرلەن ، ئوغلۇڭ ئۈچۈن ئالقىش ياڭرات ، ئوغلۇڭنىڭ دۇنيا ئۈچۈن ، پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنى — سەن ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنى ! ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە ، گۈزەل كەلگۈسىگە تۆھپە قوشۇشلىرى سېنىڭ قۇمساز باغرىڭدىن باشلانغانغۇ ، پەخىرلەن چىرىيە ! باغرىڭدىن يېتىشىپ چىققان ئەزىمەت ئوغلۇڭ ئۈچۈن پەخىرلەن ! »

دۆلەت كومىسسارى ئانا يۇرتىدىن ئايرىلدى ، ياق ، ئايرىلغىنى يوق . ئانا يۇرت مەڭگۈ ئۇنىڭ قەلبىدە . قەلب رىشتىسى مەڭگۈ ئانا يۇرتقا باغلىنىپ تۇرسا ، بۇنى قانداقمۇ ئايرىلىش دېگىلى بولسۇن ؟ ئۇ پەقەت يېڭى جەڭلەر ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى . پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن ، پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يۈرۈپ كەتتى . ئۇنى ئاشۇ خىزمەتلەر كۈتۈپ تۇراتتى . دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ، هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى كۈتۈپ تۇراتتى . ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە ئايلىنىپ چىقىشى ، ئىسلاهات-ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى كونكرېت مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىشى ، هەل قىلىشى

كىرەك ئىدى. ئۇ چىرىيىدىن ئايرىلدى. ماشىنا «چىرىيە دەرياسى»نىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، «پاختىلىق قۇملۇقى» نىڭ ئۇدۇلىدىكى كۇمۇش لىنتىدەك ئاسفالت يولدا چېپىپ كېتىۋاتقاندا، دۆلەت كومىسسارى نېمىشقىدۇر كەينىگە بۇرۇلۇپ، يېنىش-يېنىشلاپ قارىدى. نېمىگىدۇر قىيالمىغاندەك قىلاتتى. ھەر نىملەر دېگەنبىلەن ئانا يۇرت مۇھەببىتى، ئانا يۇرت سۆيگۈسى ئەنە شۇنداق سىرلىق بىر تۇيغۇ ئىدى.

2

4-ئاينىڭ 8-كۈنى، قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، دۆلەت كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمايىل ئەھمەد خوتەن ناھىيە «توساللا» يېزىسىنىڭ «قاتچى» كەنتىگە يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنلەردە پۈتكۈل خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدە مۇشۇ زېمىندا ياشىغۇچى خەلقنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا زادىلا بولۇپ باقمىغان كاتتا بىر ساخاۋەتلىك ئىش — ئىچىملىك سۇنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلىنىۋاتاتتى. دۆلەت كومىسسارى ئەنە شۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى ئىدى. دۆلەت كومىسسارى بىلەتتىكى، دەڭگىرەكلىك بىلەن پو ئېتىپ: «ئەركەك سۇ ئىچىپ چوڭ بولغان خوتەنلىك بىز»، «قاشتېشى چايقاپ ئاققان سۇدىن ئىچىپ بىلىمىزگە كۈچ يىغقان ئوغۇل بالا بىز» دەپ ھۆركىرەپ يۈرگىنىمىز بىلەن، يازدا ئىچىدىغىنىمىز دوغاپتەك لاي سۇ، قىش ۋە ئەتىيازدا ئىچىدىغىنىمىز قۇرتلاپ كەتكەن كۆل سۈيى بولاتتى. ئەسىرلەردىن بېرى ئاشۇ يود مىقدارى كەم، فىتور مىقدارى

ئارتىپ كەتكەن تەبىئىي سۇ بىز خوتەنلىكلەرنى نېمە كېسەللەرگە گىرىپتار قىلمىدى؟ يىراقتىن چۇشىمىسەكمۇ، 1986-يىل كۈز ۋە 1987-يىل ئەتىيازدا تارقالغان «غەيرىي A، غەيرىي B تىپلىق جىگەر كېسىلى» يۈز مىڭدىن ئارتۇق خوتەنلىكنى ساماندەك سارغايتىپ، كۆك توپىغا ياتقۇزۇۋەتمىدىمۇ؟ نەچچە يۈز ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولمىدىمۇ؟ ھەر يىلى يازدا تارقىلىپ تۇرىدىغان ئىككىنچى نومۇرلۇق كېسەل (خولىرا) يەنە قانچىمىزنى يىقىتىپ، قانچىمىزنىڭ جېنىنى ئالمىدى؟ ئاشۇ كېسەللەرنىڭ ئىچىملىك سۇدىن، قۇرتلاپ كەتكەن كۆل سۈيى ۋە پاكىز بولمىغان ئېقىن سۇدىن تارقالغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئاشۇ «غەيرىي A، غەيرىي B تىپلىق جىگەر كېسىلى» تارقالغان يىلى يېڭىلا مەركەزگە — ئاستانىگە يۆتكىلىپ بارغان دۆلەت كومىسسارى نەچچە قېتىم تېلېفون بېرىپ، كېسەللىك ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلغان ئەمەسمىدى؟ كېسەللىكنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ يۇقۇملانغانلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن داۋالاشنى تاپىلىغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ ئاشۇ كېسەللىكنىڭمۇ، ھەر يىلى يازدا تارقىلىپ تۇرىدىغان خولىرانىڭمۇ پاكىز بولمىغان ئىچىملىك سۇدىن تارقىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى مانا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىچىملىك سۇنى ئۆزگەرتىش-تازىلانغان تۇرۇبا سۈيى ئىچىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيىتىنى بىلمىسۇنمۇ؟ دۆلەت كومىسسارىنىڭ كېچە-كۈندۈز ئويلايدىغىنى خەلقنىڭ سالامەتلىكى، خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى، خەلقنىڭ تىنچ-ئامانلىقى تۇرسا، خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قۇرۇلۇشقا كۆڭۈل بۆلمەي قالاتتىمۇ؟

ئۇنىڭغا يەنە بۇنىڭدىن سەككىز ئاي بۇرۇن، يەنى 1994-يىل

9-ئايدا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش لى رۇيخۇەننىڭ خوتەن ناھىيە «بوزاق» يېزىسىغا كېلىپ، قۇرتلاپ كەتكەن كۆلدىن سۇ ئىچىۋاتقان ئەھۋالنى كۆرگەنلىكى، ئاشۇ نەق مەيداندىلا دەرھال ئىچىملىك سۇنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە يوليورۇق بەرگەنلىكى مەلۇم ئىدى. كېيىن يولداش لى رۇيخۇەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىچىملىك سۇنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يىگىرمە مىليون مەبلەغ تۇپلاپ بەرگەن، ئۆزىمۇ يىگىرمە مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغانىدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىچىملىك سۇنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نەچچە ئون مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجراتقانىدى. شۇنداق قىلىپ مانا ئەمدى خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدە ئىچىملىك سۇنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت چوڭ جەڭنىڭ ھۇررا-چۇقانلىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان، ھەممە جايدا چوڭقۇر قۇدۇقلارنى قېزىش، سۇنىڭ تەركىبىنى تەكشۈرۈش، سۇ مۇنارلىرىنى ياساش، ئائىلىلەرگە قەدەر تۇرۇبا ياتقۇزۇش باشلىنىپ كەتكەنىدى. نېمىدېگەن كاتتا، نېمىدېگەن ئەھمىيەتلىك ئىش-ھە!

دۆلەت كومىسسارى توساللا يېزىسىنىڭ «قاتچى» كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە، خەلق ئىشچىلىرى چوڭقۇر كولانغان تار ئېرىقچىلارغا سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇۋاتاتتى. كومىسسار ماشىنىدىن چۈشۈپلا سۇلياۋ تۇرۇبىنىڭ بىر ئۇچىدىن تارتىپ تۇرۇبا ياتقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئەگەر ئىش كىيىمى كىيگەن بولسا، تۇرۇبا ئىشچىسىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشىغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، كىيىملىرى سەل پۇزۇر ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھەرىكەتلىرى، كۈچىنىشلىرى تۇرۇبا ئىشچىسىنىڭ ئۆزى ئىدى، كىيىمى ئوخشاشمىغان بىلەن قەلبى ئوخشايتتى، ئارزۇلىرى

ئوخشايتتى، خەلق تېزرەك پاكىز سۇ ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشسۇن دېگەن ئىزگۇ تىلىكى ئوخشايتتى...

شۇ كۈنى دۆلەت كومىسسارى خوتەن ناھىيىسىنىڭ «بوزاق»، «لايقا»، «باغچا»، «خانئېرىق» يېزىلىرىدىكى ئىچىملىك سۇ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. «بوزاق» تا يېڭىلا پۈتكەن ۋودوپرووۋود تۇرۇبىسىدىن چىققان سۇزۇك سۇنى ئىچىپ كۆرۈپ «تاتلىق ئىكەن، ناھايىتى تاتلىق سۇ چىقىپتۇ» دېدى. نەگىلا بارسا، دېھقانلار بىلەن، خەلق ئىشچىلىرى بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت كومىسسارىغا قەلبىدىكى سۆزلىرىنى — ئىچىملىك سۇ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدىن رازى بولغانلىقىنى ئېيتىشاتتى. ئاياللار ئېغىر قاپاقلارنى يۈدۈپ يىراقتىكى كۆلدىن، ياردىن، بۇلاقتىن سۇ ئەكېلىدىغان جاپادىن قۇتۇلغانلىقىنى ئېيتىشاتتى. ھەممە كىشى رازى ئىدى. پارتىيىدىن، ھۆكۈمەتتىن، رەئىس لى رۇيخۇەندىن، دۆلەت كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەدتىن رازى ئىدى. زاماندىن رازى ئىدى...

دۆلەت كومىسسارى ئاخىرىدا خوتەن ناھىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى:

— خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئائىلىلەرگە ئىچىملىك تۇرۇبا سۈيى يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ياخشى پىلانلىنىپ، جىددىي ئىشلىنىۋېتىپتۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قۇرۇلۇش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى مۇھىم بىر

تەدبىرى . ئاز سانلىق مىللەت خەلق ئاممىسىغا قىلغان سەمىمىي غەمخورلۇقى . شۇڭا بىز ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشىنى سان ، سۈپەت ۋە تېخنىكا تەلىپىگە كاپالەتلىك قىلغان هالدا ياخشى ئىشلەپ ، ئۆز قەرەلىدە تاماملاپ ، پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىنى هەر بىر دېهقان ئائىلىسىگىچە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا پارتىيىنىڭ ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغان بولىمىز . شۇڭا مەن خوتەن ناهىيىسىدىكى رەهبىرىي يولداشلارنىڭ تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ، — دېدى ئۇ خوتەن ناهىيىسى رەهبەرلىرىگە . 4-ئاينىڭ 10-كۈنى خوتەن ۋىلايىتى رەهبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىمۇ يەنە شۇ ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى ئالاهىدە تىلغا ئالدى . خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن ئون بەش مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى . دۆلەت كومىسسارىنىڭ هەربىر سۆز ، هەربىر هەرىكىتىدىن ئاشۇ ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . مۇشۇ بىر قېتىمدا ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ئۈزۈل-كېسىل هەل قىلىش ، قۇيرۇق قالدۇرماسلىق نىيىتى بىلىنىپ تۇراتتى . نېمىدېگەن سەمىمىي ، نېمىدېگەن گۈزەل ئارزۇ-هە ؟ ! خەلقنىڭ ئۆز ئوغلى ، ئۆز رەهبىرىدىلا مۇشۇنداق سەمىمىي ئارزۇ بولاتتى . كومپارتىيىنىڭ رەهبىرىي كادىرىدىلا مۇشۇنداق سەمىمىي ئارزۇ بولاتتى…

3

دۆلەت كومىسسارى ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمايىل ئەهمەد ئەتە ئۈرۈمچىگە ، ئۇ يەردىن پايتەخت بېيجىڭگە قايتماقچى . ئۇنىڭ خوتەندە تۇرغان

بىر ھەپتىلىك ۋاقتى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ ئانا يۇرتىنىڭ دىدارىغا قانغانمىدۇ؟ بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل بۇرۇن ، ئوتتۇز ياشلىق نەۋقىران يىگىت مانا مۇشۇ قەدىمىي خوتەندە خېلى ۋاقىت تۇرغان ، ئىشلىگەنىدى . ئۇ چاغلاردا شەھەرنىڭ توپا-تاشلىق ، ئەمما پاكىز ، تەكشى سۇ سېپىلگەن رەستىلىرىدە ئىشقا پىيادە بېرىپ ، پىيادە كېلەتتى . ھەربىر كوچىنى ، كوچا ياقىسىدىكى ھەربىر دەرەخنى ، تاپىنى ئاستىدىكى ھەربىر تاشنى پىششىق تونۇيتتى ، يولدا ئۇچرىغان ھەربىر ئادەم بىلەن سالاملىشىپ ماڭاتتى . ئۇلار ئۇنىڭ سەپداشلىرى ، دوستلىرى ، ئەل-ئاغىنىلىرى ، قولۇم-قوشنىلىرى ئىدى . مانا ئەمدى ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئوتتۇز ياشلىق نەۋقىران يىگىتلەر ئاتمىشقا ئۇلاشتى . چاچلار ئاقىرىپ ، چېھرىلەر سولىشىپ ، بەللەر ئىگىلىپ ، ئۆمۈر قۇياشى دىگەرگە ئۇلاشتى . دۆلەت كومىسسارى بۇ قېتىم كەتسە قاچان قايتىپ كېلەر؟ قايتا دىدارى مۇلاقەتكە پۇرسەت بولارمۇ؟ ئۇنىڭ ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى سەپداشلىرى ، دوستلىرى مۇشۇنداق ئويلايتتى ھەسرەتلىنىپ ، سەپداشلار ، دوستلار بىلەن خوشلىشىۋېلىش كېرەك ئىدى ، دەپ ئويلايتتى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارىمۇ . ئەمما ھەربىر ئەل-ئاغىنە بىلەن ئايرىم-ئايرىم خوشلىشىشقا نەدە پۇرسەت؟

ئىشنى «خوتەن تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى» نىڭ مۇدىرى چېچەن قاسىم ياسىن توغرىلىدى . ئۇ ئۆز يېنىدىن خىراجەت چىقىرىپ ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى سەپداش ، دوستلارنى بىر يەرگە جەم قىلدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىملەرنى يوق دەيسىز؟ خوتەنگە ئوتتۇز يىلدىن ئوشۇق مۇئاۋىن ۋالىي ۋە ۋالىي بولۇپ ئىشلىگەن ھۆرمەتلىك نۇرمۇھەممەت خۇدابەردى ، خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى (كېيىن «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى» بولۇپ

ئالىي مەكتەپكە ئايلاندى) دىن ئىبارەت بىرلا ئورۇندا قىرىق بەش يىل ئىشلىگەن پېشقەدەم مائارىپچى ئابدۇللا تۇرسۇن ، بىر ئۆمۈر خوتەننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى-ئاسار ئەتىقەلىرىنى قوغداش-ساقلاش يولىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان پېشقەدەم بىلىم ئەھلى رەجەپ يۈسۈپ ، يەنە ياسىن ئاسىم ، كازىم زىكرۇللا ، مەمتىمىن ئىدرىسلار بار ئىدى ، يەنە تالاي-تالاي دوستلار ، سەپداشلار كەلگەنىدى . شۇ ئاخشام «خوتەن تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى رېستورانى » نىڭ ئازادە زالى خۇش تەبەسسۇم ، شېرىن ئەسلىمە ، تەۋەززۇلۇق تەكەللۇپلار بىلەن تولدى ، چېھرىلەردىن دىدارى ۋىسالنىڭ خۇش تەبەسسۇمى پارلىسا ، قەلبلەردىن ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى تارىخنىڭ يارقىن ئەسلىمىلىرى بالقىيتتى . ئەنجۈمەنگە سىياسىي كېڭەش خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەبەيدۇللا ھاشىم «يىگىت بېشى » بولدى . ئۇ جەم بولغانلارغا ۋاكالىتەن قىسقىلا قەدەھ سۆزى سۆزلىدى . ئۇنىڭ سۆزىدە دۆلەت كومىسسارىنىڭ ئانا يۇرتقا كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىش ، سەپداشلار ۋە دوستلارغا سالامەتلىك تىلەش ، قايتا-قايتا دىدارلىشىشنى ئۈمىد قىلىش مەنىلىرى بار ئىدى . ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا دۆلەت كومىسسارىنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى . دۆلەت كومىسسارى سورۇن باشلىنىش ئالدىدا ئەنجۈمەنگە قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەربىر سەپدىشى ، دوستى بىلەن ئايرىم - ئايرىم سالاملاشقان ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن ۋە ئەھۋاللاشقانىدى . شۇنداقتىمۇ ئەمدى يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ قايتا سالام قىلدى ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ :

«سالام ئانا يۇرت ، سالام قەدىردان دوستلار ، دىدار غەنىيمەت ، بۈگۈن دىدارلىشىش نېسىپ بولغىنىغا ئىنتايىن خۇشالمەن . ھەممىيلەنگە خاتىرجەملىك ، سالامەتلىك ،

بەخت-سائادەت يار بولسۇن ! »— دېدى دۆلەت كومىسسارى تەۋەززۇ بىلەن . ئۇنىڭ چېھرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى . قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن بۇلدۇقلاۋاتقان ھاياجان سېزىلىپ تۇراتتى . ئاتمىش ياشقا ئۇلاشقان كۇنلەردە ، ياشلىقىدىكى دوست-ئاغىنىلىرى بىلەن دىدارلىشىشتىن ، سىردىشىشتىن ئارتۇق يەنە نېمە خۇشاللىق بار ئادەمگە ؟ ئۇنىڭ چېھرىگە تەپچىپ چىققان ھاياجان ئەنە شۇ دىدارلىشىشنىڭ مەھسۇلى ئىدى . ئۇ سۆزىدىن بىر دەقىقە توختىدى . ئاشۇ بىر دەقىقە ئىچىدە ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئوتتۇز يىلنىڭ نېرىسىدىكى يىللارغا قايتتى . ئۇ قانداق ئوتلۇق ، قانداق جەڭگىۋار يىللار ئىدى-ھە ؟ كۈچ-جاسارەت ، ئىرادە ئىشەنچ ، ئارزۇ-ئارماندىن قاناتلانغان يىللار ئەمەسمىدى ئۇ ؟ ئاھ ، ئەمدى ...

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، ئەمدى ئۇنىڭ سۆزى ئۇزاق يىللارنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن مەزمۇنلانغانىدى :

«دوستلار ، سىلەر ھەممىڭلار بىر ئۆمۈر بارلىقىڭلارنى ۋەتىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتىڭلار ، ياشلىقىڭلارنى ، زېھنىڭلارنى ، يۇرەك قېنىڭلارنى ئەل-يۇرتنى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلدىڭلار ، سىلەرنىڭ تۆھپەڭلەرنى خەلق مەڭگۇ ئۇنتۇمايدۇ . سىلەرنىڭ تەجرىبەڭلار ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش يىللىرىدىمۇ راسا ئەسقاتىدۇ . ئىزىڭلارنى بېسىپ رەھبەرلىك ئورنىغا چىققان يېڭى رەھبەرلەر ئۈچۈن ئەينەك بولىدۇ . بىزنىڭ پېشقەدەملەر — پارتىيە ۋە ۋەتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى دېگىنىمىز مانا شۇ . ھەممىڭلار سالامەتلىكىڭلارنى ئاسراڭلار ، ئاخىرقى ئۆمرۈڭلار خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتسۇن ! ھەممەيلەنگە رەھمەت ، ھەممەيلەنگە رەھمەت !... »

دۆلەت كومىسسارىنىڭ سۆزىگە گۇلدۇراس چاۋاك جاۋاب بولدى. شۇنچە كۆپ دوست-ئاغىنىلەر ئايرىم-ئايرىم جاۋاب نۇتقى سۆزلىسە، ۋاقىت يېتەمدۇ؟ ئاشۇ گۇلدۇراس چاۋاك ھەربىر قەلبتىكى ئېيتىلماقچى بولغان سۆزلەرنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى، ئەسلىمىلەرنى، تىلەكلەرنى، تۇيغۇلارنى ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى.

قەدەھلەر ئايلىنىشقا باشلىدى، مۇزىكا-ناخشىلار تەڭكەش ئىدى. سورۇننىڭ كەيپىياتى ئاستا-ئاستا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ھەممە چېھرىلەردىن كۈلكە-تەبەسسۇم، ھەممە ئېغىزلاردىن سۆز، ئەسلىمە تۆكۈلەتتى. دۆلەت كومىسسارى شىرەمۇشىرە بېرىپ قەدەھ تۇتاتتى، سىردىشاتتى، كىمدىندۇر ھال سورايتتى. كىمدىندۇر بالا-چاقىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇراتتى. ئۇنىڭ كىچىك پېئىللىقى، خۇشخۇيلۇقى، قىزغىنلىقى، دوست-ئاغىنىلەرنىڭ قەلبىگە شەربەتتەك سىڭىپ كىرەتتى. شۇ تاپ كىممۇ ئۇنى دۆلەتنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى دەپ ئويلىسۇن؟ ئۇلار ئوتتۇز يىلنىڭ نېرىسىغا قايتىپ كېتىشكەنىدى. ياشلىققا، كۈچ - جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان يىللارغا، بىللە ئىشلەپ، بىللە ئويناپ يۈرگەن يىللارغا قايتىپ كېتىشكەنىدى. ئۆزلىرىنىڭ شۇ تاپتا دۆلەتنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىنىڭ ئالدىدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇشقانىدى. ياق، ئۇنتۇشمىدى. پەقەت ئاشۇ رەھبەرنىڭ كىچىك پېئىللىقى، خۇشخۇيلۇقى، قىزغىنلىقى ئۇلارنى ئاشۇنداق ئازادە-ئەركىن كەيپىياتقا مۇيەسسەر قىلدى. ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق كىچىك پېئىللىق، خۇشخۇيلۇق، قىزغىنلىق دۆلىتىمىز رەھبەرلىرىنىڭ دائىمىي خىسلەتلىرىدىن ئىدى. ۋەھالەنكى، دۆلەت كومىسسارىمىزنىڭ خەلق رەھبىرىگە خاس خىسلەتلىرىگە يەنە

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزگە خاس دوستانىلىقى، ۋاپادارلىقى، ساداقەتمەنلىكىمۇ قوشۇلغانىدى. بۇنداق خىسلەتلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىدا دائىم جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن رەھبەرلەر ئالدىدا، نېمىشقىمۇ ئەركىن-ئازادە، دوستلارچە كەيپىيات ئەۋج ئالمىسۇن؟! قەلبلەرنىڭ چوڭقۇر قېتىدا، ئەمەلىيەتتە دۆلەت كومىسسارىنىڭ ئاشۇ كىچىك پېئىل، خۇشخۇي، قىزغىن مىجەزىگە رەھمەت-ھەشقاللىلارمۇ بار ئىدى. شائىر ئابدۇللا سۇلايمان نەق مەيداندىلا سورۇن كەيپىياتىنى تەسۋىرلەپ قولىغا قەلەم ئالدى.

«بۈگۈن جەم بولدۇق، ياشلىقتا جەم بولغاندەك،
دەريا-ئېقىنلار دېڭىزدا قوشۇلغاندەك،
ئەزىز مېھماننى قارشى ئېلىپ بۇ يەرگە،
— ھۆرمىتىمىز — كۆڭۈل ئىزھارى،
ئەل-يۇرتنىڭ رەھمىتى، كۈيى-ئەشئارى،
ياغىدۇ گۈل چاچقۇسىدەك قەدىناس رەھبەرگە،
بۈگۈن ئۇنىڭ ئارىمىزغا كەلگىنى،
بىزگە تاغدەك مەدەت-ئىلھام بەرگىنى،
ئۇنىڭ خىسلەت-ئۇدۇمىنىڭ بولۇشى جارى.
كۆڭۈل-كۆڭۈلدىن سۇ ئىچسە شۇنداق،
قەدىردانلار مۇڭداشسا سەمىمىي شۇنداق،
مەڭگۈ يېشىل تۇرىدۇ دىللار باھارى.
ئۇ بىزنى ئۆز بىلدى، بىزمۇ بىلىپ ئۆز،
چىن قەلبىمىزدىن ئېيتىمىز رەھمەت!
ئانا يۇرت، ئانا خەلق نامىدىن،
كۆڭۈللەردە تولغان ھۆرمەت جامىدىن.
دەيمىز ئامان-ئېسەن بولغايلا ھەردەم—
سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئىسمايىل ئەھمەد!»

شائىر ئابدۇللا سۇلايمان نەق مەيداندا يېزىپ ئوقۇغان بۇ شېئىر — شېئىر ئوقۇشقا ئامراق دۆلەت كومىسسارىغىمۇ، سورۇنداشلارغىمۇ ياقىقاندى، گۈلدۈراس چاۋاكلار بىلەن ئالقىشلاندى.

سائەتنىڭ دەم ئالماس ئىسترېلكىسى ئۆز ئوربىتىسىنى بويلاپ ئاستا-ئاستا «12» گە يامىشىپ باراتتى، ئەمما ھېچكىمنىڭ تارقىغۇسى، دۆلەت كومىسسارىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى، دىللار ئىزتىراپ بىلەن خىتاب قىلاتتى: «ھەي ۋاقىت، شۇ ۋىسال-خۇشاللىق دەملىرىدە، ئۆز ئورنۇڭدا جىممىدە توختاپ تۇرساڭچۇ. بىزنى يەنىمۇ ئۆزۈنراق دىدارلىششقا، يەنىمۇ ئۆزۈنراق مۇڭدىششقا قويساڭچۇ، توختا، نېمىگە ئالدىرايسەن؟ بىز يەنە بىردەم مۇڭدىشۋالايلى...»

ھەيھات، ۋاقىتنى توختىتىپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس، تۈن يېرىمىغا يېقىنلاشتى. دۆلەت كومىسسارى ئارام ئېلىشى كېرەك، ئۇ ئەتە سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. ئۈرۈمچىگە ئۇ يەردىن پايتەخت بېيجىڭغا قايتىدۇ. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەمدى خوشلىشىش كېرەك.

«خەير خوش، خەيرى خوش، سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا، يەنە كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولغاي!» دەيتتى دۆلەت كومىسسارى يېنىش-يېنىشلاپ.

— ئامان بولغايلا، ئامان بولغايلا، — دەيتتى دوست-ئاغىنىلەر دۆلەت كومىسسارىنىڭ ئىسسىق قولىنى چىڭ قىسىپ قىيالمىغان ھالەتتە.

خوشلىششش ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ھەممە كىشى يەنە ئېيتالمىغان قايسىبىر يۈرەك سۆزى قالغاندەك تۇيغۇدا ئىدى. دۆلەت كومىسسارىنىڭ يېنىدا ئۇزۇنراق تۇرۇۋېلىشنى ئىزدەيتتى.

دۆلەت كومىسسارىمۇ شۇنداق تۇيغۇدا ئىدى ، ئەمما ...

دۆلەت كومىسسارىنىڭ شۇ قېتىملىق ئانا-يۇرت سەپىرى ئاياغلاشتى . ئۇنىڭ قەلبىدە ئانا يۇرتمۇ ، پۈتۈن مەملىكەتمۇ ، پۈتۈن دۇنيامۇ بار ئىدى ، پۈتۈن خەلقمۇ ، دوست-ئاغىنىلەرمۇ بار ئىدى ، ئۇ ھەم ئاددىي بىر ئىنسان ، ھەم سەمىمىي دوست ، ھەم ھەممىنى قەلبىگە سىغدۇرالايدىغان رەھبەر بولۇشقا لايىق كىشى ئىدى .

# تۈگەللىمە

مېنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىم يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ يۇرتىمىز چىرىيە ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. ئەقلىمگە كەلگەن چاغلاردىن باشلاپلا ئۇ ھەققىدىكى پاراڭلارنى ھېكايىلەرنى، مەدھىيىلەرنى ئاڭلاپ كەلگەنىدىم. ئۇ چاغلاردا ئۇ چىرىيىدىن، خوتەندىن ھالقىپ چىقىپ ئۈرۈمچىگە — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى باشقۇرغۇچى ئورگانلارغا يۆتكىلىپ كەتكەنىدى. كېيىن چوڭ بولدۇم، ئوقۇدۇم، خىزمەتكە قاتناشتىم، يېزىقچىلىق قىلىشقا ئادەتلەندىم، مانا شۇ چاغلاردا بالا قەلبىمدە يۇرتىمىزنىڭ مۇشۇ پەخىرلىك ئوغلانى توغرىسىدا بىرەر يازما تەسنىپ قىلىش، ئۇنىڭ شانلىق ھايات يولىنى قەلەمگە ئېلىش ئويى پەيدا بولغانىدى. ۋاقىت ئاتقان ئوقتەك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشكەن چاغدا بولسا ئاللىقاچان كېچىككەنىدىم. رەھبىرىمىز ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدىكى ھەقەمسايىلىرى، سەپداشلىرى شۇنداقلا ئۇنىڭ كەچمىشلىرىنى پىششىق بىلىدىغانلارنىڭ بەزىلىرى ئاخىرەت سەپىرىگە كېتىپ بولغانىدى. ماتېرىيال توپلىشىم تەسكە چۈشتى، شۇنداقتىمۇ نىيىتىمدىن يانمىدىم. چۈنكى رەھبىرىمىز ئىسمايىل ئەھمەد چىرىيە ناھىيىسىنىڭ تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى خوتەن ۋىلايىتى تارىخىدىمۇ ئەڭ شانلىق ھايات يولىنى بېسىپ ئۆتكەن، ئەڭ يۇقىرى ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ۋە پۈتۈن جۇڭگودا زور تۆھپىلەرنى كۆرسىتىپ

شىنجاڭغا، پۈتۈن مەملىكەتكە، پۈتۈن دۇنياغا ئۇيغۇر ئوغلى دەپ تونۇلغان ئادەم ئىدى. بۇنداق ئادەمنىڭ هايات يولى تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا لايىق ئىدى. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە ئېنىقلاشقا كىرىشتىم. ئۇنىڭ هېلىمۇ هايات كەچۈرۈۋاتقان سەپداشلىرىنى زىيارەت قىلدىم، ئۇ ئىشلىگەن يېزا قىشلاقلار، (خانىيۈرت، خۇرازپىچىم، ئېشەكقىر، بىلەڭگۇ، چوڭ ساي-كىچىك ساي قاتارلىق)نى، تاغ-يايلاقلارنى، ئۇنىڭ ئىزى چۈشكەن قەدىمىي يوللارنى، «ئەشمالەڭگەر»، «خەلپەت لەڭگەر» ئۆتەڭلەرنى، «غىياسىدىن بەگنىڭ توغراقلىقى»، «چوڭ يايلىغان قۇملۇقى» قاتارلىق قۇم-باياۋانلارنى ئارىلىدىم. ئەينى چاغلاردىكى ئارخىپ-ماتېرىياللارنى كۆردۈم. تاپالىغانلىرىم پەقەت ئۇنىڭ 1966-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكۈچىلىك ئارىلىقتىكى ئىش ئىزلىرى بولدى. ئۇنى قەلەمگە ئالدىم ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىغا دائىر ئۆزۈم ئىگىلىيەلىگەن بىر قىسىم تەپسىلاتلارنى قوشۇپ قويدۇم. شۇنداق قىلىپ قولىڭىزدىكى مۇشۇ كىتاب ۋۇجۇدقا چىقتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ ئاتمىش نەچچە يىللىق هاياتىنىڭ پەقەت بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىگىلا تەئەللۇق.

ئەگەر كىتابىمدا ئىسمايىل ئەهمەدنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئوبدان يورۇتۇپ بېرەلمىگەن بولسام، يازغانلىرىمنى ئۇ هايات ۋاقتىدىلا ئېلان قىلىپ، سىياسىي ئەربابلار ۋە كاتتا رەهبەرلەر توغرىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەندىلا ئاندىن كىتاب-ماقالە يېزىش ئەنئەنىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولسام، هەتتا بەزى جەهەتلەردە ئايرىم كەمچىلىك، يېتەرسىزلىك ۋە كېتىپ قالغان جايلار بولسا كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا ئۆزرىلىكمەن. هەم تەنقىدىي پىكىرلەرنى بېرىشىنى تىلەيمەن.

ئاخىرىدا مېنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن پېشقەدەملەرگە، مۇشۇ ئىشىمنى قوللاپ ۋاقىت ئاجرىتىپ بەرگەن ناھىيە رەھبەرلىرىگە، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە سۆز-جۈملىلىرىنى تۈزىتىپ بەرگەن ئابدۇللا سۇلايمان، مەھەممەتتوختى ئەخمەت، نۇرمۇھەممەت توختى، ئەخمەت پاسار، ئابلىمىت سادىق قاتارلىق ئۇستاز ئەدىپلەرگە تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن. ئوقۇرمەنلەرگە رەھمەت!

ئالىمجان رەجەپ
خوتەن چىرىيە

2005-يىل 4-ئاينىڭ 16-كۈنى

## قوشۇمچە

### يەرلىك لەھجىلەرگە ئىزاھات

### ئا

ئازما — سۇ بۆلگۈچ . ھازىر خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنىپ زاكــۇ دېــيىلىدىغان بولدى . ئۆستەڭنىڭ ئېگىزدىن پەسلەيدىغان يېرىگە ياسىلىدۇ .

### ئە

ئــەگۈن — تاق قاناتلىق دەرۋازا . قوش قاناتلىق بولسىمۇ كىچىك بولسا ئەگۈن دېيىلىدۇ . ئاددىي ، ئاستى قىسمى تاختايلىق ، ئۈستى شادىلىق ئىشىك .

### ب

بەقەم — يۇلغۇن ئوتۇنى . قۇرۇپ قالغان يۇلغۇن غولى .

بـۇلــە — خامان يۇمشىتىپ ، شامال كۈچى بىلەن بۇغداي ئايرىغاندا ھاسىل بولىدىغان دۇۋە .

### پ

پالتۇك — پەگا . ئۆيلەرنىڭ سۇكىدىن پەس قىسمى . ئۆي تېگى .

پېلىشماق — پۇتلاشماق . ھايۋانلارنىڭ پۇتلىشىپ كېتىشىگە ئىشلىتىلىدۇ .

پــەلــلــەك — كاسا . ئادەم ئولتۇرغاندا ئورۇندۇققا تىگىپ تۇرىدىغان ئەزاسى .

پەرسۇدە — چېچىلىپ كېتىش. چېچىلىپ يوق بولۇپ كېتىش. زايا بولۇپ كېتىش.

## ت

تاكان كەتمەن — ئۇپىراپ، كونىراپ، داتلىشىپ كەتكەن ئەسكى كەتمەن. تاكان — ئۆتمەس دېگەن مەنىگە ئىگە.

تىۋەززۇن — كىچىك پالتا. ئوتۇن يېرىشقا ئەمەس، دەرەخلەرنىڭ هارام پۇتاقلىرىنى چاتاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

تالىما — بۆز خامىنىڭ بىر خىلى. قايتا-قايتا يۇيۇپ، توخماق بىلەن سوقۇپ، غۇدۇر-بۇدۇرلىرى يوق قىلىنغان نېپىز خام. كۆپرەك كۆينەك كىيىشكە، ياغلىق قىلىشقا ئىشلىتىلەتتى. هازىر ئىستېمالدىن قالدى.

## ج

جارۇپكەش — مەخسۇس خىزمەتچى. مەلۇم بىر مازار ئۈچۈنلا ئىشلىگۈچى.

## چ

چاچاپ — شادلىق كارۋات. ئۈستىگە نەرسە-كېرەك ئېلىپ قويۇلىدۇ.

چادىنەباغ — دەرەۋزۇنلۇك باغ دېگەن مەنىدە. چادىنە دەرەۋزۇننى كۆرستىدۇ. شىپاڭنى دەرەۋزۇن بىلەن توسىغان باغ.

چىيمان — يۇلغۇننىڭ تۆكۈلگەن چېچىكى.

## د

دەڭگىرەك — هالىغا باقماي پو ئاتقۇچى. هاكاۋۇر.

دەرەۋزۇن — ياغاچچىلىق سەنئىتىنىڭ نادىر مەهسۇلاتلىرىدىن بىرى. تار، نېپىز ياغاچ تىلىنمىلىرى بىر-بىرىگە كىرىشتۇرۇلۇپ، مۇرەككەپ گېئومېترىيىلىك

نەقىشلەر ھاسىل قىلىنغان، كۆپ تۆشۈكلۈك تاختاي. ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا كۆپرەك ساراي، مېھمانخانا ئۆيلەردە پالتۇك بىلەن سۇپىنى ئايرىپ تۇرۇش ۋە ساراي، مېھمانخانىلارنى زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. چادىنەمۇ دېيىلىدۇ.

دۇختايتماق — دوڭغايتماق. جىنايەتچىنىڭ ئىككى قولىنى ئارقىغا قايرىپ، بېشىنى پەسكە ئەگمەك.

## ز

زىمات — ئامال، چارە، كۆپرەك داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## س

سىدىرىش — سىرىش بىلەن ئوخشاش. دەل-دەرەخ نوتىلىرىدىكى غازاڭ-ياپراقلارنى سىرىپ چۈشۈرۈش ياكى سىرىپ يىيىش — سىدىرىش دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

سۇكە — سۇپا. توپىدىن ياسىلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ بورا، كىگىز، گىلەم سېلىنىپ ئولتۇرىدىغان قىسمى.

سېرىق سەمبە — بىر خىل گۈل.

سۇتۇن — يېڭى، ياش، نېپىز، سۇلۇق، ئادەتتە مېۋە-چېۋە، كوكتاتلارنى سۈپەتلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. «بۇ باش قوناق تولىمۇ سۇتۇن ئىكەن» دېيىلىدۇ.

## ش

شىلان — مازارلاردىكى داشقازانلاردا قاينىتىلىدىغان كۆپ خىل خۇرۇچلۇق ئۇماچ. قەلەندەرلەر تامىقى.

## غ

غىپچا — مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاشتا، ئۇلانماقچى بولغان، ئۈچچى تەرىپى پانا شەكلىدە ئۈچلانغان نوتا.

## ق

قوغاچ — نو. توگمەننىڭ سۇ چۈشىدىغان بۆلىكى. ئادەتتە

ئۆستەڭدىن ئېرىقتا، ئېرىقتىن ئېتىزغا سۇ باشلىنىدىغان يەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ. ئىچى كاۋاك ياغاچ.

قېتى — قۇرسىقى، بالا ياتقۇسى. ئادەتتە «ئىككى قات بوپتۇ» دەپ ئىشلىتىلىدۇ.

ك

كۆن-قېرىم — كۆن — بۇلغار. ئات، كالا، قوتاز تېرىلىرىنى يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەپ، پىششىقلاپ، ئۆتۈك، بەتىنكە تىكىشكە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇلغىنى. قېرىم — قوي، ئۆچكە تېرىسىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېپىزراق بۇلغار. هازىرقى خۇرۇمدىن قوپالراق. بەلكىم خۇرۇم سۆزىنىڭ خاتا تەلەپپۇزى بولۇشى مۇمكىن.

گ

گازۇن — ئىلەك، ساسلىق. سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان يار.

م

مەتە، رەۋەندە — مەتە — تۆگە هەيدىگۈچى. تۆگە كارۋىنىنى باشقۇرغۇچى. رەۋەندە — ئات، ئېشەك، تۆگە كارۋانلىرىنى هەيدەپ كىرا قىلغۇچى. بەزى يۇرتلاردا مەخسۇس تۆگىمەنلەردە ئۇن تارتىپ كېلىدىغان، ئۇننى يىرىك ئاشلىققا ئالماشتۇرىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مۇنىيىش — يېلىنىش، تاما بىلەن قاراش.

ه

هاللاڭ — ئوچۇق، ئېچىلىپ قالغان.

هالۋىز ئەتمەك — كۆندۈرۈلمىگەن ئات، ئېشەك، بۇقا قاتارلىق هايۋانلارغا تۇنجى قېتىم مىنگەندە ياكى يۈك ئارتقاندا قالايمىقان سەكرەپ كېتىشى. دۇمچىسىدە قىچىقى بار هايۋانلارنىڭ قىچىقىغا تېگىپ كەتسىمۇ هالۋىز ئېتىدۇ.

## ي

يەللى — ئەمچەك . كالىنىڭ يەللى — كالىنىڭ ئەمچىكى .

يېسىيان — بىناكارلىقتا بالا بىلەن تام ئارىسىغا قويۇلىدىغان ياپىلاق ياغاچ . قارلىغاچ يېسىيان بىلەن پەرمان ئارىلىقىدا ئۇۋا سالىدۇ .

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەت ياسار
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نۇرمۇھەممەت توختى

ئالىمجان رەجەپ

# تەكلىماكاندىن ھالقىغان ئوغلان

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 6429086010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2008 ـ يىل 2 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 15.25 |
| باھاسى | : | 28.00 يۈەن |

ISNB 7-105-07770-0/K • 826

图书在版编目（CIP）数据

跨出塔克拉玛干的好男儿/阿里木江著. 一北京：民族出版社，2006.6（2008.1 重印）
ISBN 978-7-105-07770-0

Ⅰ.跨...　Ⅱ.阿...　Ⅲ.司马义·艾买提—传记—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.K827=7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 063234 号

出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2006 年 6 月第 1 版　2008 年 2 月北京第 2 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：15.25
定　　价：28.00 元
978-7-105-07770-0/K.（维 826）



ISBN 978-7-105-07770-0

9 787105 077700 >

定价：28.00元